



**1988 - يىل 3 - سان**

ئومۇمىي 45 - سان      8 - يىل نەشرى


## رومان


دەھشەتلىك تېھران ...... ...... ...... ...... مىرزا مۇشفىق كازىمى (ئىران) (50)
تاھىر تالىپ تەرجىمىسى


## پوۋېست


ياشلىقتىكى تۇنجى تۇيغۇ ...... ...... ...... ...... گ. ئابراموۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى) (3)
دىلشات سۇلتان تەرجىمىسى


## ھېكايە


كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ... ...... ...... س. پەرخ (ئىران) (34)
دەريا ھەسەن تەرجىمىسى
ئەلەم ... ...... ...... ...... ۋاسىلىي شۇكشىن (سوۋېت ئىتتىپاقى) (39)
غەنىزات غەيۇرانى تەرجىمىسى
دەۋرگە ئەگىشىش ... ...... ...... ئۇ. پروتسكوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى) (46)
ئابلىمىت ئابدۇكېرىم تەرجىمىسى
تومۇز كۈنلىرى ... ...... ...... ...... ل. ھېيۋۇد (ئامېرىكا) (124)
ئىلىيار ئۆمەر تەرجىمىسى
سىرلىق تېلېفون ...... ...... ...... م. ئەكبەر (پاكىستان) (128)
توختى ماخمۇت تەرجىمىسى
فېركىس قايتىپ كەلدى ... ...... ...... ئەيلىس گىستانا (گېرمانىيە) (131)
پولات ئامانىيار تەرجىمىسى
كۆز ... ...... ...... ...... ك. ت. مۇھەممەت (ھىندىستان) (133)
مۇھەممەتجان ساۋۇت تەرجىمىسى

ئالدانغان يىگىت ........................ شېخداۋ جىبلالا (ياپونىيە) (137)
قابىل ئەزىم تەرجىمىسى

تۆھمەت ........................ قالىق ئەلچىن (تۈركىيە) (142)
ئابلەت ياسىن تەرجىمىسى

ئاجايىپ سوۋغات ........................ فوردۇن ئوسلى (ئەنگلىيە) (146)
ئادىل ئالماس تەرجىمىسى

نورۇز ئارچىسى ۋە توي ........................ دوستويېۋسكى (روسىيە) (148)
مۇھەممەت مېھرۇللا تەرجىمىسى

ئۇ قايتىپ كەلدى ........................ بورىس لىبيانىن (سوۋېت ئىتتىپاقى) (156)
ۋەلى تەرجىمىسى

يىراق ۋە يېقىن ........................ توماس ۋورىن (ئامېرىكا) (170)
ئابدۇقادىر مۇھەممەت تەرجىمىسى

سەممىي ئادەم ........................ مۇنتېرۇ لوۋاتۇ (برازىلىيە) (173)
سۇلتان سوپى تەرجىمىسى

ھۆكۈم ........................ تاگور (ھىندىستان) (188)
نىمەتۇللا ھاجى تەرجىمىسى

بىر پاي توپلەي ........................ س. ئاندىرېسون (پورتۇگالىيە) (203)
ئەخمەت ئىمىن تەرجىمىسى

## شېئىر

سوۋېت شائىرەلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن ................ ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى (195)

## چۆچەك

ئوغۇز ئەپسانىسى ........................ دەدە قورقۇت چۆچەكلىرىدىن (165)
توختى تىللا تەرجىمىسى

## ماقالە

ئانا تىلنىڭ كارامىتى ........................ چىڭغىز ئايتماتوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى) (181)
ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: كىچىك دوختۇر (ماي بوياق) باربېر سىزغان (ئەنگلىيە)
4 - بېتىدە: سىزائىنىڭ يۇيۇنۇشى (ماي بوياق) سانتەر سىزغان (فرانسىيە)

باش مۇھەررىر: ئابدۇۋەلى خەلپەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: راخمان مامۇت
بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن

# ياشلىقتىكى تۇنجى تۇيغۇ



**گ. ئابراموۋ (سوۋېت ئەدىبى)**

دىلشات سۇلتان تەرجىمىسى

1

كىشىلەر مەدھىيىلەپ بىر جۈپ خۇما كۆزگە ئوخشاتقان كۆز پەسلى. سائەت يەتتە بولمايلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ھاۋا سوغۇق ھەم تۇمان. سكورونىسىۋ يەر ئاستى پويىزىغا چىققاندا كەچ كىرىپ قالغانىدى. يامغۇر ياغقاچقا ھاۋا نەم ئىدى، ئەتراپ پاسكىنا، كۆڭۈلسىز تۇيۇلاتتى.

يامغۇردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن ئاسفالت يولدا چىراغ نۇرلىرىنىڭ شولىسى غۇۋا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. كوچا جىمجىت ۋە سۈرلۈك ئىدى. ماشىنىلار چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتاتتى. يىراق - يېقىندىكى بىنالارنىڭ چىراغلىرى يېقىلغان. تىرولېيبۇس بېكىتىنىڭ لەمپىسى ئاستىدا تۈگۈلۈپ دۈگدىيىپ كەتكەن بىر نەچچە ئادەم ماشىنا كۈتۈپ تۇراتتى. گاھىدا بىر نەچچە جۈپ قىز - يىگىت بىر - بىرىگە يېپىشقان ھالدا پىيادىلەر يولىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇلار توختام سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغۇدەك پىچىرلىشاتتى.

«شائىرلار كۆزنىڭ نېمىسىنى شۇنچە مەدھىيىلەپ كېتىدىغاندۇ؟ ئەتراپ چۆلدەكلا بولۇپ قالغان، ھاۋا سوغۇق، كوچا چىراغلىرىمۇ شۇنداق كۆڭۈلسىز.»

بۇ تىرولېيبۇس كەلگۈچە ساقلاپ تۇگلاپ كەتمەي، دەپ ئويلاپ يەنە بىر بېكەت ماڭماقچى بولدى. مەكتەپتىن ئاپىسىغا تېلېفون بەرگەنىدىمۇ، ئاپىسى: «تىرولېيبۇس كەلمىسە ساقلاپ تۇرۇۋەرمە، سوغۇق تېگىپ كېسەل بولۇپ قالىسەن. شارپاڭنى ئوبدان ئوراپ، چاپىنىڭنى ئوبدان كىيىۋېلىپ ماڭ. ئۇ يەردىكى بېكەتلەرنىڭ ئارىلىقى قىسقا. تىرولېيبۇسقا مىنگەچ تۇرۇپ قالارسىڭمۇ بولىدۇ، كېلىۋاتقىنىنى كۆرسەڭ، تېز يۈگۈرمە. ياكى يۈگۈر. ئۆلگۈرىسەن ...»

دېگەنىدى. «ئاپام مېنىڭ ئەھۋالىمنى بەش قولدەك بىلگەچكە مەندىن زادىلا خاتىرجەم بولالمايدۇ... يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرىپ قالدىم، مېنى يەنىلا كىچىك بالىدەك كۆرىدۇ...» شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا ئاپىسىنىڭ دېگىنى بويىچە يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، شارپىسىنى ئېگىزكىگىچە مەھكەم ئورىدى، ئاندىن يەنە بىر بېكەتكە قاراپ ئىلدام ماڭدى. ئۇ بىردەم - بىردەم ئارقىسىدىكى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا چاقناپ تۇرغان چىراغلارغا قاراپ قوياتتى.

نېمە ئۈچۈندۇ، سكورومىۋ بىر خىل ئەنسىرچىلىك ئىچىدە كېتىپ باراتتى، يېنىدىن بىرەر يولۇچى ئۆتۈپ قالسىمۇ باشقىچىلا ئالاقزادە بولۇپ كېتەتتى. ئاپىسى ئۇنىڭغا: «ئەگەر كۈندۈزى بىرەر ئادەم سېنى بوزەك قىلماقچى بولسا، ھېچ بولمىغاندا قۇتقۇزۇشقا! ئادەم چاقىرالايسەن. ئەمما كېچىلىرى بەكلا پەخەس بولغىن. ئەتراپىڭغا دىققەت قىلىپ ماڭ، بولۇپمۇ مەست ياكى يالغۇز ماڭغان ئەركىشىلەردىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىل، كېچىلىرى بەزىلەر ئادەمگە بىكاردىن بىكارلا چېقىلىدۇ» دېگەنىدى. سكورومىۋ بۇ گەپلەرگە ئانچە ئېرەن قىلماي، بۇنداق گەپلەر ئادەمدە قورقۇنچ پەيدا قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدى. ئەمدى ھازىر غۇۋا يورۇتۇلغان كوچىدا يالغۇز كېتىۋاتقىنىدا، ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن بىر قارا كۆلەڭگە چىقىپ كەلدى. كۆلەڭگە بارغانسېرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سكورومىۋ يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. ئەمما تېنى جۇغۇلداپ، بەكلا جىددىيلىشىپ كەتتى، كاللىسىدا، ئۇنىڭ يېنىدىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتەي، ئالدىمنى توسىۋالمىغىدى، ياخشىسى، ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقماي، جىمىدە ئۆتۈپ كېتەي، دېگەندىن باشقا خىيال بولمىدى. ھېلىقى ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئارقىسىدا يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى، ئەمما ئۇنىڭدىكى جىددىيلىك خېلى ئۇزۇنغىچە يوقالمىدى. تۇيۇقسىز ئالدىدىن يەنە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ يەنە بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى، سكورومىۋنى قورقۇنچ بېسىپ، دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

ئۇنىڭ مۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە قېلىشى ئاساسەن يانچۇقىدا بىر يۈز يىگىرمە رۇبلى پۇلنىڭ بولغانلىقىدىن ئىدى ... مالىيەدىكى قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن تۆتىنچى يىللىق ئىككى سىنىپنىڭ يازلىق مۇكاپات پۇلى ئەتىيازدىن بېرى تارقىتىلماي، كۈز بولغاندا تارقىتىلغانىدى. بۈگۈن دەرستىن كېيىن سكورومىۋ كاسسىر ئىشخانىسىدا ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئاخىر مۇكاپات پۇلىنى ئالغانىدى. پۈتۈن پۇل بولمىغانلىقتىن ئۈچ رۇبلىلىق پۇل بەرگەچكە، ئۇنىڭ قولىغا يوغان بىر باغلام پۇل تېگىپ، يانچۇقىدا تومپىيىپلا قالغانىدى. سكورومىۋ ئانچە پىخسىقمۇ ئەمەس، بۇلاپ كەتسە كەتمەمدۇ، قانچىلىك پۇل ئىدى. ئۇ دادىسى يوق، ئاپىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى، كۈنى ئانچە يامان ئەمەس. پۇلنى دەپ بىرەر بالا - قازاغا ئۇچراپ قالسا بولمايدۇ - دە ... ئاپىسى ئۇنىڭغا: «پۇل خۇددى ماگنىتقا ئوخشاش نەرسە، قارا نىيەتلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلاردا قەبىھ خىياللارنى پەيدا قىلىدۇ. سەن ئۇنداق بەتنىيەتلەرگە يولۇقۇپ قالساڭ — خۇدايىم ساقلار پۇلنى دەرھال بېرىۋەت. ئېسىڭدە بولسۇن ئوغلۇم، ھەرگىز پۇلغا تارتىشما. ئەگەر ئۇ قارا نىيەتلەر ساڭا زورلۇق ئىشلەتسە ئۇلار بىلەن تاكاللاشما، پۇلنى بېرىپلا نېرى كەت. ماڭا پۇل ئەمەس، سېنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىڭ كېرەك ...» دېگەنىدى.

سكورومىنۇ ئاپىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئەسلەپ كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى. ئاپىسىنىڭ بۇنداق ھەددىدىن ئارتۇق كۆيۈنۈپ كېتىشى ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەپ قويغانىدى. ئاپىسى ئۇنىڭ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماي ساغلام ئادەم بولۇشىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، تولۇق ئادەم بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى ...

ئۇ ئەنە شۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە مېڭىپ تراللېيبۇسنى ئۆتكۈزۈۋەتكىلى تاس قالدى. تراللېيبۇس يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىلا ئەس - ھوشىنى يىغىپ تراللېيبۇسنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىشىكى يېپىلاي دەپ تۇرغان تراللېيبۇسقا ئاران چىقىۋالدى.

ئۇ تراللېيبۇسنىڭ پەلەمپىيىدە تۇرۇپ سەل ئارام ئېلىۋالدى. تراللېيبۇسنىڭ ئىچى ئانچە قىستاڭچىلىق ئەمەس ئىدى. بىر ئامال قىلىپ بېلەت ساتىدىغان يەرگە بېرىۋېلىش كېرەك. ئاپىسى ئۇنىڭغا: «ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىشىك تۈۋىدە تۇرما، بەزىدە شوپۇر ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى يېپىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ياكى ماشىنا ئىشىكى كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئېچىلىپ كېتىدۇ. ماشىنىدىن يىقىلىپ كېتىپ جېنىڭدىن ئايرىلىسەن ...» دېگەنىدى. سكورومىنۇ كىشىلەرنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ ئالدىغا مېڭىپ، ئادەم ئاز يەردە توختىدى، ئاندىن قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ پارچە پۇل ئىزدىدى. پارچە پۇللار يوق تۇراتتى. بايا گاز سۈيى ئىچكەندە خەجلىۋەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى... ئاپىسى ئۇنىڭغا: «تراللېيبۇسقا چىققاندا بېلەت ئېلىش ئۈچۈن يېنىڭدا دائىم پارچە پۇل تۇرسۇن. ھازىر سەندە يەر ئاستى پويىزىنىڭ ئايلىق بېلىتى بار. مەكتەپنى تۈگىتىپ دىپلوم ئالغاندا، مەن ساڭا ھەممىگە ئىشلىنىدىغان بېلەت ئېلىپ بېرىمەن. ھازىرچە يانچۇقۇڭدا بېلەت ئالىدىغان پارچە پۇل تۇرسۇن. باشقىلارغا پۇلۇڭنى پارچىلاتساڭ ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇنداق قىلغانىڭغا يۈزۈڭ چۈشۈپ كەتمەيدۇ، ھەرگىز تونۇمايدىغان ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىپ قالغۇچى بولما. يات ئادەملەردىن ھەر نېمە كېلىدۇ. بۇنىڭغا دىققەت قىل ...» دەپ ئەسكەرتكەنىدى. سكورومىنۇ مۇشۇنداق تۇرۇۋېرەيلا، سوراپ قالسا، قىستاقچىلىق، قولنى چىقارغىلى بولمىسا قانداق بېلەت ئالغىلى بولسۇن، دېمەمدىم، دەپ ئويلىدى ... ئاپىسى ئۇنىڭغا: «ئاپتوبۇس، تراللېيبۇسلارغا چىقىپ قالساڭ بېلەت ئالماي قالما، بېلەت ئالماي ماشىنىغا چىقىش خەتەرلىك ھەم ئەخمەقلىق. سەن يالغان ئېيتىشنى بىلمەيسەن. سېنى ساقچىغا ئاپىرىدۇ، مەكتىپىڭگە دەيدۇ، خەقلەر ئالدىدا يۈزۈڭ چۈشىدۇ، ئابرۇيۇڭ تۆكۈلىدۇ. ئۇ چاغدا سېنىڭ ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىش ئىشىڭمۇ سۇغا چىلىشىدۇ!» دېگەنىدى. سكورومىنۇ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، قولىنى پۈتۈن پۇل بار يانچۇقىغا سالدى ۋە ئاختۇرۇپ يۈرۈپ يىگىرمە تىيىنلىك تەڭگىدىن بىرنى تاپتى، ئاندىن باشقىلار ماڭا دىققەت قىلىۋاتامدىكىن، دەپ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ قولىدىكى تەڭگىنى ئىتتىكلا ئاپتوماتىك بېلەت سېتىش ماشىنىسىغا تاشلىدى - دە، بىر دانە بېلەتنى ئالدى.

— قايتۇرغان پۇلنى ئالمامسىز؟ — دېدى بېلەت سېتىش ماشىنىسى يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر ئايال ھەيران بولۇپ. ئۇ بېلەت ئېلىۋاتقان ئادەملەرگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغاندەك قىلاتتى.

— سەل تۇرۇپ، — جاۋاب بەردى سكورومىنۇ ھودۇققان ھالدا، — كىشىلەر سەل ئازلىغاندا ئالىمەن.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، بۇرۇلۇپ نېرىراق بېرىپ تۇردى.

— تەييارتاپلارنىڭ باي بولۇپ قالغىنىنى قاراڭ، — سكورومىسۇ ئارقىسىدا بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەنە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، — يىگىرمە تىيىنگە بىر بېلەت ئېلىپ ئاشقان پۇلنى ئېلىشنى نومۇس كۆرۈۋاتىدۇ تېخى.

تىراللىبۇستا كىشىلەر ئانچە كۆپىيىپ كەتمىدى، سكورومىسۇنىڭ كۆڭلىمۇ سەل تىنجىغاندەك بولدى.

تىراللىبۇس يەنە بىر بېكەتكە كەلگەندە، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئىككى ئادەم تىللىشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن تىراللىبۇسنىڭ ئىچى بىردىنلا قالايمىقانلاشتى. تىراللىبۇس ئورنىدىن قوزغالدى. ماشىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئادەملەر چايقىلىپ بىر يەرگە غۇژمەك بولۇپ قالدى. سكورومىسۇ قوش كىشىلىك ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە قىستىلىپ قالدى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، ئۆزىنى قىستىغان ئادەمگە ئەدەب بىلەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويماقچى بولۇپ ئارقىسىغا قاراپ، ئارقىسىدا قوڭۇررەڭ بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن باشىنىڭ كىيگەن بىر قىزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ قىز سكورومىسۇقا چاپلىشىپلا قالغانىدى. قىز، كەچۈرۈڭ، دېگەندەك قىلىپ ئارانلا كۈلۈپ قويدى. سكورومىسۇ ئوڭايسىزلىنىپ دېرىزە تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇ قىزنىڭ چىرايىغا بىرلا قېتىم قارىغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا چىرايلىق بىر قىزنىڭ سىماسى كېلىۋالاتتى. ئۇ ئەمدى چاپلىشىپ تۇرغان قىزنىڭ ئىككى كۆكسىنى، يۇمشاق، تولغان بەدىنىنى ئېنىق سېزىشكە باشلىدى. قىز ئۇنىڭغا چاپلىشىپ تۇرغانلىقىغا ئانچە خىجىل بولۇپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. بىردىنلا توك سوققاندەك بولۇپ، نازۇك بىر سېزىم يىگىتنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارقالدى، يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كەتتى. ئۇ ئالدىدىكى ھورلىشىپ كەتكەن دېرىزە ئەينىكىگە بارمىقى بىلەن بىر توشقاننىڭ رەسىمىنى سىزىپ قولىنىڭ ئىزىدىن قىزنىڭ چىرايىنى كۆرمەكچى بولۇپ بېشىنى سەل يانغا تارتتى.

قىز سەل مىدىراپ بىر ئۇھ تارتتى-دە، ئەركىنرەك نەپەس ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قەددىنى سەل رۇسلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن سكورومىسۇنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ تۇرغان قىزنىڭ ئىككى كۆكسى نېرىراق سۈرۈلگەندەك بولدى. قىز مەزمۇت تۇرالمىغان بولسا كېرەك، پۇتلىرىنى سەل يۆتكىدى، ئاندىن ئىككى بىلىكىنى يۇقىرىغا ئازراق كۆتۈردى، سكورومىسۇ قىزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى، ئىسسىق نەپەس ئېلىشىنى سېزىپ تۇراتتى، دۈمبىسىگە چىڭ بېسىلىپ تۇرغان كۆكسى مىدىراپ، ئۇنى شېرىن تۇيغۇ ئىچىگە غەرق قىلاتتى. قىزنىڭ تىزى، يۇمشاق يوتىسىمۇ مىدىرلاپ تۇراتتى. سكورومىسۇ ئەمدى، قىز مەندىن يىراقلاپ كەتمىسىدى، دېگەن ئارزۇدا بولدى. ئۇ سەل تۈزلىنىپ تۇرۇپ، دۈمبىسىنى قىزنىڭ بەدىنىگە تېخىمۇ چىڭ چاپلىدى. قىز بۇنى سەزدى بولغاي، ئىككى مۈشتۈمىنى سكورومىسۇنىڭ دۈمبىسىگە تىرىۋالدى ۋە نارازى بولغاندەك چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى. كېيىن قولى تالدىمۇ قانداق، ئىككى بىلىكىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى-دە، يەنە بۇرۇنقى ھالەتتە سكورومىسۇقا چاپلىشىپ قالدى. قىزنىڭ يۈزى ۋە كۆتۈرۈلگەن ئېڭىكى سكورومىسۇنىڭ گەجگىسىگە تېگىپ قالدى. تۇيۇقسىز... قىز سكورومىسۇنى قۇچاقلىۋالدى. قىزنىڭ قولى ئاستا-ئاستا تۆۋەنلەپ سكورومىسۇنى سىلاشقا باشلىدى، قول تىزغىچە چۈشكەندىن كېيىن، يەنە ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ سكورومىسۇنىڭ كۆكسىگە كەلگەندە تۇيۇقسىز تىترەپ كەتتى-دە، شۇ يەردە توختىدى. سەل ئۆتۈپ يەنە يۇقىرىدىن

تۆۋەنگە سىلاشقا باشلىدى. سكوروموسۇ كەۋدىسىنى سەل ئەگدى، يەنە دەرھال ئۆزىنى رۇسلىۋالدى ۋە مىدىر قىلماي، قىزنىڭ سىلىشىغا جىم تۇرۇپ بەردى. ئۇ بۇ قىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ قارشىلىق قىلىشنى ئويلايتتى، ئەمما قورقاتتى. بىر خىل شېرىن تۇيغۇ ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ، ئۇنى ئېرىتمەكتە ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىدا، بۇ لەززەت داۋاملىشىۋەرسىكەن، دەيدىغان ئارزۇدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. قىزنىڭ قولى يەنە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ سكوروموسۇنىڭ كۆكسىگە كەلگەندە توختاپ قالدى. شۇ ئارىدا سكوروموسۇ يالۋۇرۇش تەلەپپۇزىدىكى ھارغىن بىر پىچىرلاشنى ئاڭلىدى:

— بىز چۈشۈپ كېتەيلى، بۇنداق تۇرىۋېرىشكە چىدىماي قالدىم.

بۇنىڭ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى سكوروموسۇ بىلەلمەي قالدى. شۇ تۇرقىدا ئاپام بولغان بولسىچۇ - ھە! بۇنداق قاراڭغۇ سوغۇق كېچىدە نەگە بارىمىز دېمەكچى؟ ئۇ نېمە قىلماقچىدۇ؟ ئاپىرىپ قوي دېمەكچىمۇ يا؟ بۇ قانداق قىزدۇ؟ نېمىشقا ماڭا گەپ قىلىدۇ؟ يا مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلمىسام. قىستىلىپ چىدىماي قالدىمۇ يا؟ ياق، مەن نەگە باراتتىم؟ ئۇنى ئاپىرىپ قويسام بولارمۇ؟ بوپتۇ، ئاپىرىپ قوياي. بەك كەچ بولۇپ كەتتى. ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاپام مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ. ئاپامغا تېلېفون بېرىپ قويايمۇ يا؟ بولدىلا. بۇ قىز كىمدۇ؟ قىلچە ئەيمەنمەيلا گەپ قىلىدىغۇ؟ يەنە تېخى مېنى قۇچاقلىۋالدىغۇ؟ قانداق قىلاي؟ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭايمۇ؟ ياق، ئاپا. ئانچە كېچىكىپ كەتمەيمەن. بىراق، بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟

— ھوي، نېمە بولدىڭىز؟

سكوروموسۇ يېنىدىكى ئادەمنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ، قىز تەرەپكە بۇرۇلدى.

— بېكەتكە كېلىپ قالدۇق، تېزرەك.

— مەن ئالدىدا ماڭاي.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، — دېدى قىز كۈلۈپ، — بولمىسا چۈشەلمەي قالىمىز.

سكوروموسۇ كۆچەپ قىزنىڭ ئالدىغا ئۆتتى - دە، ئالدىغا قاراپ سىلجىشقا باشلىدى. قىز ئۇنىڭ چاپىنىغا ئېسىلىپ ئارقىسىدىن ماڭدى. قىستاڭچىلىق بولغاچقا ھەر تەرەپتىن تاپا - تەنىلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ھازىر سكوروموسۇ باشقا ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك ئىدى، ھەدەپ مۆرىسى بىلەن كىشىلەرنى ئىتتىرىپ يول ئېچىپ ماڭاتتى ۋە توختىماي: «كەچۈرۈڭ، سەل ئېرىراق سۈرۈلۈڭىز!» دەيتتى. ئۇلار ئاخىر تراللېبۇستىن چۈشتى.

2

سىرت بايىقىدەكلا تۇمانلىق، سوغۇق ۋە نەم ئىدى.

تراللېبۇستىن چۈشكەن ئادەملەر ھەر تەرەپكە ئالدىراش مېڭىپ كەتتى. يالغۇز ئۇ ئىككىلىسىلا چىراغ نۇرى چۈشمەيدىغان بېكەت لەمپىسىنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە قاراشمايتتى، ئارىنى جىمجىتلىق باستى. سكوروموسۇ سەل قورققاندەك بولدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى؛ ھەتتا تراللېبۇستىن چۈشۈپ قالغانلىقىغا سەل پۇشايمانمۇ قىلدى.

— سىزنى بۇنداق جۈرئەتسىز دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى قىز چاقچاق قىلغاندەك، — نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟

— نېمە دەيمەن؟ مەن بىلمىدىم.

— ياخشىسى، ئالدىدا بىز تونۇشۇۋالايلى، مېنىڭ ئىسمىم زويا.

— مېنىڭكى رىنىيا.

— مانا بۇ بولدى، ئەمدى ماڭايلى.

زويا سكورومسۇنى قولتۇقلىۋالدى. سكورومسۇ روھسىز ۋە خۇشياقمىغاندەك ماڭدى. «نەگە كېتىۋاتىدىغاندىمىز؟ نېمە قىلغىلى ماڭدۇق؟ بۇنداق كۈندىمۇ سەيلە قىلامدۇ كىشى؟»

ئۇ قىزغا ئاستىرتتىن سەپسېلىشقا باشلىدى: قىز ئادەتتىكىچە كىيىنگەن بولۇپ، ئۈستىدە كۆل رەڭ يامغۇرلۇق چاپان، بوينىدا قارا كاپرون ياغلىق، بېشىدا باشمىك، پۇتىدا ئادەتتىكى ئاياغ بار ئىدى. يېشى ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدىن سەل چوڭدەك كۆرۈندى. ئەمما ھەقىقىي يېشىنى مۆلچەرلەش تەس ئىدى. ئۇ ئۈستىخىنى كېلىشكەن چىرايلىق قىز ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، سكورومسۇ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ تۇرقىدىن خىجىل بولۇشقا باشلىدى. ئۇ بۇرۇن، چىرايلىق قىزلار ماڭا سەپسالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئەمدى ھازىر شۇنداق قىزلارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتىدۇ ۋە ئۇنى باشلاپ كېتىۋاتىدۇ. مەن ئۇنى ئازراقمۇ تونۇمىسام ... بۇ ئىش سكورومسۇغا بەكلا غەلىتە تۇيۇلاتتى.

بۇنداق مېڭىش سكورومسۇغا بارغانچە تەس بىلىنمەكتە ئىدى. ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇنداق ھاۋا، تونۇشمايدىغان بىر قىز بىلەن كېچىدە بىللە مېڭىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلاتتى.

سكورومسۇ قىزنىڭ ئۇنىڭ گەپ ئېچىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. قارىغاندا، قىز ئۇنىڭ بىلەن كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشىشنى خالايدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ ئېغىز ئاچىدىغانلا بولسا ... سكورومسۇ بۇنى سېزىپ تۇرسىمۇ يەنىلا دەرگۇماندا بولۇپ جىمجىت كېتىپ باراتتى. ئاپىسى ئۇنىڭغا دېگەن: «تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان ئادەملەردىن ئۆزۈڭنى تارت. ھەرقانداق چاغدا چوڭ كوچىدا قىزلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرما. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك. سەن چوڭ بولۇپ قالدىڭ. شۇنى ئېيتىپ قوياي، بۇنداق تاسادىپىيلىقلار يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەتتا سېنى كارغا كەلمەس ئادەم قىلىپ قويىدۇ...»

— رىنىيا، بۇ قانداق گەپ، مەن يېنىڭىزدا تۇرسام، باشقا نەرسىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىسىزغۇ.

— كەچۈرۈڭ ... مەن ئۆزۈمنى سەل بېسىۋالاي.

— بايا تراللېبۇستا بەكلا قىسىلىپ كەتتۇق، شۇنىڭغا بىئارام بولۇۋاتامسىز؟

— ياق، ئۇ ئىش ئەمەس.

— ئۇنداقتا نېمە ئىش؟

— چۈنكى سىز ...

— چۈشەنمىدىم.

— مەن سىزنىڭ بەكلا ...

— بەكلا يۈرەكلىككەنسەن دېمەكچىمۇ؟

— ياق.

— ئىزا تارتمايدىغان نەرسىكەنسەن دېمەكچىمۇ يا؟

— ياق.

— باشباشتاقمىكەنمەن؟

— ياق.

— ھە، بىلدىم، شاللاق دېمەكچى؟

— ياق. بۇمۇ ئەمەس، — دېدى سكورومسۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن سىزنى بۇنچىلىك چىرايلىق... دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— ياخشى گەپقۇ، رىنىيا. سىز ئەمدى ئەقلىڭىزنى ئىشلىتىپسىز. بۇ سىزنىڭ ماڭا قىلغان تەكەللۇپ سۆزىڭىزغۇ دەيمەن!

زويانىڭ بۇنداق يېقىنچىلىق قىلىشى سكورومسۇنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ ئۆزىگە كايىشقا باشلىدى: يا گەپ قىلماي تۇرمى

دىم، يا گەپنى ئوچۇق ئېيتالمىدىم. گەپلىرىم قولاشماي قېلىۋاتىدۇ. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ سۆزلىگەن بولسام، بۇنداق كۈلكىگە قالمىغان بولاتتىم.

ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، قەدەملىرىنىمۇ تەبىئىي ئېلىپ، ئۆزىنى دوستانە قىياپەتتە كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. زويانىڭ قەدەم تاشلاشلىرى ئەركىن ئىدى. سكورومسۇ ئۇنداق بولالمايۋاتاتتى، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىشنى بىلمەيۋاتاتتى. ئەگەر ئۆزىدىكى جىددىيچىلىكنى يوقىتىدىغان بىرەر ياخشى چارە بولغان بولسىدى، بۇرۇنقى تەمكىن، ئېغىر - بېسىق ھالىتىگە كېلىۋالغان بولاتتى. ئۇ چاغدا زويامۇ ئۇنىڭ بوش ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالاتتى.

— زويا؟

— ھە.

— بىز نەگە كېتىۋاتىمىز؟

— مېنىڭ ئۆيۈمگە.

زويانىڭ ئاۋازى كەسكىن ئىدى.

— ئۆيىڭىز يىراق ئەمەستۇ؟

— بارغاندا بىلىسىز.

سكورومسۇ ئاپىسىغا تېلېفون بەرگەندە، ئاپىسى: «شۇنداق بولسۇن، سائەت سەككىزدە كەچكى تاماق يەيمىز، كېچىكىپ قالما، مەن ئەنسىرەپ قالماي» دېگەنىدى.

— سائەت نەچچە بولدى؟

— نېمىگە ئالدىرايسىز؟

— ئالدىرىمىدىم. پەقەت ... بۇ ئىشلار بەكلا تۇيۇقسىز بولۇپ كەتتى.

— ئىشىڭىز بارمىدى؟

سكورومسۇ ئىككىلىنىپ، ئاپام ساقلاپ قالارمىكىن دېسەم، زويا مېنى ئاپىسىنىڭ ئەركە بالىسى ئىكەن، ئاپىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئانىغېپى ئوخشايدۇ، دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلمىسۇن يەنە، دەپ ئويلىدى.

— رىنىيا، گەپ قىلىسىڭىزچۇ، قارىغاندا بۈگۈن كەچتە سىزنىڭ باشقا ئىشىڭىز بار ئوخشايدۇ.

— ... نېمە، بىر كېچە ۋاقتىمنى ئالماقچىمۇ؟

زويا كۈلۈپ كەتتى:

— مەن قانداقمۇ سىزنىڭ بىر كېچە ۋاقتىڭىزنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلاي. سىزنى مەن بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرامدىكىن دەپ ئويلىغان. مەن ھازىر تەنھا، بەكلا زېرىكىمەن، بەزىدە ھاياتتىن ۋاز كەچكۈم كېلىپ كېتىدۇ.

— ھاياتتىن ۋاز كەچكۈم كېلىدۇ؟

زويا نېمە سەۋەبتىندۇر، بىردىنلا چىرايىنى ئۆزگەرتىپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىنىڭ ياسالمىلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.

— بەكمۇ ئىچىم پۇشىدۇ. مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدىغان تۈزۈك ئادەممۇ يوق.

بۇ گەپ تەسىر قىلدى بولغاي، سكورومسۇ جىددىي تۇسكە كىرىپ، زوياغا ئىچ ئاغرىتىپ كەتتى. سكورومسۇ زويانىڭ بۇ كۈلكىسىگە قانداقتۇر بىر ئازاب يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقىغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلەر، پۇشايمانلار نەلەرگىدۇ غايىب بولۇپ، باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلاندى.

— مەن ئۆيگە تېلېفون بېرىۋېتەي، — دېدى ئۇ قەتئىي قارارغا كەلگەندەك قىلىپ.

زويا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى - دە، ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى. ئالدى تەرەپتىكى بىر نەچچە بىنانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش جايدا تېلېفون بوتكىسىنىڭ چىرىغى يېنىق تۇراتتى.

— ھازىرلا كېلىمەن، زويا كەچۈرۈڭ.

سكورومسۇ قەدىمىنى توختىتىپ، قولىنى زويانىڭ قولىدىن ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن چىقىرىپ، پۇل بار يانچۇقىغا سالدى

ۋە شۇ چاغدىلا يانچۇقىدا تەڭگە پۇلنىڭ يوقلۇقىنى ئېسىگە ئالدى.

— تەڭگە پۇل كېرەكمۇ؟ — سورىدى زويا، — بولدى ئاختۇرماڭ، مەندە بار، مانا ئېلىڭ.

— رەھمەت.

سكورومسۇ كۈلۈپ تۇرۇپ تەڭگىنى ئالدى - دە، زويا بىلەن يەنە قولتۇقلىشىپ تېلېفون بوتكىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ئەگەر باشقا مۇھىم ئىشىڭىز بولسا، بولدى، ئاۋارە بولماڭ، بىر نەرسە قىلىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزەرمەن، — دېدى زويا.

— ئازراق ئىشىم بار ئىدى، ھازىرلا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن.

سكورومسۇ ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ، كۆڭلىدە، مەن نېمىلەرنى دەۋاتىمەن - ھە! بۇ ئىشقا ئاپام نېمە دەر، ئاپام چوقۇم، ئۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ، كەچ بولۇپ كەتكەن تۇرسا، بولمايدۇ، كەچ قالساڭ تىت - تىت بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلىسەنغۇ. ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. دەررۇ ئۆيگە يان. ئاڭلىدىڭمۇ؟ دەرھال يان، دەيدۇ، دەپ ئويلىدى.

— زويا كەچۈرۈڭ، سىز مېنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك، — سكورومسۇ شۇنداق دەپلا توختاپ قالدى، ئۇ شۇ تاپتا ھەم ئۆزىنىڭ ئابرويىنى چۈشۈرمەيدىغان، ھەم زويانى ئۈمىدسىزلەندۈرمەيدىغان گەپ ئىزلەۋاتاتتى، — بۇلارنىڭ ھەممىسى... بەكلا تويۇقسىز ... قانچىلىك ... سىز گېپىمنى چۈشىنەۋاتامسىز؟ مەن ئۆيدىكىلەرگە نېمە دەيمەن؟ ئىككىمىز ... راستىنلا بىر كېچە بىرگە بولامدۇق؟

— بۇنىڭغا ئۆزىڭىز بىر نېمە دەڭ، — زويا شۇنداق دېدى - دە، بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى ۋە سكورومسۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولغاندەك بىر قىياپەتكە كىرىپ، بوش ئاۋاز بىلەن قوشۇپ قويدى، — سىز دېگەن ئەر. مەن سىزگە كۆپ يول كۆرسىتىپ كەتتىم.

— بولىدۇ، مەن چۈشەندىم.

ئۇلار تېلېفون بوتكىسى ئالدىغا كەلدى.

— بەك كۆپ ھايال بولۇپ كەتمەڭ، — زويا سكورومسۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى، — سوغۇقتا بەك ئۇزۇن ساقلاپ كەتمەي.

— بولىدۇ.

سكورومسۇ تېلېفون بوتكىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى - دە، ئىچىگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى.

— ئاپا، بۇ مەن.

— نېمە ئىش بولدى؟ سائەت سەككىزدىن چارەك ئۆتتى، مەن بەك ئەنسىرەپ كەتتىم، ھازىر سەن قەيەردە؟

— خاتىرجەم بول. ھەممە ئىش جايىدا، مەن ساق - سالامەت، بىر ئىش بار ئىدى...

— نېمە ئىش؟ سائەت سەككىزدىن بۇرۇن قايتىپ كېلىمەن دېگەنىدىڭ، نېمە ئىش بولدى؟

— ئالدىرىمىغىن ئاپا، ئاڭلاپ تۇر.

— قۇلىقىم سەندە.

— سىنىپىمىزدىكىلەر بىر يەرگە يىغىلماقچى بولغانىدۇق... ساڭا قانداق دېسەم بولار؛ بۈگۈن بىز بىللە ئولتۇرايلى دېيىشكەن.

— بىللە ئولتۇرغۇدەك نېمە ئىش بولغان؟

— بۈگۈن مۇكاپات پۇلى تارقاتقان، ھەممەيلەن پۇل ئالدى، بەك خۇشال.

— ھاراق ئىچىشمەكچىمۇ؟ سەن ئۇنداق قىلما. رىنىيا، سەن ماڭا ۋەدە بەرگەن جۇمۇ!

— يا ئۇلارنى رەت قىلىۋەتكىلى بولمىسا. ئاپا، بىلسەڭ ئىدىڭ، ھەممەيلەن ھازىر شۇنداق خۇشال، بەكلا خۇشال. ئۇلار مېنى قويۇۋەتمەيدۇ. خاتىرجەم بول، مەن ھاراق ئىچمەيمەن.

— سەن ھازىر قەيەردە؟ كىمنىڭكىدە؟ خۇدايىم توۋا، ئۇ يەردە تېلېفون بارمىكەن؟

— مەن مالىشېۋلارنىڭكىدە. يەر ئاستى پويىزىنىڭ «بوركوت» بېكىتىگە يېقىن بىر يەردە. ئۇ ئۆيدە تېلېفون يوق ئىكەن.

— بۇ سېنىڭ مېنى قاراپ تۇرۇپ قىينىغىنىڭ ئەمەسمۇ، مەن قانداق قىلىمەن؟

— ۋەي، ئاپا.

— ئولتۇرۇشنى باشلىۋەتتىڭلارمۇ؟

— ھەئە.

— ئاراڭلاردا چوڭ ئادەملەر بارمۇ؟

— بار. ساڭا دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، فىزىكا ئوقۇتقۇچىمىز ۋالىلى نىكولايېۋىچ بىز بىلەن بىللە. ھەممە ئىش جايىدا.

— مەن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. رىنىيا، سائەت ئوندا چوقۇم قايتىپ كەل.

— بولمايدۇ ئاپا. بىز تېخى ئەمدىلا باشلىغان تۇرساق. بۇ يەردىن ئۆيگە بارغىچىمۇ بىر سائەت كېتىدۇ.

— بوپتۇ. سائەت ئون بىردە بولسۇن. شۇ چاغدا... مەن سېنى ئالغىلى بېرىشىم مۇمكىن.

— ئاپا، بولدى، نېمە قىلساڭ قىل، سەن ئەيتاۋۇر ئىشنى بۇزىسەن.

— بولدى تالاشما. مەن چوقۇم سېنى ئالغىلى بارىمەن.

— بولمايدۇ. سەن كەلمىگىن!... راستلا، ئاپا، ئۇنداق قىلساڭ مېنى كۈلكىگە قويىسەن. مەن بىردەم - بىردەم سائەتكە قاراپ خاتىرجەم ئولتۇرالماي قالىمەن. سەن مېنىڭ باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشىمنى خالامسەن؟... بولمايدۇ. سەن ئۆيدە ساقلاپ تۇر. مەن سائەت ئون بىردە كېتىمەن. ئەگەر كېچىكىدىغان بولسام تېلېفون بېرىمەن.

— رىنىيا، بالام، مەن راستىنلا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. سەن مېنى چۈشەنگىن.

— شۇنداق بولسۇن ئاپا. باشقىلار مې-

-نى ساقلاپ قالدى.

— سەن ئەجەب گەپ قىلمىسەنغۇ؟

— كەچۈرگىن ئاپا، ئاغزىمغا كەلگەن گەپنىلا قىلىپ ساپتىمەن.

— ئۆزۈڭنى ئاسرا، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەگەر بىرەر نەرسە بولۇپ قالساڭ، ئۆلگىنىم شۇ.

— بولىدۇ. شۇنداق بولسۇن ئاپا، مەن بىلدىم.

— ھاراق ئىچمە، تاماكا چەكمە. تاماقنى ياخشى يە. كونسېرۋا يېمە. ئۇ يەردە مېۋە - چېۋە بارمىكەن؟

— بار، ھەممە نەرسە بار. بولىدۇ، مەن تېلېفوننى قويدۇم.

— ۋىيەي، خۇدايىم. سەن ۋاقتىدا...

— شۇنداق بولسۇن. سەن ساقلاپ تۇر، — سكوروموۋ ئاپىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپلا تۇرۇپكىنى قويۇپ قويدى.

ئۇ تېلېفون بوتكىسىدىن خۇشال چىقتى. ئۇ يالغان ئېيتقان بولسىمۇ، ئاخىر ئۈچ سائەت ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ روھىي قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، زويامۇ روھلىنىپ قالدى.

— ئىش پۈتتىمۇ؟

— پۈتتى.

— رىنىيا، — قىز سكوروموۋغا يۆلەندى ۋە بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى، — مەن قورقۇۋاتىمەن، بەكلا قورقۇۋاتىمەن.

— نېمىدىن قورقۇۋاتىسىز؟

— ھەممە ئىشنىڭ بىردىنلا يوققا چىقىشىدىن.

سكوروموۋ قىزنىڭ بەدىنىنىڭ ئىسسىقلىقىنى يەنە ھېس قىلىشقا باشلىدى، جۇشقۇن بىر تۇيغۇ ئۇنى چىرمىۋالدى. ئۇ قولىنى كۆتۈردى، ئەمما نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر خىل قورقۇنچ

ئەمچىدە زويانىڭ يەلكىسىنى مېھرىبانلىق بى-
لەن سىلاشقا باشلىدى ۋە:
— مېنىڭ ئەخمىقىم،— دەپ قويدى.
— ۋىيەي،— زويا بۇ سۆزگە جاۋاب
بەرگەندەك ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى - دە،
شۇ پېتى تۇرۇپ قالدى.
سكورومىنۇ بېشىنى يانتۇ قىلىپ زوياغا
يان تەرەپتىن سەپسالدى. شۇ تاپتا ئۇ بەكلا
هاياجانلانغانىدى، ئەمما بۇ هاياجان بى-
لەن بىللە ئۇنىڭدا يەنە بىئاراملىقمۇ بار
ئىدى. ئۇ زويانى ئۆزىنىڭ قەدىناس دوست-
لىرىدەك مۇلايىم، ئىشەنچلىك هېس قىلدى.
زويامۇ رازى بولۇۋاتقاندەك بىلىنىدى... ئۇ-
نىڭ قىزلار بىلەن تونۇشۇش ئارزۇسى، خۇ-
شاللىقى، ئۆزىنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىسىدىن
پەيدا بولغان مەغرۇرلۇق، ئاپىسىنىڭ نەسى-
ھەتلىرى، يېيىلمىگەن كەچكى تاماق، يالغان
ئېيتىش بەدىلىگە كەلگەن ئەركىنلىك، ترال-
لىبۇس، زويانىڭ بىلىكى، هۆلچىلىككە تول-
غان كوچا ۋە ئۇنىڭ خاتىرىسىدە قالغان
ئۇرغۇن هەر خىل ئىشلارنىڭ تەسىرى، كۆڭ-
لىدىكى گۇمان، قىياسلار بىلەن گىرەلىشىپ
كەتكەنىدى. بايا ئۇ زويا بىلەن كېتىۋېتىپ-
مۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى نورمالسىز ئىش-
تەك بىلىنىپ، بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە
قالغانىدى. چۈنكى ئۇ زويادا ئازدۇر - كۆپ-
تۇر بىر خىل ساختىلىق بارلىقىنى سەزگەنى-
دى. زويا بىلەن بۇنداق تېز تونۇشۇپ قې-
لىش ئۇنى سەل ئويلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدا بىر
خىل ئېھتىياتچانلىقنى پەيدا قىلغانىدى.
زويا بەلكى مۇشۇنداق قىلىش بىلەن ئىچ
پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولغاندۇ. لېكىن شۇ
تاپتا سكورومىنۇ ئىشىنىڭ يامان تەرىپىنى
ئويلىغۇسى، زويادىن گۇمانلانغۇسى كەلمىدى.
ئەكسىچە ئۇنىڭدا، تېزرەك بىر جاي تېپىپ،
تازا بىر مۇڭداشساق بولاتتى، دەيدىغان
ئوي پەيدا بولدى. ئۇ ئەمدى زويا بىلەن

بىرگە بولۇپ، لەززەت ئېلىشنى ئويلايتتى...
زويانىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغۇسى بار.
ئۇنداقتا ئۇ زېرىكىشلىك هېس قىلمايدۇ.
بۇنىڭ قانداق يامان يېرى بولسۇن؟ قائى-
دە - يوسۇنلار زوياغا ياردەم بېرىشتە يوق،
ئەكسىچە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتسا،
ئۇلارنىڭ نېمە رولى قالدى؟ راست، مەن
دۆترەك، ئەمما زويا ئەقىللىك، كۆپنى بىلى-
دۇ. زويانىڭ ئۆزى كېلىپ مېنى تاپتىغۇ.
هېچكىم ئۇنىڭغا بۇنداق قىل دېگىنى يوق...
ئۇ ئۆزى مېنى تاللىدى. گەرچە بۇ تاسا-
دىپىي بولۇپ قالغان ئىش بولسىمۇ، بۇنىڭ
كارايىتى چاغلىق. مۇھىمى، ئۇ مېنى تاللى-
ۋالدى، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ؟ زا-
دى نېمە سەۋەبتىن... بىراق هازىر بۇلار-
نىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟
— زويا.
— هە؟
— سىزدىن بىر نەرسە سورىسام بولام-
دۇ؟ بىرلا نەرسىنى.
— ناهايىتى مۇهىممۇ؟
— سەل چېكىدىن ئاشقان يېرىمۇ بار.
— ئۇنداق بولسا سوراڭ.
— سىز نېمىشقا مېنى تاللىۋالدىڭىز؟
زويا بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر خىل يېقىم-
لىق نەزەر بىلەن سكورومىنۇغا قاراپ، چوڭ-
قۇر بىر تىنىپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ بوي-
نىدىن قۇچاقلاپ چاچلىرىنى سىلىدى ۋە
سەل كۆتۈرۈلۈپ لەۋلىرىنى يىگىتنىڭ لېۋى-
گە قاتتىق باستى.
سكورومىنۇ زويانىڭ ئۆز سوئالىغا مۇن-
داق جاۋاب بېرىشىنى كۈتمىگەنىدى. ئۇ قې-
تىپلا قالدى، نەپىسى تېزلىشىپ كەتتى. ئۇ-
نىڭدا هەيران قېلىشتىن باشقا هېچقانداق
سېزىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى بىلىكى قې-
تىپ قالغاندەك زويانىڭ مۈرىسىگە ئارتىق-
لىق تۇراتتى. زوياغا بەكلا يېقىن تۇر-

قاچقا، ئۇنىڭ يۈزىنى ئوچۇق كۆرەلمىدى. ئۇ قىزنىڭ ئاي نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان پېشانىسىگە، تولۇق مەڭزىلىرىگە قاراپ ھەدەپ كۆزىنى چىمچىقلىتاتتى، بۇ ئىشلار ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك قېتىپ تۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ لەۋلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرى قېتىپ قالغاندەك ئۆزىگە تىكىلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. بۇنداق ئىش ئۇنىڭ ھاياتىدا تېخى بولۇپ باقمىغان. ئۇ زويانىڭ سۆيۈشىنىڭ ھەرگىز مىننەتدارلىقتىن ياكى ھېسسىياتىنى باسالماي قالغانلىقتىن ئەمەسلىكىنى سېزىپ تۇراتتى، چۈنكى زويا شۇنداق ئەپلىك، شۇنداق كېلىشتۈرۈپ سۆيگەنىدى. سكورومىسۇنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولۇپ، سەل سەگەكلەشتى.

— بولدى، — دېدى زويا قولىنى چۈشۈرۈپ ۋە ئەپۇ سورىغاندەك كەينىگە داجىدى، — ئەمدى ماڭايلى، بولمىسا ئۆيگە مەڭگۈ يېتىپ بارالمايمىز.

زويا تېخىمۇ ئەركىن، شوخ قەدەم ئېلىپ كېتىپ باراتتى، سكورومىسۇ بولسا يەنە بۇرۇنقىدەكلا ياۋاشلىق بىلەن زوياغا ئەگىشىپ ماڭاتتى، يۈرىكى ھاياجاندىن تىنجىمايتتى.

«ئۇ چوقۇم مېنى باشقا بىرىگە ئوخشىتىۋاتىدۇ. مەن نېمە بولغاندىمەن. قىزلار ئۆزى كېلىپ سۆيۈپ قويىدىغان كىنو ئارتىسى ئالۇن دىرون بولۇپ قالدىمۇ يا؟ بۇ بىزنىڭ تۇنجى ئۇچرىشىشىمىز ئەمەسمۇ؟... زويادىن سىز زادى كىم، دەپ سوراپ باقايمۇ يا؟ ئۇ مېنى نېمە قىلىدىغاندۇ؟... بەلكىم ئۇ يانچۇقچىدۇر. مېنى قۇچاقلىۋالغاندا يانچۇقۇمدىكى پۇلنى بىلىۋالغانىمىدۇ؟ ... بۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس. قىزىق ئىشتە بۇ. نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم — ھەي! تازا ھاماقەتتەمەن. قىزبالا مېنى سۆيۈۋاتسا، مەن... ئۇ قىز زادى نېمە ئادەمدۇ؟ ئوقۇمدىغاندۇ ياكى خىزمەتتىمىدۇ؟ يېشى قانچىلاردا باردۇ؟ توي قىلغانمىدۇ؟ مېنى تاسادىپىي ياخشى كۆرۈپ قالغانمىدۇ ياكى باشقا مەقسىتى بارمىدۇ؟... ھەي، مەن يەنە ....بۇ ئادەتتىكى بىر ئىشلارغۇ! مۇنداق بىر زېرىكىشلىك كېچىدە، ئۇ ئەلۋەتتە يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ، شۇڭا مېنى تاپقان. بۇ چىرايلىق قىزغا زادى نېمە لازىمدۇ؟ قارىغاندا مەندە ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغۇدەك نەرسە بار ئىكەن... ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ، ھەممىنى چۈشىنىدۇ. ئۇ بىر قاراپلا مېنىڭ ياۋاشلىقىمنى بىلىۋالغان... ئۇنىڭ كۆزى نېمانچە ئۆتكۈردۇ؟...»

— رىنىيا، ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ، — تۇيۇقسىز گەپ ئاچتى زويا، — سىز بىلمەكچى بولغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرىمەن.

— قاچان؟

— ئاز قالدى. يېتىپ بارغاندا جاۋاب بېرىمەن.

— ئۆيىڭىزدىمۇ؟

— ھەئە.

— يېتىپ باراي دېدۇقمۇ؟

— مۇشۇ كوچىدا.

3

سكورومىسۇ تاملىرى قىڭغىر - قىيسىق قاراڭغۇ بىر ھويلىغا كىردى. زويا مۇشۇ ھويلىدا تۇراتتى. ھويلىدا ئېگىز - پەسلىكى ئوخشاش ئەمەس بىر نەچچە ئېغىز ئۆي بار ئىدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوپۇرماقلىرى پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ كەتكەن ئىككى توپ پاكار دەرەخ بار ئىدى. ھويلىدىكى ئېگىز - پەس ئۆيلەرنىڭ كونا پاسوندىكى تار، ئېگىز دېرىزىلىرىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر ئىشىكنىڭ لەمپىسى ئاستىدا بىر دانە لامپوچكا يېنىپ تۇراتتى.

— ۋوي، بۇ يەر نېمانچە خارابە،— دېدى سكورومىسۇ قىزغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ.

— مەن بۇ يەرگە ئامراق. مانا بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، كۆردىڭىزمۇ؟ ئەنە ئاۋۇ ئىشىك.

— كۆرەلمىدىم.

زويا سكورومىسۇنى باشلاپ ماڭدى. شۇ ئارىدا ھويلىنىڭ ئىچكىرى تەرىپىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن يېقىملىق ئاھاڭغا ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— سەل توختاپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا كېلىمەن،— زويا شۇنداق دېدى - دە، ئاۋاز چىقىۋاتقان قاراڭغۇ تەرەپكە قاراپ كەتتى.

زويا سكورومىسۇنىڭ كۆزىدىن تېزلا غايىب بولدى، ئەمما ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سكورومىسۇ تازا دىققەت قىلىپ قاراپ قاراڭغۇدا بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇرۇۋاتقان تاماكا ئوتىنى ۋە قامەتلىك بىر ئەركىشىنىڭ قارىسىنى ئىلغا قىلالىدى. زويا شۇ كىشى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتاتتى.

زويا ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ كەلدى ۋە سكورومىسۇنى قوپاللا قولتۇقلىدى. سكورومىسۇ بۇنى زويانىڭ بايىقى كىشى بىلەن سۆزلىشىشىدىن پەيدا بولغان ئاچچىق دەپ چۈشەندى.

— ھەي، تەنتەك يىگىت،— قاراڭغۇلۇقتىكى بايىقى ئەر كىشى قوپال ۋارقىرىدى،— تونۇشۇپ قويايلى.

— بۇ بورىيا،— دېدى زويا بوش ئاۋازدا،— قوشنام.

— شۇنداقمۇ؟— سكورومىسۇ ئاستا سورىدى.

— بېرنۇۋرىلىك،— زويا سكورومىسۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ كەينىگە بىر قەدەم داجىدى،— ئۇنىڭ يامان نىيىتى يوق، قورقماڭ. ئۇ شۇنداق ئالجوقىراق. قورقۇپ كەتمەڭ.

سكورومىسۇ يالۋۇرغاندەك زوياغا قاراپ قويدى.

— كۆڭلۈم تارتماي تۇرىدۇ. ئۇلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن. مەن سىزنىڭكىگە كەلگەن، ئۇنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىم بار؟ مەن باشقا ئادەملەر بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئانچە ياقتۇرمايمەن.

بورىيا يەنە بىر ئاھاڭغا بايىقىدىن چىرايلىق ئىسقىرتقىلى تۇردى. زويا بۇ ئاھاڭنىڭ مەنىسىنى چۈشەنسە كېرەك، يەنە بايىقىدەك بوش لېكىن قەتئىي ئاۋازدا سكورومىسۇنى بېرىشقا ئۈندىدى:

— بارسىڭىز ئىككىمىزگىلا ياخشى، رىنىيا. بولمىسا ئۇ ئىسقىرتىپ كېچىچە بىزگە ئاراملىق بەرمەيدۇ.

— ئۇ سىزنىڭ نېمىڭىز؟ ئېرىڭىزمۇ ياكى تۇغقىنىڭىزمۇ؟

— دېدىمغۇ، قوشنام.

— راستمۇ؟

— راست.

— ئۇنداق بولسا مەن نېمىشقا ئۇنىڭ يېنىغا بارىمەن؟ ئۆيىڭىزگە كىرىپ كېتەيلى.

— بولمايدۇ رىنىيا، گېپىمنى ئاڭلاپ بېرىپ بېقىڭ. ئۇ سىزنى كۆرۈپ باقماقچى.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز نېمە؟

—ۋاي - ۋۇي رىنىيا. سۆيۈملۈكۈم، تالىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق. گېپىمگە ئىشەنسىڭىزچۇ. بىرئازدىن كېيىن مەن ھەممىنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن.

— ئۇنىڭدىن قورقىۋاتىمەن.

— قورقماڭ.

— سىز ئۇنى ماڭا پەقەت چېقىلمايدۇ دەپ كاپالەت قىلىڭ.

— چوقۇم چېقىلمايدۇ.

— ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

— سىزگە نېمە بولدى، رىنىيا. مېنىڭ ئىشەنچىم بولمىسا سىزنى بار دەمدىم؟

— ئەگەر ئۇنى خاتا مۆلچەرلەپ قالغان بولسىڭىزچۇ؟

— مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۇنى ئوبدان بىلىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — سكورومسۇ سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ، ئاندىن قەتئىي قارارغا كەلگەندەك ماقۇل بولدى. — سىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭ، بىر ئىش بولسا چاقىرىمەن.

— ماقۇل.

ئاپامنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىكەن. ئاپام: كۆرگەنلا ئادەمنى دوست تۇتما. ئۇلار ساڭا ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ... دەيتتى. كىم بىلىدۇ، بورىيا نېمە ئويلاۋاتىدۇ. بەلكى ئۇ ماڭا پىچاق سېلىۋېتەر... سكورومسۇ قورقۇنچ ئىچىدە كېتىپ باراتتى. دەسسىگەن يەرلىرى لاي ئىدى.

بورىيا يەنە ئىسقىرتىشقا باشلىدى.

— مانا كەلدىم، — دېدى سكورومسۇ.

ئىسقىرتقان ئاۋاز توختىدى. بورىيا سكورومسۇنىڭ ئالدىغا كەلدى... «ئۇ نېمانچە پاكاردۇ؟»

— ئىسمىم يېڭۇگىنى رىنىيا، — تېخى يېقىن بارمايلا سكورومسۇ سۆزلەپ كەتتى، — سىز مەن بىلەن تونۇشماقچىمۇ؟ ئىسمىم يېڭۇگىنى رىنىيا. داشۆدە ئوقۇيمەن، تۆتىنچى يىللىقتا. زويا بىلەن بىر سائەت بۇرۇن تونۇشۇپ قالدۇق. ئۇ مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ دېدى. چۈشىنىۋاتامسىز؟ ئۇنىڭ تەلىپىنى قانداق رەت قىلاي؟ ئۇ ناھايىتى ئۇماق، باتۇر قىز ئىكەن. بۇنداق قىزلارغا مەن تېخى ئۇچراپ باقمىغانىدىم. قېنى تونۇشۇپ قالايلى، — ئۇ يېقىن كېلىپ قولىنى چىقاردى.

بورىيا غەلىتە بىر ئاھاڭدا ئىسقىرتىپ تۇرۇپ سكورومسۇنىڭ قولىنى قىستى. خىرىخىر قىلغان ئاۋازدىن ئۇنىڭ سوغۇق كۈلۈۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى سەل كەينىگە تارتىپ بىرلا سەكرەپ، پۇتىنى تۇتۇشۇپ تۇرغان قوللارنىڭ ئۈستىگە ئارتىلدۇرۇۋالدى، دۈمبىسى سكورومسۇغا قاراپ قالدى.

سكورومسۇ تىترەپ تۇرۇپ ئارقىغا داجىدى ۋە يەنە بىر قولى بىلەن بورىيانى ئىتتىرىۋەتمەكچى بولدى.

— قويۇۋېتىڭ، قولۇمنى قويۇۋېتىڭ! نېمە قىلماقچىسىز؟ بۇنداق قىلماڭ!

بورىيا ئىسقىرتىپ قوشۇلغانلىقىنى ئىپادىلىدى — دە، ئارتىلدۇرۇۋالغان پۇتىنى ئېلىپ، ياڭاقلىرى تومپىيىپ چىققان يۈزىنى سكورومسۇغا يېقىن ئەپكەلدى. قىسقا بۇرۇتى ئاستىدىكى ئاغزىدىن كاراسلىغان ئاۋاز چىقىۋىدى، سكورومسۇ قورقۇپ كەتتى.

— سىز نېمە قىلماقچى؟ نېمىشقا قولۇمنى قويۇپ بەرمەيسىز؟

بورىيا سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ سكورومسۇغا تازا بىر سەپسالدى، ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ قويۇۋەتتى ۋە بۇرۇلۇپ يانچە تۇرۇۋالدى.

سكورومسۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى، نېمە قىلىپ، نېمە دېيىشىنى، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمەيلا قالدى...

— سىز مەن بىلەن تونۇشماقچى، شۇنداقمۇ؟ ئىشىم بولمىسا كېتەيمۇ؟

— ئالدىرىماڭ.

— ئالدىرىماڭ؟ نېمىشقا؟ مەن بۇ يەردە نېمە قىلىمەن؟ تونۇشايلى دېگەنىدىڭىز، كېلىشىنى خالىمىسامۇ كەلدىم، ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم. ئەمما سىزنىڭ نېمىشقا مۇنداق قوپاللىق قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەلمىدىم. مەندە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

سكورومسۇ گېپىنى تۈگىتىپ، ئەلەم ۋە غەزەپ بىلەن زويانىڭ يېنىغا كەتتى.

بورىيا ئۇنىڭ كەينىدىن زاڭلىق قىلغاندەك ئىسقىرتىپ قالدى.

— بۇ يەردىن كېتەيلى، — دېدى سكورومسۇ زويانىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، —

ئۇ غەلىبىلا ئادەم ئىكەن. زويا ئىزرەك مېڭىلىك، ئۇ مېنى تونۇشقىلى ئەمەس، ھاقارەت قىلغىلى چاقىرىپتىكەن.

— كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ، رىنىيا، ئۇ ھەممە ئادەمگە شۇنداق.

— بۇنى بالدۇر ئېيتىپ قويسىڭىز بولمامدۇ!

— خاپا بولماڭ، — دېدى زويا، — مۇھىمى ئۇنىڭ يېنىدىن ئامان - ئېسەن يېنىپ كەلدىڭىز، بىر تال مويىڭىزغىمۇ تەگمىدى.

— سارائېقىپتىش بىر نەرسىغۇ ئۇ.

— خۇدا ئۇنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، — دېدى زويا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ماڭايلى.

ئۇ سكورومىشۇنى مېھرىبانلىق بىلەن قولتۇقلىۋالدى.

4

زويانىڭ ئۆيى ياغاچ بىلەن كىرەلەشتۈرۈپ ياسالغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئىدى، سىرتتىن ئانچە چىرايلىق كۆرۈنمەيتتى. ئۆينىڭ كارىدورى ناھايىتى تار بولۇپ، ھەممە ياققا نەرسە - كېرەكلەر دۆۋىلەنگەن. كارىدورنىڭ يېرىمى ئاشخانا ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. ئۆينىڭ ئىشىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى، ئاچقاندا غىچىرلاپ كېتەتتى. قىسقىسى، ھەممە نەرسە شۇنداق رەتسىز، كونا ئىدى... ياندىكى ئىككى ئۆيدە بورىيا بىلەن يەنە بىر سەككەن ياشقا كىرىپ قالغان گاس موماي ئولتۇرىدۇ، دېدى زويا.

بۇ ئۆيلەرنى كۆرۈپ سكورومىشۇ بەكلا ئەپسۇسلاندى، شۇنداق بىر چىرايلىق قىزمۇ مۇشۇنداق ۋەيرانە ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرسا - ھە، دەپ ئاچچىقىمۇ كەلدى.

— بۇ ئۆيلەر پات ئارىدا چېقىلىدۇ، چاتاق يېرى، ماڭا بەرمەكچى بولغان ئۆيلەر يېڭى رايوندا ئىكەن، مېنىڭ موسكۋادىن ئايرىلغۇم يوق،

بۇ يەر شەھەرنىڭ مەركىزى، شۇڭا يېڭى قۇرۇلغان «ئاقلار» رايونىغا بارغۇم كەلمەيدۇ، — دېدى زويا.

— ئاقلار رايونى؟

— ھە، ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئاق رەڭدە. ئۆي، كوچا، ماگىزىن، ھەتتا ھاۋاسىمۇ ئاق، قىسقىسى، پاكىز مۇھىتتا ياشايدىغان گەپ ئىكەن.

— مەن بولىدىغان بولسام بورىيا بار يەردە تۇرمىغان بولاتتىم.

— نېمە دەۋاتىسىز، بورىيا بىلەن بىللە تۇرسىڭىز كۆڭلىڭىز خۇشال ئۆتىدۇ، ئۇ قىزىق ئادەم. ئۇ پەقەت مېنىڭ باشقىلار بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەنلىكىمنى كۆرمىسىلا بولدى.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ سىزگە كۆڭلى بار ئىكەن - دە؟

— ھە، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سكورومىشۇ خۇددى كېلىشكە بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى ۋە ھەيران بولۇپ ئارانلا:

— كەچۈرۈڭ، مەن بىلمەپتىمەن، — دېيەلىدى.

— ھېچگەپ يوق. كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا، ھە، دەيدىغان گەپ.

— مۇنداقكەن - دە ... ئۇزۇن بولدىمۇ؟

— ھەئە.

سكورومىشۇ جىم بولۇپ قالدى، ئاندىن:

— سىز ئۇنى قىزىق ئادەم دېدىڭىز، مەن بىرئازمۇ سېزەلمىدىمغۇ. ئۇ لۈكچەككىلا ئوخشايدىكەن، — دېدى.

— دېگىنىڭىز توغرا، شۇنداق يېرىمۇ بار، — دېدى زويا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ ياغاچ ئويمىغا ئۇستا. داشۆدىمۇ ئوقۇغان... ئەلۋەتتە تەربىيە كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكى مۇھىم مەسىلە ئەمەس. ئۇ ئەقىللىك، تۇرمۇشتا پۇختا. ئۇرغۇن جاپا تارتقان، كۆپ-

نى كۆرگەن. مەن بىرەر ئىشقا يولۇقسام ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالىمەن... بىراق سەل قىلمىقسىزراق. باشقىلارنى زاڭلىق قىلىشقا ئامراق. ئاچچىقى بەك يامان!... بولدى، دېمەيلا قوياي، سىز بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن چىقىپ يەيدىغان بىر نەرسە تەييارلاي.

زويا چىقىپ كەتتى.

«بۇ ئۆي نېمىدېگەن راھەت، تالادىن مىڭ ياخشى - دە... ئاپامنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئوخشايدۇ: بىر ئۆينىڭ ياسىلىشىغا قاراپلا شۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلگىلى بولىدىكەن. ئاپا، زويا تەربىيە كۆرگەن قىز. سەن دائىم ماڭا، تېگى - تەكتىنى بىلمەيدىغان قىزلاردىن، بولۇپمۇ ساڭا ئىزا تارتماستىن يېقىنلاشقان قىزلاردىن ئۆزۈڭنى تارت، دەيدىغان. بىراق، مەن زويا بىلەن تونۇشقانلىقىمغا ناھايىتى خۇشالمەن. ئاپا، سەن خاتالاشمىغان ياكى سېنىڭمۇ توغرىدۇر، ئەمما ھەممە گېپىڭنىڭ توغرا بولۇشى ناتايىن. تاساددىپىيلىقلارمۇ بولۇپ قالىدۇ. زويا شۇنىڭ مىسالى. ئاپا، مەن ھازىر ناھايىتى خۇشال. سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىمىدىم. ھازىرقى ئىشلار ماڭا بەكلا قىزىق تۇيۇلۇۋاتىدۇ. مەن ئاجايىپ ئىشلارغا يولۇقتۇم دېگىنە. ئەگەر سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىغان بولسامچۇ؟ ئۇ چاغدا كۆڭلىدىكىدەك تاماق يەيتتۇق، تولا كۆرۈپ كەتكەن تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى كۆرەتتۇق، ئۇخلاشتىن بۇرۇن كىتاب كۆرەتتىم، سۈت ئىچەتتىم. بۇ زويانىڭ گېپى بويىچە ئۆزىگە كىر قوندۇرماي كۈن ئۆتكۈزۈش دېيىلىدۇ...»

سكورومسۇ ئۇستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ساڭگىلاپ تۇرغان قالپاقلىق چىراغ خۇددى سكورومسۇنىڭ نەپەس ئېلىشىغا تەڭكەش بولۇۋاتقاندەك ئاستا تەۋرىنىپ تۇراتتى، بۇ چىراغ ئەتەي شۇنداق تەۋرىنىپ تۇرىدىغان قىلىپ ياسالغاندەك قىلاتتى. (بۇنى بورىيا ياسىغان بولمىسۇن يەنە؟) چىراغنىڭ ئۈستىدىكى قالپاق ھەرخىل رەڭدىكى پۆرۈچلاردىن تىكىلگەنىدى. ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تامغا نەپىس ياسالغان سوقىچاق يوغان تاش ئەينەك، ئەينەكنىڭ قارشىسىدىكى تامغا گۈل قاچىسىغا سېلىنغان رەڭگارەڭ گۈللەر سىزىلغان ماي بوياق رەسىم ئېسىلغانىدى. بىر چەتكە بېشى يوق بىر كارىۋات قويۇلغانىدى. كارىۋاتتا يىرىك توقۇلغان ئىچى كۆك، سىرتى قېنىق كۆل رەڭ ئەدىيال يېپىقلىق ئىدى. بۇلۇڭدا بىر تىكلىمە ئەينەك تۇراتتى. يەنە بىر كىتاب جازىسى ۋە كىيىم ئىشكاپىمۇ بار ئىدى. ئۇلار يامغۇرلۇق چاپانلىرىنى شۇ كىيىم ئىشكاپىغا ئېسىپ قويۇشقانىدى... ئۆي ئىچى ناھايىتى پاكىز، ھەممە نەرسە رەتلىك، بىر - بىرىگە ماسلاشقان بولۇپ، ناھايىتى ئازادە كۆرۈنەتتى.

— زېرىكىپ قالمىغانسىز؟

— ياق، زېرىكمىدىم. ئۆيىڭىز بەك ياخشى ئىكەن.

— ياقتۇردىڭىزمۇ؟

— بەكلا.

— ناھايىتى خۇشالمەن.

زويا پەتنۇستا ئىستاكان، چەينەك، تەخسىلەرنى ئەكىرىپ ئۈستەلگە قويدى.

— ئاۋارە بولماڭ، قورسىقىم ئاچمىدى.

— مېنىڭ ئېچىپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدىم.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، مېنىڭ تاماكا چەككۈم كېلىپ كەتتى.

— تاماكا چېكەمسىز؟

— ھەئە، سىزچۇ؟

— چەكمەيمەن. ئاپام تاماكا چېكىش زىيانلىق دېگەن.

— ئاپام؟ سىز ھەممە ئىشتا ئاپىڭىزنىڭ كېپىدىن چىقمامسىز؟

سكورومىسۇ ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئەمما ھازىر زويانىڭ ئالدىدا خېلى ئەركىن بولۇپ قالغاچقىمۇ، ئۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانچە تەمتىرەپ كەتمىدى.

— ياق، — سكورومىسۇ قىزىرىپ كەتكەنلىكىگە خىجىل بولۇپ دەرھال جاۋاب بەردى، — مەن ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كەتمەيمەن، ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگە. تاماكىڭىزنى چەكسەم بولامدۇ؟

— خۇدا ھەققى، بۇنداق گەپ قىلماڭ. ئەنە، تاماكا تەكچىدە، سەرەڭگىمۇ شۇ يەردە، ئۆزىڭىز ئېلىڭ، مەن ئاشخانىغا چىقاي.

سكورومىسۇ يەنە يالغۇز قالدى. ئۇ تەكچىنىڭ ئالدىغا كەلدى. «قانداق قىلسام بولار؟ ئاپامنىڭ ئېيتقىنى توغرا، تاماكا چەكمەسلىكىم كېرەك. تاماكىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن... ئاپام توغرا ئېيتىدۇ. ھەممە ئىشتا باشقىلارغا يۆلىنىپ ئۆگىنىپ قېلىپ مۇستەقىل پىكىر قىلالمايمەن، ئوڭايلا باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ كېتىمەن، باشقىلارنىڭ مېنى يامان يولغا باشلاپ كېتىشى ئاسان... ئۇنداق بولسا تاماكىنى چەكمەي... ياق كېچىكتىم، ئۇنىڭغا تاماكا چېكىمەن دەپ قويغان تۇرسام. ئۇ تامامى يوق ئادەمدەك ئۆزگىرىپ تۇرسام بولماس... ئوقۇغۇدەك بىرەر كىتاب بارمىدۇ؟ دوستويېۋسكى، توماس. مان... بۇلارنى ئوقۇپباقماپتىكەنمەن. كېلدېبلىس دېگەن كىمدۇ؟ ماۋۇدىر گىگور دېگەنچۇ؟ ئاڭلاپمۇ باقماپتىكەنمەن... ھەي، ئاپا، سەن ماڭا دائىم ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنى تونۇشتۇراتتىڭ، بىراق زويانىڭ كىتاب جازىسىدا ئۇنداق كىتابلاردىن بىرەرىمۇ يوق ئىكەن...»

— كىتاب كۆرۈۋاتامسىز؟

— ھەئە... سىزدە سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ كىتابى يوقكەنغۇ؟

— بار، لېكىن ئازراق.

— ئۇلارنىڭ ساقلاش قىممىتى يوقمۇ؟

— مەن ئۇنداق دېمىدىم.

— مېنىڭچە، داڭلىق يازغۇچىلارمۇ ۋاقتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك.

— رىنميا، بۇ قارىشىڭىز ناھايىتى توغرا.

— مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسىز؟

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىز.

— سىز ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى توغرىسىدا كۆز قارىشىڭىزنى ئېيتىپ باقامسىز؟

— قېنى ئۈستەلگە كېلىڭ، تاماق مۇزلاپ كەتتى. زويا ئاغزى ئېچىلغان بىر بوتۇلكا ۋوتكىنى ئۈستەلگە قويدى.

— رىنميا، ھاراق قۇيۇڭا، ئازراق ئىچەيلى.

سكورومىسۇ ئەسلى بۇ گەپنى رەت قىلىپ، ھاراقنىڭ زىيىنى بار، مەن ئىچمەيمەن، دېمەكچىدى، ئۇنداق دېسە يەنە مەسخىرىگە قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇردى-دە، گەپ-سۆز قىلماي ھاراقنى قۇيۇشقا باشلىدى.

— تۇرمۇشىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك، تېنىمىزنىڭ سالامەت بولۇشى ئۈچۈن ئىچەيلى.

ئۇلار رومكىلىرىنى ئۇرۇشتۇرۇپ بىراقلا ئىچىۋېتىشتى.

— تاماق ئېلىڭ.

سكورومىسۇ تاماققا ئېغىز تەگدى:

— تەملىك بوپتۇ.

— ماڭا قاراۋەرمەي يەۋېرىڭ. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئادەم تاماق يېگەندە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمايدۇ.

سكورومىسۇ يەنىلا زوياغا كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى. ئىككىلىسى گەپ-سۆز قىلىشمىدى. زويا بەزىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قوياتتى. ئىككىلىسى گەپ قىلىشقا تەمشىلەتتى، ئەمما گەپنى قىلىشمايتتى. ۋىلكا-پىچاقلارنىڭ تەخسىلەرگە تەگكەن ۋە تەخسىدىكى گۆشنى كەسكەن ئاۋازلىرى

ئاڭلىنىپ تۇراتتى. غىزىلىنىۋاتقان چاغدىكى ئەڭ ئۇششاق ھەرىكەتلەرمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ قەلبىنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرماقتا ئىدى.

— رىنىيا، يەنە بىر رومكا ئىچەيلى؟

— مەست بولۇپ قالمايدىغانسىز؟

— شۇنىمۇ گەپمۇ.

ھاراقنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن زويا تاماكا چەكمەكچى بولۇۋىدى، سكورومىسۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تاماكا قۇتىسىنى ئۇنىڭغا ئەكىلىپ بەردى. ئۆزىمۇ سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ تاماكىدىن بىرنى ئالدى.

سكورومىسۇ تاماكىنى بىرلا شوراپ يۆتىلىپ كەتتى.

زويا ئۇنىڭ تاماكا چېكىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدى، ئەمما گەپ قىلمىدى. سكورومىسۇنىڭ ئۆزىگە ئاچچىقى كېلىپ، ئەدىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈرۈۋەتتى، ئاندىن خۇددى ئۆيىنىڭ خوجايىنىدەك ئۆزى ئىستاكانغا چاي قۇيدى - دە، ئۇسساپ كەتكەن ئادەمدەك ئىچىشكە باشلىدى.

— مۇزىكا ئاڭلامسىز؟ — سورىدى زويا.

— ئاڭلايمەن.

زويا ئورنىدىن تۇرمايلا، كارىۋاتتىكى ئەدىيالنى قايرىپ، كارىۋاتنىڭ تېگىدىن پىلاستىنكىنى سېلىپ تەييارلاپ قويغان پاتېفوننى چىقاردى.

سكورومىسۇ بىلمەيدىغان بىر ئەر ناخشىچى فرانسۇزچە بىر ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

زويا ئاغزىدا تاماكا، كارىۋاتقا چىقىپ، سونايلىنىپ ياتتى.

سكورومىسۇ زويانىڭ يالىڭاچ بىلەكلىرىگە، تولۇق كەلگەن پاقالچاقلىرىغا قاراشقا باشلىدى. ئۇ ھەيران بولاتتى، بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەي ئىسەنكىرەيتتى. بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولىدى؟

ھازىر ئۇ راستىنلا ئەقىللىك، چىرايلىق، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان قىز بىلەن بىللە ئولتۇرامدۇ؟ بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ، ئاپا؟ ... قارىغىنا، مەن ھاراقمۇ ئىچتىم، تاماكىمۇ چەكتىم. ھازىر مەسخۇش ھالەتتە بىر قىز بىلەن ئولتۇرماقتىمەن. ئۇ قىز ناھايىتى چىرايلىق. ئاپا، بۇنى ساڭا تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. بۇ يەردە ئۆزۈمنى ناھايىتى خۇشال ھېس قىلماقتىمەن. مەن قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرىمەن، ناھايىتى يېقىن، قولۇمنى سوزسام، تۇتالايمەن. ئۆيدە سەن بىلەن بىللە ئولتۇرغاندەك ئەمەس. كەچۈرگىن ئاپا، مەن سېنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرىمەن. ئەمما مەن ھازىر زويا بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنى سەن بىلەن بىللە ئولتۇرغاندىن خۇشال ھېس قىلماقتىمەن. ئەگەر سەن بىزنىڭ سۆيۈشكەنلىكىمىزنى بىلسەڭ، قورقۇپ جېنىڭ چىقىپ كېتەر. بىراق، بىلەمسەن ئاپا، مەن راستىنلا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن، بولسا ھازىرلا، ئويلاپمۇ ئولتۇرمايمەن. سەن ماڭا، توي قىلىش دېگەن چوڭ ئىش، مۇھەببەت باشقا، توي باشقا. توي مۇھەببەتتىنمۇ مۇھىم. توي توختام دېمەكتۇر، شۇڭا بۇ ئىشقا جىددىي قاراش كېرەك. بەزىلەر بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپلا، بىر قېتىم سۆيۈشۈپلا توي قىلىشىدۇ، بىرەر يىل ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئۆزلىرىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى سېزىپ، كېلىشەلمىدۇق دەپ ئايرىلىپ كېتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ راسا ۋايىغا يەتكەن چاغلىرى ئەنە شۇنداق تۈگەيدۇ. كۈنى بالا بېقىشتەك ئىشلار بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆگىنىش پۇرسىتى، پىلانلىرى، غايىلىرى خۇددى كۆپۈكتەك يوققا چىقىدۇ، دەيتتىڭ. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن.

— زويا، سىز توي قىلغانمۇ؟

— قىلغان.

— راستمۇ؟ مەن تېخى قىلمىدىم، مەن تېخى توي قىلىشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن.

— ئەمدى بىلىسىز.

— سىز شۇنداق دەپ ئويلامسىز؟

سكورومىسۇ سەل تەمشىلىپ قالغاچقا گەپنى ناھايىتى ئاستا، سوزۇپ ۋە تاللاپ قىلاتتى.

— زويا، مېنى گەپ سوراۋەردى دەپ خاپا بولماڭ، مېنىڭ سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىزنى بىلگۈم كېلىدۇ ... ماڭا ئەزەلدىن بۇنداق پۇرسەت بولۇپ باقمىغان ... مەن ھازىر ... ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ راست گېپىم. مەن ئەزەلدىن بۇنداق بەختتىن بەھرىمەن بولۇپ باقمىغان. مەن سىزدەك چىرايلىق بىر قىز بىلەن ... بىللە ئولتۇرغانلىقىمغا ئىشىنەلمەيۋاتىمەن. بۇ ئىشلار ماڭا خۇددى چۈشتەكلا بىلىنىۋاتىدۇ.

— سىز نېمىگە قىزىقىسىز؟ سوراۋېرىڭ، جاۋاب بېرەلىگىنىمگە جاۋاب بېرىمەن، — زويا گەپنى ناھايىتى تەمكىن قىلاتتى، قىلچە ھاياجانلانمايتتى.

— شۇ تاپتا پىكرىم بەكمۇ چېچىلىپ كېتىۋاتىدۇ، سىزنىڭ ھەممە ئىشىڭىزنى بىلگۈم كېلىدۇ ... قاراڭ، ئۆزىڭىز يالغۇز ئىكەنسىز، يەنە توي قىلدىم دەيسىز. كەچۈرۈڭ ... سىزنىڭ قانچە ياشلارغا كىرگەنلىكىڭىزنى بىلەلمىدىم ... قارىغاندا، كۆپ كىتاب ئوقۇيدىكەنسىز، مۇزىكىنىمۇ ياخشى كۆرىدىكەنسىز، ئەقىللىق ھەم سەزگۈردەكمۇ قىلىسىز. كۆزلىرىڭىزمۇ ئۆتكۈر ئىكەن ... ئاتا - ئانىڭىز بارمۇ؟

— بار.

— ئۇلار قەيەردە؟

— بىلمەيمەن ...

سكورومىسۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈپ تۇردى. ئەمما زويا گېپىنى توختىتىۋالدى.

— خىجىل بولسىڭىز، بولدى سورىماي.

— راست، ياخشىسى سورىماڭ ... رىنىيا، سىز بەك نادان، بەك پاك ئىكەنسىز، مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىڭ.

— ياق، — دېدى سكورومىسۇ بېشىنى چايقاپ، — بۇنداق كېتىۋېرىشنى خالىمايمەن، سىزگە ئوخشاش بولغۇم بار. سىز كۆپ نەرسىنى بىلىدىكەنسىز.

— ساددا يىگىتمەي، — دېدى زويا سكورومىسۇغا قاراپ كۈلۈپ، — مەست بولۇپ قاپسىز، يېنىمغا كېلىڭا.

— نەگە؟

— مەيەرگە، — دېدى زويا ئاستىدىكى ئەدىيالنى ئۈرۈپ قويۇپ، — مۇنداق كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قىلغۇچە بىللە يېتىپ مۇزىكا ئاڭلايلى.

— سىزچۇ؟

ئەمدى سكورومىسۇ زويانىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئويلاشنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر - بىرىدىن جۈرئەتلىك، بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق، بىر - بىرىدىن شېرىن خىياللار كەلمەكتە، ۋۇجۇدىغا ئىختىيارسىز تىترەك ئولاشماقتا ئىدى.

زويا كارىۋاتتا يېتىپ ناز كۈلكىسى بىلەن ئۇنى يېنىغا چاقىراتتى، ئەمما سكورومىسۇ بەزگەكتەك تىترەپ تۇرغان يېرىدە قاراپ تۇراتتى، ئۇ نەزەرىنى زويا كۆرسەتكەن كارىۋاتتىكى ئورۇنغا يۆتكىدى، ئاندىن يەنە زوياغا قارىدى. ئۇنىڭدا شۇ تاپتا ئايا زويانىڭ يېنىغا بارغۇدەك، يا تۇرىۋەرگۈدەك جۈرئەت يوق ئىدى ... بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپىسىنىڭ ئۇنى ئەيىبلەۋاتقان ھەسرەتلىك چىرايى پەيدا بولغاندەك بولۇپ، شۇئان ئاپىسىدىن ئاران ئۈچ سائەتلىك رۇخسەت ئالغانلىقىنى ئېسىگە

ئالدى. بىراق زويا ئۇنى توختىماي كارىۋاتقا تەكلىپ قىلىۋاتاتتى. زويانىڭ يېنىدا ئۇنىڭ يەنە قانچىلىك ۋاقىت تۇرىدىغانلىقى نامەلۇم. بەلكى زويا ئۇنى قوندۇرۇپ قالار ... «سوراپ باقايمۇ يا؟ ... ياق، بولمايدۇ، بۇ گەپنى قانداق سورىغىلى بولسۇن! ئۇ ئۇنىڭدىن گەپ سوراشقا ئويۇلۇپ، يا پېتىنىپ بىر نەرسە دېيەلمەي كۆلكىلىك بىر ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. زويا، مېنى قوندۇرۇپ قالماقچىمۇ سىز؟ ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق سورىيالىغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! ... ياق، يەنە بىر قېتىم تېلېفون بېرىشىم كېرەك ... ئاپامغا نېمە دېسەم بولار؟ ئالدى بىلەن ئاپامدىن بىر كېچىلىك رۇخسەت ئالاي. بولمىسا زويا ئويۇقسىز ... ئاپام چىدىماي تېلېفوننىڭ يېنىغا يىقىلىپ ئۆلۈپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ... ئاھ، ئاپا، سەن مېنى نېمىشقىمۇ ئۆزۈڭگە بۇنچە باغلىۋالغانسەن ...»

— رىنىيا، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىز؟ قورقماڭ، سىزگە ئازار بەرمەيمەن.

— ھە ... بىل ... مەن.

— ئىزا تارتىدىغان نېمىسى بار؟

— سائەت قانچە بولدى؟

— ئون يېرىم بوپتۇ. قولىڭىزدا سائەت تۇرۇپ مەندىن سوراۋاتىسىزغۇ؟

— مەن سىرتقا ... چىقىپ كىرەي.

— ھاجەتخانىغا چىقامسىز؟

— ياق، تېلېفون بەرگىلى چىقىمەن.

— يەنە تېلېفون بېرەمسىز؟ ... ھە، راست، سىز دېگەن قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەم ئەمەسمۇ.

— مەن دېگەن نازارەت ئاستىدىكى ئادەم، — دېدى سكورومىسۇ چاقچاق بىلەن.

— بولىدۇ، تېزرەك بېرىڭ. تېلېفون بوتكىسىنىڭ قەيەردىلىكى ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئېسىمدە ... باردەك قىلىدۇ.

— قېچىپ كەتمەيدىغانسىز؟

— ياق ... ياق ... قاچمايمەن ... — دېدى سكورومىسۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، ئاندىن زورىغا كۈلۈپ قويدى، — ئەمدى مەن سىزدىن ئايرىلىپ نەگە باراتتىم.

— ئەمىسە تېز بېرىپ كېلىڭ.

— بولىدۇ، ئىمكان بار ... تېز ... كېلىمەن.

— دالان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ياپماڭ. بولمىسا قايتىپ كەلگەندە قوڭغۇراقنى بېسىپ باشقىلارغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىسىز؟ چىقىپ كەتكۈچە «بايىقى ئىت» تىن ئېھتىيات قىلىڭ.

— بىلدىم.

سكورومىسۇ كىيىم ئىشكاپىدىن چاپىنىنى ئالدى - دە، زوياغا ئوڭايسىزلانغاندەك بىر قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

5

— ئاپا، بۇ مەن، تېخى ئۇخلىمىدىڭمۇ؟

— رىنىيا، ۋاي خۇدايىم، رىنىيا سەن نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ سەن قەيەردە؟ سائەت ئونبىر بولاي دېدىغۇ. مەن بەكلا تىت - تىت بولۇپ كەتتىم. سېنىڭ كېيىنىڭگە كىرىپ، سېنى ئالغىلى بارمىغانلىقىمغا ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ كەتتىم. بىرەر ئىش چىقمىغاندۇ؟ سەن قەيەردە؟

— ئالدىرىمىغىن ئاپا، ئولتۇرۇشىمىز بەك قىزىپ كەتتى، ھەممە ئىش جايىدا، ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتىدۇ. بىلەمسەن ئاپا؟ ئۇلار ماڭا تانسا ئۆگىتىپ قويدى. مەن ئويناپ قىزىپ كېتىپ ساڭا تېلېفون بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. قىزىڭىز ئوقۇتقۇچىمىز ۋالىلى نىكولايېۋىچ ئېسىمگە سېلىپ قويدى.

— نېمە؟ مەن بىلمەيلا قالدىمغۇ، رىنىيا، سەن تېخى ئۇ يەردىن قايتمىدىڭمۇ؟

— ياق، مەن ساڭا تېلېفون بەرگىلى چىقتىم ... مەن مۇشۇ يەردە قالايچۇ ... بىز تېخى ئەمدى باشلىغان تۇرساق.

— نېمە، سەن تېخى شۇ يەردە قالماقچىمۇ؟ نېمىنى ئەمدى باشلىدىڭلار؟ مەن قانداق قىلىمەن؟ سەن زادى نېمىشقا ئۇ يەردە قالىسەن؟ سەن بۇ ئىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەسەنغۇ. سەن بىر كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچىمۇ؟

— بەلكى شۇنداق بولۇپ قالار. بالدۇرراق تۈگىشىمۇ مۇمكىن. قاچان تۈگىشىنى بىلمەيمەن. مەن كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كېتىمەن، پۇلۇم بار.

— رىنىيا، مەن يولۇڭغا قاراپ تۈگىشىپ كېتىدىغان بولدۇم. سەن نېمىشقا بىلمەيدىغانسەن. بۇ كېچىنى مەن قانداق ئۆتكۈزىمەن. بولمايدۇ. نېرۋاڭ چوقۇم جايىدا ئەمەس. بۇ ئىشنى كىم چىقاردى؟ فىزىكا ئوقۇتقۇچىسىمۇ؟ ... بولدى، مەن بارىمەن، هازىرلا ماڭىمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىر سۆزلىشەي. قىرىق مىنۇتتىن كېيىن سەن يەر ئاستى پويىزى بېكىتىگە چىقىپ تۇر.

— بولمايدۇ ئاپا، بولمايدۇ. ئۇنداق قىلمىغىن.

— چوقۇم بارىمەن.

— ئاپا گېپىمنى ئاڭلىغىنا، مەن ساڭا تۇنجى قېتىم يېلىنىۋاتىمەنغۇ. ماڭا رۇخسەت قىلغىن. مەن هازىر ناهايىتى خۇشال. سەن مېنى ياخشى كۆرىسەنغۇ، مېنىڭ بارلىق ئىشىمنىڭ ياخشى بولۇشىنى خالايسەنغۇ. ئىشەنگىن، مەن ناهايىتى ياخشى. ئەگەر سەن كېلىپ بۇ يەردىكى كەيپىياتنى بۇزۇۋېتىدىغان بولساڭ، بۇ ئىش ئۆمۈر بويى يۈرىكىمدىن چىقمايدۇ. ئاپا، بۇ يەر ناهايىتى بىخەتەر. سەن چېچىلماي ئوبدانراق ئويلاپ باققىن. بىر توپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، هەممىمىز تونۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچىمۇ بار، سەن قورققۇدەك نېمە ئىش چىقماقچىدى؟ مېنى راستىلا ياخشى كۆرسەڭ، مېنىڭ بۇ يەردە قېلىشىمغا قوشۇلساڭ، ئاپا، مەندىن ئەنسىرىمەي خاتىرجەم ئۇخلىغىن.

— مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولاي ... رىنىيا، مەن سېنى بىلىمەن، ئەمما سەن مېنى ...

— ۋەي، ئاپا، يىغلاۋاتامسەن؟

— ئوبدان بالام، ئۆزۈڭنى كۈتۈشنى بىل. ساڭا يېلىنىپ قالاي، ئۆزۈڭنى ئوبدان كۈتكىن.

— يىغلىمىغىن، هەممە ئىش ئۆز جايىدا بولىدۇ. كۆرگەندە بىلىسەن.

— كۆزۈم ئۇيقۇغا بارمايدىغان بولدى.

— قارا سېنى، بولدى، يىغلىما.

— مەن سېنى ساقلاپ ئولتۇرىمەن، تېلېفون بەرسەڭ، ئالدىڭغا چىقىمەن. هە راست، سەن كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كەل. پەخەس بول، رىنىيا. كىرا ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇرلىرىنىڭ هەممىسى تومپايلار. ئۆزۈڭنى تەمكىن تۇت، ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىل، ئۇلار بىلەن هەرگىز گەپ تالىشىپ قالما. كىرا هەققىنى بەرگەندە پارچە پۇلنى قايتۇرۇپ بەرمىسە، بوپتۇ دېگىن.

— بولىدۇ ئاپا، بىلدىم.

— مېنى ئازابتا قويىدىغان بولدۇڭ - دە. ئۆيدە نېمە قىلىمەن؟ ئۆزۈم يالغۇز ... سەن ئۇ يەردە قانداقراق ئولتۇرۇۋاتىسەن؟ قىزلار بىلەن تانسا ئوينىدىڭمۇ؟

— هە، هەممە قىزلار بىلەن تانسا ئويناپ چىقتىم. ئاپا، يىغلىمىغىنا.

— هەممە قىز بىلەن تەڭ ئويناۋاتقان بولساڭ ياخشى بوپتۇ. بىر قىز بىلەن كۆپرەك

ئوينىاپ قويساڭ ئۇ ساڭا چاپلىشىۋالىدۇ. مەن ھازىرقى قىزلارنى ناھايىتى ياخشى بىلمەيمەن. ئىستىقباللىق يىگىتلەرنى كۆرۈپ قالىدىغانلا بولسا، كەينىگە كىرىۋالىدۇ.

— كەچۈرگىن ئاپا، مەن ئەمدى ماڭاي، بولامدۇ؟

— ۋىيەي، نېمانچە ئالدىرايسەن؟ ئاپاڭ بىلەن يەنە بىردەم سۆزلىشىپ تۇرغىنا.

— نېمىشقا يىغلايسەن ئاپا؟ مەن ساق-سالامەت، تىرىك تۇرسام، مەن ناھايىتى خۇشال. بۇنىڭغا سەن خۇشال بولساڭ بولىدۇ. ساڭا نېمە بولغاندۇ، يىغلاۋېرىسەنغۇ؟ مەن يا ئۆلۈپ قالمىسام؟ يىغلىمىغىن ئاپا، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— يىغلىمايمەن، بولدى. كەچۈرگىن مېنى.

— ئەمدى مېنىڭ ياخشى ئاپام بولدۇڭ. ئۇخلىغىن. مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن ھەممە ئىشنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىمەن.

— سېنى ساقلايمەن.

— خوش ئاپا.

— ساڭا يېلىنىپ قالاي، ئۆزۈڭنى ئوبدان كۈتكىن.

— شۇنداق بولسۇن، خوش، — سكورومسۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويدى.

ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن سكورومسۇ مۇزدەك تېلېفونغا يۈزىنى يېقىپ بىردەم تۇردى. ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ، ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى: «ئەركىنلىككە ئېرىشتىم. بۇ ئەسلا دېمىگەن ئەمەس ئىش ئىدى» دېدى-دە، ئادىنۇشكا ئوينىغاندەك تىزدىغا، كۆكرەكلىرىگە ئۇرۇپ، تېلېفون بوتكىسىنىڭ پولىنى تېپىپ قويدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا سەكرىگۈسى، تانسا ئوينىغۇسى، ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى، ئاغزىدا بىلمەي بولمايدىغان بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى.

ئۇ ئاخىر ھەسىرەپ كېتىپ توختاپ قالدى، ئاندىن تېلېفون بوتكىسىدىن چىقتى-دە، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

سىم-سىم يامغۇر توختىمىغانىدى. سېنتەبىردىكى تولۇن ئاي بۇلۇت ئارىسىدىن چىقىپ ئۆز جامالىنى ئاچقانىدى. كوچا سۈرلۈك، بىنالارنىڭ دېرىزىلىرىدىن چىراغ نۇرى چاقناپ تۇراتتى. ئۆگزىلىرىگە ماي قەغەز يېپىشتىلغان قاتار ئۆيلەر ئەمدى سكورومسۇنىڭ كۆزىگە ناھايىتى رەڭلىك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

سكورومسۇ ھويلىغا كىردى، ئاندىن زويانىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكىنى ياپتى.

## 6

— ھوي ... ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟

— ياق، رىنىيا، سىزنى ساقلاپ تۇردۇم.

زويا يوتقاننى ئېگىلگەنچە تارتىپ تۇرۇپ، يان تەرەپكە ئېگىلىشتى-دە، پولدىن بىر تال تاماكىنى ئالدى، ئاندىن كۈلدانىنى كارىۋاتنىڭ چېتىگە قويۇپ، بېشىنى كارىۋاتنىڭ بېشىغا تىرەپ ياتقىنىچە تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

سكورومسۇ ئىشىك تۈۋىدە ئارىسالدا بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭدىكى بايىقى تەمكىنلىك ۋە غەيرەتتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى.

سكورومسۇ ئەسلىدە زويا بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ ئۆيى، غەلىتە قوشنىسى توغرىسىدا سۆزلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كىرگەنىدى. يەنە تېخى ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ مۇزدەك ئاڭلىغاچ چاي ئىچمەمىز دەپمۇ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ زويادىن سورايدىغان نۇرغۇن سوئاللىرى بار ئىدى، زويا بىلەن تۇرمۇش دېگەن زادى قانداق بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەشمەكچى، زويانىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق جۈرئەتلىك، قەتئىي پىكىرلىك ئىكەنلىكىنى سوراپ، ئۇنىڭدىكى بۇ كۈچنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ

باقماقچىدى. ئەگەر زويا ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ يولىنى ئۆگىتىپ قويغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، ئۇ چاغدا ئۇمۇ زوياغا ئوخشاش، ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالايدىغان، تۇرمۇش يولىدا تەمتىرەپ قالمايدىغان ئادەم بولاتتى ... بىراق ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە ... زويا يېتىۋالغانىدى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئورۇنغا كىرىپ ياتقانىدى ... سكورومىۋ ئەمدى نېمە قىلىشى كېرەك؟ ... كىيىملىرىنى سېلىپ ياتسۇنمۇ؟ ...

— بىر دوستۇم، ھازىر شەھەردە ئادەم بەكلا كۆپىيىپ كەتتى، ھەتتا ئىشنى ئايلاندۇرۇپ كەلگۈدەكمۇ يەر يوق، دەيدۇ ... قىزىق، زويا سىزنىڭچە شۇنداقمۇ؟

— بۇ گەپ ئانچە توغرا ئەمەس.

زويا تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئۇ ئوڭ قولىدىكى تاماكىنى ئاغزىغا چىشلىگەندىن كېيىن يالىڭاچ بىلىكىنى دەرھال يوتقان ئىچىگە تىقىۋالاتتى، تاماكىنى ئىككى قېتىم



شورىغاندىن كېيىن قولىنى يەنە چىقىرىپ تاماكىنى ئاغزىدىن ئالاتتى، سول قولى بىلەن كۈلدانىنى ئالدىغا ئەكىلىپ تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قاقاتتى.

ئۇ سكورومىۋنى كۆزەتمەكتە ئىدى. سكورومىۋ بۇنى سېزىپ تېخىمۇ تەمتىرەپ كەتتى.

— ئىشىك ئالدىدا تۇرىۋەرمەڭ، — ئاخىر زويا ئېغىز ئاچتى، — چاپىنىڭىزنى سېلىۋېتىڭ.

— ھە، ئۆزۈممۇ سالاي دەپ تۇرغان.

سكورومىۋ كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يامغۇرلۇق چاپىنىنى ئاستى، ئاندىن ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۈستەل ئۈستىدىكى نەرسىلەر يىغىشتۇرۇۋېتىلگەنىدى. ئۇ تامدىكى رەسىمگە قارىغاچ، ئۈستەلنى بارمىقى بىلەن يېنىك چېكىپ ئولتۇردى. ئۇ ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغانىدى.

— يۇيۇنۇۋالامسىز؟

— نېمە؟

— دوشتا يۇيۇنۇۋالامسىز دەۋاتىمەن؟ ھەممىنى تەييارلاپ قويدۇم. لۆڭگە، سوپۇن ھەممىسى بار.

— يۇيۇنۇۋېلىمىك؟ — سكورومىۋ بۇ گەپنى چۈشەنمىدى. مەن نېمە ئۈچۈن يۇيۇنىمەن؟ — ياق، بولدى، يۇيۇنغۇم يوق. بۈگۈن سەيشەنبىغۇ؟ مەن ئۆلۈشكۈنلا يۇيۇنغان.

زويا ئۆزىنى تۇتالماي كۈلگەنىدى، تاماكا ئىسى ئۆپكىسىگە كېتىپ قېقىلىپ، خۇما كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

زويانىڭ كۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سكورومىۋمۇ كۈلۈۋەتتى.

— راست، مەن بىلمىدىم، مەن پاكىز تۇرسام ... نېمىگە كۈلۈۋاتىسىز؟ ئېيتىڭا زويا. راستلا، ماڭا ئېيتىڭا ... سىز بىلمەيسىز زويا، سىزدىن بەك قورقىمەن، بۇ راست.

سىزنى چۈشەنمەگەچكە قورقسام كېرەك. سىز دېگەن بىر ... مەن ئەزەلدىن سىزدەك قىزغا يولۇقۇپ باقمىغان. سىز بەك چىرايلىق. بۇنى مەن بايا دەپ بولغان. ئەمدى دېمەكچى بولغىنىم ... سىزنى ... چۈشىنىپ بولالمايدىكەن، پەقەتلا بىر سىر ... بايا سىز كوچىدا مەن ئۆزۈم يالغۇز، زېرىكىمەن، ياشىغۇم يوق دېدىڭىز. مەن ئۇ چاغدا سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشەنگەنىدىم، تېخى سىزگە ئىچىممۇ ئاغرىغان.

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىغانىمىدى؟ سىز ھەقىقەتەن بالا ئىكەنسىز.

— راست، سىزگە ئىچىم ئاغرىغان، سىز كۈلمەڭ، شۇ چاغدا سىزگە راستلا ئىچىم ئاغرىغانىدى. بىراق ھازىر مەن سىزنىڭ ئۇ گەپلىرىڭىزنى راست ئەمەسكەن دەپ قالدىم، قانداق دېسەم چۈشىنىشلىك بولار ... سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ سىزنىڭ ئاجىزلىقىڭىز بولسا كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ قانداقلا دېمەيلى، مەن سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى زېرىكىشلىك ئەمەس دېمەكچىمەن. مەن شۇنداق ئويلايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز يالغۇزلۇقتىن قورقۇپ قالمايسىز. بۇنى كېيىنكى، گەپلىرىڭىزدىن ئاشكارىلاپ قويدىڭىز. مەن ... سىزنى، نېمە ئۈچۈن ياشاشنى ئوبدان بىلىدۇ، تۇرمۇشنى، ئادەمنى توغرا چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن. سىز كۆپنى كۆرگەن، ھەر خىل ئازابنى بېشىڭىزدىن كەچۈرگەن. سىز ئۆزىڭىز توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىگەن بولسىڭىزمۇ، مەن بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇلار مېنىڭ ھېس قىلغانلىرىم ... ياق، سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راست گەپ ئەمەس. سىز ھاياتنى قىزغىن سۆيىسىز، مېنىڭ پەرەزلىرىم توغرىدۇ؟

— بىلمىدىم، — زويا سكوروممۇغا بىر خىل قىزىقىش بىلەن قاراپ قويدى.

— قانداقلارچە بىلمەيسىز؟ يەنە راست گەپ قىلمىدىڭىز. مەن ئۆزۈمنى چۈشەنمەيمەن دېسەم بولىدۇ، ئەمما سىز قانداقلارچە ئۆزىڭىزنى بىلمەيسىز؟ سىز ئۆزىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىسىز.

— بەلكىم شۇنداقتۇر.

— مېنى دۆت دەپ ئويلاۋاتامسىز؟

— قىلچە ئۇنداق ئويلىغىنىم يوق.

— ئىشەنمەيمەن! — سكوروممۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ خۇشال ئىدى، چۈنكى سۆزلەيدىغان تېما تېپىلدى، — مېنىڭ كۆزۈم يوقمۇ؟ ياكى مەن ھېچنېمىنى بىلمەمدىم؟ ... ئۇنداق ئەمەس. زويا، مەن نادان بولاي، تۇرمۇشنى قىلچە چۈشەنمەي، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، مېنىڭ كۆزۈم بار - دە، مەن ھېچنېمىنى سەزمەيدىغان دۆتلەردىن ئەمەس.

— يېنىمغا كېلىڭ، ھېچنېمىنى سەزمەيدىغان دۆت يىگىت، — دېدى زويا بىر خىل مېھرىبانلىق ۋە ناز بىلەن.

— نېمە ئىش؟

— سىزنى يېنىمغا كەل دەۋاتىمەن، يېقىنراق كېلىڭ، — زويا ئىتتىكلىنىپ ئولتۇردى - دە، قۇچىقىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يوتقىنى سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ، تولغان ئىككى كۆكسى كۆرۈنۈپ قالدى.

سكوروممۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا قاتتىق تارتىشقاندەك بولۇپ قېنى يۈزىگە تەپتى. مۇسكۇللىرى تارتىشىپ تىترەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە زويانىڭ چىرايلىق يۈزى، ئىككى كۆكسى، ئالدىغا سوزۇلغان ئىككى بىلىكىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئورۇندۇقتا يۆلەندى، لېكىن تىترەك يەنىلا بېسىلمىدى. زويانىڭ ئالدىغا سوزۇلغان بىلىكى سوزۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك، ئۇنى ھازىرلا

قۇچاقلاپ، ئورۇندۇقتىن كارىۋاتقا ئېلىپ باسمىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. زويا كارىۋاتتا ئۇنى كۈتمەكتە، ئۇنى چاقىرماقتا. سكورومىنۇ ئەندىشە ئىچىدە بېرىپ كارىۋاتنىڭ ئېۋىگە ئولتۇردى، كۆزلىرىنى زويادىن قاچۇردى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى. ئاخىر ئۇ بېشىنى ئەگدى - دە، يۈزىنى زويانىڭ مەيدىسىگە ياقتى.

— ۋاي سارىڭمەي، نېمانچە قورقۇپ كېتىسىز؟ — زويا ئۇنى سىلاپ، قۇچاقلاپ ئەركىلىتىشكە باشلىدى، — مەن شۇنداق قورقۇنچلۇقمۇ؟ بولدى، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. نېمانچە تىترەيدىغانسىز، — زويا ئۇنىڭ بېشىنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ مەيدىسىدىن كۆتۈردى ۋە كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ دېدى، — ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ، رىنىيا، توغرىمۇ؟

بىردىنلا سكورومىنۇنىڭ يىغلىغۇسى كېلىپ كەتتى، خۇددى بۇرنى تۇسۇلۇپ قالغاندەك، چوڭقۇر - چوڭقۇر نەپەس ئېلىشقا باشلىدى.

— يېنىمدا يېتىڭ. خالامسىز؟

— خا ... لاي ... مەن ...

سكورومىنۇ بەتىنكىسىنى سېلىپ، كارىۋاتقا چىقتى.

زويا ئۇنىڭ شىمىنىڭ بىر پۇشقىقىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— بۇنچۇ؟ بۇنى سالغىڭىز كەلمەمدۇ؟ — دېدى كۈلۈپ.

— بۇنى؟ — سكورومىنۇ داڭقېتىپ قالدى.

— ھەئە، رىنىيا مانا ئورۇندۇق. ئالدىرىماڭ، كىيىملىرىڭىزنى ئالدىرىماي سېلىڭ.

سكورومىنۇ زويادىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ كارىۋاتتىن چۈشتى ۋە ئايىغىنى كىيمەيلا ئۈستەلنىڭ يېنىغا بېرىپ كاستۇمىنى، ئۆرە ياقىلىق پوپايكىسىنى سالدى. ئالدىن ئىچىگە بىرلا كۆڭلەك كىيگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىختىيارسىز ھودۇقۇپ كەتتى. ھەر قېتىم مۇشۇ كۆڭلەكنى كىيمىدىغان چاغدا ئۇ ئاپىسى بىلەن گەپ تالىشىپ قالاتتى. چۈنكى ھازىرقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق كۆڭلەك كىيمەي، ئىچىگە ئاسما مايكا كىيەتتى. بىر قېتىم تەنتەربىيە دەرسىدە كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتقاندا ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ بۇ كۆڭلىكىنى شاڭخو قىلغاندىن كېيىن، ئۇ تەنتەربىيە دەرسى بار كۈنى ئاسما مايكا كىيىپ بارىدىغان بولغانىدى. مانا، زويانىڭ ئالدىدا يەنە يۈزۈم چۈشىدىغان بولدى. نەچچە قېتىم ئاپامغا: «ھازىر سوغۇق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ بولدۇم، ھەممە ئىشىمغا ئارىلىشىۋالمىساڭمۇ بولىدۇ» دېدىم، ئەمما ئاپام: «نەدە سوغۇق ئەمەس، ئاغرىپ قالىسەن» دەپلا كەلدى. مانا ئەمدى يۈزۈم چۈشىدىغان بولدى.

— زويا؟

— ھە.

— يۈز ... يۈزىڭىزنى ئاۋۇ تەرەپكە بۇراپ تۇرۇڭا. مەن ... مەن ... ئىزا تارتىدىكەنمەن.

— بولدى، مەن قارىمايمەن.

— ياق، ياخشىسى ئۇ تەرەپكە قاراپ يېتىڭ.

— بوپتۇ.

سكورومىنۇ ئارقا تەرەپكىرەك ئۆتۈپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن كىيىملىرىنى تەستە يەشتى ۋە پومالىلا ئورۇندۇققا تاشلىدى، كىيىملەر ئورۇندۇققا چۈشمەي يەرگە چۈشتى. ئۇ ئۆزىدىكى تىترەكنى يوقىتىش ئۈچۈن قوللىرىنى سىلكىپ، بەللىرىنى ئېگىپ باقتى. ئۇنى ئەزەلدىن بۇنداق تىترەك بېسىپ باقمىغانىدى. «ھاجەتخانىغا كىرىپ ئۆزۈمنى سەل بېسىۋېلىپ چىقايمۇ يا؟ بايا يۇيۇنمايمەن دەپتىمەن، ئەمدى ...»

— زو ... يا؟
— ھە.
— ئىشىكنى ئىلى ... ئىلغانمۇ؟
— ھېچۋەقەسى يوق. ئۆيۈمگە ھېچكىم كىرمەيدۇ.

— نېمە ئۈچۈندۇر بىرئاز قورقۇپ تۇرۇۋاتىمەن ... ئاپام ئىككىمىز ... دائىم ئىشىكنى ئىلىۋېلىپ ياتاتتۇق ... ئىلىۋالساق ياخشىراق، — سكورومىنۇ غال - غال تىترىگەن ھالدا ئىككى قولىنى ئالماشتۇرۇپ گەجگىسىنى قۇچاقلاپ تۈگۈلۈپلا قالدى، — ھەر ئېھتىمالغا قارشى ... ئىشىكنى ... ئىلىپ ... ئىلىپ قويايمۇ؟

— ھاجىتى يوق، — دېدى زويا كەسكىن ھالدا، — يېنىمغا كېلىڭ. يېشىنىپ بولدىڭىزمۇ؟

— يېشىنىپ بولدۇم.

— ئۇنداق بولسا تېزرەك كېلىڭ، نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟

سكورومىنۇ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە زويانىڭ ئۈستىدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ كارىۋاتقا چىقتى. ئاندىن زويا ئېچىپ تۇرغان يوتقانغا كىرىپ ياتتى.

— ۋاي سارىڭمەي، تېخىچە تىترەپ تۇرىسىزغۇ.

زويا ئۇنى قۇچاقلاپ بەدىنىنى سىلاشقا باشلىدى، ئۇنى بىر نەچچە قېتىم سۆيۈپمۇ قويدى.

سكورومىنۇغا بۇ ھەرىكەتلەر شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە لەززەتلىك بىلىنمەكتە ئىدى.

ئۇ ھەيران بولاتتى، قورققۇسى كېلەتتى، ياتسىرايتتى، ھەتتا يىغلىغۇسى كېلەتتى؛ خۇددى بەدىنى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك ئۆزىنى باشقۇرالمايلا قالدى. ئۇ كارىۋاتتا ئۆزىنى تاشلاپ ياتاتتى، كۆڭلىدە بولسا خۇدادىن، بايا ئۆزىنى قورقماس قىلىۋەتكەن كۈچنى يەنە ئۆزىگە ئاتا قىلىشنى تىلەيتتى. ئۇ

كۈچ ئۇنى باشقا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

ئۇنىڭغا بېرىلىۋاتقان جاۋاب تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتقان تىترەك بولدى. بۇ تىترەك ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك تېخىمۇ قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى.

— رىنىيا، ماڭا راست گېپىڭىزنى قىلىڭ، بۇ تۇنجى قېتىمقىسىمۇ؟

— ھەئە، — سكورومىنۇ خۇددى يىغلىغۇسى كېلىۋاتقان ئادەمدەك يۈزىنى ياستۇققا يېقىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— نېمىشقا بالدۇر دېمەيسىز؟ قاراڭ مېنىڭ دۆتلۈكۈمنى ... سىز جىم يېتىڭ، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

سكورومىنۇغا بۇ گەپلەر خۇددى ئاپىسىنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىنىپ، كۆڭلى تىنچلانغاندەك بولدى - دە، زويانىڭ سىلاپ - سىيپاشلىرىغا بويسۇنۇپ ياتتى.

ئۆزىدىكى تىترەكنىڭ پەسىيىشىگە ئەگىشىپ، سكورومىنۇ زويانىڭ يۇمران قوللىرىنى، ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىنى، ئوتتەك لەۋلىرىنى سېزىشكە باشلىدى.

زويا ئۇنى ئاستا - ئاستا تىنچلاندۇردى.

سكورومىنۇ زويانىڭ يېقىملىق ھەرىكەتلىرىدىن باشقىنى سەزمەيتتى. بۇ ھەرىكەتلەر ئۇنىڭغا خۇددى ئاغرىپ قالغاندا ئاپىسىنىڭ كۈتكىنىدەك بىلىنمەكتە ئىدى.

ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان ناتونۇش بىر خىل سېزىم ئۇنىڭ ئىچىدە داۋالغۇماقتا ئىدى، بۇنداق كۈچلۈك، ئادەمنى مەسخۇش قىلىدىغان سېزىمنى ئۇ بۇرۇن چۈشەنمەيتتى، بىلمەيتتى ھەم ھېس قىلىپمۇ باقمىغانىدى.

كېيىن قانداقتۇر بىر يېرى بىردىنلا قاتقاندەك بولۇپ پۈتۈن تېنىنى جۇغۇلداتقاندا ئۇ ئىختىيارسىز ئىڭرىۋەتتى.

سكورومىنۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ شىلىملىشىپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاجرىتىپ، ھەيران

بولغان ھەم يىغلامسىرىغان قىياپەتتە پىچىرلاپ سورىدى:

— بۇ ... نېمە ئىش ... زويا؟

زويا جاۋاب ئورنىدا ئالدى بىلەن يۈزىنى، كېيىن لەۋلىرىنى ئۇنىڭ تەر باسقان پېشانىسىگە ياقتى.

شۇنىڭ بىلەن سكورومسۇ ھالسىزلىنىپ، ئارزۇسىغا يەتكەن ئادەمدەك ئۆزىنى تاشلاپ ئېغىر ئۇيقۇغا كەتتى.

7

ئەتىسى ئۇ زادىلا ئۇيقۇسىنى ئاچالمىدى. كۆزىدە لىق ئۇيقۇ، ئۇياق - بۇياققا ئېغىناپ ياتاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ بىر نەرسىنى تامشىپ قوياتتى. ئۇ شۇنداق ھالەتتە يېتىپ كىملەرنىڭدۇر پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى قىلىپ، ئۇنى بىزار قىلاتتى.

— ... ئۆزۈڭنى بېسىۋال، مەن ئۇنىڭ بىلەن قەستەن بىرگە ياتقىنىم يوق.

— ياق، مەن سېنى بۇنداق قىلاردەپ زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. قەستەن ئەمەس ئىمىش! شۇمۇ گەپمۇ، ۋاننىغا سۇ تەييارلاپ قويۇپمۇ قىلىشىۋاتقان گېپىنى بۇنىڭ.

— ۋارقىرىمىغىنا، ئۇنى ئويغىتىۋېتىدىغان بولدۇڭ.

— ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم، ئۇ كەتسۇن.

— ئۇنىڭغا چېقىلما. ئاڭلىدىڭمۇ؟ تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە.

— ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

— چاتىقىڭ بولمىسۇن.

— بۇ دۆت، يۈزى قېلىن بىر نېمىدۇ ھەقىچان؟

— نېمىلا دېسەڭ مەيلى.

— مېنىڭ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. سەن قانداق ئامال، نېمە چارە بىلەن؟... ئۇنىڭ نېمىسى سېنى شۇنچە قىزىقتۇرغاندۇ؟

— پاكلىقى.

— نېمە؟ ... ھا... ھا... ھا...!

— كۈلسەڭ كۈلىۋەر، ئىختىيارىڭ.

بۇ ئاۋازلارنىڭ بىرى مۇلايىم، يېقىملىق، يەنە بىرى ناھايىتى قوپال ئىدى. ئۇ ئاۋاز سكورومسۇنى قوپال سىلكىپ ئويغاتماقتا، ئۇنى كۈندۈزدىكى رېئاللىققا قايتۇرماقتا ئىدى.

— سەن مۇشۇ شۇمتەك بىلەن ئوينىماقچىكەنسەن - دە.

— سەت گەپ قىلما، ھوشۇڭنى يىغىۋال، بولمىسا ئۆيدىن چىق.

— كەچۈرگىن، ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى.

— چىقە ماڭ.

— ئەمدى كېچىكتىڭ.

سكورومسۇ كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئەمدى پۈتۈنلەي ئېچىلغانىدى. ئۇ بورىيا بىلەن زويانىڭ بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي قاتتىق تاكاللىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، شۇئان كۆزىنى يۇمۇپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۇلارنىڭ كېيىنكى گېپىگە قۇلاق سالدى.

— ... بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىملا خېنىم!

— بەلكىم.

— مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن.

— ئىشىڭنى قىل، مەن سېنىڭ شەخسىي مۈلكۈڭمىدىم؟

— ھازىر ئەمەس، ئەمما ئاخىر مېنىڭ بولىسەن.

— سېنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. سەن بىر ھاماقەت.

— مېنىڭ بارغانسىرى رەھىمسىز بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىم راست. بىراق مەن ساڭا كۆيۈنۈپ شۇنداق قىلىۋاتىمەنغۇ؟

— كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن.

— سەنمۇ مېنى كۆزگە ئىلمامسەن؟

— مەلۇم جەھەتتە...

قورقۇنچلۇق مىنۇتلار ئۆتۈپ كەتتى. تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن، زويا، يېرىم كېچىدە

بولغان ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

سكورومىۋ كارىۋاتتا جىمىدە ياتاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا زويا بىلەن بورىيانىڭ گەپلىرى كىرمەيتتى، كاللىسىدىن تۈنۈگۈندىن بۇيانقى كەچۈرمىشلىرى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتمەكتە ئىدى. «ئاپا، مەن بەختلىك بولدۇم. ئاڭلاۋاتامسەن؟ بەختلىك بولدۇم! بەخت دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى مانا ئەمدى بىلدىم.» ئۇ ئاخشامقى ئىشلارنى تەپسىلىي ئەسلىگەنسېرى، ئۆزىنى شۇنچە قورقماس، خۇشال ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ شۇ شېرىن خىياللار ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاۋازى زادىلا قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ھازىرنى ئەمەس، تۈنۈگۈننى، كېچە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئويلاشنى خالايتتى. شۇ ئىشنى قىلغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنگەندە، قەلبى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ، خۇشاللىقى ئىچ-ئىچىگە پاتماي قالاتتى. «ۋاي ئاپا، ئوغلۇڭنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلسەڭ ئىدى، قانداق ياخشى بولاتتى!...»

زويا بىلەن بورىيا تېخىچە سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇلار سۆزلەشسە سۆزلىشىۋەرسۇن، ھەممىسى قۇرۇق گەپ. سكورومىۋ ئۇلارنىڭ تالىشىشىنى، ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ نېمىنى شۇنچە تالىشىۋاتقانلىقىنى ئويلاشنى مەنسىز، قىممىتى يوق ئىش، ھېلىقى يۈكسەك مىنۇتلارنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇلار تالاشسا تالىشىۋەرمەمدۇ! شۇ شېرىن مىنۇتلاردىن باشقىسى بىر تىيىن... «ئاپا، قەدىرلىك ئاپا، ئوبدان ئاپا، مەن ھازىر شۇ قەدەر بەختلىك!»

سكورومىۋنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ:

— ياخشىمۇ سىلەر دوستلار، ئەتىگەنلىكلار خەيرلىك بولسۇن، — دېدى.

زويا بىلەن بورىيا گەپ تالىشىشتىن توختاپ، باشقىچە بىر نەزەر بىلەن سكورومىۋغا قاراپ قېلىشتى.

— سىلەر نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟ مەن سىلەردىن ئەھۋال سوراۋاتىمەن. مەن بۇنداق گۈزەل ئەتىگەندە دەتالاش قىلىشنى خالىمايمەن.

— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك، — دەپ جاۋاب قايتۇردى زويا. زويا شۇ گەپنى قىلىپلا ئىشكاپنى ئاچتى.

— جانابلىرى ئويغىنىپلىمۇ، — دېدى بورىيا زەھەرخەندىلىك بىلەن، — قەھۋەنى كارىۋاتقا ئەكىلىپ بېرەيلىمۇ؟

بورىيانىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى پاكىز قىرىلغان بولۇپ، خېلى ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ ئۇستىگە سىپتا تىكىلگەن سۇر كاستۇم كىيگەن، تۈنۈگۈنكى ئەبگا تۇرقىدىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى.

— ھاجىتى يوق، مېنىڭ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچىدىغان ئادىتىم يوق، — دېدى سكورومىۋ بالىلارچە جاۋاب بېرىپ، ئەمما ئۇنىڭ روھلۇق قىياپىتى بىردىنلا سولىشىپ قالدى، — خاپا بولماي چىقىپ تۇرسىڭىز، مەن كىيىملىرىمنى كىيىۋالاي.

بورىيا چىرايىنى غەزەپ بىلەن پۈرۈشتۈرۈپ، سكورومىۋنىڭ كىيىملىرىنى پوملاپلا ئۇنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتتى.

— تېز يوقال، پەسكەش! مېنىڭ ئاچچىقىم كەلمەستە تېزرەك كۆزدىن يوقال!

— نېمىگە ۋارقىرايسەن! — زويا بورىياغا ۋارقىرىدى.

— نېمانچە قوپاللىشىپ كېتىۋاتىسەن زويا؟ مەن سېنى قانداق رەنجىتتىم؟

— قانداق رەنجىتكىنىڭنى بىلمىدىڭمۇ... دۆت...

زويا بورىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتتى ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئىشىك تەرەپكە ئىتتەردى.

بورىيا بويىنىدىن باغلىغانىدەك ماڭدى، ھەر قەدەمدە دېڭۆدەك توختاپ، سكورومسۇغا غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ قوياتتى، ئاچچىقى تېخى بېسىلمىغانىدى.

زويا ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىكنى ياپتى ۋە تۈزلا قىلىپ:

— رىنىيا، قوپۇڭ، ۋاخ بولۇپ كەتتى، — دېدى.

— مەن قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغاندىمەن، بىلمەيلا قالدىمغۇ.

— قوپۇڭا! ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن.

زويا ئۇچىسىغا يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان نېپىز خالات كىيىۋالغاچقا، تېخىمۇ ئېگىز، تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ماڭسا لەيلەپ يۈرگەندەك بىلىنەتتى. سكورومسۇ ئۇنىڭغا تۈنۈگۈنكىدىنمۇ بەكرەك مەھلىيا بولدى. زويا بۈگۈن پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنىدى، چىرايى نۇرلىنىپ تۇراتتى، ئەمما سكورومسۇغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. ھەيران قالارلىقى، ئۇنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى سكورومسۇنى ئازابلاش ئەمەس، ئەكسىچە... «ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى مۇشۇ بولسا كېرەك، — سكورومسۇ كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىدى، — ئېغىر - بېسىق، تەمكىن ئىكەن ... مەن راستلا مۇشۇ قىز بىلەن بىر كېچە ياتقاندىمەنمۇ؟»

سكورومسۇ زويانىڭ تۈنۈگۈن قىلغانلىرىنىڭ ياسالمىلىق ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدى. ئۇ چاغدا ئۇ زويانى يالغۇزلۇقتىن بىزار بولۇپ يۈرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ يوشۇرۇن مەقسىتى بار ئىكەن - دە، بۇ قاملاشمىغان ھەم كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئىش. ئەگەر ئۇ سكورومسۇنى ئۆزۈمگە تارتىمەن دېسە، ھازىرقىدەك تۈز كۆڭۈل، تەمكىن مۇئامىلىدە بولسىمۇ، سكورومسۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭغا بېرىلمەيتتى.

— رىنىيا، تېزرەك بولۇڭ، مېنىڭ ۋاقتىم توشۇپ قالدى.

— بىر يەرگە بارامسىز؟

— ھەئە.

— خىزمەتكىمۇ؟

— ياق، باشقا بىر ئىشقا.

— بىللە ناشتا قىلارمىز؟

— بولمايدۇ.

سكورومسۇ بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرايمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇڭا لەسسىدە بولۇپ كارىۋاتتا چېچىلىپ ياتقان كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

— رىنىيا، مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، — زويا تامغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، تاماكا چەككەچ، خۇددى ناتونۇش ئادەملەرگە گەپ قىلىۋاتقاندەك سەل زەردى بىلەن دېدى، — مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز. مېنى ئۇنداق ئاياللاردىن دەپ ئويلاپ قالماڭ ... گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، مەن پۇلىڭىزنى ئېلىۋالدىم. سىزگە كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىڭىزگە بېرىۋېلىشقا ئۈچ رۇبلىلا قالدۇرۇپ، قالغان پۇلىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالدىم... ماڭا نارازىلىق بىلدۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، ساقچىغا تېلېفون بېرىمەن دەپمۇ ئويلىماڭ، سىزدە ھېچقانداق ئىسپات يوق. ئۇندىن باشقا، بورىيانىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، ئاچچىقى يامان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ... ھازىرغا قەدەر سىز خېلى ئەقىللىق ئىش قىلىۋاتىسىز. كىيىمىڭىزنى تېزرەك كىيىپ، بۇ يەردىن جىمجىت چىقىپ كېتىڭ، ئاپىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ... ماڭا نېمانچە قارايسىز؟... راست، مەن مۇشۇنداق ئادەم.

— ياق، ياق، — دېدى سكورومسۇ بېشىنى چايقاپ، — ئۇنداق ئەمەس.

— نېمە ئىش ئۇنداق ئەمەس؟

— مەن ئىشەنمەيمەن، مەڭگۈ ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمەيمەن.

— رىنىيا، كىيىمىڭىزنى كىيىڭ، تېزرەك بولۇڭ.

سكورومىسۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، تېزرەك بولاي، — دېدى ئۇ.

زويانىڭ سۆزى سكورومىسۇنىڭ كۆڭلىنى غەلىتە قىلىپ قويدى. نەپەسى قىسىلىۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. زويا زادى قانداق ئادەمدۇ؟ ئۇ زوياغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ھەتتا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ، زوياغا ئىشىنىشىگە، يېقىنلىشىشىغا، ئۇنى ياخشى كۆرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ زويانى ئوغرىمىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانلىقى بىكار ئەمەسكەن-دە ... «ئاپا، ئەمدى مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ زويا ئوغرى ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسام ئۆزۈمنى بەختلىك سېزىمەن، ئۇ مېنى بەختلىك قىلدى، ئاندىن پۇلۇمنى ئېلىۋالدى. قانداق قىلاي ئاپا؟»

— ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ زويا ئۇنىڭغا تىكىلدى، — پۇلىڭىزغا كۆزىڭىز قىيمايۋاتامدۇ؟

— نېمە پۇل؟ ... ھە ... ياق زويا، ئۇنداق ئەمەس.

— نېمە قىلاي دەيسىز؟ دەپ بېقىڭا.

بۇ ئىش سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. رىنىيا، مېنىڭ سىزگە قارىغاندا تەجرىبەم بار. سىزنىڭ ھەر قانداق تەدبىرىڭىزگە تاقابىل تۇرالايمەن، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ. مەن سىزنى نادانلىق قىلىپ ئەخمەقلەرچە ئىش قىلىپ قويمىسۇن، دەپ ئويلاپ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن.

سكورومىسۇ زوياغا ھەم ئىچ ئاغرىتقاندەك، ھەم خوشلىشىۋاتقاندەك نەزەر بىلەن تىكىلدى:

— سىز مەندىن نېمە قىلماقچىسەن دەپ سوراۋاتامسىز؟

— ھە.

— ھېچنېمە قىلمايمەن ... ئەكسىچە سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن.

— رەھمەت ئېيتىمەن؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى زويا.

— راست، زويا، سىزگە رەھمەت.

سكورومىسۇنىڭ دىلى ئازار يەپ بىر نەچچە مىنۇت ئازابلانغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا خۇشال، زويادىن مىننەتدار ئىدى. زويانىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغاندىن كېيىنكى قوپاللىقى ۋە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك ھەرىكىتىنى سكورومىسۇ بەلكى كەچۈرۈۋېتەر، ئەمما ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. زويانىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە ئاسان، ئۆز مەيلىچە تەقدىم قىلغان نەرسىسىنى بولسا، ئۇ ئېسىدىلا ئەمەس، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا مەڭگۈ ساقلايدۇ. سكورومىسۇ شۇنداق خىيالغا كەلدى: زويادىن ئېسىل، پاك بىر نەرسە ئۇنىڭ ئالدىراش، چۈشكۈن، چاكىنا ھاياتىغا ئارىلىشىپ يۈرمەكتە. مېنىڭ پەزىلىتىم ئالىيجاناب، كۆكسى-قارنىم كەڭ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، غالىبىيەت ئىگىسىدەك خۇشاللىق ھېس قىلماقتىمەن... ئەمما سكورومىسۇنىڭ كاللىسىدا ئۆچ ئېلىش خىيالىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. چۈنكى ھەممە ئىش يامىنىغا قاراپ مېڭىۋاتاتتى، زويانىڭ ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان خۇشاللىقىمۇ غايىب بولماقتا ئىدى. بۇ ئىشلار زوياغا تەسىر قىلار-ھە، شۇنداق ئەمەسمۇ ئاپا؟ تەسىر قىلماي قالاتتىمۇ... ئاپا، سەن پاك ھېسسىياتىنى دەپسەندە قىلغان ئادەم ياخشىلىق كۆرمەيدۇ، دەيتتىڭغۇ... نېمىلەرنى دەۋاتىمەنۇي، مېنى كىم دەپسەندە قىپتۇ؟ ... قىزىق گەپ بولدى-دە بۇ! مەن بەختلىككۇ! شۇنداق، مەن ناھايىتى بەختلىك. ئەمدى شۇ ئازغىنا پۇلدىن مېھرىمنى ئۈزەلمەمدىم؟ پۇل دېگەن قانچىلىك نېمىتى! شۇ پۇلنى دەپ ھەممىنى بىر تىيىن قىلسام بولماس...» سكورومىسۇ گاڭگىراپلا قالدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا ئورۇنلىشىپ

قالغان، رېئاللىققا ئايلانغان ئاشۇ شېرىن ئەسلىمىلەرنى ئۆمۈر بويى ئۆزىدىن نېرى قىلماي ياشاش ئىستىكىدە بولغان. بىراق ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان، ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدىغان ئاشۇ ئەسلىمىلەر تۇيۇقسىزلا تۈگىمەكتە، يوقالماقتا، ۋەيران بولماقتا ئىدى. ئۇ بۇ چىگىش خىياللارنى كاللىسىدىن قوغلاپ، كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەر بىلەنمۇ كارى بولماي، ئۆزىگە بەخت، شادلىق ئاتا قىلغان ئاشۇ ئىشلارنىلا ئويلاشنى خالايتتى. ئۇ ئۆزىنى راۋۇرۇس تۇتۇپ ئېغىز ئاچتى:

— زويا، پۇل دېگەن قانچىلىك نېمە؟ ئۇ بىر ئەرزىمەس نەرسىغۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىپ يۈرمەيمەن. بولدى، ئەمدى ئۇ گەپلەرنى قويۇڭ، بالدۇرراق پۇلنىڭ كېيىنى پۈرىتىپلا قويغان بولسىڭىز، پۇلنى ئۆزلۈكۈمدىنلا بېرىۋەتمەيتتىممۇ. بۇنداق قىلماڭ زويا، مەن ھازىرلا كېتىمەن. ئەمدى مەڭگۈ كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. لېكىن سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. باشقا نەرسىنى ئەمەس، گۈزەل خامالىڭىزنى، ئاق كۆڭۈللۈكىڭىزنى، ئەقىللىكلىكىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتالمايمەن. سىز ئاجايىپ ئەركىن، ئاجايىپ جۈرئەتلىك ئىكەنسىز. ئۆزىڭىزنىڭ مەندە قانچىلىك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟! مەن ھازىر باشقا بىر ئادەمگە، تونۇگۈنكىگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئادەمگە ئايلاندىم... مەن ھاياتنى چۈشەندىم، چۈشىنىۋاتىمەن، زويا، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىدىم... بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ. مەن چىرايلىق گەپلەرنى قىلىشنى بىلمەيمەن. لېكىن كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەن ناھايىتى خۇشال. مېنى زاڭلىق قىلماڭ، مەن راستىنلا بەختلىكمەن. لېكىن سىز پۇلنىڭلا كېيىنى قىلىۋاتىسىز... قويۇڭا، شۇ ئەرزىمەس پۇلنىڭ كېيىنى. بولدى، مەندە پۇل بولمىغان بولسۇن، راست، مەندە پۇل يوق ئىدى. سىز مېنىڭ پۇلۇمنى ئالمىدىڭىز. ھېچ نەرسىنى...

— سىز ماڭا ئالدىنىپ كەتمەڭ، مەن بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن...

— ياق!

— رىنىيا، سىزدە پۇل بارلىقىنى مەن بىلمىدىغان تۇرسام.

— ياق! سىز پۇلۇمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتىڭىز! بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— ترالىمبۇستا...

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. بۇنى بورىيا قىلغان. پۇلنى شۇ ئېلىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئۆيگە كىرىپ ئەكەتتى. سىز ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ شۇنداق دەۋاتىسىز. سىز ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، پۇلنى ئۇنىڭغا بەردىڭىز. سىز راستىنلا ئالىيجاناب ئىكەنسىز...

— سىز نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، رىنىيا... مەن قانداقمۇ ئالىيجاناب بولاي، خۇدايىم سىزنى پاناھىدا ساقلىغاي... دائىملا مۇشۇنداق خۇشال يۈرۈڭ، مەندە بولمىغان ئالىيجاناب ئەخلاقنى ماڭا يۈكلەپ قويماڭ. ئۇنداق ھەممە تەلەرنى مەن قوبۇل قىلالمايمەن.

سكورومىسۇ بۇ يەردىن دەرھال چىقىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ ئىشتىنىنى ئالمان-تالمان كىيدى.

— نېمىلا دېسىڭىز دەڭ ... مېنىڭ قەلبىمدىن ئۆزىڭىز بەرگەن نەرسىنى ئېلىۋېلىشىڭىزغا يول قويمايمەن، مەن بەرمەيمەن، مەن كەتتىم. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەستە ساقلايمەن، — سكورومىسۇ ئورنىدىن تۇردى، — ئايىغىم قېنى؟

— ئەگەر خالىسىڭىز، يۈزىڭىزنى يۇيۇپ مېڭىڭ.

— رەھمەت، بۇغۇم يوق.

سكورومنۇ كىيىملىرىنى كىيىپ بولۇپ، چوڭقۇر بىر تىنىدى - دە، زوياغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. زويا ئۈستەل ئالدىغا بېرىپ بىر قال تاماكىنى تۇتاشتۇردى.

— يولنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، ئېسىمدە بار.

— ئەخمەقلەرچە ئىش قىلىپ يۈرمەڭ. سىزنى كۆزىتىۋاتقان ئادەم بار.

— بورىيامۇ؟

— ھە.

— مەندىن ئۇنىڭغا سالام دەپ قويۇڭ.

زويا كۈلۈۋەتتى، ئۇ ئىشكاپ ئالدىغا بېرىپ، يامغۇرلۇق چاپاننى ئالدى - دە، سكورومنۇغا بەردى:

— چاپىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— رەھمەت:

— تەكشۈرۈپ بېقىڭ، نەرسىلىرىڭىز ئۇنتۇلۇپ قالمىسۇن؟

— تەنە قىلماڭ.

— كەچۈرۈڭ.

ئۇلار ئەنە شۇ ھالەتتە بىر - بىرىگە قارىشىپ بىر دەم جىم تۇرۇشتى.

— بولدى، مەن كېتەي.

— مېڭىڭ، — دېدى زويا مېھرىبانلىق بىلەن، — ھەممە ئىشىڭىز ئوڭۇشلۇق بولسۇن، رىنىيا.

سكورومنۇ سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭغا تونۇگۈنكى مېھرىبانلىق ۋە غەمخورلۇق زويادا يەنە پەيدا بولغاندەك بىلىنىۋاتاتتى.

«خوشلاشقاندا ئۇنى بىرنى سۆيۈپ قويايمۇ؟... ياكى بىر شاپىلاق سالايمۇ؟ ... ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ھەق تۆلەش كېرەك... سۆيەيمۇ ياكى ئۇرايمۇ؟... ئاپا، سىز ماڭا مەسلىھەت بېرىڭا؟ ...» ياق! سكورومنۇ دەررۇ بۇ نىيىتىدىن ياندى. ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ.

— راست رىنىيا، — دېدى زويا، — ھېچنەرسە قىلماڭ، مېڭىۋېرىڭ. مېنى ياخشى دەپ ئويلىسىڭىزلا بولدى.

سكورومنۇ چوڭقۇر تىنىدى. زويانىڭ كۆڭلىدىكىنى يەنە بىر قېتىم تېپىۋالغانلىقىغا ئۇ ھەيران قالدى. ئاخىر «خوش» دېدى - دە، ئىشىكنى بار كۈچى بىلەن تارتىپ ئاچتى.

## 8

— ئاپا، بۇ مەن... ئالدىرىمىغىنا، جىددىيلەشمىگىن. ۋەي، نېمە بولدۇڭ... ھەممە ئىش جايىدا. ئاپا... ۋەي، يىغلىمىغىنا، ئاپا، مەن ھازىرلا يېتىپ بارىمەن. يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن ... ۋەي، ساڭا نېمە بولدى، ئاپا؟ يېلىنىپ كېتەي، يىغلىمىغىن... ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالغىن ... ھەممە ئىش جايىدا، مەن ناھايىتى خۇشال... راستلا. ئۇنداق قىلما، يىغلىما... ئۇ يەردە ناھايىتى ياخشى ئويىنىدۇق. تانسا ئويناشنى ئۆگىنىۋالدىم. سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە مەن ھەممە ئادەم بىلەن ئويناپ چىقتىم. مەن سېنى ئويلاپلا ئولتۇردۇم، ئاپا. مېنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشۇم سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە بولدى. مەن ھازىرلا قايتىپ بارىمەن. يىغلىمىغىن ئاپا. مەن ھازىر يولغا چىقتىم. ھەتتا مەن يۈزۈمنى يۇمايلا چىقتىم... قەھۋە قاينىتىپ قوي، بىللە ناشتا قىلىمىز. سەن سائەت توققۇزدا ئىشقا بارىسەنغۇ، تېخى ئەتىگەن. بىز بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋالىمىز تېخى. مەن ھەممە ئىشنى ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن... راست. ئاپا، راست. ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. ۋەي، ئاپا، سەن نېمىلەرنى دەيدىغانسەن... مېنىڭ ھەيران قالارلىق، مەنىلىك نۇرغۇن ئىشلارنى

(ئاخىرى 49 - بەتتە)



# كۆمۈشكۆلنىڭ كەينىگە كىرىپ...

س. پەرخ (ئىران)

دەريا ھەسەن تەرجىمىسى

مەنزىرىسى گۈزەل زارماند كۆلىنىڭ بويىدا بىر ئاقسۆڭەكنىڭ قورۇقى بار ئىدى. بۇ ئاقسۆڭەك ئىلگىرى پارفىيە خاندانلىقىنىڭ ئۇرۇشتا شۆھرەت قازانغان سەركەردىسى ئىدى. ئۇ پادىشاھ ئارتىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق جازا يۈرۈشىدە، لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلغان، كېيىن مېسوپوتامىيە ۋادىسىدا قەدىمكى رىملىقلارنى، يەنى ۋىزانتىيىلىكلەرنى تىرپىرەن قىلغانىدى، ھەتتا شۇ قېتىمقى قاتتىق ئېلىشىشتا رىم قوشۇنىنىڭ قوماندانى كراسمۇ جېنىدىن ئايرىلغانىدى. كېيىن پارفىيە خاندانلىقىنىڭ شۆھرەتلىك زامانى كەلمەسكە كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىنى ساسانىلار سۇلالىسى ئىگىلىدى. ھاكىمىيەت قولدىن كەتكەندىن كېيىن پارفىيە خاندانلىقى دەۋرىدە بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىر دومىلاپلا يېڭى پادىشاھ ئاردەشىر بابىكنىڭ ئىتائەتمەن قۇللىرىغا ئايلاندى. ئەلۋەتتە، تۈنۈگۈنكى ئەسلىمىلەرگە غەرق بولۇپ، ئەجدادلىرى قالدۇرغان قورۇقلاردا سۈكۈت ئىچىدە ياشاۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. زارماند كۆلىنىڭ بويىدىكى قورۇقتا تا بۈگۈنگە قەدەر ئەنە شۇنداق بىر ئېسىلزادە ياشاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئىسمى ھىرتا ئىدى.

ھىرتا ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقان ئادەم ئىدى. بىر قانچە يىل ئىلگىرى، ئۇنىڭ قىز ئالغان خوتۇنى ئۇنى تاشلاپ ئۇ ئالەمگە كەتتى. ئۇنىڭدىن پەرزەنتى بولمىغاچقا، ئۇ يېقىندا يىگىرمە بىر ياشلىق بىر قىزغا ئۆيلەندى. قىزنىڭ ئىسمى مانىتا ئىدى. ئۇ قىز بىلەن كەنت بېشىدا تاسادىپى ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ئۇ كۈنى ھىرتا ئۇۋدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى، مانىتا سۇ ئالغان كوزىنى مۈرىسىگە ئېلىپ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. ھىرتا قىزنى توختىتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن سۇ سوراپ ئىچتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىسمىنى سو-

ردى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، دادىسىغا قىزىغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى. بوۋاي ئۇنىڭ تەلىپىگە رازى بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھېرتا مانىتانى قەلئەسىگە ئەكىلىۋالدى.

مانىتا تولىمۇ گۈزەل ئىدى، قاپقارا شەھلا كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. ئۇزۇن ئۆرۈم چاچلىرى ئۇنىڭ زىلۋا قامىتىگە تېخىمۇ ياراشقانىدى، يېقىملىق، تاتلىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم ئەس - ھوشىنى يوقىتاتتى. ئۇ بۇ قەلئەگە كەلگۈسىگە بولغان تاتلىق ئۈمىد - ئارزۇ بىلەن قەدەم باسقانىدى.

ھېرتا پەرىشتىدەك قىزنى ئېلىۋالغىنى بىلەن، ئۇنىڭغا دائىم ھەمراھ بولالمىدى. ئۇ ھەر كۈنى مال - مۈلكى، يەر - جايى ۋە قورۇقتىكى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئادەمنى ئارزۇلۇق خوتۇنىدىن كۆرە ئوۋچىلىق بەكرەك قىزىقتۇراتتى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋەردى. بۇ گۈزەل قىزنىڭ چىرايىغا بارا - بارا قايغۇ ئالامەتلىرى سايە تاشلاشقا باشلىدى. بىر قانچە ئايدىن كېيىن، ھېرتانىڭ ھەشەمەتلىك كاتتا سارىيى ئۇنىڭغا بەئەينى زىندان بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېرى ئۇنىڭدىن يىگىرمە ئۈچ ياش چوڭ بولۇپ، دادىسىدەك ئادەم ئىدى. يېشى مۇنچىۋالا چوڭ ئادەم بىلەن بىللە ياشاش مۇھەببەتكە تەشنا، ھېسسىياتقا باي بىر قىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن تەس ئىدى. مانىتاغا مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە مۇھەببەت كېرەك ئىدى. ئەمما ھېرتا ئۇنى ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپ، كۈن بويى مال - مۈلكى بىلەنلا بولاتتى، ياكى ئۆزى يالغۇز ئوۋغا كېتەتتى.

مانىتا دەسلەپتە زېرىكىش ھېس قىلدى، كېيىن بارا - بارا ئازابلىنىپ، ئاخىر خۇددى بىردىنلا قىزىق ئاپتاپقا تاشلانغان يۇمران ئەتىرگۈلگە ئوخشاش سارغىيىشقا باشلىدى.

ئارزۇلۇق خوتۇنىدا بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر ھېرتانىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇ بىرەر چارە تاپمىغاندا، ئامراق خوتۇنىنىڭ كېسەل بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇ مانىتانى ياخشى كۆرەتتى، دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىشقا تەييار ئىدى. ھېرتا ئۇنىڭ مۇقەددەس بايلىقى ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە مانىتا كەيپى سۇس ھالدا ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمەي، كۈن بويى پەرىشان يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ نەگىدۇر تىكىلگىنىچە رومكىنى ئېلىپ بىر يۇتۇم ئوتلىدى - دە، يەنە جايىغا قويۇپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىدىن خىجىل بولغاندەك ئېرىگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ھېرتا بىر ئاز ئارامسىزلىنىپ بوغۇق ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

— مانىتا، قەدىرلىكىم، مەن سېنىڭ كۈن بويى پەرىشان يۈرۈۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن. مېنى ھەر كۈنى خىلمۇ خىل ئىشلار بېسىۋالغاچقا كۆپىنچە سەن بىلەن بىرگە بولالمىدىم. گېپىمگە ئىشەن، كۈنلىرىڭ مۇنداق كۆڭۈلسىز ئۆتمەيدۇ، مەن سېنىڭ تۇرمۇشۇڭغا چوقۇم خۇشاللىق ئېلىپ كېلىمەن، — ھېرتانىڭ سۆزلىرىدىن مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ مانىتانى ھېچبىر خۇش قىلالمىدى. ئۇ خۇددى خۇدانىڭ ئەمرىنى كۈتۈۋاتقاندەك، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇۋەردى. ھېرتا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مانىتا، قەدىرلىكىم، گېپىمگە قۇلاق سال. مەن كۆپ باش قاتۇرۇپ بىر ياخشى چارە

تاپتىم: ساڭا ھەمراھ بولۇشقا بىر يىگىتنى تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ناھايىتى داڭلىق چەۋەنداز. ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، يەنە چەۋگان ئويناشنىمۇ بىلىدۇ. ئۇ بىز بىلەن بىر يەردە تۇرىدۇ، يېمەك - ئىچمىكى، يېتىپ - قوپۇشى بىزنىڭ قەلئەدە بولىدۇ. ئۇ ساڭا ئات مىنىشنى، چەۋگان ئويناشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ يەنە نۇرغۇن ھۈنەرلەرنى بىلىدۇ. ئۇ سېنىڭ تۇرمۇشۇڭغا چوقۇم خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتكەن، يېقىندا كېلىپ قالار.

مانىتانىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، «ئات مىنىش»، «چەۋگان»، «يىگىت»، «ھەمراھ بولۇش» دېگەنگە ئوخشاش ئاجايىپ سۆزلەر ئۇنىڭ تەنھا، زېرىكىشلىك تۇرمۇشىغا يېڭى ئۈمىد ئېلىپ كەلگەندەك بولدى.

شۇ كۈنى كەچتە ھېرتا خوتۇنى بىلەن باغدا سەيلە قىلىپ يۈرەتتى، بىر خىزمەتچى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مېھمان كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

ئۇ ئوتتۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بۇدۇر چاچ، ۋىجىك يىگىت بولۇپ، ئىسمى مەھيار ئىدى، تولىمۇ تېتىك كۆرۈنەتتى، كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى.

سالاپەتلىك بۇ مېھماننى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر، مانىتانىڭ يۈرىكى بىر قىسما بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن رازىمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ خوجايىن بىلەن مېھماننىڭ قىلىشىۋاتقان سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ ئېرىگە قاراپ - قاراپ قوياتتى.

مەھيار يولدا تارتقان جاپالىرى ۋە كۆرگەن يېڭىلىقلىرى توغرىسىدا ھەدەپ سۆزلەيتتى، خوجايىنغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇنىڭ قورۇقى ۋە ئۆي - ماكانىنى ماختايتتى.

— بېگىم، باغچىڭىز، سارىيىڭىز گۈزەللىكتە ھەقىقەتەن ئەينى يىللاردىكى پادىشاھ ئوردىسىدىن قېلىشمايدىكەن. بۇ قەلئەيىڭىزدە تېخى ئاجايىپ چىرايلىق بىر ئەتىرگۈل ئې-

چىلىپ تۇرىدىكەن ... — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، مانىتاغا قاراپ قويدى.

مەھيار قورۇققا كەلگەندىن كېيىن، مانىتانىڭ كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ يېڭى ئويۇنچۇققا ئېرىشكەن كىچىك بالىغا ئوخشاش، خۇشاللىقىدىن ناخشا ئېيتاتتى، سەكرەيتتى. مەھيارمۇ كۈن بويى ئېچىلىپ - يايراپ، مانىتاغا توپ كالتىكى تۇتۇشنى، چەۋگان ئويناشنى، ئاتقا مىنىشنى ئۆگىتەتتى. ئىككىيلەن ھەمىشە سائەتلەپ ئات مىنىپ، چەۋگان ئوينايتتى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق كۈن بويى بىللە يۈرۈپ، بارا - بارا بىر-بىرىگە مەپتۇن بولۇپ قېلىشتى. مەھيار پۇرسەت چىقسىلا مانىتاغا قاش - كۆزىنى ئويىنىتىپ، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرەتتى. دالىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەندە، ئۇ ئۆزىنى تۇتالماستىن قىزنىڭ ئۇزۇن چېچىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئۇزاققىچە سۆيەتتى، ئاندىن ئۇنىڭ قولىغا، ئاپئاق بىلەكلىرىگە، بوينىغا يۈزىنى ياقاتتى. ئاقىۋەت بىر كۈنى ئىككىسى دالىدىكى گۈل - گىياھلار ئارىسىدا قۇچاقلاشتى، لەۋلەر بىر - بىرى بىلەن جۈپلەشتى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ھېرتا تالاڭ سەھەردە سىرتتىن قايتىپ كەلدى. ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ، مانىتادىن:

— سۆيۈملۈكۈم، ئۆتۈۋاتقان كۈنلۈكىگە رازىمۇسەن؟ مەھيار قانداقراق ئادەمكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ناھايىتى رازىمەن، ئۇ ماڭا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ھازىر ئات مىنىپ ئېرىقلاردىن سەكرەپ ئۆتەلەيدىغان، چەۋگاننىمۇ خېلى ياخشى ئوينايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمما، چەۋگان ماھىرى بولۇش ئۈچۈن يەنە ياخشىراق مەشق قىلمىسام بولمايدىكەن.

— سېنىڭچە يەنە قانچە ئاي كېتەر؟ — دەپ سورىدى ھېرتا يەنە.

— بۇلىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن،

مەھيارنىڭ ئېيتىشىچە تۇغما تالانتىم يامان ئەمەسكەن، يەنە ئۈچ - تۆت ئايدىن كېيىن مەيدانغا چۈشەلەيدىكەنمەن. ئەمما ئۇ، بىر نەرسە ئۆگىنىشتە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا بولمايدۇ، سەۋرچان بولۇش كېرەك، دەيدۇ.

— توغرا ئېيتىدۇ، سەۋرچان بولۇش كېرەك، — دېدى ھېرتا ۋە بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن تۇيۇقسىزلا، — مانىتا، راست گەپ قىلىپ باقە، سەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ دەيمەن؟ سەن ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن ياكى مېنىمۇ؟ ... — دەپ سوراپ قالدى.

مانىتا سەسكىنىپ كەتتى، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. ئەمما ھودۇقماي، ئاغرىنغان ھالدا دېدى:

— ھېرتا، نېمىلەرنى دەۋاتقانسىز؟ سىز مېنىڭ ئېرىسىم، خوجايىنىم، مەھيار بولسا ئادەتتىكى بىر چەۋەنداز ...

ھېرتا مانىتانىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مانىتا، سېنىڭ ئابرويۇمنى تۆكىدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ بىلەن خالىغىنىڭچە ئات مىنىپ، سەيلە قىلىپ، ئويناپ يۈرۈۋەر، ھەممىسىگە مەن رازى، — دېدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، مانىتا تېخىمۇ ئەركىن - ئازادە بولۇپ كەتتى. ئۇ مەھيار بىلەن بىللە كۈننى كۆڭۈللۈك، خۇشال ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار سۆيۈشەتتى، بەزىدە ھەتتا قورۇقتىن يىراققا بېرىپ ئوتلاقتا گىرەلىشىپ كېتەتتى. بەزىدە مەھيار ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە، مانىتا ئۇنىڭ قولىدىن ئۆزىنى دەرھال بوشىتىۋالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇش ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ئىدى. ئەمما ئۇ يەنە ئېرىنىڭ ئابرويىنى تۆكىدىغان ئىشنى قىلىشنى خالىمايتتى. مەھيار مانىتاغا ئەسەبىيلەرچە ئىنتىلەتتى، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلمۇبلەشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاقىۋەت بىر كۈنى ئۇ مانىتاغا:

— مانىتا، سۆيۈملۈكۈم، ئېيتقىنا، سەن قاچان ماڭا مەنسۇپ بولىسەن؟ سەن نېمىشقا مېنى مۇنچە ئازابلايسەن؟ يا مېنى ياخشى كۆرمەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئامرىقىم، سېنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. مېنىڭمۇ قانچىلىك ئازاب چېكىۋاتقانلىقىمنى بىلمەمسەن. يامان يېرى، مەن ھازىر ئۆز ئەركىم بىلەن ئىش قىلالمايمەن. ئەمما خاتىرجەم بولغىنكى، مېنىڭ قەلبىم، ساپ ئىشق - مۇھەببىتىم ساڭا مەنسۇپ ...

مەھيار چوڭقۇر خۇرسىنغان ھالدا:

— ئۇنداقتا قاچانغىچە كۈتىمەن؟ مانىتا، سۆيۈملۈكۈم، مېنى مۇنچە ئازابلىمىساڭ، — دېدى.

— بىزگە ئوخشاش پاك سۆيگۈ ئىگىلىرىنىڭ ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغانلىقى ساڭا مەلۇم. ھەتتا ئالدىمىزدا مۇز تاغ بولسىمۇ بىز ئۇنى ئېرىتىۋېتەلەيمىز.

— ياخشى ئېيتتىڭ، بىز بىرلىكتە بۇ مۇز تاغنى ئېرىتىۋېتەيلى، پاچاقلاپ تاشلايلى.

— ئەمما سۆيۈملۈكۈم، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز زور بەدەل تۆلەيمىزمىكىن؟ — مانىتا ئازابلانغان ھالدا ئىڭراپ قويدى.

مەھيار يۈزىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ياققان ھالدا:

— پەرۋايىم پەلەك، سەنلا رازى بولساڭ، بۇ يولدا ھاياتىمدىن كېچىشكىمۇ رازىمەن، — دېدى.

مانىتا جىم بولدى. ئۇ گويا شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئالدىرىماي، ئەمما ناھايىتى ئېنىق قىلىپ:

— ماقۇل، مەن ساڭا ۋەدە بېرەي. كېلەر ھەپتىدە ھېرتا چارلاشقا چىقىپ كەتكەندە، مەن ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇرىمەن، — دېدى.

ئون ئىككى كۈندىن كېيىن، ھېرتا ھەمراھلىرى بىلەن بىللە سىرتقا قورۇقنى چارلىغىلى چىقىپ كەتتى. مەھيار بىلەن مانىتا-

نىڭ خۇشاللىقتىن باشلىرى كۆككە يەتتى. چۈشتىن بۇرۇن، ئۇلار چەۋگان ئويناپ بولغاندىن كېيىن، ئاتلىرىغا مىنىشىپ تاغ قاپتىلىدىكى چۆپلۈككە يېتىپ كېلىشتى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ، بىر - بىرىگە مەھكەم چاپلاشتى. مانىتانىڭ كۆزلىرىدە مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى، مەھيارنىڭ كۆزىدە بولسا شېرىن ئارزۇلار ئەكس ئېتەتتى. شۇ تاپتا ئۇلار ئىشق - مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچىنىڭ تەسىرىدىن مەست بولۇپ كەتكەچكە، بىر - بىرىگە جىممىدە قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار مۇھەببەتنىڭ لەززىتىدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولماقتا ئىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار راسا يايراپ يۈردى. نېمىدېگەن گۈزەل چاغلار، نېمىدېگەن شېرىن مۇھەببەت - ھە!

مانىتا ئەمدى ھېرتانىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، يۈرۈش - تۇرۇشتا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن ئاشىق - مەشۇقلار قانچە ئېھتىيات قىلغان بىلەن، بەرىبىر چاندۇرۇپ قويىدۇ. بولۇپمۇ خوتۇنلىرىدىن خاتىرجەم بولالماي، كۈن بويى كۆزىتىپ يۈرىدىغان ئەرلەر ئىنتايىن كىچىك ئالامەتلەردىنمۇ خوتۇنلىرىنىڭ ساداقەتسىزلىكىنى دەرھال بايقىۋالالايدۇ. ھېرتا ئېتىز - ئېرىقلىرىنى چارلاپ قايتىپ كېلىپلا، گەپ - سۆز ۋە چىرايىغا قاراپ، مانىتانىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىنى بىلىۋالدى ۋە ئاستىرتىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلدى.

بىر كۈنى كەچتە، مانىتا تاماق ئۇستىلىگە كېلىپ، مەھيارنىڭ ئورنىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەتىگەندە ئۇلار چەۋگان ئويناپ، چۈشتىن كېيىن ئات مىنىپ سەيلە قىلىپ، خالىي يەردە مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى تېتىشقانىدى. ئاندىن ئاتلىرىغا مىنىپ قورۇققا قايتىشقانىدى. ھازىر بولسا ئۇ يوق. ئۇ بىرەر ئىشقا كەتكەنمىدۇ ياكى؟ ھېرتا مانىتانىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:

— قوشنا يېزىدىكى بىرەيلەن ماڭا بىر ئات سوۋغات قىلغانىدى، مەھيارنى شۇ ئاتنى ئەكېلىشكە ئەۋەتتىم، ئەتە چۈشتىن كېيىن كېلىدۇ، — دېدى.

مانىتا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تاماقنى يېيىشكە باشلىدى. ئۇ چۆپلۈكتە مەھيارنىڭ قۇچىقىدا ياتقان شېرىن مىنۇتلارنى ئەسلەپ، ھاياجىنىنى باسالمايتتى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن، دەرھال بىر رومكا ھاراق ئىچتى. ھېرتا ئۇنىڭ رومكىسىنى يەنە تولدۇرۇپ قويدى. شۇ ئارىدا خىزمەتچى ئىككى تەخسە قورۇلغان گۆش ئەكىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.

ھاراق ئىشتىھانى ئاچتى، مانىتا ئالدىدىكى يېمەكلىكلەرنى تازا مەززە قىلىپ يېدى، تەخسىدىكى گۆشنىمۇ ھەدەپ يېيىشكە باشلىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇ ئالما ئاقلاۋاتقاندا، ھېرتا تۇيۇقسىزلا:

— مانىتا، بايا يېگەن قورۇلغان گۆش ئېغىزىڭغا تېتىدىمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— تېتىدى، تەمى يامان ئەمەسكەن.

— نېمىنىڭ گۆشى ئىكەنلىكىنى بىلەلىدىڭمۇ؟

— ياق، بىلەلمىدىم.

— ئۇ مەھيارنىڭ يۈرىكى، سەن ئاشىقىڭنىڭ يۈرىكىنى يېدىڭ!

ئالما بىلەن ۋېلكا مانىتانىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ چەكچەيگىنىچە تۇرۇپلا قالدى، چىرايىمۇ تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ تۇيۇقسىز داد - پەرياد كۆتۈرۈپ، دېرىزىدىن گۈللۈككە ئۆزىنى ئاتتى.

(خەنزۇچە «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1987 - يىل 9 - سانىدىن)



# ئەلەم

ۋاسىلىي شۇكشىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)

غەنىزات غەيۇرانى تەرجىمىسى

ساشكا يېرمولايېۋىچنى باشقىلار خاپا قىلىپ قويدى.

خوش، خاپا قىلىشسا نېمە بوپتۇ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتىمۇ؟ بۇنىڭ بىلەن بىز «بىرى سىزنى خاپا قىلسا دېمىگىنىزنى ئىچىڭىزگە يۇتۇپ يۈرۈۋېرىڭ» دېمەكچى ئەمەسمىز، ئەلۋەتتە. لېكىن خاپا بولدۇم دەپ، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى بىر تەرەپ قىلىش، ھاياتتىن بىزار بولۇش ياخشى ئىش ئەمەس. ئۆزىڭىز بىلىسىز، كىشىلەر ئېھتىيات قىلىشنى قورقانلىق دەپ چۈشەندۈرۈشىدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلىڭىز، تۇرمۇشىڭىز تىنچ بولىدۇ. بۇنى بىلمىسىڭىز، ئەمدى بىلىپ قويۇڭ. ئېھتىمال، بۇ گەپكە غىدىقىڭىز كېلىپ كۈلەرسىز. ھەتتا نەپرەت بىلەن ھىجىيىپمۇ قويارسىز ... مەيلى، خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ. بۇرنىڭىزغا يەپ ئالدىڭىزغا كەلگەندە، ئېھتىيات قىلىشنىڭ پايدىسى قانداق بولىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا ئۆگىنىپ قويارسىز.

خوش، ئەمدى گەپنىڭ نەق ئۆزىگە كېلەيلى.

نېمە بولدى، دەمسىز؟

شەنبە كۈنى ئەتىگەندە ساشكا بوشىغان سۈت بوتۇلكىلىرىنى بىر يەرگە يىغدى - دە، قىزىنى چاقىردى:

— ماشا مەن بىلەن بارامسەن؟

— نەگە؟ دۇكانغىمۇ؟ — ئۇنىڭ ئۇماق قىزى سۆيۈنۈپ كەتتى.

— دۇكانغا، سۈت ئالغىلى بارىمىز.

— ساۋىل، قاياقتىن كۈن چىقتى؟ — دېدى ئاپىسى جانلىنىپ، — قاراپ بېقىڭلار، ناتاتېنىسىيە بېلىقى بارمىكىن. بار بولسا يېرىم كىلو ئالغاچ كېلىڭلار.

— شۇنداق قىممەت بېلىقتىنمۇ؟

— قىممەت بولسىمۇ ئېلىۋېر، باللارغا پىشۇرۇپ بېرىمەن.

شۇنداق قىلىپ، ساشكا بىلەن ماشا دۇكانغا كېتىشتى.

ئۇلار ئۇ يەردىن ياغ ئالدى، ناتاتېنىيە بېلىقى ئېلىش ئۈچۈن بېلىق بۆلۈمىگە كىرسە بىر ئايال تۇرۇپتۇ. ئايالنىڭ قاپىقى تۈرۈك ئىدى. ئۇيقۇسىزلىقتىكى كاراڭلىقتىنمۇ قانداق. ئايال ئۇدۇلدا تۇرغان بۇ ئادەمنى ئاخشام بۇ يەردە جېدەل چىقارغان مەست يىگىت دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، ئاچچىقى بىلەن:

— خوش، قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە قانداقراق؟ — چۈشەنمىدى ساشكا.

— ئاخشامقى ئىش ئېسىڭىزدىن چىقىپتۇ-دە؟

ساشكا ئايالغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدى.

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ قالدىڭ؟ بېزىرىپ تۇرۇشىنى تېخى، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك. ئەسكى ئىش قىلىپ قويغان بالىدەك بېزىرىپ تۇرۇشىنى بۇنىڭ!

ئۇنىڭ «ئەسكى ئىش قىلىپ قويغان بالىدەك» دېگەن گېپى ساشكىغا قاتتىق تەگدى.

— ماڭا قاراڭ، — دېدى ساشكا ئەلەمدىن قىزىرىپ، — قارىغاندا ئۆزىڭىز ئاخشام كۆپرەك ئىچىپ قويۇپ كالليڭىز تازا جايىدا ئەمەس ئوخشىمامدۇ. خوش، ئاخشام نېمە ئىش بوپتۇ؟

ئايالنىڭ ئاچچىقى غۇژژىدە ئۆرلىدى. ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇپ:

— ئۇنتۇپ قاپسەن-دە؟ — دېدى.

— نېمىنى ئۇنتۇپتىمەن؟ ئاخشام مەن ئىشتا تۇرسام.

— ئىشتىمىش! تېخى دوق قىلىشىنى قارا بۇنىڭ! ھازىرغىچە مەستلىكىڭ يېشىلمىگەن ئوخشىمامدۇ.

ساشكا ئەلەمدىن تىترەپ كەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ ھاراق دېگەن نېمىنى قەتئىي تاشلىغان، ھەتتا ئاخىرقى قېتىم قاچان ئىچكەنلىكىمۇ ئېسىدە يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئايالنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تەگكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە جاندىن ئەزىز ئوماق قىزى ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. بالىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنى شۇنداق ھاقارەتلىسە، ئۇ بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن. دولىسىنى قېقىپ ئۇندىمەي كېتىۋەرسىمۇ ئىش تۈگەيتتى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى. پوكەينىڭ كەينىدە تۇرغان ئايال بوش كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇ باشقا ئادەم بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، كەچۈرۈم سورىغۇسى كەلمەيۋاتقاندۇر. شۇنداق، ئالدىغا كەلگەن ئادەمنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزرە سوراۋېرەمدۇ؟ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىكەن؟

— جىگىلىرىڭلار نەدە؟

— نە باغلىغان يەردە، — دېدى ئايال خاتىرجەم ھالدا.

— نە باغلىغان يەر قەيەردىكەن؟

— قەيەردە بولسا شۇ يەردە! جىگلىنى نېمە قىلىسەن؟ گېپىنى تېخى! جىگلىنىڭ ساڭا ئوخشاش نېمىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتى يوق، — ئايال ئەمدى پىركازچىك ۋە خېرىدارلارغا قاراپ ئۇناۋاك سۆزلەشكە باشلىدى، — بۇياق جىگلى بىلەن كۆرۈشكۈدەكمىش، ساڭا ئوخشاشلا، بىلەن ۋارقىرىشىپ ئولتۇرۇشقا جىگلىنىڭ نەدە ۋاقتى. كۆرۈڭ، جىگلىنى كۆرگۈسى كېلىپ قاپتۇ بۇنىڭ!

— نېمە بولدى روزا؟ — دەپ سوراشتى باشقا پىركازچىكلار.

— مانى قاراڭلار، بۇ يەردە تۇرۇۋېلىپ جىگلىيەڭلار قېنى دەيدۇ. جىگلىنى ئالدىغا چاچقىپ بېرەمتىمىكىن بۇ ھاراقكەشنىڭ!

ساشكا جىگلىنى ئۆزى ئىزدەپ ماڭدى.

— ئۇ ھەدەش يامان ئىكەن - ھە، — دېدى ماشا.

— يامان ئەمەس، ئۇ خۇددى ... — ساشكانىڭ كىچىك بالىنىڭ ئالدىدا ئايالنىڭ قالداقلىقىنى ئېيتىپ ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. گويا خەقنىڭ ئالدىدا يۈزىگە شاپىلاق يېگەن ئادەمدەك ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى لاۋۇلداپ ياناتتى.

ئارقا تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرىۋاتقاندا قاساپ يىگىت ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— نېمىگە شۇنچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ يۈرىسەن؟

ساشكا قاساپقا كېلىشتۈرۈپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى جىددىيلىكنى كۆرگەچكە، قاساپ ئۇنىڭغا يول بەردى.

— مەن جىڭلى ئەمەس، — دېدى كىچىككىنە ئىشخانىدا ئولتۇرغان باشقا بىر ئايال، — مەن بۆلۈم باشلىقى، نېمە بولدى زادى؟

— بىلمەيمىز، — دەپ گەپ باشلىدى ساشكا، — ئۆزىدىن ئۆزى ... ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق ... نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟

— ھە، ئالدىرىماي سۆزلەڭ، — دېدى بۆلۈم باشلىقى سىلىق ئاھاڭدا.

— مەن ئاخشام ئىشتا ئىدىم ... دۇكانغا كىرگىنىم يوق. بىراق ئۇ ئاخشام دۇكانغا كىرىپ جېدەل چىقاردىڭ، دەيدۇ.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— بېلىق بۆلۈمىدىكى ئايال.

— نېمە دەيدۇ؟

— ئېيتىشىمغۇ، ئاخشام دۇكانغا كېلىپ جېدەل چىقاردىڭ دەيدۇ. جېدەل چىقىرىش ئەمەس، دۇكانغا كەلگىنىممۇ يوق.

— خوش، جېدەل چىقارمىغان بولسىڭىز، نېمىشقا يوق ئىشقا مۇنچە كۆيۈپ كەتتىڭىز؟ سىز ئەمەسكەنسىز، بولدىغۇ ئەمدى.

— ھەي، ئۇ ماڭا قوپاللىق قىلدى، مېنى ھاقارەتلىدى ئەمەسمۇ.

— نېمە دېدى؟

— يامان ئىش قىلىپ قويغان بالىدەك، دېدى.

بۆلۈم باشلىقى كۈلۈپ تاشلىدى. ساشكانىڭ يۈزى ئەلەمدىن تارتىشىپ كەتتى، ھەتتا چىشلىرىمۇ غۇچۇرلاپ كەتتى.

— بوپتۇ، يۈرۈڭ، يۈرۈڭ، قېنى ئېنىقلاپ كۆرەيلى، نېمە گەپ ئىكەن.

ئاۋۋال بۆلۈم باشلىقى، كەينىدىن ساشكا بېلىق بۆلۈمىگە كىرىشتى.

— نېمە بولدى، روزا؟ — دەپ پەس ئاۋازدا سورىدى بۆلۈم باشلىقى.

روزامۇ ئۇنىڭغا خۇددى شۇنداق پەس ئاۋاز بىلەن جاۋاب بېرىشكە باشلىدى. ئادەتتە دوختۇرلار كېسەلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ كېسىلى توغرىسىدا ئەنە شۇنداق پىچىرلىشىپ سۆزلىشىدۇ.

— كېچە ئۆلگۈدەك ئىچىپ كىرىپ جېدەل چىقاردى. بۈگۈن دېسەم بويىنىغا ئالمايدۇ. تېخى خاپا بولغىنىغا ئۆلەيمۇ؟

ساشكا يەنە تىترەپ كەتتى. چۈنكى بۆلۈم باشلىقى روزانىڭ گېپىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىڭشاپ، ھەر بىر سۆزىنى باش لىڭشىتىپ ماقۇللاپ تۇراتتى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ تىلىنى ياخشى ئۇقۇشاتتى، ساشكانىڭ «بويىنىغا ئالمىغىنى» نىمۇ چۈشىنىپ تۇراتتى.

ساشكا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئۆزىنى بېسىشقا تىرىشىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى تۇتالمىدى.

— نېمىشقا پىچىرلىشىسىلەر؟ — دېدى ئۇ. بۆلۈم باشلىقىمۇ، روزامۇ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، ئۆز گېپىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

— نېمە قىلغانىدى زادى؟

— ئاۋۋال ئىچتى، خۇمارى بېسىلمىدىمۇ، قانداق، يەنە كەلدى، كەچ بولۇپ كەتكەنىدى، ماڭا ھاراق بېرىسەن دەپ تۇرۇۋالدى.

— قوڭغۇراق چالمىدىڭلارمۇ؟

— ليوبكا قوڭغۇراق چالماقچى بولغانىدى. ئىچىۋالغىنى بىلەن يامانكەن، قېچىپ كەتتى. تېخى ھەممىمىزنى تىللاپ چىقىپ كەتكىنىنى ئېيتمامسىز؟

— ماڭا قاراڭ! — ساشكا ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلدى، — مەن ئاخشام دۇكانغا كەلگىنىم يوق، گەپكە چۈشىنەمسىلەر زادى؟

روزا بىلەن بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشتى.

— ھوي، مەن ئاخشام دۇكانغا كەلمىدىم دەۋاتىمەن. ئادەمنىڭ گېپىگە چۈشىنەمسىلەر زادى؟ مەن سىلەرگە رۇس تىلىدا سۆزلەۋاتىمەنغۇ!

روزا بىلەن بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئۇندىمەي تۇرۇۋېرىشتى.

بۇ چاغدا ئارقىدا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغانلار كۆپىيىپ كەتتى. تەرەپ - تەرەپتىن غۇدۇراشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— بولدى، بولدى، تولا تالىشىۋەرمەڭلار.

— قېنى، ئىشىڭىزدىن قالماڭ!

— بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى؟ — ساشكا نۆۋەتتە تۇرغانلارغا قايرىلىپ قارىدى، — ئاخشام مەن دۇكانغا زادى كەلمىگەن. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ جېدەل چىقارغانتىڭ دېيىشىۋاتىدۇ، سىلەر بۇنىڭغا نېمىشقا ئارىلىشىسىلەر؟

يامغۇرلۇق چاپان كىيگەن قېرىراق بىر كىشى ۋەزخانلىق قىلىشقا باشلىدى:

— كەلمەپتىمىش! ھەر كۈنى بۇ يەردىن ئايلىنىپ كېتىشەلمەيسەن، ئادەم يائىچكىرىگە كىرەلمىگەن. «بىر رومكىدىن» دېيىشىپ، توختىماي ئىچىشكىنىڭ ئىچىشكەن، ئۇ سېنى كەلدى دېدىغۇ، دېمەك، سېنىڭ كەلگەنلىكىڭ راست - تە!

— ياقەي، ئۇلار كەچقۇرۇنلىرى قويرۇقلىرىنى قىسىشىپ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇشىدۇ، — دېدى نۆۋەتتە تۇرغانلاردىن بىرى مەسخىرە قىلىپ.

— راست، گېزىت ئوقۇپ يېتىشىدۇ.

— تېخى بىزنىڭ ئاچچىقىمىز كەلمەي، بۇنىڭ ئاچچىقلىنىپ كەتكىنىنى كۆرۈڭ.

— سىلەر زادى قانداق ئادەملەر؟ — ساشكانىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى، لېكىن ئۇ مۇنداق ئادەملەر بىلەن ئېيتىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى، مۇنداق قىلىش بىمەنىلىك ئىدى. ئادەملەردىن ياسالغان بۇ جانلىق تامنى تېشىپ ئۆتۈش تەس ئىدى.

— ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، — دېيىشتى ئۇلار روزاغا، — خاتىرجەم ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، رەنجىمەڭ.

ساشكا ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. يامغۇرلۇق چاپان كىيگەن ھېلىقى خېرىدار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە گەپ قىلىپ قالدى:

— ھاراقنى سائەت ئوندا ساتىدۇ، بالدۇر كېلىپ قاپسەن.

ساشكا كوچىغا چىقتى. توختاپ تاماكا چەكتى.

— ئاكاشلار يامان ئىكەن - ھە، — دېدى ماشا.

— ھە، ئاكاشلار، ھە، ھەدەشلەر، — دېدى ساشا ئۆزىچە شىۋىرلاپ، — خوش ...—

ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. بەزگەكتەك يەنە تىترەشكە باشلىدى.

ئۇ يامغۇرلۇق چان كىيگەن كىشى چىقىۋچە ساقلاپ تۇرماقچى بولدى. ئۇ چىقسا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويماقچىدى. يۇ قانداق بولغىنى؟ لېمىشقا قارىسىغا سۆرۈن تەلەتلەرنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ؟ چوپچوڭ ئادەم تۇرۇپ نېمىشقا پىركازچىكلارغا خىزمەت قىلىدۇ؟ بۇ قانداق قىلىق؟ ئادەملەر نېمىشقا سۆرۈن تەلەت پىركازچىكلارغا، ئەمەلدارلارغا يالاقچىلىق قىلىشىدۇ؟

ساشكا ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن بەنت ئىدى. بۇ چاغدا يامغۇرلۇق چاپان كىيگەن قېرى چىقىپ كەلدى.

— ماڭا قاراڭ، — ساشكا ئۇنىڭغا يېقىن باردى، — سىز بىلەن ئازراق سۆزلىشىۋالسام دەيمەن.

يامغۇرلۇق چاپان كىيگەن قىزى ساشكاغا ھۆمىيىپ قاراپ قويدى:

— نېمە گېپىڭ بار؟

— نېمە ئۈچۈن سىز قارشىمغا پىركازچىكقا يان باسىسىز؟ مەن ئاخشام راستلا دۇكانغا كەلمىگەن تۇرسام.

— ماڭ، ئاۋۋال بېرىپ ئۇيقۇڭغا قېنىۋال، چۈشەندىڭمۇ؟ كۆرۈڭ، مەن بىلەن كەپلىشىۋالماقچىمەش. ساڭا گەپلىشىشنى كۆرسىتىپ قويىمەن تېخى! باشقا يەردە گەپلىشىپ قالماپلى يەنە.

— نېمە، ساراڭمۇ سەن؟

— سېنى بىر سەگىتىپ قويمىسام بولمىدى! كۆرگۈلۈكىڭنى ھازىر كۆرسىتىمەن! گەپلىشىش قانداق بولىدىغانلىقىنى ساڭا بىر كۆرسىتىپ قوياي. ھارىمى!

يامغۇرلۇق چاپان كىيگەن قىزى دۇكان تەرەپكە يورغىلاپ كەتتى. ساشكا ئۇنىڭ ساقچىغا تېلېفون بەرگىلى كەتكىنىنى سەزدى.

قىزىق، بۇنىڭدىن ئارتۇق تۆھمەت بولامدۇ؟ ساشكا ھەتتا بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. ئۇ بۇ يەردىن دەرھال كېتىش نىيىتىگە كەلدى. ساقچىدىن نېمە پايدا چىقاتتى. ئەگەر ئۆزى يالغۇز بولغىنىدا ساقچىنى كۈتسىمۇ، گەپنىڭ نېمە بىلەن تۈگىشىنى بىلىپ قويسىمۇ بولاتتى، بىراق، يېنىدا قىزى بار - دە ...

شۇنداق قىلىپ، ئاتا - بالا ئۆيگە يول ئالدى. ساشكا يول بويى پەقەت بىرلا نەرسىنى ئويلايتتى، ئەمما زادىلا تېگىگە يېتەلمەيتتى. ئادەملەرگە نېمە بولغان زادى؟

قىزى ئاتىلىق تىلى بىلەن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى. شۇندىلا ساشكا بىر نېمىنى بايقىدى: بايا ئۇ ھېلىقى «ئاكاشلار، ھەدەشلەر» بىلەن گەپ تالىشىۋاتقاندا قىزى نېمە ئۈچۈندۇر جىم بولۇپ قالاتتى. پەقەت گەپ-سۆزلەر تۈگىگەندىلا دادىسىنى رەنجىتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ «ئەسكى»لىكىنى سۆزلەيتتى. ساشكا قىزىنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتۇۋالدى. نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى.

— جېنىم قىزىم ... كاشكى ھەممىنى چۈشەنسەڭ.

ساشكا ئۆيگە كىرگەندە خوتۇنى ۋېراغا دۇكاندىكى ۋەقەنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇپ سۆز باشلاش بىلەنلا غەزىپى قايىنىدى.

— نېمە؟ نېمە گەپ ئۆزى؟

— مەيلى، بولغىنىچە بولدى. قوپاللىق قىلىشتى. مۇنداق ئىش بۈگۈنلا بولۇۋاتقىنى يوققۇ.

ئۇ يەنە ھېلىقى يامغۇرلۇق چاپان كىيگەن ئادەم توغرىسىدا ئويلاپ كەتتى. يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئادەم تۇرسا، شۇمۇ ئەركىشىنىڭ ئىشىمۇ؟ خۇشامەتچى! گەپنى ئاخىرغىچە ئاڭلىماي ساقچىغا تېلېفون بەرگىلى چاپتى. شۇنچە يىللىق ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزگەندۇ؟ بەلكى ئۇ خۇشامەتچىلىكنىڭ ھېچقاچان ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغاندۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ يامان ئىش بولامدۇ؟ شۇنى بىلمەي ئۆمۈر بويى قانداق كۈن كەچۈردىكىن؟ ساشكا بۇ ئادەمنى ئىلگىرىمۇ كۆرگەن، ئۇدۇلدىكى توققۇز قەۋەت بىنادا تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، بېرىپ كۆرسۇنمۇ؟

«باراي! — دەپ قارار قىلدى ساشكا، — بىر سۆزلىشىپ قوياي، چۈشەندۈرەي. دۇكاندىكى ھېلىقى ئەخمەق خوتۇننىڭ مېنى باشقا بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىنى، ئۇنىڭ بولسا گەپنىڭ تېگىگە يەتمەي، ئارىغا چۈشكىنىنى ئېيتىپ، ئويلىدۇراي. ئېھتىمال، ئۇ ھېچكىمى يوق بىچارە ئادەمدۇ.»

— تاماكا ئېلىپ كېلەي، — دېدى ساشكا خوتۇنىغا.

— ھازىرلا دۇكاندىن كەلدىڭغۇ؟

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

... بىر يىگىت ساشكا ئىزدىمەكچى بولغان ئادەمنى تونۇيدىكەن. ئۇنىڭ فامىلىسى چوكالوۋ ئىكەن.

— ئوتتۇز ئالتىنچى نومۇرلۇق ئۆيدە ئولتۇرىدۇ.

— يالغۇز ئۆزىمۇ؟

— ياق، مومىيى بار. قانداق دەيسىز؟

— ھېچقانداق، قېشىغا كىرىپ چىقماقچىدىم.

ئىشىكنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئاچتى. فامىلىسى راستلا چوكالوۋ ئىكەن.

— قورقماڭ، — دېدى ساشكا دەسلەپتىلا، — مەن سىزگە چۈشەندۈرمەكچىدىم ...

— ئىگور! — دەپ چاقىردى چوكالوۋ ئىچكىرىگە قاراپ ئاۋازىنىڭ بارىچە.

ياق، ئۇ قورقمىدى، ئەكسىچە بوسۇغىدا تۇرغان مېھماننى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى. سەل پولتىيىپ چىققان قاپقارا كۆزلىرىنى ساشكاغا مىختەك قاداپ تۇرىۋەردى. ئۇ نېمىنىدۇر كۈتەتتى.

— مەن بايىقى گەپنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچىدىم.

— ھازىر چۈشەندۈرىسەن ... ئىگور!

— نېمە گەپ؟ — دېدى ئىچكىرىدىن بىرى.

ساشكا ئىختىيارسىز ئىچكىرىگە قاراپ قويدى.

چوكالوۋ ساشكىنى قېچىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىدى بولغاي، جان - جەھلى بىلەن ئۇنىڭ يېڭىگە ئېسىلدى. ئۇنىڭ قوللىرى شۇنداق كۈچلۈك ئىدى، قارا كۆزلىرى بولسا قىساسكارنىڭ كۆزىدەك چاقناپ كەتتى، ئاغزىدىن كۆپۈلدەپ ھاراق پۇرايتتى. ساشكا شۇقەدەر ھەيران قالدىكى، ھەتتا قولىنى تارتىپمۇ ئالمىدى. پەقەت چوكالوۋ ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق قىسقاندىلا ئاندىن بوشىتىشقا ھەرىكەت قىلدى.

— ئىگور!

— نېمە گەپ! — ئىگور ئوغلى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ قاپقارا ئىدى. بۇ زەبەردەست يىگىت ئازراق ئىچىۋالغانمۇ قانداق، كەيپى چاغ ئىدى.

— مانا بۇ ئادەم دۇكاندا مېنى ھاقارەتلىگەن، ئەمدى كېلىپ ئۇرماقچى بولىۋاتىدۇ، — چوكالوۋ تېخىچە ساشكانىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى.

ئىگور ساشكاغا چەكچىيىپ قارىدى.

— قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، قاچقىلىۋاتقىنىم يوققۇ، — دېدى ساشكا ۋە كۈلۈپ قويدى، — ئۆزۈم كەلدىمغۇ!

— قويۇۋەت، — دەپ بۇيرۇدى ئىگور.

كېيىن ساشكاغا يەنە چەكچىيىپ قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىدا سوئال ئالامىتىمۇ، تەھدىتمۇ، كۈچىنى دەڭسەشكە ئوخشاش ئاللىقانداق ئالامەتلەرمۇ بار ئىدى.

— سەن ئاچچىقىڭنى دادامدىن ئالدىڭ شۇنداقمۇ؟

— ياقەي، نېمىشقا ئەمدى؟

— دۇكاندىن چىقىشىمنى پايلاپ كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

— مەن بىر نەرسىنى سورىۋالماقچىدىم. سىز نېمىشقا ئۇنداق ... خۇشامەتچىلىك قىلىسىز؟

ئىگور بىردىنلا ئۇنىڭغا يېپىشتى. ساشكا بۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەنىدى. ئىگور ئۇنىڭ بېشىنى ئىشىككە ئىككى قېتىم ئۇرىۋەتتى. كېيىن ئىشىكنى ئېچىپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى - دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن پەلەمپەيدىن پەسكە ئىتتىرىۋەتتى. خۇددى

بىر مۆجىزە يۈز بەرگەندەك، ساشكا يىقىلماي ئۆرە تۇرۇپ قالدى. ئۇ چۈشۈپ كېتىۋېتىپ پەلەمپەيىنىڭ رىشاتكىسىنى تۇتۇۋالغانىدى. يۇقىرىدىكى ئىشىك «گۈپ» قىلىپ يېپىلدى.

ساشكا خۇددى قويۇندا قالغاندەك بېشى ئايلىنىپ يىقىلدى. بۇ ئىشلار شۇنداق تېز بولۇپ ئۆتكەنىدى، ئۇنىڭ كاللىسىمۇ شۇنداق تېز ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇ پەلەمپەيدە بىردەم تۇردى. كېيىن پەسكە قاراپ تېز - تېز مېڭىپ، توغرىسى يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەتتى. ئۆيىگە بارسىلا ئىشىك تۈۋىدە ئەپچىل بولىقىسى بار، ئېلىپ كېلىدۇ - دە، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باسىدۇ، ئەگەر ئىشىكنى ھېلىقى چال ئاچسا ئىتتىرىۋېتىپ ئىچكىرىگە كىرىدۇ، ئىگورنىڭ ئۆزى ئاچسىغۇ خۇدانىڭ بەرگىنى! ئۆچ ئېلىشنى كىم قويىدى - ھە، دۇكاندىن بۇرۇنراق چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، شۇنچە گەپ يوق ئىدى. ئەمدى خىش قېلىپىدىن چىقىپ كەتتى. ئەگەر ئىگورنىڭ ئۆزى ئاچسا، غاچچىدە ئىچكىرىگە كىرىۋېلىش كېرەك. بولمىسا ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرگىلى بولمايدۇ.

ساشكا بىنانىڭ ئىشىكىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، دۇكاندىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ۋېرانى كۆردى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈزىدە بىر خىل ۋەھىمە ئىپادىسى قېتىپ قالغانىدى. ساشكا بىردىنلا ئاياغلىرىنىڭ ماغدۇرسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ باللارغا بىرنەرسە بولغانغا ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قورقۇپ كەتتى ۋە ۋېرانى ۋارقىراپ توختىتىۋالماقچى بولدى، لېكىن ئاۋازى چىقمىدى. ۋېرا ئۇنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كەلدى.

— نېمە قىلىدىڭ؟ — دەپ سورىدى خوتۇنى ھۈدۈقۇپ.

— ئۆزۈڭ نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— ماشانىڭ دەۋاتقىنى قانداق ئادەملەر ئۇ؟ يەنە جاڭجال چىقاردىڭمۇ؟ ماشا دادام ئاكاشلار بىلەن ئۇرۇشتى دەيدىغۇ. قانداق ئادەملەر ئىكەن ئۇلار؟ ساڭا نېمە بولدى.

— نېمە بوپتۇ؟

— بىلمەسلىككە سالما، ساشكا. مەن سېنى بىلىمەن. رەڭگىڭنىڭ ئۆڭۈپ كەتكىنىنى قارا. نېمە بولدى؟ كىم بىلەن سوقۇشتۇڭ؟

— ھېچكىم بىلەن!

— يالغان سۆزلىمە! دۇكانغا بارىمەن دېگەنىدىڭ. بۇ ياقتا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

ساشكا ئۈندىمىدى. تامام، ئەمدى ئىش تۈگىدى، ئۇ يەرگە تىكىلىپ خېلى ۋاقىت تۇرۇپ قالدى. خوش، ئەمدى، يۈرىكىمنى ئۆرتەۋاتقان ئەلەم ئۆزى بېسىلامدۇ ياكى بولقا بىلەن ئىگورنىڭ بېشىنى يەنچىۋۇنمۇ؟

— ساشكا، ماڭ جېنىم، خۇدا كۆڭلۈڭگە ئىنساب بەرسۇن. ئۆيىگە قايتايلى، — ۋېرا ئېرىنىڭ كۆكلىمىدىكىنى سەزدى بولغاي، يالۋۇرۇشقا باشلىدى، — يۈر ئۆيىگە، باللار يالغۇز ... قوي، ئۇلار بىلەن ئېتىشما جېنىم ساشكا، ھېچ بولمىسا بىزنى ئويلىغىن، — ۋېرا ئېرىنىڭ قولىدىن تۇتتى، — بىزگە ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟

ساشكانىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى ... ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، غەزەپ بىلەن يۆتىلىپ قويدى. تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

— قولۇڭنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى قارا، ماڭ كېتەيلى.

ساشكا ۋېرانىڭ قولىدىن ئاستا قولىنى بوشاتتى، ئاندىن لام - جىم دېمەي خوتۇنىنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

(ئاپتورنىڭ ئۆزبېكچە «بوۋاي، قىز ۋە قۇياش» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىن)



# دەۋرگە ئەگىشىش

**ئو. پروتسكوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)**

ئابلىتىپ ئابدۇكېرىم تەرجىمىسى

كۈز. ھاۋا تۇتۇق، ئاسماننى قاپلىغان تۇرۇم-تۇرۇم قارا بۇلۇتلار ئاستا سۇرۇلمەكتە. بۇ بۇلۇتلار بەئەينى كىنوخانا ئىشىكىدىن پاتماي چىقىۋاتقان ئادەملەر توپىدەك قاياقىدۇ ئىتتىك سۇرۇلۇپ باراتتى. ئاسماندىن نەچچە مىڭ مېتر پەستىكى ھۆل بولۇپ كەتكەن ئاسفالت يولدا بولسا، ئۇ بۇلۇتلاردەك رەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن زىممىسىگە ئېغىر يۈك چۈشكەن يەنە بىر سەپ بۇلۇتنىڭ يۈنىلىشىگە قارشى كېتىپ باراتتى. ئۇلار قوللىرىدا سومكا، چوڭ-كىچىك بولاق ۋە كىتابلىرىنى تۇتقان كىشىلەر توپى بولۇپ، يەر ئاستى تۆمۈريول بېكىتىگە ئالدىراپ كېتىپ باراتتى. پەقەت ئالىيپىشىل كىيىنىشىۋالغان ئىككى نەپەر سىگان ئاياللا ھېچنېمىگە ئالدىرىمايتتى. ئۇلار بېكەت يېنىدىكى كىچىككىنە بىر يەرنى پال ئېچىپ، بەخت ۋە بالا-قازالارغا ئالدىن بېشارەت بېرىدىغان جاي قىلىپ تاللىۋېلىشقانىدى.

— يىگىت، كېلىڭ، پال ئېچىپ بېرەي، — يېشى چوڭراق سىگان يۈزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن، چىرايى غەمكىن بىر كىشىگە يېپىشىۋالدى، — پېشانىڭىزگە يېزىلغان ھەممە ئىشنى ئېيتىپ بېرىمەن. پات ئارىدا سىزگە ئالاقە چۈشكۈدەك. تاپاننىڭ كارولىدىكى ماۋۇ كىشى سىزنى ياخشىلىققا ئېرىشتۈرىدۇ ... توختاڭ، نەگە بارىسىز؟ دەيدىغىنىمنى تېخى دەپ بولمىدىم. قاغىنىڭ ماتكىسىدا كۆرۈنۈۋاتقان ماۋۇ مەككار خوتۇندىن ئاگاھ بولۇڭ، ئۇ سىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ، باشقا بىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن. چىتىرنىڭ كارولىدىكى ... ۋاي توختاپ تۇرۇڭا، مەن سىزنى توختاپ تۇرۇڭ دەۋاتىمەن! تۇفى، بېشىڭنى يەيدىغان چاڭگا ساقال قېرى، كېتىپ بارغىنىنى قارا! ... ئەسلى-ۋەس

لىمگەدىن ئايرىلىپ كېتەرسەن! ساقلىغىنى يارا بېسىپ كەتسۇن ئىلاھىم! ھۇ سېنى ... سىز توختاڭا، ئاپئاق قىز! كىمگە ياتلىق بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلگۈڭىز كېلەمدۇ؟ ... بۇ ياققا كېلىڭ سۆيۈملۈكۈم. كېچە - كۈندۈز سىزنى ئويلايدىغان بىر ئادەم بار ئىكەن. بىراق سىز كۆڭلىڭىزنى باشقا بىرىگە بېرىپ بوپسىز. ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتمەڭ. ئۇ سىزنى ئالدايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك بولالمايسىز. پات ئارىدا بىرىنى ئۇچرىتىسىز ... ۋاي قىزچاق، نەگە ئالدىرايسىز؟ يېقىن كېلىڭا، قورقماڭ! مەن سىزگە ھەممىنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىمەن ... كۆڭلىڭىز ئانچە ئارامىدا ئەمەستەك تۇرىدۇ. لېكىن سىز ... سىز ماڭا ئون كوپىك بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ! ھۇ، تىرنىقىنى لاكلىۋالغان سەت چۈمباق! ئۇزۇن پايپاقلىرىڭ يىرتىلىپ كېتەر! تىرناقلىرىڭغا ھەرگىزمۇ لاك يېپىشمايدىغان بولۇپ كەتسۇن، ئىلاھىم! پۇشايماندا قالارسەن ئىگەكىم، ھۇي سىزنى دەۋاتىمەن ... تاغا، سائىتىڭىز نەچچە بولدى؟ بىر رۇبلى بېرىڭ، كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىڭىز توغرۇلۇق پال ئېچىپ بېرىمەن. سىز ئەسلىدە كاتتا كىشى ئىكەنسىز، مەرتىۋىڭىز يۇقىرى ئىكەن، كېيىن ئامەت سىزدىن يۈز ئۆرۈپتۇ. بولدى، مەيۈسلىنىپ كەتمەڭ، خۇدايىم تەلىيىڭىز يەنە ئوڭدىن كېلەر، سىز خوتۇنىڭىزغا ۋاپاسىزلىق قىلغانىكەنسىز، لېكىن ھازىر ئۇ سىزگە ۋە سىزنىڭ دوستلىرىڭىزغا ۋاپاسىزلىق قىلىۋېتىپتۇ ... قارا، سېنىڭ ئەپتىڭنى، ھۇي ياغاق مايمۇن! مەن سېنى ئالدىمايمەن. گېپىمنىڭ راستى، سەن ئۆمۈرۋايەت بەختلىك بولالمايسەن! ئەتىگىچە مائاشىڭنىمۇ يوقىتىپ قويىسەن! شۇ چاغدا مېنى ئېسىڭگە ئالىسەن! ...

پالچى خوتۇن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارغا كاسىلداپ سۆزلەپ بىرەر نەپمۇ ئالالماي ھېرىپ قالدى. ئۇ ھەمراھىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇھ تارتىپ قويىدى - دە:

— بۈگۈن ھېچنېمە قىلالمىدىم! ۋاي قوۋۇرغامەي، ھەممىسى مەدەنىيەتلىك بولۇۋالغىنىنى قارىمامدىغان! ھېچكىمنىڭمۇ ئۆز تەقدىرىنى بىلگۈسى كەلمەيۋاتىدۇ! — دېدى.

— سەنزە، تولىمۇ ئارقىدا قالدىڭ! — ھەمراھى ئېچىنغان ھالدا بېشىنى چايقاپ ئۇنىڭغا قارىدى، — ھازىر سەن قايسى دەۋردە ياشاۋاتىسەن؟ مۇشۇ كۈندە پال ئاچقۇزىدىغان ئادەم نەدە تۇرۇپتۇ!

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمەن، ئەمىسە؟ — دېدى يېشى چوڭراقى تەمتىرەپ، — مەن ئۆمۈر بويى پال ئېچىپ جان بېقىپ كېلىۋاتىمەن. ئاناممۇ مۇشۇ كەسىپ بىلەن ئۆتكەن، مومامۇ ....

— موماڭمۇ شۇ. ئۇ دېگەن كونا زامان! ئۇ زاماننىڭ ئادەملىرى نادان، بىلىمسىز، قولىدىن ئىش كەلمەيتتى. سەن ئۆزۈڭنىڭ قايسى دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قاپسەن! بىلىپ قوي، ھازىر دېگەن ئاتوم دەۋرى، ئىنسانلار ئالەمگە ئۇچۇۋاتىدۇ، بوۋاقلارنى پروبىركىدا يېتىلدۈرۈۋاتىدۇ. لېكىن سەن ئۇلارغا چىتىرنىڭ كارولى دېگەندەك ۋاقتى ئۆتكەن گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسەن! ھىم، مۇنداق گەپنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ قۇسقۇسى كېلىدۇ!

— ئۇنداقتا مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ بۇ كەسىپنى تاشلىۋېتەتتىممۇ؟ — چوڭراق ياشتىكى سىگان ئايال ئەلەم بىلەن ئۆمچەيدى.

— بۇ كەسىپنى نېمىدەپ تاشلىۋېتەتتىڭ؟ — دېدى ياشراق ئايال ھەيران بولۇپ، — سەن دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋېلىشىڭ كېرەك. قارىغاندا سەن گېزىتمۇ كۆرمەيدىكەنسەن - دە؟

— كېزىت كۆرۈپ نېمە قىلىمەن؟ مېنى ئىشى يوق بىكارچى كۆرۈۋاتامسەن؟ كېزىت كۆرۈپ ئولتۇرسام پۇلنى قانداق تاپىمەن؟

— مانا دېمىدىممۇ؟ — دېدى ھەمراھى ئەيىبلەش ئاھاڭىدا، — ھازىر ئۇ ئىشلىرىڭ ئاقمايدۇ! سەن تۇرمۇشنى بىلمەيدىكەنسەن! قارا، بۈگۈنكى كۈندىچۇ ...

ئۇ ھەمراھىغا قاراپ قويدى - دە، زامانغا لايىق كىيىنگەن بىر ئايالنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا نوقۇپ قويدى:

— كەچۈرۈڭ قىزچاق، سىز مۇشۇ ئەتراپتا ئىشلەيسىزغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، — دېدى ئايال ھەيران بولۇپ ۋە توختاپ قوشۇپ قويدى، — مېنىڭ بۇ ئەتراپتا ئىشلەيدىغىنىمنى ... سىز ... سىز قانداق بىلىسىز؟

— سىزگە ئاياللىرىنىڭ بىلمەيدىغان ئىشى بولامدۇ، مەن تېخى سىزنىڭ يەنە ئۇزاققىچە ئىشلىرىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن. سىز بۈگۈن ئىشتىن تەخمىنەن يىگىرمە مىنۇت ئىلگىرى چۈشتىڭىز ... ھە، راست يېرىم سائەت ئىلگىرى ... لېكىن يالغۇز سىزلا ئەمەس، سىلەرنىڭ بۆلۈمدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرمۇ شۇنداق قىلدى ... راستمۇ؟

— راست، — گاڭگىراپ قالغان ئايال پەس ئاۋازدا سورىدى، — ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— ئۇنىڭدىن كېيىن دەمسىز؟ ... ھىم ... كۆڭلىڭىز جايىدا ئەمەس ئىكەن. سىز خىزمەت ۋاقتىدا پات - پات سائەتلىرىڭىزغا قارىغىنىڭىزنى بىلىمەن كىيىم - كېچەك دۇكىنىغا بېرىپ تۇرىدىكەنسىز. رەھبەرلىكنىڭ بىلىپ قېلىپ تەنقىد قىلىشىدىن قورقىدىكەنسىز، دەككە - دۈككىگە چۈشىدىكەنسىز، لېكىن بۇنىڭدىن ئانچە قورقۇپ كەتمەڭ! ھېچنېمە بولمايدۇ. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ...

— توغرا دېدىڭىز! — دېدى ئايال ھەيران بولۇپ، — قالتىس ئىكەنسىز! ھەقىقەتەن كامالەتكە يەتكەن پالچى ئىكەنسىز!

— تېخى ھەممىنى دەپ بولمىدىم، — دېدى پالچى ئايال پەرۋاسىزلىق بىلەن قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ، — تېخى يېقىندىلا خىزمەت ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا بارىمەن دەپ رۇخسەت سوراپ، ئەمەلىيەتتە ئاياغ دۇكىنىغا باردىڭىز، شۇنداقمۇ؟ بۇ دۇكاندا ئىمپورت قىلىنغان ئۆتۈكلەرنى ساتاتتى. سىز بۇنداق ئۆتۈكلەرنى يېرىم يىلدىن بۇيان ئىزدەپ يۈرگەن. يەنە بىر نەچچە قېتىم چۈشتىن كېيىن ئىشقا بىر سائەتتىن كېچىكىپ باردىڭىز. ئۆتكەن ھەپتە ئاساسىي جەھەتتىن چۈشتىن كېيىن ئىشقا بارمىدىڭىز ...

— بۇ ھەپتىمۇ شۇنداق ... — ئايال خۇرسىنىپ قويدى.

— توغرا، بۇ ھەپتىمۇ شۇنداق بوپتۇ، — سىزگە ئايال ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى، — لېكىن مەن تېخى بۇلارنى دەپ بولالمىدىم. سىز تا بۈگۈنگىچە ئۆتۈكنى سېتىۋالالماي تىت - تىت بولۇپ يۈرىسىز ...

— راست، ئۆتۈكنى سېتىۋالالمىدىم ... — ئايالنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

— غەم قىلماڭ، ئۆتۈكنى مۇشۇ ئايدا چوقۇم سېتىۋالالايسىز ... بۈگۈن چېسلا نەچچە؟ يىگىرمە سەككىز! ئۇنداق بولسا ... ئۆتۈكنى يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن سېتىۋالالايسىز. يەنە كېلىپ سىز ئالماقچى بولۇۋاتقان خىلىدىن.

— مۇشۇ گېپىڭىز راستمۇ؟! — ئايال خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي كەتتى.

— ئەلۋەتتە راست، مەن ئەزەلدىن پالنى خاتا ئاچقان ئەمەس، سۆيۈملۈكۈم. ئۆتۈكنى بىرى ئۇدۇل ئىدارىڭىزگە ئاپىرىپ بېرىدۇ، يەنە كېلىپ خىزمەتتىدىشىڭىز.

— مارىيا دېمىترىيېۋنا؟! — ئايال ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىۋەتتى، — سىز ئۇنىمۇ بىلەمسىز؟!

— ئەھۋالىڭىزدىن تولۇق خەۋىرىم بار! مەن ئۇچۇن مارىيا دېمىترىيېۋنانىڭ ئەھۋالىنى پال ئېچىپ بىلىش تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر ئىش! سىزمۇ بىلىسىزغۇ، ئاياغ كىيىم باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى ئۇنىڭ ئادىمى.

— مەن ئەلۋەتتە بىلىمەن، بىراق مارىيانىڭ تونۇشى مۇئاۋىنىدەك قىلىۋاتاتتى.

— دۇرۇس، بۇرۇن مۇئاۋىن ئىدى. ئۆتكەن ئايدا ئەمىلى ئۆسۈپتۇ! — سىگان ئايال مەغرۇرلانغان هالدا سۆزلەپ كەتتى، — هازىر بارلىق ئاياغ ماگىزىنلىرى ئۇنىڭ قول ئاستىغا ئۆتتى. بىراق، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئۆتۈكنىڭ باھاسى سەل قىممەتلەپ قالدى، پۇلنى كۆپرەك چىقىرىسىز ...

— ھېچ ۋەقەسى يوق! باھاسى قانداق بولسا بولۋېرىدۇ! پەقەت سۈپىتى ياخشى بولسىلا ...

— ئۆتۈكتە گەپ يوق! — دېدى پالچى خوتۇن كېسەل بولغاندەك، — يۇگوسلاۋىيەنىڭ ...

— ۋاھ، نېمە دېدىڭىز! — ئايالنىڭ چىرايىنى كۈلكە قاپلىدى، — رەھمەت سىزگە! رەھمەت ... سىز ھەقىقەتەن دانىشمەن ھۆكۈما ئىكەنسىز ...

ئايال سومكىسىنى ئاختۇرۇپ ئۈچ رۇبلىنى ئالدى - دە، پالچىغا ئۇزاتتى. سىگان ئايال تەمكىنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ پۇلنى يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن ئالدىرىماي شېرىكى تەرەپكە ماڭدى.

— قانداق، زامانىۋى پال ئېچىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم ... — يېشى چوڭراق ئايال مەيۈسلەنگەن هالدا جاۋاب بەردى، — مەن راستلا تۇرمۇشتىن كېيىن قاپتىمەن ...

ئۇ بىردەم جىم بولۇپ كېتىپ، ئېغىر پۇتلىرىنى ئالماشتۇردى - دە، ئارىسالدىلىق بىلەن قوشۇپ قويدى:

— سەن بۇنى ... مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ... بايىقى دېگەنلىرىڭنى ماڭا كۆچۈرۈپ بەرگەن بولساڭ ...

(خەنزۇچە «چەت ئەل ھېكايىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ
1987 يىل 2 - سانىدىن)

(بېشى 33 - بەتتە)

بىلمىۋالغىنىمنى سەن تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن. سەن دائىم: ئادەم دېگەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان بولۇشى، ئۇششاق ئىشلار ئۈستىدە زېھنىنى ئىسراپ قىلماسلىقى كېرەك، ئۆزى ئىنتىلگەن نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشى لازىم، روھىي دۇنيايىڭ كەڭرى بولغىنى ياخشى، دەيتتىڭغۇ. ئەمدى يەنە نېمىشقا يىغلايسەن... بولدى، يىغلىمىغىن. ئاپا، يىغلاپ ئۆزۈڭنى ئاغرىتىۋالىسەن. بۇنىڭغا شۇنچە يىغلاش كېتەمدۇ؟ ئاپا... مەن مانا ساپساق تۇرمادىم. مەن ناھايىتى خۇشالمەن، ئەمما سەن تېخىچە يىغلاۋاتىسەن... مەن تېلېفوننى قويۇپ قويىمەن. قويۇۋېتىمەن! راست، تېلېفوننى قويۇپلا ماڭىمەن. ساڭا نېمە بولدى؟ مەن تىترەك تۇرسام، ناھايىتى ساغلاممەن ھەم ناھايىتى خۇشال. سەن خۇشال بولۇشۇڭ كېرەك، ماڭا ئوخشاش... ئاپا؟... مەن هازىرلا ماڭىمەن. ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بارىمەن! كېچىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ مەن هازىرلا يېتىپ بارىمەن!...

(خەنزۇچە «چەت ئەل ھېكايىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ
1987 - يىل 11 - سانىدىن)

# دەھشەتلىك تېھران



مىرزا مۇشفىق كازىمى (ئىران)

تاھىر تالىپ تەرجىمىسى

(بېشى ئۆتكەن سانىدا)

## ئون ئالتىنچى باب

### يېزىدا

قار بىلەن قاپلانغان پايانسىز دالىغا ئاستا-ئاستا نۇر چېچىپ قۇياش كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. خۇدايدات، كەردار ئەلى ۋە قۇربانئەلىلەر قەھۋەخانىدىن چىقىپ، يېزا تەرەپكە يول ئالدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن قۇربانئەلى مەيداندىكى سامانخانىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئىشىكنى ھېچكىم ئاچمىغانلىقتىن، ئۇلار ئىشىكنى ئۆزلىرى ئېچىپ، شەپە چىقارماستىن ئىچكىرىگە كىردى.

پەررۇخ ساماننىڭ ئىچىدە قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى. بۇ يېڭى ئورۇن تولىمۇ يۇمشاق بولغانلىقتىن، مەھبۇس خۇدىنى بىلمەي ئۇخلاپ كەتكەنىدى.

قۇربانئەلىنىڭ ئۇنى بىئارام قىلغۇسى كەلمىدى. لېكىن پەررۇخ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ چۈشىدە ساقچىلارنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ: «مېنى يەنە تۇتۇپ كەتمەكچىمۇ سىلەر؟ قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك ماغدۇرىممۇ يوق، ئېلىپ مېڭىۋېرىڭلار» دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتكەنىدى

— ياق، بۇرادەر، بىز ساقچى ئەمەس، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇلار سېنى ئىزدەپمۇ قويۇشمىدى. ساقچىلار ھازىر يىراقتا قالدى، سەن ئازادسەن، — دېدى قۇربانئەلى ھىجىيىپ.

پەررۇخنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئىشىنەلمەي سورىدى:

— قايتا قولغا چۈشۈپ قالماسمەنمۇ؟ خەۋپ-خەتەر راستىنلا ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟

— ساقچىلار كەتتى، سېنىڭ قاچقىنىڭغا ئانچە بەك ئېتىبارمۇ قىلىشمىدى.

ئۆزىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلغىنىغا ئاخىر ئىشەنگەن پەررۇخ:

— مەن سىلەردىن بەك مىننەتدار، بۇ ياخشىلىقىڭلارنى قانداق قايتۇرارمەن؟ — دېدى.

— بىز سەندىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمىز، — دېدى قۇربانئەلى ئۇنىڭغا قولىنى سۇنۇپ، — خالىساڭ، بىز بىلەن ماڭغىن.

يىگىتلەر ئۇنى تۇرغۇزۇپ ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ مەھەللىگە ئېلىپ ماڭدى.

يېزا ئويغانغانىدى. ئۇ يەر-بۇ يەردە ھويلىدىن چىققان دېھقانلار پەررۇخ بىلەن

ئۇ يىگىتلەرنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراشتى.

— بۇ يىگىت يولدا تولۇپ قالغىلى تاس قاپتىكەن، ئۆيىمىزگە ئېلىپ كېلىۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى يىگىتلەر.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن پەررۇخ ھەمراھلىرى بىلەن قۇربانئەلىنىڭ ئۆيىگە كىردى.

ئىككى ئېغىزلىق كىچىككىنە ئۆي دۆڭ باغرىغا جايلاشقانىدى. قۇربانئەلى تېخى تويلىمىغان بولۇپ، قېرى ئانىسى بىلەن بىللە تۇراتتى. ئۇ پەررۇخنى ئىچكىرى ئۆيگە ئەكىرىپ، ئاپىسىغا سۇ ئاچىقىپ بېرىشنى ئېيتتى.

كەردار ئەلى بىلەن خۇدايدات ئۆز ئىشلىرىغا كېتىشتى. قۇربانئەلى ئاپىسىنىڭ ياردىمى بىلەن پەررۇخنىڭ جاراھەتلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يېزا مۇنچىسىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ پەررۇخقا ئۆزىنىڭ كۆڭلەك - ئىشتانلىرىنى، چەكمەن چاپىنىنى بەردى.

بۇ يىگىتنىڭ قىلىۋاتقان ياخشىلىقلىرىنى كۆرگەن پەررۇخ ئۇنى باشقا ئادەملەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ ھەيران بولاتتى.

چۈشلۈك غىزا ئۈچۈن قۇربان ئەلىنىڭ ئاپىسى مەززىلىككىنە شورپا قىلدى، پەررۇخ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئادەمدەك غىزالاندى.

غىزادىن كېيىن قۇربان ئەلى ئۇنىڭدىن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. پەررۇخ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى قىلچە يالغان ئېيتماي سۆزلەپ بەرسىمۇ، ئۇ بەربىر ئىشەنمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى، شۇڭا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرمەي، قۇربان ئەلىدىن ئۆزرە سورىدى، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، تاسادىپىي ھالدا مەھبۇسلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالغانلىقىنىلا ئېيتتى.

قۇربان ئەلى پەررۇخنىڭ ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغاچقا، ئۇنى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە قىستىمىدى، پەقەت:

— بېشىڭغا قانداق كۈنلەرنىڭ چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق، گۇناھسىز ئادەم ئىكەنلىكىڭنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. لەنەتتى زالىملارنىڭ سېنى ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوقلا قولغا ئالغانلىقىغا ئىمانىم كامىل. ئەمدى ئازاد بولغانىكەنسەن، ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەر، مەن ساڭا قولۇمدىن كەلگەنلىكى ياردىمىمنى ئايىمايمەن، — دېدى.

پەررۇخ قۇربان ئەلىنىڭ ئالىيجاناپلىقى ۋە مېھرىبانلىقىغا قايتىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى ھەمدە ئۆزىنىڭ ھازىر نەدە تۇرۇۋاتقانلىقى، چېگرىغا قانچىلىك ئارىلىق بارلىقىنى سورىدى.

— بۇ يەر ئەھمەتشابات، — دېدى قۇربان ئەلى، — بۇ يەردىن روسىيە چېگرىسىغا پىيادە ماڭسا ئىككى كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. مەشھەد ئۇن - ئونبەش كۈنلۈك يول. ھازىرقى قەھرىتان قىشتا ھېچكىم ئۇ يەرلەرگە پىيادە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

— مەھبۇس يولداشلىرىمنى كېلوتقا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، كېلوت بەك ئۇزاقمۇ؟ — دەپ سورىدى پەررۇخ.

قۇربان ئەلى بارماقلىرىنى ساناپ كۆرۈپ جاۋاب بەردى:

— ھەئە، ئۇزاق، ئالتە كۈنلۈك يول بولسا كېرەك. ھازىر قار بەك يېغىپ كەتتى، بەلكى ئالتە كۈندىمۇ بارغىلى بولماس.

پەررۇخ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىدىن مەھبۇسلارغا قانچىلىك ئېچىنىۋاتقانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

پەرروخ ئۆزىنىڭ قايغۇ-ئەلەمى ۋە تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇپ خېلى ئۆزىگە كېلىپ قالدى.

ھازىر ئۇ پ... ئىسمەلتەنە بىلەن ئۇنىڭ قولچوماقلىرى كەلتۈرگەن ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن ئازاد بولغان بولسىمۇ، لېكىن نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. تېھرانغا قايتسۇنمۇ؟ بۇنىڭغا ئامال يوق. شۇنچە ئۇزۇن يولنى پىيادە مېڭىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلاغ بىلەن بارسۇنمۇ؟ ئات ياكى ئېشەك سېتىۋېلىشقا پۇل نەدە؟

قۇربان ئەلىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇدەك پۇلى يوق ئىدى، بولسىمۇ بىر-ئىككى تۈمەن باردۇ.

— ئازاد قىلىشىنغۇ ئازاد قىلدىڭلار، — دېدى ئۇ قۇربان ئەلىگە، — ئەمدى مېنىڭ قانداق قىلىشىم كېرەكلىكىمنى ئويلاپ كۆردۈڭلارمۇ؟

— بۇ نېمە گېپىڭ؟ بىزنىڭ ئۆيىمىزدە تۇرۇۋېرىسەن، ئىش تامام-ۋەسسالام. خۇداغا شۈكۈر، ياش ئىكەنسەن، ئىشلەيسەن. ئىشىمىزغا ياردەم بېرىسەن، ئىش ھەققىڭنى بېرىمىز. ئىشلىمەيمەن دېسەڭمۇ كېرەك يوق، مېنىڭ مېھمىنىم بولىسەن، بارىنى تەڭ كۆرىمىز.

ئاق كۆڭۈل دېھقان يىگىت پەرروخقا تولىمۇ مېھرىبان بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدەك كۆرۈۋاتاتتى.

— كېتىشكە ئامال بولمىسا، قېلىشقا توغرا كېلىدۇ، قالسام ئىشلەيمەن، ئەلۋەتتە. لېكىن دېھقانچىلىقتىن پەقەتلا خەۋىرىم يوق... ئېھتىمال، بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن ئۆگىنىپ قالارمەن، — دېدى پەرروخ جاۋاب بېرىپ.

— شۇنداق بولىدۇ، — دېدى قۇربان ئەلى، — بىزنىڭ بۇ ئىشلىرىمىز ئانچىلا قىيىن، ئەقىل يەتمەيدىغان ئىشلار ئەمەس. ئىشلەپ تەر تۆكسەكلا بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم قىلالايدۇ. خۇدا خالىسا، بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن ياخشىلىنىپ، ماغدۇرۇڭغا كېلىپ قالىسەن، بىللە ئىشلەيمىز، تېزلا ئۆگىنىپ كېتىسەن.

ئۇلار بۇ توغرىدا ئارتۇقچە گەپ قىلىشمىدى. قۇربان ئەلى پەرروخنى بىرەر سائەت ئۇخلىۋالسۇن دەپ، باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. پەرروخ ياستۇققا يانپاشلاپ خىيالغا كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلىدى، بۇندىن كېيىن يەنە قانداق ئىشلار بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. تارتقان جەبىر-جاپالىرى ئېسىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ چىرايىدا بەزىدە ئەلەم، بەزىدە غەزەپ ئىپادىسى كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بەزىدە مەشۇقى ماھىن پەيدا بولسا، بەزىدە ھېچبىر گۇناھسىزلا جاپا چېكىۋاتقان ئىپپەت گەۋدىلىنەتتى. ئىپپەت ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا ئاجىزلىق قىلغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىدىن خاپا بولاتتى. بەزىدە جاۋادنى ئويلايتتى، ئۇنىڭ ئالتە ئاي سولاقتا ياتقانلىقى، تاياق يېگەنلىكىنى ئەسلەپ، ئۇنى ئازابلىغانلارغا لەنەت ئوقۇيتتى. بەزىدە دادىسى، مېھرىبان ئىنىكئانىسى. دوستى ئەھمەد ئەلىخان كۆز ئالدىغا كېلەتتى. «بېشىمغا قانداق كۈنلەرنىڭ چۈشكەنلىكىنى ئۇلار بىلمەيدۇ-دە» دەپمۇ قوياتتى ئۆزىگە ئۆزى. بەزىدە پ... ئىسمەلتەنەنىڭ قورقۇنچلۇق قىياپىتى ياكى ئەلى ئەشرەپخان، ئىنسانىي سېزىمنى يوقاتقان سىناۋۇش مىرزا دېگەن ئەبلەخلەرنى ئويلاپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولاتتى. ھەزرىتى ئىشانىنىڭ ھىيلىگەرلىكلىرى ئېسىگە چۈشكەندە بولسا، غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپ: «مەيلى، قىساس ئالىدىغان كۈنلەر ھامان كېلىدۇ!» دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى.

قاتتىق چارچاش غالىب كېلىپ، ئۇنى ئۇيقۇ دۇنياسىغا ئېلىپ كەتتى.

قۇربان ئەلىنىڭ ئۇلى ئويغاتقۇسى كەل-
مىدى. ئۇ ئانىسىغا پەررۇخقا ئوبدان قاراشنى،
كەچتە ئۇچ كىشىلىك غىزا تەييارلاپ قو-
يۇشنى جېكىلەپ، ئاقساقالنىڭكىگە
چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاقساقالغا پەررۇخنىڭ
ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئاقساقال ياخشى
ئادەم بولۇپ، قۇربان ئەلىنىڭ تاغىسى ئىدى.
ئۇ پەررۇخنىڭ بۇ يەردە قېپقېلىشىغا قو-
شۇلدى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئازراق يەر ئاجرى-
تىپ بېرىشكىمۇ رازى بولدى.
قۇربان ئەلى ئۆيىگە خۇشال قايتتى،
پەررۇخ تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى.
قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن قۇربان ئەلى
ئىشىكنى قىيا ئاچتى. ئىشىكنىڭ غىچىرلىشى
بىلەن پەررۇخ ئويغىنىپ كەتتى. قۇربان ئەلى
ئۇنى غىزاغا تەكلىپ قىلدى.
قۇربان ئەلى تاماق يەۋېتىپ پەررۇخقا
يەر ئاجرىتىپ بېرىلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى
خۇشال قىلدى.
پەررۇخ ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ
ئېيتتى: «بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، بۇندىن
كېيىن نېمە قىسمەتلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى
ئۆز ۋاقتىدا كۆرەرمەن» دەپ ئويلىدى.
ئۇچ - تۆت كۈندىن كېيىن، پەررۇخ
قۇربان ئەلىگە ئەگىشىپ ئېتىزغا چىقتى.
ئۇچ ئاي ئۆتتى. ماھىن ئۇنىڭ خىيال-
دىن زادى نېرى كەتمىدى. ئۇ يېزىدا قالال-
مايتتى. ئۇ دائىم ئامال قىلىپ بالدۇر-
راق ماھىن بىلەن دوستلىرىنى كۆرۈش،
دۈشمەنلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلايتتى.
ئەمما، تېھرانغا قايتقاندىمۇ، بۇرۇنقىدەكلا
ئاجىز ھالەتتە قالسام يەنە نېمە ئىشلار
بولار، دەپ ئويلىغاندا، ئۇنى تىترەك باساتتى.
ھازىرقى ئەھۋالدا، ئۇ ئاجىز ۋە نامرات بىر
دېھقان يىگىتى بولۇپ، تېھران ھەققىدە ئوي-
لاش ئۇنىڭ ئۇچۇن كۈلكىلىك ئىش ئىدى.
لېكىن، قانداقتۇر بىر خىل ئىچكى نىدا ئۇنىڭ
دائىم مۇشۇنداق تۇرمۇشىنى مۇمكىن ئەمەس-
لىكىنى بىلدۇرۇپ تۇراتتى، ھازىر ئۇزاق تو-
يۇلغىنى بىلەن، بۇ قارا كۈنلەرنىڭ كەينى-
دىن بەختىيار كۈنلەر كېلىپ، ھاياتىدا ئۆز-
گىرىش بولىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى.
ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى.
ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە پومېشچىك
سەئىد ھۆسەيىن ئەلىخان ئىشلارنى تەكشۈرۈش
ئۇچۇن يېزىغا كەلدى. ئۇ پەررۇخنى كۆرۈپ،
ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئىشلەۋاتقان قۇر-
بان ئەلىدىن سورىدى:
— بۇ كىم؟ ئۇنى بۇرۇن بۇ يەردە
كۆرمىگەنىدىمغۇ!
قۇربان ئەلى يالغان گەپ قىلىشقا ئې-
غىزىنى ئۆمەللىدىيۇ، لېكىن يالغان گەپكە
تىلى بارماي، راست گەپنى قىلىپ قويدى:
— بۇ يىگىت مەھبۇسلار بىلەن كەلگە-
نىكەن. بىز ئۇنىڭ پۈتۈنلەي گۇناھسىز ئى-
كەنلىكىنى سېزىپ، قۇتۇلدۇرۇپ قالدۇق.
دېھقانلارنىڭ بۇنداق جۈرئىتىدىن چۆ-
چۈگەن ھۆسەيىن ئەلىخان تىترەپ كەتتى.
ئۇنىڭ دېھقانلىرى ھۆكۈمەت ئەمرىگە قارشى
چىقىپ، مەھبۇسنى ئازاد قىلىۋەتكەنلىكى
ئۇنى ۋەھىمىگە سالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ
پەررۇخنى ئوبدانىراق چۈشىنىش ئۇچۇن
پەررۇخقا:
— كەچقۇرۇن مېنىڭ يېنىمغا بارغىن، —
دېدى.
پەررۇخ تەزىم قىلدى.
كەچقۇرۇن ئۇ پومېشچىكنىڭ ئۆيىگە بار-
دى. يېزا ئاقساقلىمۇ شۇ يەردە ئىكەن.
ھۆسەيىن ئەلىخان ئاقساقالنى ماڭدۇرۇۋېتىپ،
پەررۇخقا بىرنەچچە سوئال قويدى.
ھۆسەيىن ئەلىخان چالا ساۋات بولۇشىغا
قارىماي، پەررۇخنىڭ جاۋابلىرىدىن ئۇنىڭ
ئوقۇمۇشلۇق يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇ
كۈنلەردە ھۆسەيىن ئەلىخان يەرلىك ۋەكىل-

لەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئەلچىخانىدىن ئۆي-
زىگە ئىش تاپماقچى ۋە دىپلومات بولۇۋې-
لىپ، رۇس ئاياللىرى بىلەن ئويناش كويى-
دا يۈرەتتى. ئۆزىنىڭ ئەلچىخانىدا ئىشلىگۈ-
دەك سەۋىيىسى بولمىغانلىقتىن، پەررۇخنى
ئۆزىگە كاتىب قىلىۋالسا، ئۇنىڭ ئىشنى ئەپ-
لەشتۈرىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ يېزى-
دا ئۆزىنى مۇھەممەت رىزا دەپ يۈرگەن
پەررۇختىن:
— يېزىشنىمۇ ئوبدان بىلەمسەن؟ —
دەپ سورىدى.
— بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى
پەررۇخ.
پومېشچىكنىڭ تەكلىپى بىلەن پەررۇخ
بىرنەچچە قۇر خەت يېزىپ كۆرسەتتى.
پومېشچىك خەتكە قاراپ، «ماشائاللا،
ماشائاللا!» دەپ كەتتى. پەررۇخنىڭ
ئۆزىگە قارىغاندا، گەپ - سۆز
ۋە يېزىقتا سىپلىشتۇرغىلى بول-
مايدىغان دەرىجىدە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى پەم-
لەپ، دوستلىرى تېھراندا ئۇنىڭغا
ئاشخاباتتىكى ئەلچىخانىدىن خىزمەت تېپىپ
بېرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى،
يېقىندا جاۋاب كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە
پەررۇختەك بىر يىگىت لازىم ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۈردى.
پەررۇخ بىرنەچچە يىل دېھقانچىلىق
قىلسامۇ، تېھران تۈگۈل، مەشھەدكە بارال-
غۇدەك پۇل تاپالمىغۇدەكمەن، ئۇنىڭ قولىدا
ئىشلىسەم، ھېچ بولمىغاندا، تېھرانغا قايت-
قۇدەك پۇل تاپالىشىم مۇمكىن، دېگەن ئۈمىد
بىلەن دەرھال رازى بولدى.
— بۇ ئىشنى ئۆزۈم ئۈچۈن شەرەپ
دەپ ھېس قىلىمەن، — دېدى ئۇ چالا
ساۋات خوجايىنىغا.
ھەر ئىككىلەن بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىش-
تىن مەمنۇن بولغان ھالدا خەيرلەشتى.

ئەتىسى ياش پومېشچىك پەررۇخنى چا-
قىرىپ، ئۇنىڭغا:
— ئەمدى دېھقانچىلىقىڭنى قوي، مېنىڭ
يېنىمدا بولىسەن! — دېدى.
— چاپارمەن سىزگە شەھەردىن خەت
ئېلىپ كەپتۇ، — دېدى يېزا ئاقساقىلى ئۆي-
گە كىرىپ.
— خىزمەتكە تەيىنلەنگەنلىكىم توغرى-
سىدىكى بۇيرۇقنى ئېلىپ كەلگەندۇ، تايىنلىق، —
دېدى ھۆسەيىن ئەلىخان خۇش بولۇپ.
چاپارمەن — ئۇنىڭ شەھەردىكى خىز-
مەتكارلىرىنىڭ بىرى — ھۆسەيىن ئەلىخانغا
خەت تۇتقۇزدى. پومېشچىك خەتنى ئاۋاز
چىقىرىپ ئوقۇدى: خەتتە ئۇنى تاشقى ئىشلار
مىنىستىرلىكى ئاشخاباتتىكى ئەلچىخانىغا كاتىب
قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى خەۋەر قىلىنغانىدى.
ھەر ئايلىق مائاشى يۈز تۈمەن.
ھۆسەيىن ئەلىخان خۇشاللىقىدىن نېمە
قىلىشنى بىلمەي قالدى. ئىلاج قىلىپ، ئۇ-
نىڭ بالدۇرراق مېڭىپ كەتكۈسى بار ئىدى.
ئۇ پەررۇخقا:
— تەييارلانغىن، بۈگۈن يولغا چىقىمىز، —
دېدى.
پەررۇخ قۇربان ئەلىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ،
بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى ۋە مېڭىش-
قا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيىتتى. بىچارە
قۇربان ئەلى بەكمۇ خاپا بولدى. ئۇ پەر-
رۇخقا ئۆگىنىپ قالغانىدى، ئۇنىڭدىن ئايرى-
لىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.
پەررۇخنىڭ بۇ ئىشتىن خۇشال بولۇۋاتقان-
لىقىنى كۆرۈپ:
— ئۆزۈڭ بىل. ئەگەر مەدەت قىلسۇن،
بىزنى ئەستىن چىقىرىپ قويمىغىن، — دېدى.
بىر سائەتتىن كېيىن، پەررۇخ قۇربان
ئەلى بىلەن خەيرلىشىپ، ئۇنىڭ قىلغان ياخ-
شىلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇنى قۇچاق-
لاپ سۆيدى.

ھۆسەيىن ئەلچىخانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەررۇخقا ئاقساقالنىڭ قىرچاڭغۇ ئېتى تەييارلاپ قويۇلغانىدى. پەررۇخ ئاتقا مىنىپ يېزا بىلەن خەيرلەشتى.

پەررۇخ تاكى يېزا كۆزدىن غايىب بولغۇچە ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۇنى ئۇزاتقىلى چىققان قۇربان ئەلىگە، ئالتە ئاي تىرىكچىلىك قىلغان ئۆيگە تويماي قارايتتى، ئىچىدە بولسا: «قۇربان ئەلى ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلدى، ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرالارمەنمۇ؟» دەپ ئويلايتتى.

بىر دەمدىن كېيىن يول تاغدىن پەسكە قاراپ كەتتى. يېزا كۆزدىن غايىب بولدى. پەررۇخ ئىچىدە: «يېڭى ھايات باشلىنىۋاتىدۇ. مەقسىتىمگە يېقىنلىشىۋاتامدىمەن ياكى ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتامدىمەن؟» دەپ قوياتتى.

## ئون يەتتىنچى باب

### غۇربەتچىلىكتە

بىر ئايدىن كېيىن، ئىران ئەلچىخانىسىنىڭ يېڭى كاتىپى ياش خىزمەتكارى بىلەن بىللە ئاشخابادتىكى خىزمەت ئورنىغا يېتىپ كەلدى.

بۇ كاتىپ بۇرۇن تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق بىر نەرسىنى بىلمەيلا قالماي، ھەتتا بۇ توغرىدا بىرەر سۆزمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا غەيرەت بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئەلچىخانىدا بۇنداق غەيرەتلىك كاتىپنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ئۇ ئادەملەر بىلەن ئاز ئۇچرىشاتتى. ئىشتىن بىكار بولغان چاغلىرىدا ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيادا تىنچلىق ئورنىتىش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يوللىرى توغرىسىدا كىتاب يېزىۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى.

جانابىي كاتىپنىڭ بىردىنبىر كەمچىلىكى — بىرەرمۇ چەت ئەل تىلىنى بىلمەسلىكى ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر، رۇسلارنى «ئورۇس» دەپ ئاتايتتى. جۇغراپىيە بىلىمىگە كەلسەك، گېرمانىيىنى ياۋروپا بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، ياۋروپانىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ، دەپ قارايتتى ۋە يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئۇ تېھراندا ۋە رۇسىيىدە چىقىدىغان چوڭ گېزىتلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇشتىرى بولۇپ، ئىشخانىسىنى گېزىت بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى. قارىماققا، ئۇ پۈتۈن دۇنيادا تىنچلىق ئورنىتىشنى خالايدىغان باشقا ئادەملەرنىڭ پىكىرلىرىنى گېزىت ئارقىلىق ئىگىلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ ئابرويىنى ساقلاش يولىدا ئايانماي خىزمەت قىلاتتى ۋە ۋەتىنىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ھەتتا جېنىنى پىدا قىلىشقىمۇ تەييار ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇنداق پىداكارلىقىغا ھېچقانداق زۆرۈرىيەت يوق ئىدى. بۇ چاغلاردا دۇنيا ئۇرۇشى بولۇۋاتقانلىقتىن، كۆپىنچە ئۇنى خەلقئارا سىياسەت قىزىقتۇراتتى. ئۇ جانابىي شەيخ جەئفەر دەمغانىنىڭ، كاپىرلار ئۇزاق يىللار داۋامىدا ياراتقان بايلىقلارنى ئۆز قوللىرى بىلەن تامامەن ۋەيران قىلىنىۋەتكەنلىكتىن، يورۇتۇش ئۈچۈن قارا چىراغقا، يۈك ئارتىش ئۈچۈن ئېشەككە مۇھتاج بولۇپ، بىزنىڭ يۇرتىمىزغا قول سوزماقتا، دېگەن پىكرىنى توغرا دەپ قارايتتى.

پەررۇخ ئەنە شۇنداق بىر خوجايىننىڭ قولىدا ئىشلەيتتى. ئۇ پەقەت بىرلا ئۈمىد يەنى بىر ئاز پۇل توپلاپ، تېھرانغا كېتىۋېلىش ئۈمىدى بىلەنلا ياشايتتى.

شۇ كۈنلەردە پەررۇخ ئۆيىگە نۇرغۇن قېتىم خەت يازدى، بىراق ھەربىي نازارەت

تۈپەيلىدىن، خەتلەر چېگرىدا يوقىلىپ كەتكەندەك قىلاتتى. يەنە بىر پەرەزدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆيىدە ياشاۋاتقان ھاجى ئاغا خەت تۇشۇغۇچىغا: «ئىگىسى نامەلۇم جايغا كۆچۈپ كەتكەن» دەپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. پەررۇخ ئۆزىنىڭ خەتلىرىگە زادىلا جاۋاب ئالالماي، مەن كەتكەندىن كېيىن ئاتا - ئانامنىمۇ جىم قويۇشماي، ئۇلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەلتۈرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.

بەختكە قارشى، سەئىد ھۆسەيىن ئەلىخان سۆزمەنلىك ۋە دىلكەشلىكتە قانچە ئەپچىل بولسا، پۇل توپلاشتىمۇ شۇنچە ئۇستا بولۇپ چىقتى. ئۇ پەررۇخقا ئۈچ ئايدىن بۇيان مائاش بەرمىدى.

پەررۇخ ھەر قېتىم ھەق تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭمۇ ھازىرغىچە مائاش ئالمىغانلىقىنى، ھۆكۈمەت خەزىنىسىنىڭ قۇرۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلاتتى. ھەر خىل كالتە پەم ھۆكۈمرانلارنى، مۇتەھەم، جىنايەتچى باش مىنىستىرلارنى، بىرمۇنچە شەپقەتسىز نازارەتچىلەرنى بېقىشقا، ئۇلۇغ زات، موللا - ئىماملارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى تەربىيەلەشكە، شاھزادىلەرگە نەپىقە بېرىشكە ئاز پۇل كەتمەيدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرىنىڭ مائاشىغا بولسا، ھېچبىر پالاكەت كەلمەيدۇ. تېھراندىكى بالاخورلار ۋە قاراقچىلارنىڭ ئىشلىرىنى ئەلچىخانا كاتىبىدىنمۇ چوڭقۇرراق بىلمىدىغان بىچارە پەررۇخ سۈكۈت قىلىشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى.

ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئەلچىخانىغا پۇل كەلگەنلىكىنى، خوجايىن بولسا مائاش بېرىشنى ئارقىغا تارتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن پەررۇخ، خىزمەتتىن بوشىنىمەن دەپ، ئۇنىڭغا پوپوزا قىلدى.

سەئىد ھۆسەيىن ئەلىخاننىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئەگەر پەررۇخ كېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئابرويى ئىككى پۇل بولاتتى، چۈنكى، ئۇ تۈزۈكرەك خەت يېزىشنىمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. ئۇنىڭ ئابروي-ئەتىۋارى پەقەت پەررۇخ ئارقىلىقلا قولغا كەلگەنىدى.

ئەگەر پەررۇخ ئۇنىڭغا ۋەكالەتەن ھەر خىل خەتلەرنى يېزىپ تۇرمايدىغان ياكى ھەر خىل ۋەزىيەتتە قانداق گەپلەرنى قىلىش لازىملىقىنى ئېيتىپ تۇرمايدىغان بولسا، چەت ئەللىكلەر ئالدىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچبىر سالادا يوقلۇقىنى ئاشكارە قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنى بۇ مەنسەپكە ئېرىشتۈرۈپ قويغان ھۆرمەتلىك ۋەكىللەرنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە ۋە ئۇنىڭ ئابرويىغا قانچىلىك نۇقسان يەتكۈزگەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولاتتى.

ئۇ ئاخىر پەررۇخقا ئالتە ئايلىق مائاشىنى بېرىپ ئۇنىڭدىن ئۆزرە سوراشقا مەجبۇر بولدى.

پەررۇخنىڭ پۇلى كېرەكلىك ساندىن خېلى كەم بولغاچقا، خىزمەتنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

شۇ كۈنلەردە باكۇدىكى ئەلچىخانىنىڭ باش كاتىبى جانابىي سەئىد خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. نەتىجىدە بىر يىل ئاشخاباتتا ئىشلىگەن ھۆسەيىن ئەلىخاننىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، باكۇدىكى ئەلچىخانىغا يۆتكەلدى. پەررۇخ بۇنىڭدىن بەك خۇشال ئىدى. «ئۇ يەردىن تېھرانغا يېتىپ بېرىش ئۇنچە يىراق» دەپ ئويلىدى ئۇ.

دەل شۇ پەيتتە ئۇلۇغ روسىيە ئىنقىلابى پارتلىدى، ئازەربەيجان، گرۇزىيە، ئەرمەنىستانلاردا مۇستەقىل ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلدى. ئۇ يەردىمۇ ئىنقىلاب باشلىنىپ كەتتى، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ گەپ ھۆسەيىن ئەلىخاننى توختىتالمىدى، ئۇ پەررۇخ بىلەن بىللە باكۇغا كەتتى.

پەررۇخ كۆپ ۋاقتىنى ئەلچىخانىدا ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ھەمىشە غەمكىن ئىدى، ماھىن

توغرىسىدا ۋە ئۆز بېشىغا شۇ كۈنلەرنى سالغانلار توغرىسىدا خىيال قىلاتتى. ئىنقىلاب ئۇنىڭغا بىۋاسىتە بىرەر يېڭىلىقمۇ بەرمىدى، ئۇمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە كۈتمەيتتى.

ئازەربەيجان ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلدى. دۆلەت بېشىدىكىلەر غايىب بولدى، بەزىلىرى قېچىپ كەتتى.

ئارىدىن يەنە ئالتە ئاي ئۆتتى.

بىر كۈنى پەرروخ ئەلچىخانىدىكى ھۇجرىسىدا ئولتۇراتتى، ئەلچىخانا خادىملىرىدىن بىرەيلەن كىرىپ، ھېچكىمگە ئاشكارىلىماسلىق شەرتى بىلەن پەرروخقا باكۇدا ئىرانلىقلارنىڭ بىر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغانلىقىنى ئېيتتى، ئاخىرىدا پەرروخنىڭ بۇ تەشكىلاتقا كىرىش-كىرمەسلىكىنى سورىدى.

ھەممە يەردە ئىجاتلىق يولى ئىزدەپ يۈرگەن پەرروخ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالدى. ئۇ ئېمىلا بولسا، پايدىسى بار دەپ ئويلاپ، تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى ۋە پروگراممىسىنى بىلىپ بېقىش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. ئەلچىخانا خادىمى ئاۋۋال پەرروخنى تەشكىلاتنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىدىن بىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بۈگۈن مەن شۇلاردىن بىرى بىلەن كۆرۈشىمەن، ئەتە سىز ئۇنىڭ بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىسىز، — دېدى ئۇ.

ئەتىسى پەرروخ ئەلچىخانىدىن چىقىپ، بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ ئادەم پەرروختىن تۈركچە تىل بىلەن:

— پارسىمۇ سىز؟ — دەپ سورىدى.

پەرروخ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالدىدا ئىگىز بويى، بۇرنى يوغان، قارا ساقال، باكۇ ئىزۋوشچىلىرى كىيىدىغان يان ياقىلىق قارا كۆڭلەك كىيىپ، بېلىگە كەمەر باغلىۋالغان بىر ئادەمنى كۆردى.

پەرروخ ئىككىلەنمەي جاۋاب بەردى:

— ھەئە، مەن ئىرانلىق، ئەلچىخانىدا خىزمەت قىلىمەن.

— مېنىڭ مەقسىتىمنى سېزەلەيتتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئادەم غەمكىن كۈلۈپ، — ئەگەر خالىسىڭىز، مېنىڭ ئۆيۈمگە بارايلى.

پەرروخ ماقۇل بولدى. ئۇلار مېڭىپ بىرنەچچە كوچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۆپ قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئېغىپ قويۇلغان ۋەۋىسكا بۇ يەرنىڭ مېھمانخانا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

ئۇلار قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن كىرىپ ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقتى. پەرروخنىڭ ھەمراھى ئۆيلەرنىڭ بىرىنى ئاچقۇچ سېلىپ ئاچتى - دە، ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

ئۆي يېقىندىن بۇيان ئادەم قولى تەگمىگەندەك ناھايىتى مەينەت ئىدى.

ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا كارىۋات تۇراتتى. ئۇ پەرروخنى ئۈستەلگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆيدە باشقا ئورۇندۇق بولمىغانلىقتىن، ئۆزى كارىۋاتتا ئولتۇردى.

ئۇ پەرروخقا ئۇزاق سەپسالدى، كېيىن پارسچە گەپ باشلىدى:

— ھازىر قورقۇنچاقلىق قىلىپ تۇرىدىغان چاغ ئەمەس. نېمىشقا بىز بوشاڭلىق قىلىمىز؟ قىساس ئالىدىغان ئۇلۇغ كۈنلەر يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمدى ھېچكىم خەلق ئاممىسىنى ئاياغ - ئاستى قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قېنىنى سۈدەك ئېقىتالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. پۈتكۈل خەلقنىڭ ھايات - ماماتى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى يەنە شۇ ھىيلە - مىكىر بىلەن باي بولۇۋاتقان بىر گۇرۇھ تەييارتاپلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ھەممەيلەن چۈشەندى. مەنمۇ ئىرانلىق، بىراق ئۇزاقتىن بۇيان كاۋكازدا ياشاۋاتىمەن. ئىران ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئېچىنىمەن، نومۇس قىلىمەن. كاۋكاز تۈركلىرى بىزدىن ئېشىپ كەتتى، تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويدى. مەن قەتئىي قارارغا كەلدىم: مەن بۇ

ئىنقىلاب ئوتىنى ئىسرالغا تېلىپ بارىمەن، خورلانغان ۋەتىنىمىزنى ھازىرقى ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتقۇلدۇرىمەن. مەن بۇ يەردىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەممە كۆز قاراشلىرىغا قوشۇلۇپمۇ كەتمەيمەن. لېكىن، شۇ يول بىلەن بىز ھېچ بولمىغاندا، ئاقسۆڭەكلەرنى، روھانىيلارنى ۋە بارلىق مەرىپەت دۈشمەنلىرىنى يوقىتالايمىز. ئۇزاق داۋام قىلغان باشباشتاقلىقنى مەڭگۈلۈك تۈگىتىمىز، دەپ ئويلايمەن. خەلق بۇندىن كېيىن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولى ۋە جاھىل موللىلارنىڭ قورالى بولمايدۇ. كۈرەش قىلىش كېرەك، - ئالدىن مۇشۇ يەردىكى ئىرانلىقلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، بۇ جەھەتتە مەن بەزى تەدبىرلەرنى كۆرۈپ قويدۇم. مەن سېنىڭ ئەقىللىق، ئاڭلىق ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم، شۇڭا تەشكىلاتىمىز توغرىسىدا ساڭا خەۋەر بېرىشنى ئېيتقانىدىم.

پەررۇخ بۇ ئادەمنىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن توغرا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى، كېسەل ياتقان ۋەتىنىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇش يولىنى ئەستايىدىل ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ قەلبىدىن بىلىۋالماقچى بولاتتى.

— سىز مېنى بۇ ئىشقا جەلپ قىلىپ خاتا قىلمىدىڭىز، — دېدى پەررۇخ، — مەملىكىتىمىزنىڭ قانداق ئەھۋالدا قالغانلىقىنى مەن ياخشى بىلىمەن، ھەم نومۇسلىنىمەن. مەن ئاقسۆڭەكلەر ۋە روھانىيلارنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇ كۈنگە قالغانمەن. ئۈچ يىلدىن بۇيان ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاۋاتىمەن. راستىنى ئېيتسام، مەن قابىلىيەتسىز، قولۇمدىن كۆپ ئىش كەلمەيدۇ، لېكىن سىزگە ھەمكارلىشىشقا تەييارمەن. ئەزىز ۋەتىنىمىزنى خائىنلار، مەرىپەت ۋە تەرەققىيات دۈشمەنلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىم قالغۇچە كۈرەش قىلىشقا تەييارمەن. ھالال پىكىر ۋە پاك نىيەت ماڭا يۆلەك بولغانىكەن، غەلىبىدىن ئۈمىدۋارمەن.

پەررۇخنىڭ سۆھبەتدىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى‌ۋە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىستى:

— دېمەك، رازى بولدۇڭ؟ بۇ ناھايىتى چوڭ خۇشاللىق بولدى. مەن شۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قانچە ئىرانلىقنى ئۇچراتقان بولسام، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەمكارلىشىش ئارزۇسىنى بىلدۈرمەكتە. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ غايە ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن كۈرەش قىلمىدىغان، دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلمىدىغان بولسا، بىز مەقسىتىمىزگە يېتىمىز.

— ھەر قانداق ئادەمنىڭ كېيىنگە ئىشىنىۋەرگىلى بولمايدۇ - دە، — دېدى پەررۇخ ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — ئۇلارنىڭ سىزنىڭ تەكلىپلىرىڭىزنى قانداق ئۇسۇل ۋە قانداق نىيەت بىلەن قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولامدۇ؟

پەررۇخنىڭ سۆھبەتدىشى — بىز ئۇنى بۇندىن كېيىن «يولداش ج...» دەپ ئاتايمىز — ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ:

— راست ئېيتىسەن، بەزىلەرنىڭ شەھەرنى بۇلاش ... بېيىش نىيىتى بىلەن رازى بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىپ تۇرىمەن. لېكىن، كۆپچىلىك بىر مەسىلەكتە بولسىلا يامان نىيەتلىك ئادەملەرنى سېزىۋالالايدۇ. ئىشنى توغرا تەرەپكە بۇرايدۇ، توغرا باشقۇرىدۇ، ئاخىرىدا خەلق ئاممىسىنىڭ خەير - خاھلىقىغا ئېرىشىدۇ.

سۆھبەت يەنە بىر نەچچە مىنۇت داۋام قىلدى. پەررۇخ يولداش ج ... نىڭ ئوبرازىدا ئىشەنچ كامىل، قەلبى پاك ئادەمنى كۆردى، بۇ ئۇچرىشىشتىن كۆڭلى خۇش بولدى، ئۆزىنى ئۆزى تەبرىكلىدى.

يولداش ج ... پەررۇخنى ھازىرغىچە قىلىنغان ئىشلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئاخىرىدا؛

— يېقىن كەلگۈسىدە، ئېھتىمال ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، پىلانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشىمىز، — دەپ قوشۇپ قويدى.

كېيىن ئۇ پەررۇخقا تەشكىلاتنىڭ ئاكتىپلىرى بىلەن ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇچرىشىدىغان جاينى بېكىتىپ بەردى. پەررۇخ خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئۈچ كۈنگىچە پەررۇخنىڭ كاللىسىدا بىرى-بىرىگە زىت پىكىرلەر توختىماي كۆرەش قىلىپ تۇردى.

كىتابىمىزنىڭ قەھرىمانى رۇس ئىنقىلابچىلىرى ياراتقان ۋەزىيەتنى تولۇق قوللاپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەزگۈچىلەرنى يوقىتىش ۋە ئازراق بولسىمۇ تەڭلىك ئورنىتىشلا ئىدى. ئۇ خەلقنى خورلاشقا خاتىمە بېرىدىغان ئىنقىلابنىلا زۆرۈر دەپ ھېسابلايتتى، ھېچبولمىغاندا، ئىرانلىقلار، ياۋروپالىقلار ئالدىدا قىزارمىسۇن، ھېچكىم ئىراندا خوتۇن - قىزلارنى ئۇرىدۇ، ئۇ پەردە ئايالىلار ھېچقانداق ئىنسانىي ھوقۇققا ئىگە ئەمەس، ئۇلارنى «ئەقلى قىسقا» دەپ ئاتىشىدۇ، دېمەيدىغان بولسۇن، دەپ ئويلايتتى.

ئۇ، ئىنقىلابنىڭ ئىراندا تەرەققىياتنىڭ قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىشىنى خالايتتى. بولۇپمۇ، مەملىكىتىمىز ئىلغار دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالسۇن، ياۋروپالىقلار ھەرگىزمۇ: ئىراندىن ئىبارەت بۇ «دەھشەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر»دە ھازىرغىچە ھەرخىل جاھىل «جانابىي شەيخ»لەر ئادەملەرگە ئىختىيارىيچە ئۆلۈم جازاسى بېرەلەيدۇ، ساۋاتسىز موللىلار «كاپىر» دېگەن پەتىۋانى چىقىرالايدۇ، دېيەلمەيدىغان بولسۇن، دېگەننى قۇۋۋەتلەيتتى.

پەررۇخ ھازىر كىملەر بىلەن بىللە ئىشلەش لازىملىقىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەگەر ئۇ ھېلىقى پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئاخىرقى نەتىجىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىككىلەنمەي، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېچىلىدىغان يىغىنغا تەييارلىق قىلدى.

## ئون سەككىنچى باب

### ئىنقىلاب يالقۇنى

ئىران شەھەرلىرىنى، ئالدى بىلەن، ئىقلىمى ئەنگىلىيىلىكلەرگە ياراپ قالغان شەھەرلەرنى ئىنگلىز قوشۇنلىرى ئىگىلىۋېلىپ، شەھەر باشقۇرۇش ئىشلىرى بىلەن كۆچەپ شۇغۇللىنىشقا باشلىدى: ئالدىراشلىق بىلەن بەزى بىنالارنى ياسىدى، تۈرمە ۋە مەخسۇس ساقچى ئورگانلىرىنى قۇردى، بۇ ئورگانلاردا خىزمەت قىلىشقا قەزۋىنلىك چ... ئۇدەۋلەگە ئوخشاش ۋەتەنگە ھېسسىياتى يوق شەرمەندىلەرنى جاسۇسلۇققا تاللاپ، ئۇلارغا ئىككى - ئۈچ يۈز تۈمەندىن مائاش بەردى. بۇ يەرلەرگە كىرىپ قالغان بىچارىلەرنى چەت ئەللىكلەر ياكى ئۇلارغا چېتىلغان كىشىلەر سوراق قىلادى؛ سۈرگۈن قىلىش ۋە قاماش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. لوندۇنىڭ بىۋاستە مالىيە ۋە كوماشتىسى بولۇپ كەتكەن باش مىنىستىر بۇ ئىشلاردىن بەك مەمنۇن ئىدى. تېخى يېقىندىلا، يەنى مىنىستىر بولۇشتىن بۇرۇن، ئۇ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنىدى، ئەمدى ھازىر داچا، باغلارنى سالدى، قىمارغا دەسمايە قىلىش ئۈچۈنمۇ بىرمۇنچە پۇل توپلىدى.

گېزىتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاقالغان بولۇپ، پەقەت ئىككىلا گېزىت چىقىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ بىرى، «قوشۇمچە سەدىقە» ئالغان كىچىككىنە بىر گېزىت بولۇپ، بۇ گېزىت باش مىنىستىرنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ بىلىملىك ئادەم دەپ ماختاشقا كىرىشتى، بەزىدە ھەتتا ئۇنى «داھىي»مۇ دېيىشتى، ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەتنى بولسا

«ئىرانىنى قۇتقازغۇچى دۆلەت كابىنېتى»
دەپ ئۇلۇغلىدى. ئىراندا چەت ئەللىكلەر ھۆكۈمـ
رانلىق قىلمۇاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ
كېلىشتۈرۈلگەن بوغۇۋالغانلىقىنى كۆرگەن
خەلق زارلىنىۋاتتى، لېكىن بۇ ئاھۇ زارلار
كىمنىڭ قۇلىقىغا كىرسۇن؟ «شىجائەتلىك»
باش مىنىستىر بۇنداق شىكايەتلەرگە پەسەنت
قىلىپمۇ قويمايتتى.
پۇقرالار ئارىسىغا تەشۋىقاتچىلار ئە-
ۋەتىلگەن بولۇپ، ئەگەر بىرەر ئادەمنىڭ
ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى، خائىنلار، دەپ قوي-
غىنىنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، ئۇلار نا-
ئىپ ھۆسەيىن بىلەن ماشاللاخان* نىڭ
ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەسلىتىپ، «شەرتنامە»نىڭ
زۆرۈرلۈكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. بولۇپمۇ،
كۆك سەللە ئورىغان سەيد ھەممە مەرىكە -
سورۇنلاردا «شەرتنامە»نىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى،
ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلاتتى،
سودىگەرلەرگە «شەرتنامە»نى بۈيۈك باش
مىنىستىرنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىنىڭ
بىرى دەپ چۈشەندۈرەتتى.
ئازادلىق ھەرىكەت ئەربابلىرى ئايلاپ -
يىلالاپ قاماقتا ياتاتتى.
ھەممە يەردە ھەربىي ھالەت يولغا
قويۇلۇۋاتاتتى. ھەر كۈنى توپ - توپ ئا-
دەملەرنى قاماققا ئېلىشاتتى، بۇنىڭ سەۋە-
بىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كۆپىنچە، بىرەر جاي-
دا، جامائەت ئارىسىدا «شەرتنامە»گە نارا-
زىلىق بىلدۈرگەنلەر، ئىنگلىز قوشۇنلىرىنىڭ
ناتوغرا ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا بىرەر ئې-
غىز گەپ قىلىپ قويغان ياكى قەزۋىنلىقلار-
دىن بىرمۇنچە ئادەمنى سوت قىلماي، سو-
راق قىلمايلا قاماپ قويغانلارنى ئىستىبدات
دەپ قويغانلار قاماققا چۈشەتتى. باشقا شەـ
ھەرلەردىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. بىر چاغـ
لاردا، چار پادىشاھنىڭ تىرنىقى ئاستىدا
ياشاۋاتقان رۇسلار مۇنۇچۇقتىن - ئوچۇق زۇ-
لۇم ۋە ۋەھشىيلىكلەرنى قىلاتتى. مەدەنىيەت-
لىك ئىنگلىزلار ئىشلىلىق ۋە قەبىھلىك جەـ
ھەتتە ئۇلاردىن قېلىشمىدى. لېكىن ئىنگلىز-
لار «دوستانە» رەۋىشتە، ئۆز ساداقىتىنى
ئىك قېتىملاپ تەكىتلىگەن ھالدا سىلىق ئە-
مەلگە ئاشۇراتتى. «رېيتېر» ئاگېنتلىقى ھەر
كۈنى لوردكېرزوننىڭ ئىران توغرىسىدىكى
ئېچىنىشلىرىنى دۇنياغا خەۋەر قىلىش ئار-
قىلىق، ئىستىبداتلىققا قارشى قوزغالغان ۋە-
تەنپەرۋەرلەرنى تىنجىتماقچى بولاتتى.
بۇ دەۋر شۇنداق بىر دەۋر ئىدىكى، ئە-
گەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى قورقۇتماق-
چى بولسا، ئۇنىڭغا: «خەپ سېنى، سەن
«شەرتنامە»گە قارشى ئادەمسەن، ئەگەر شۇن-
داق خەۋەر قىلىپ قويىدىغان بولسام، ئۆ-
زۈڭنى تۈرمىدە كۆرىسەن» دەپ قويسىلا
كۇپايە ئىدى. ئەگەر ئۇ بىچارىنىڭ خوتۇن -
بالىلىرى بولىدىغان بولسا، بىرەر پالاكەتچى-
لىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن جىم يۈرۈشى، تۆۋە
قىلىشى زۆرۈر بولاتتى.
دۆلەت كابىنېتى ئىككى يىلچە ساقلىنىپ
تۇردى. ئاخىرغا كەلگەندە، خەلقنىڭ سىيا-
سەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە روسىيە ئىن-
قىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى كىشىلەردە، ئەگەر
بۇ زەنجىردىن ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرمايدىغان
بولسا، ئۇلارنى تەقدىرنىڭ ئۆزى قۇتۇلدۇ-
رىدىغانلىقىغا ئۈمىد پەيدا قىلدى.
پەررۇخ تەييارلىق قىلغان شۇ كېچىسى
باكۇدا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇنى
قۇرۇشقا پەررۇخمۇ قاتناشتى. ئەزالىرى ھەم-
مىسى بولۇپ ئالتە كىشى ئىدى، ئۇلارنىڭ
ھەممىسى كاۋكازچە كىيىنىپ، ماۋزېر ۋە
تاپانچە ئاسقانىدى. پەررۇخ كىرىپ كەلگەن

• بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى يىللىرىدا باش كۆتۈرگەن «قاراقچىلار» نىڭ باشلىقلىرى.

چاغدا، يولداش ج ... يىغىلغانلارغا مۇراجىئەت قىلدى:

— يولداشلار، تونۇشۇۋالىڭلار ... بۇ، مەن ئۈچ كۈن بۇرۇن سۆزلەشكەن كىشى، ئۇ بىزگە ھېسداشلىق قىلىدۇ.

ئۆيدىكىلەر پەررۇخقا تىكىلدى، پەررۇخ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردى.

يولداش ج ... ئورنىدىن تۇرۇپ، پارسچىغا تۈركچىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىراننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەسۋىرلىدى، ئاخىردا:

— پات ئارىدا قوراللىنىپ ئىرانغا ماڭىمىز. لېكىن ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن مەن بىر ئىشنى ئېنىقلىۋالماقچى، ھازىر ھەممىمىزنىڭ نىيىتى بىرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى. بىر ئازدىن كېيىن، ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن يىگىرمە يەتتە ياشلاردىكى بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەزەپلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ھۆرمەتلىك يولدىشىمىزنىڭ سوئالىغا ھەيران قېلىۋاتىمەن. ئارىمىزدا بۇ ئىشقا قارشى تۇرىدىغان ئادەمنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن. ئىراننىڭ ئەھۋالى ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەممىمىز ئۇ يەردىكى تۈزۈمگە قاتتىق نەپرەتلىنىمىز، ئۇنى ئۆزگەرتىش لازىم دەپ قارايمىز، شۇ يول بىلەن ۋەتەننى قۇتۇلدۇرماقچىمىز.

يولداش ج ... خاتىرجەمالىك بىلەن دېدى:

— مەن پەقەتلا شۇنى كۆزدە تۇتقانىدىم. ھازىر مەن ئىختىلاپ يوقلۇقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. ئەمما ئىراندىكى ئەھۋال بىلەن باشقا مەملىكەتلەردىكى ئەھۋالنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، باشقا مەملىكەتلەردە تارقىلىۋاتقان غايىلەرنىڭ ئىراندىكى ئامما ئارىسىغا تېخى كىرىپ يەتمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇڭا مەن بۇ يەردىكى يولداشلاردىن مەقسىتى زورلۇق ئەمەس، بەلكى مەرىپەت ۋە ئەركىنلىك دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلىشقا قەسەمياد قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئولتۇرغانلار ئارىسىدا غۇلغۇلا باشلاندى. ھەركىم ئۆز يېنىدىكى ئادەم بىلەن پىكىرلەشتى. ئاخىرىدا، ئۇلار ئارىسىدا ئىككى كىشىنىڭ ئۇ تەشەببۇسقا نارازى ئىكەنلىكى ئايان بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇلار ھازىرچە ھېچنېمە دېمىدى، بىر - بىرلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئومۇمىي ئىشقا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. قەسەمياد قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئاۋازى تىترەۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. يولداش ج ... نىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، پەررۇخمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا چىقتى ۋە شىرەگە قاتتىق بىرنى مۇشتلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— مەنمۇ بار كۈچۈمنى ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە زالىملاردىن ئۆچ ئېلىشقا بېغىشلاشقا قەسەمياد قىلىمەن.

ئۇنىڭ ياش چىرايىدىن قەتئىي قارارغا كەلگەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇ قەسەمياد قىلىۋاتقان شۇ مىنۇتتا ئۆتمۈشتە تارتقان بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئەسلىگەندەك بولدى.

بىر سائەتتىن كېيىن مەجلىس يېپىلدى ھەمدە ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە جەم بولۇپ، كۆرۈلگەن ئەمەلىي تەدبىرلەر توغرىسىدا يولداش ج ... نىڭ ئېيتىدىغان خەۋەرلىرىنى ئاڭلاش قارار قىلىندى.

شۇ كۈنى پەررۇخ ئۆيىگە باشقىچە پېكىرلەر بىلەن قايتتى. ئۇ ئۆتكەن ئىككى يېرىم يىل جەريانىدا ئۆزىنى تولىمۇ ئاجىز ھېسابلاپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنى ۋاقتى كەلگەندە قىساس ئېلىشقىمۇ ئىقتىدارسىز دەپ قارىغان، ھەممە نەرسىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى.

پەرروخنىڭ كۆز ئالدىدىن دائىم سۆيگىنى ماھىن كەتمەيتتى. ئۇ ماھىننى باغرىدا بېسىپ تۇرغان كېچىنى، باغ ئەتراپىدا ئۆتكۈزگەن شېرىن مىنۇتلارنى ئەسلەيتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ كەلگۈسىدە ماھىن بىلەن تېخىمۇ شېرىن مىنۇتلارنى ئۆتكۈزەلەمسىمۇ؟ بىچارە يىگىت تېخى ماھىن تىرىك، ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ماھىن بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ قالغاندا، ماھىن مەن تەرەپتە تۇرارمۇ، ياكى دادىسى تەرەپتە تۇرارمۇ، دېگەننى ئويلىسا، يۈرىكى تىپىرلاپ كېتەتتى. ئۇ دادىسى تەرەپتە تۇرسىچۇ؟ ياق، ماھىن پ ... ئىسسەلتەنەنىڭ ھەر قانداق رەزىللىكلەرنى قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بۇنداق دادىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشتىنمۇ ۋاز كېچىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ يۈرىكى سېزىپ تۇراتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە مەجلىس بولدى، مەجلىستە يولداش ج ... ئەمەلىي ئىشلارنىڭ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى، پات ئارىدا ھەرىكەت باشلاشقا بولىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ئۈچ پاراخوت ۋە ئالتە مىڭ ئادەم بار ئىدى. يولداش ج ... ھۇجۇم باشلىنىدىغان كۈننى ئېنىق بەلگىلەشنى تەكلىپ قىلدى. قىسقا مۇزاكىرىدىن كېيىن، ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى شەئبان ئېيىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ھەرىكەت قىلىش، ئەنزەلى پورتىغا بېرىش قارار قىلىندى.

ئالدىنقى پاراخوتتا كومىتېت ئەزالىرى ۋە سايلانغان ئوفىتسېرلار بار ئىدى. ئۇلار باش شتاب تەشكىل قىلىپ، تەدبىر - چارىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشاتتى.

يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ئەتىگەندە پاراخوتلار ئەنزەلى ۋە قەزيان ئارىلىقىدىكى ئوق يەتكۈدەك مۇساپىدە توختاپ، دەرھال ھەربىي ھەرىكەتنى باشلىۋېتىش ئۈچۈن قەزياننى بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى.

بۇ جايدىكى ئىنگلىز قوشۇنلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، كېلىشىم قىلىش ئۈچۈن ساھىلدىن پاراخوت تەرەپكە ئاق بايراقلىق قېيىق كېلىشكە باشلىدى. قېيىقتىكى ئادەملەر بىلەن ئىنقىلابچىلار ئوتتۇرىسىدا قانداق كېلىشىم بولغانلىقى بىزگە نامەلۇم، قېيىق قايتىپ بارغاندا، ئېنگلىز گېنېرالى ئۆز ئەسكەرلىرىگە چېكىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەنلىكى ۋە ئىنگلىز قوشۇنلىرى ئەنزەلى ۋە قەزياندىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئېنىق. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەنزەلى ۋە قەزياندا قوشۇنى بولمىغانلىقتىن، ئىنقىلابچىلار پاراخوتتىن چۈشۈپ، ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا بۇ جايلارنى ئىگىلەپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. «شىجائەتلىك باش مىنىستىر» بۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى، ئۇ بۇ ۋەقەدىن چۆچۈپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى.

بۇ ۋەقە توغرىسىدىكى خەۋەرلەر پايتەختكە ئاڭلىنىپ، ئۇ يەردە بىرلا ۋاقىتتا ھەم خۇشاللىق، ھەم تەشۋىش پەيدا قىلدى. باش مىنىستىرنىڭ باشباشتاقلىقىغا خاتىمە بېرىلىدىغان كۈننىڭ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ، خەلق خۇش بولدى؛ ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان خەۋپ كىشىلەرنى تەشۋىشكىمۇ سېلىپ قويدى. مەركەزدىن ئارقا - ئارقىدىن ئەۋەتىلگەن تېلېگراممىلار ئىنقىلابچىلارنى بۇ يولدىن توسالمىدى، غەمگە پېتىپ قالغان ھۆكۈمەت ئۇلاردىن ھېچقانداق جاۋاب ئالالمىدى. ئىنقىلابچىلار ئەنزەلىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن رەشتكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئىنگلىز قوشۇنلىرى ئۆز گېنېراللىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چېكىنىشكە باشلىدى.

ئاھالىنى ۋەھىمە باستى. مەركىزىي ھۆكۈمەت قارشىلىق كۆرسىتەلمەيتتى. ئەسلىدە ئىراننى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىنگلىز قوشۇنلىرىنىڭ نېمىشقا چېكىنىۋاتقانلىقى، چېكىنگەندىمۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ بىمالال ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن بوشىتىپ «دوستانە» يول ئېچىپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى.

ئىنقىلابچىلار رەشتكە كىرىپلا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بىرمۇنچە ئادەم قاماققا ئېلىندى، نۇرغۇن كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئەسكەرلىككە كىردى.

«شىجائەتلىك» باش مىنىستىر ئاخىر يىقىلدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەربىي كۈچلەرنى توپلاشقا كىرىشىپ، ھەر كۈنى رەشت تەرەپكە قوشۇن ماڭدۇرۇشقا باشلىدى.

تېھران ئاھالىسى، ئىنقىلابچىلار تېھراننى ئىگىلىسە، خائىنلارنى جازالايدۇ ۋە خەلقنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىدۇ، ئىنگلىز قوشۇنلىرى ئىران زېمىنىدىن «ياخشىلىقچە» چىقىپ كېتىدۇ ۋە «شەرتنامە» دېگەندىمۇ «قېرىنداشلارچە» ۋاز كېچىدۇ، دېگەندەك ئۈمىدلەر بىلەن خۇش بولاتتى. لېكىن دەل شۇ سەۋەبتىن نارازى بولۇپ تەشۋىش چېكىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ساقچى ئىدارىسى كىشىلەرنى يەنە ئىنقىلابچىلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئالاتتى، تۈرمىگە سولايتتى. «ۋائىزلار» يىغىلىشلاردا ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلىپ، جامائەتنىڭ «ئامىن» دېگەن شاۋقۇن - سۈرەنلىرىنىڭ دالدىسىدا «ساپدىل جانابلار»غا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشەتتى، باشتىن سەللە ۋە دوپپىلارنى ئېلىپ، خۇدادىن كاپىر ئىنقىلابچىلارنى جازالاشنى تەلەپ قىلاتتى.

## ئون توققۇزىنچى باب

## پەررۇخ ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى تەرەپكە ئۆتتى

پەررۇخقا كومىتېتقا كىرىشنى ۋە كومىسسارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەكلىپ قىلىشتى. پەررۇخ بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. لېكىن پروگراممىدا بەلگىلەنگەن تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا غەيرەت بىلەن ياردەملىشىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. ئۇلار قانچە قىلسىمۇ، پەررۇخ ئۇنىمىغانلىقتىن، پەررۇخنى مەيلىگە قويۇۋەتتى.

ئۇ كومىتېت مەجلىسلىرىگە قاتنىشىپ، ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىپ تۇردى.

ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە پەررۇخ: پات ئارىدا ئىنقىلابىي قوشۇن تېھراننى ئىگىلەيدۇ، خەلق خائىنلارنى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا مەن ماھىننى كۆرىمەن، دېگەن خىيال بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلغانىدى.

كومىتېت پائالىيەتلىرىنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرىدىكى بەزى خاتالىقلارغا پەررۇخ ئانچە ئېتىبار قىلمىغانىدى. «كېلەچەكنى، گۈزەل، بەختلىك كېلەچەكنى ئويلاش كېرەك» دەيتتى ئۇ.

بىراق، ئۇ كومىسسارلار ئارىسىدا ئادەتتە ئىران تەشكىلاتلىرى ۋە جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە بولۇپ تۇرىدىغان ئىختىلاپلارنىڭ باشلانغانلىقىنى، بىھۇدە قان تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى ۋە بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ مال - مۈلكى تالان - تاراج قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاستا - ئاستا ئويلىنىپ قالدى ۋە غەمگە چۆكتى.

يولداش ج ... ئەك سەممىي ۋە ھالال ئىشلەيدىغان ئىككى - ئۈچ كومىسسار بىلەن بىرلىكتە ئىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. لېكىن پەررۇخ ج ... نىڭ پۇشايمان قىلىۋاتقانلى-

قىغا، بەزى تۇترۇقسىز يولداشلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە نارازى بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىشقا باشلىدى.

ئىنقىلابچىلار مازاندارانغا قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇ يەردىمۇ قارشىلىققا ئۇچرىمىدى، ئەمدى ئۇلار تېھراننى ئىشغال قىلىش مۇمكىنلىكىگە ئىشەنگەنىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن كومىسارلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە، يولداش ج ... پەررۇخقا:

— مەجلىستىن كېيىن قېپقالغىن، بەزى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىۋالايلى، — دېدى.

ئۇلار يالغۇز قالغاندا:

— ھەر ھالدا، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى بىلگەنسەن؟ — دېدى ئۇ پەررۇخقا، — ھەممىسى بىز ئويلىغاندەك چىقتى: كۆز قاراشلىرىمىزدا بىرلىك يوق، بۇ ھال بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئۇزاققا قالماي، بىزنىڭ غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىمىزمۇ كۆپۈككە ئايلانسا كېرەك. قانداق ئىدىيىلەر بىلەن ئىش باشلىغانلىقىمىزنى بىلىسەن. مانا ئەمدى ئىش قىڭغىر كېتىۋاتىدۇ، كومىتېت ئەزالىرى ئۆز پايدىسىنى كۆزلەش، كۆڭلىگە پۈككەن مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يوللىرىنى ئىزدەش بىلەن بەنت بولۇۋاتىدۇ، پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئىشلەۋاتىدۇ. مەملىكەتنىڭ بەخت-سائادىتى توغرىسىدا ھېچكىم باش قاتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. باكۇدا ماڭا كۆپچىلىك بىزنىڭ مەسلەكداشلىرىمىز تەرەپتە تۇرغاندەك تۇيۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىزگىنلەپ ئالالايمىز، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق خاتالاشقانلىقىمنى ھازىر كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن: دۈشمەنلىرىم غالىب كېلىۋاتىدۇ. نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدىم. بولار ئىش بولدى، بىر ئىلاج قىلىپ ئۇلارنى بۇنداق باشباشتاقلىقتىن توسۇشىمىز، خەلقنىڭ بېشىغا ئازاب-ئوقۇبەت چۈشۈشىگە يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

يولداش ج ... نىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر سەزگەن پەررۇخ غەمكىنلىك بىلەن باش چايقىدى:

— ئۇلارنى توسۇۋالىمەن دەپ ئويلامسىز؟ ئۇلارنىڭ قەبىھ ھەرىكەتلىرى ئىنقىلابچىلارنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزمىسۇن دەۋاتامسىز؟

يولداش ج ... جىم ئولتۇراتتى. پەررۇخمۇ ھېچ نەرسە دېمىدى. بىچارە ج ... ساپ نىيەت بىلەن بۇ ياخشى ئىشقا كىرىشكەنىدى، مانا ئەمدى كۈتۈلمىگەندە شەخسىي مەنپەئەت بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپ ئىجتىمائىي بەخت-سائادەتنىڭ ئۇنتۇلغانلىقى ئايان بولۇپ چىقتى.

— كېلەر نۆۋەتلىك مەجلىستىلا ئۇلارنىڭ بۇشەرمەندىلىكلىرىنى يۈزىگە سالىمەن، — دېدى يولداش ج... بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئىچكەن قەسەملىرىنى ئېسىگە سالىمەن، بۇنداق ناچار ئىش-ھەرىكەتلەرنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىمەن.

پەررۇخ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلدى، كېيىن ھەر ئىككىسى ئۆيلىرىگە قايتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن كومىتېت مەجلىسى بولدى. يولداش ج ... كۈنتەرتىپىنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن، باكۇدا قەسەم بەرگەن چاغدا ئىككىلەنگەن ئىككى يولداشنىڭ نامىنى تىلغا ئالدى:

— مەن بۈگۈن يولداشلارغا ئۆز پروگراممىمىزنى قايتا ئەسلىتىپ قويۇشقا ۋە تۇتقان يولىمىزدىن ئەمەلىيەتتە تولىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى، بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن پات ئارىدا ۋاز كېچىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇش زۆرۈر بولۇپ قالدى، دەپ قارايمەن. باكۇدا مەن ئۆز پىكرىمنى ئېيتقانىدىم. مەن سىزلەرگە ئىراننى باشقا مەم-

لمكەتلەركە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، دېگەنىدىم.
باشقا جايلاردا مۇمكىن بولغان نەرسىلەر
بىزنىڭ شارائىتىمىزغا ماس كەلمەيدۇ. ئەنە
شۇنداق ئۆزىگە خاس شەرت ـ شارائىتلار-
نى ھېسابقا ئالغان ھالدا، ھازىرقى تۈزۈمنى
ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاتلانغانىدۇق. ئىلغار
غايىلىرىمىز يولدا بىر گۇرۇھ تۇراقسىز مەن-
ـەپپەرەسلەرنى يوقاتماقچى بولغانىدۇق. ئەم-
دىلىكتە بولسا، ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولۇپ
چىقىۋاتىدۇ؛ ئىنقىلابنىڭ ئالدىنقى سېپىدە
تۇرۇپ مۇقەددەس غايىمىزنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشتا باشقىلارغا نىسبەتەن كۆپرەك مەس-
ئۇلىيەت يۈكلەنگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ سۈ-
پىتىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ.
يولداش ج ... قىزىپ كەسكىن گەپ
قىلدى. ئولتۇرغانلار ئارىسىدا پىچىر ـ پىچىر
ئارازىلىقلار باشلاندى:
ـــ ئۇ كىمنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ؟ قان-
داق تەنە بۇ؟
يولداش ج ... جاۋاب بەردى:
ـــ بۇ تەنە ئەمەس، ئاگاھلاندۇرۇش.
بۇلدىن كېيىن بۇنداق تەنقىدكە ئورۇن بول-
مىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.
ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ پروگراممىغا سا-
دىق ئىكەنلىكىنى، خائىنلارنىڭ ئەدىبىنى بې-
رىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە كۆ-
چەپ ئۇرۇندى. شۇ كۈنكى مەجلىس ئۇزاققا
سوزۇلدى. يولداش ج ... قانائەت قىلغاندەك
بولدى.
ـــ ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمدىن چۆچۈدى، ـــ
دېدى ئۇ پەررۇخقا، ـــ ئەھۋالنىڭ جىددىيە-
لىكىنى چۈشەندى. ئەمدى ئۆزلىرىنى باشقى-
چە تۇتىدۇ، ئەلۋەتتە.
پەررۇخ باشقىچە پىكىردە ئىدى. ئۇ قار-
شى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئاخباراتلىرىنىڭ ساختا
ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن ئۇ يولداش ج ... نى ئېيىقىپ، ئۇنىڭغا
ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن
ئېمىلەرنى سەزگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.
يولداش ج ... ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇل-
دى، لېكىن:
ـــ مەيلى، شۇنداق بولسۇن، ئۇلار بىزنى
زاڭلىق قىلىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.
ئەمما، بۇنىڭ ھېچقىسى يوق. ئەگەر بىز غە-
لىبىگە ئېرىشسەك، ئۇلارمۇ جازادىن قۇتۇ-
لالمايدۇ. ئاگاھلاندۇرۇشۇم پەقەت ئىشنىڭ
باشلىنىشى، ئەگەر يېقىن ئارىدا شۇنداق ھا-
دىسىلەر يەنە تەكرارلىنىدىغان بولسا، ئۇ-
لارغا قارشى ئوچۇق كۈرەش قىلىمەن، ـــ
دەپ قوشۇپ قويدى.
پەررۇخ كېچىنى خاتىرجەمسىزلىك بىلەن
ئۆتكۈزدى. ئۇ ئىنقىلابچىلار ئوتتۇرىسىدىكى
ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن ئەمدى ئىنتىقام ئې-
لىش ئىمكانىيىتى يارالمايدىغانلىقىنى ۋە سۆي-
گىنى ماھىنىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى
ھېس قىلدى. دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى
كۆرگەندە، بىچارە يىگىت ئىنتىقام ئېلىش
پەيتى كەلدى، ئەمدى ئەمەلگە ئېشىۋاتىدۇ،
دەپ ئىشەنگەنىدى. ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەخلا-
قى، ھەرىكەتلىرى ئۆزگىرىپ كەتكەندىن
كېيىن غەلىبىگە ئۈمىد باغلاش بىھۇدە ئاۋا-
رىچىلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدى.
كومىتېتتىكى ئىختىلاپلاردىن خەۋەردار
بولۇپ قالغان قوشۇنلارمۇ ئىككى تەڭسىز قى-
سىمغا بۆلۈندى. بۇ خەۋەرنىڭ تېھراندىكى
ئادەمخورلار ۋە خائىنلارنى قانچىلىك خۇشال
قىلىۋەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرسە-
تمىز بولىدۇ.
يولداش ج ... كومىتېت ئەزاسى بولۇپ
تۇرۇقلۇق، ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئېتىبارى بول-
ماي، ھەممە ئىش ئۇ قاتناشمىغان
ھالدا قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، پەررۇخ ئۇنىڭ
بىلەن ئۇچرىشىپ تۇردى. يولداش ج ...
نىڭ كومىتېت ئىشىغا ئارىلىشىشىنى باشقىلار

ياقتۇرمايتتى. ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ بولمىسۇن، ئۇنىڭدىن پاتراق قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

ئىنقىلابچىلار بىلەن رۇس ئوفىتسېرلىرى باشچىلىقىدىكى كازاكلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. كازاكلار بىر قېتىم رەشتنى ئىشغال قىلدى، كېيىنچە يەنە مەنجىلگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. يەنە بىر ئاي ئۆتتى. ئىنقىلابچىلار بىلەن كازاكلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭلەر باشلاندى. ئىنقىلابچىلار يېڭىلدى. كازاكلار شەھەرگە يېقىنلاشتى. چاقىرىقلار ئاڭلاندى:

— چېكىنىمىز! شەھەرگە ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى كىرىۋاتىدۇ!

پەررۇخ ئىنقىلابچىلار بىلەن بىللە شەھەردىن كەتمەكچى ئىدى، لېكىن قانداقتۇر بىر ئىچكى كۈچ ئۇنىڭغا نىدا قىلدى:

«قال! كازاكلارغا قوشۇل! شۇنداق قىلساڭلا، مەقسىتىڭگە يېتىشكە ئىشەنسەڭ بولىدۇ.»

ئۇ ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتماي شەھەردە قالدى.

ئىنقىلابچىلار كەتتى، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى قارشىلىقسىزلا شەھەرگە كىرىپ كەلدى. پەررۇخ شۇ ھامان قولغا ئېلىنىپ، قوشۇن قوماندانىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىلدى. قوماندان ئۇنىڭ قېچىشقا ئۇرۇنمىغانلىقىغا ۋە ھېيىقماستىن ئۇلارغا ئەسىر بولۇپ چۈشكىنىگە ھەيران بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش كېرەك، دەپ قويدى.

ئەمما، ئىنقىلاب باشلانغاندىن بۇيان پەررۇخنىڭ ھېچكىمگە يامانلىق قىلمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىرەر شىكايەت چۈشمىگەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، قوماندان بۇ يىگىتتىن ئالغان مەلۇمات ئۆزلىرىگە كۆپرەك پايدا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. پەررۇخ ئۇنىڭغا ئىنقىلابچىلار ئىچىدىكى ئىختىلاپلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.

پەررۇخ مۇنداق دېدى:

— ھازىرغىچە ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشۇمنىڭ سەۋەبى، مەن ئۇلارنى ھەقىقىي ساپ مەسلەكتىكى كىشىلەر دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمدىلىكتە مەن ئۇلارغا قارشى جان دىلىم بىلەن كۈرەش قىلىشقا تەييارمەن.

پەررۇخنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇنى 3-دەرىجىلىك پودپورۇچىكلىكقا بەلگىلىدى ۋە ئالدىنقى ساقچى قىسىمغا ئەۋەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنقىلابچىلارغا قارشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئىنقىلابچىلارنىڭ قورال-ياراق ساقلايدىغان چوڭ ئامبىرى بار جاينى كۆرسىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كوماندىرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن پەررۇخ ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى سېپىگە كىردى.

## يىگىرمىنچى باب

### ئۈچىنچى ھوت ئاغدۇرمىچىلىقى ئالدىدا

يەنە ئالتە ئاي ئۆتتى. قىش يېقىنلاشماقتا ئىدى. كازاكلار رەشتنى يەنە تاشلاپ چىقىشتى. شۇ ئالتە ئاي جەريانىدا روھانىيلار ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل خارامتاماق ئەمەلدارلىرىغا شۇنچە كۆپ مائاش بېرىلگەن بولسىمۇ، كازاكلار بىر پۇلسىز تۇرىۋەردى. رۇس ئوفىتسېرلىرى خىزمەت ئورنىدىن قايتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقا چەت ئەللىكلەر ئىگىلىدى.

گەرچە ئىنقىلابچىلار رەشتنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئەسلىپازى قالمىغانىدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۇلارغا گىلاننى ئالدۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، تېھراندىن ئەندىشە قىلمىسىمۇ بولاتتى.

سوغۇق چۈشتى. ئاچ - يالىڭاچ، پۇلسىز كازاكلار ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاھ-ۇ زارى پەلەككە يەتتى. بۇرۇن ئاقسۆڭەكلەر ئۆردىلىرىنى ساداقەتلىك بىلەن قوغدىغان بۇ ئادەملەر ئەمدى توققۇز ئايدىن بۇيان ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا ھەر ئايدا بېرىلىدىغان بەش ئالتە تۈمەن مائاشنىمۇ بەرمەي قويدى.

ئەھۋال ئۆزگىرىپ كەتتى. ئىنگلىز قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىراندىن چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ قەزۋىن بىلەن مەنجىلدىلا ئازراق قوشۇنى قالغانىدى. يېقىن ئارىدا مۇھىم ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە مىش - مىش گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى.

شۇ كۈنلەردە، ئىران كالېندارى بويىچە 1299 - يىلى دەلۋە ئېيىنىڭ سوغۇق كېچىلىرىنىڭ بىرىدە، قەزۋىندىكى مۇھاپىزەتچى قىسىملار تۇرىدىغان جايغا تۇتاش كوچىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە، ئىككى ئادەم گەپلىشىپ ئولتۇراتتى. ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، بەك سوغۇق ئىدى. ئۇلار ئولتۇرغان ئۆي ھويلىنىڭ شىمال تەرىپىدە بولۇپ، قوشنا ھويلىنىڭ ئىمارەتلىرىگە تۇتىشىپ تۇراتتى. ئۆي خېلى ئىسسىق ئىدى. بۇ ئىككىيلەن لۆم - لۆم ئورۇندۇقتا بىمالال ئولتۇراتتى. شىرەدە بىرشىشە قەزۋىن ھارىقى بىلەن بىرنەچچە دانە ئاپېلسىن تۇراتتى.

— تاشقىرىدا شۇنچە سوغۇق بولۇۋاتىدۇ، مەشكە بولسا ئوت قالىماپسىز، ئەمما ئۆي ئىسسىققۇ؟ — دەپ سورىدى ئوفىتسېر.

سۆھبەتدىشى، يەنى مىزبان جاۋاب بەردى:

— بۇ قوشنىمىزنىڭ مېشىدىن چىققان ئىسسىق، ئۇلار ئوت قالاۋاتىدۇ.

— ئەجەبا، قوشنىڭىزنىڭ مېشىگە ئوت قالانسا، سىزنىڭ ئۆيىڭىزمۇ ئىسسىيدىكەنا؟ — دەپ سورىدى ئوفىتسېر قىزىقىپ.

ھەر ئىككى ئۆي بىر ئادەمنىڭ، ئۇ بۇ ئىمارەتنى سالغان چاغدا تېجەشلىك بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر ئىككى مەشنىڭ مورىسىنى بىر يەردىن چىقارغانىكەن. بىرىگە ئوت قالانسا، يەنە بىر ئۆيمۇ ئىسسىيدۇ. ئۆيلەر بىر-بىرىگە تۇتاش قۇرۇلغان، ئەگەر ئۇ ئۆيدە چىڭراق گەپ قىلىنسا، بىزگە ئاڭلىنىپ قالىدۇ.

— پولكوۋنىكىن... تۇرىدىغان ئۆي شۇمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوفىتسېر.

— ھەئە، — تەستىقلىدى مىزبان، — مەن تاشقىرىقى ھويلىنى، ئۇ چوڭراق ئۆي لازىم بولغانلىقتىن ئىچكىرىكى ھويلىنى ئىجارىگە ئالغان. بىزنىڭ ھويلىمىزدىن ئۇ تەرەپكە چىقىدىغان ئىشىكمۇ بار.

ئۇلار يەنە ھەر خىل ئىشلار توغرىسىدا بىردەم گەپلىشىپ ئولتۇرۇشتى، كېيىن بىرئىستاكاندىن ھاراق ئىچتى.

ئوفىتسېر ئاستا - ئاستا خىيالغا كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قانداقتۇر بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى. ئۇنى خىيال دەرياسىدىن چىقىرىش مەقسىتىدە مىزبان گەپ تەشتى:

— تارتىنىۋاتامسەن؟ نېمە بولدى؟ بۈگۈن سەن ئۆتمۈشنى ئەسلىمەسلىككە، مەن بىلەن بىرەر سائەت بولسىمۇ چاقچاقلىشىشقا ۋەدە بەرگەنىدىڭغۇ!

— ياق، ئامال قانچە، — دېدى ئوفىتسېر، — كەچۈرگىن، ساڭا خاتا ۋەدە بەرگەنىكەنمەن، خۇشال تۇرالمايدىكەنمەن، ئەگەر مەن بىلەن ئولتۇرۇش ساڭا زېرىكەرلىك تۇيۇلىدىغان بولسا، مەن كېتەي.

مېھماننى خاپا قىلىپ قويغان ئوخشايمەن، دەپ خىجىل بولغان مىزبان ئالدىراپ قالدى:

— نەگە كېتىسەن؟ نېمە ئويلىساڭ، ئويلا، لېكىن كەچلىك تاماققا ئولتۇرۇپ بەرگىن.

سۆھبەتداشلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ، جىممىپ كەتتى.

بىردىن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلىنىپ ئۆيگە ئادەم كىرىۋاتقاندەك قىلدى.

— مۇشۇ تەرەپكە كىرىۋاتامدۇ؟— سورىدى ئوفىتسېر.

— ياق،— دېدى مىزبان،— قوشنىمىزنىڭكىگە. پولكوۋنىكنىڭ ئۆيىگە پات - پات مېھمان كېلىپ تۇرىدۇ. بۈگۈنمۇ مېھمىنى بولسا كېرەك، شۇڭا ئۆيىنى ئوبدان ئىسسىتقان ئوخشايدۇ.

ئاياغ تىۋىشىنى ئېنىق ئاڭلاۋاتقان ئوفىتسېر ھەيران بولدى.

— دېمەك، بىزمۇ چىڭراق سۆزلەشسەك، ئۇلار ھەممە گەپنى ئاڭلايدىكەن - دە؟

— شۇنداق، لېكىن مەندە مەخپىي گەپ بولمايدۇ. ئايال كىشىلەر كېلىپ قالسا، بۇ باشقا گەپ، نېرىقى ئۆيدە ئولتۇرىمىز.

ئوفىتسېر دوستىنىڭ بۇنداق ئۇچۇق كۆڭۈللۈككە كۈلدى. كېيىن بىردىنلا جىم بولغىن دېگەندەك ئىشارەت قىلدى:

— توختا، بۈگۈن پولكوۋنىكنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالاي.

ئۇلار جىم بولۇشتى. قوشنا ئۆيدىكىلەر نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتاتتى. نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى. ئىككىيلەن قوشنا ئۆيدە نېمە گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالدى. بۇنداق قىزىقىشقا ھەر ئىككىيلەننىڭ ياشلىقى ۋە پولكوۋنىكنىڭ بويتاق ئىكەنلىكى سەۋەب بولغانىدى. ئۇلار كەلگەن مېھمانلار ئارىسىدا خانىملارمۇ بولسا كېرەك دەپ قىزىقاتتى.

خېلى ۋاقىتقىچە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشتى، لېكىن يا بىرەر كۈلكە، ياكى بىرەر نازۇك ئاۋازنى ئاڭلىمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قىزىقىشلىرى نە - نەلەرگە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتكار كىرىپ، كەچلىك تاماق تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۇلار تاماققا ئولتۇردى. ئوفىتسېر بايىقىدەكلا خىيالچان ئىدى. مىزبان تاماق يەۋېتىپ، كۈتۈلمىگەندە:

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق،— دېدى ئوفىتسېر،— مېنىڭ خىيالىم باشقا تەرەپتە ئىدى.

— بىلەمسەن،— دېدى مىزبان،— مېنىڭچە بۈگۈن پولكوۋنىكنىڭكىدە بىرەر جىددىي گەپ بولۇۋېتىپتۇ، تېھرانىنى ئىگىلەش توغرىسىدا گەپلىشىۋاتىدۇ.

ئوفىتسېر ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بىلەن كارى بولماي ئورنىدىن تۇرۇپ، مەشنىڭ يېنىغا باردى - دە، قۇلىقىنى تامغا ياقتى.

بىز ئۇنىڭ قانداق گەپلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى بىلمەيمىز، لېكىن ئۇنىڭ غەمكىن چىرايى خۇشاللىقتىن ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئاستاغىنا:

— بۇ يەردىمۇ ئۇلارنى ئاغدۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بولۇۋېتىپتۇ. خىزمەتكارىڭغا ئېيتقىن، ماڭا بىر كاناي ئەپكىرىپ بەرسۇن، ئۇ يەردە قانداق گەپلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىشىم كېرەك.

خىزمەتكار كاناي ئېلىپ كىردى. مىزبان ئوفىتسېرنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي كۈتۈپ تۇردى.

ئوفىتسېر ئاۋاز چىقارماستىن كاناينى مەشنىڭ مورىسىغا تىقىپ قوشنا مەشنىڭ مورىسىغىچە يەتكۈزدى، ئاندىن كانايغا قۇلىقىنى تۇتتى.

ئۇنىڭ مەقسىتىگە چۈشەنگەن مىزبان سورىدى:

— قانداق، بىرەر مۇھىم گەپ بولۇۋاتامدۇ؟

ئوفىتسېر جىم بولۇشقا ئىشارەت قىلغاندەك باش قىمىرلاتتى، ئاندىن:

— ناھايىتى مۇھىم گەپ،— دېدى.

ئۇ ئۇزاق تىڭشىدى. ئۇنىڭ ھەممە گەپنى ئاڭلاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆ-

زىنى گويا مەجلىسكە قاتنىشىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، بەزى كەپلەرگە ماقۇل بولاتتى، بەزىلىرىدىن غەزەپلىنەتتى. بىر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتتى. بىردىن ئۇ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك: «ئەگەر ئۇلار مېنىمۇ قوشۇۋالىدىغان بولسا، بۇ قېتىم چوقۇم ئىنتىقام ئالىمەن، ماھىننى تاپىمەن، ئۇنى قۇچاقلايمەن!» دەۋەتتى.

پەررۇخ رۇس ئوفىتسېرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئارمىيىگە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى ئىسيانچىلار دەپ ئاتىغان ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىختىلابلار توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەمدى خەۋپ كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھەربىي ئەمەلدارلارغا ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى.

بىراق، كازاكلار ئاشۇ كوماندىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەھەرنى تاشلاپ بېرىپ، مەنجىلگە چېكىنگەندە ئىش تەتۈرىسىگە قاراپ ماڭدى. رۇس ئوفىتسېرلىرى ئىستىپا بەردى، كازاكلار ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. پەررۇخ بىرەر نىجاتلىق يولىنى كۆرەلمىدى، ئىشلار تولمۇ ياماڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

كازاكلار تارقىلىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قەزۋىنگە قايتتى. پەررۇخمۇ شۇ تەرەپكە كەلدى. گەرچە بۇ جايدىن تېھران ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ تېھرانغا بارماقچى ئەمەس ئىدى. پ... ئىسسەلتەنە تېخى ھايات. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ تېھرانغا كېتەلەمدۇ؟ بۇنداق بېرىشتىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟ تۆت يىللىق سەرسانچىلىقتىن كېيىن مۇشۇ ئەھۋالدا بارامدۇ؟

تۇيۇقسىز، ئۇ قەزۋىندە بۇرۇنقى دوستلىرىدىن بىرىنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ دوستىنى دەرھال تونۇدى. لېكىن ئۇ پەررۇخنىڭ قارىيىپ كەتكەن يۈزىگە ھەر قانچە قاراپمۇ، ياش ۋاقتىدىكى دوستىنى تونۇيالمىدى.

پەررۇخ باشقا ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا كۆرمىگەنگە سېلىپ كېتىۋېرەتتى، بۇ قېتىممۇ دوستىغا ئۆزىنى تونۇتۇش خىيالىدا بولمىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر، ئۆزىنى تۇتالماي، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ:

— ئەسسالام ئەلەيكۇم! — دېدى.

ئاغىنىسى ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلىپ، ئاخىر ئۇنى تونۇدى.

— ھەي، بۇ سەنمۇ؟ كازاك بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئاغىنىسى.

پەررۇخ ئۇنىڭغا جىم بول دېگەندەك بىر ئىشارەت قىلدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئىككىسى رەشت كوچىسىدىكى بىر كىچىك قەھۋەخانىغا كىردى. دوستى پەررۇخقا تېھراندا كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈپ كەتكەنلىكىنى، بىرەر بەختسىزلىك يۈز بېرىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ قاراۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە ئەھمەت ئەلىخاننىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. لېكىن پەررۇخنىڭ دادىسى بىلەن ماھىننىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدى. پەررۇخ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەشنى خالىمايتتى، شۇڭا دوستىدىن ھېچ نەرسىنى كوچىلاپ سورىماسلىقىنى ۋە ھازىرچە دىدار كۆرۈشكەنلىككە شۈكۈر قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. دوستى قىستىمىدى ۋە پەررۇخ پەيت تېپىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئايرىلىشتى.

پەررۇخنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ دائىم مۇڭدىشىپ تۇرىدىغان ئادەملىرى بولسىمۇ، ئۇ ئاۋۋالقىدەك مەيۈس ۋە غەمكىن ئىدى. ئۇ ئەمدى ئىنتىقام ئېلىش ۋە قاچان بولمىسۇن ماھىننى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشتىن ئۈمىد ئۈزگەچكە، دۇنياغا ۋە ھەممە ئادەمگە ئوخشاشلا نەپرەت بىلەن قارايتتى.

بۈگۈن ئۇ ھېلىقى دوستىنىڭ ئۆيىگە كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىنىپ، پولكوۋنىكنىڭ

ئۆيدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى تاسادىپىي بىلىپ قالدى.

قوشنا ئۆيدە بولۇۋاتقان سۆھبەتنىڭ ئۇنى تولىمۇ جەلپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ئىچىدىن يەنە ئىشەنچ - ئۈمىد ساھىلىغا چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ گەرچە كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن دېيىلىۋاتقان گەپلەرنى زور ئېتىبار بىلەن ئاڭلايتتى، كانايدىن قۇلىقىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ كانايغا يېپىشىپ زور دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان چاغدا، بىردىنلا غەزىپى تۇتۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ھەي، قورقۇنچاق!

ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق ئالامىتى ئاستا - ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى. ئۇ ھامان: «قورقۇنچاق، قورقۇنچاق» دېگەن گەپنى تەكرارلايتتى. چارەك سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ كانايىنى يەرگە قويدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ غەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى:

— ھاق، بۇ دۇنيادا ياۋۇز، ئىچى قارىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرەلەيدىغان بىرەر مەرد تېپىلمايدىغان ئوخشايدۇ. سېھرىي كۈچلەردىن باشقىسىغا ئۈمىد باغلىغىلى بولمايدىكەن.

پەررۇخقا ئانچە ئېتىبار قىلماي كەتمەي، چەتتىرەك ئولتۇرغان مىزبان ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى:

— كەيپىياتىڭ بۇزۇلۇپ كەتتىغۇ، نېمە بولدى ساڭا؟ قىزىق ئادەم ئىكەنسەن - دە، پولكوۋنىكنىڭكىدە بولۇۋاتقان گەپلەر بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ؟

پەررۇخ جاۋاب بەرمەكچى ئىدى، لېكىن نېمىندۇر ئويلاپ قالدى بولغاي، چاپچىپ ئورنىدىن تۇردى:

— ھازىرچە سورىماي قوي، ئەڭ ياخشىسى، ئالدى بىلەن ماڭا پولكوۋنىكنىڭ ھويلىسىغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنىلا ئېيتىپ بەر.

مىزبان ئۇنىڭغا پولكوۋنىكنىڭ ئىشىكى مەيدان يېنىدىكى كوچىغا قاراشلىق كۆك سىرىدا سىرلانغان ئىشىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

پەررۇخ ئالدىراپ - سالدىراپ يانچۇقىغا قولىنى سالدى - دە، سەرەڭگە يېنىدا بار ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىتتىك ئۆيدىن چىقىپ، پەلەمپەيدىن چۈشتى، دەرۋازىدىن چىقىپ ئوڭ تەرەپتىكى تار كوچىغا بۇرۇلدى، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدىكى مەيدانغا چىقىۋالدى. سەرەڭگە يېقىپ كۆك ئىشىكنى تاپقاندىن كېيىن ئۆزىگە ئۆزى:

«بۇ ئادەملەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ھەر قانداق قىلىپ بولسۇن بىلىۋېلىشىم كېرەك» دېدى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

### تېھرانغا

ھاۋا سوغۇق. ئەتراپ قاراڭغۇ. بۇ مەيدانمۇ قەزۋىنىنىڭ باشقا مەيدانلىرىغا ئوخشاش بۇنداق چاغدا چىراغ يېقىلمايتتى.

سائەت ئالتە بولۇپ قالغانلىقتىن، مەيداندا ھېچقانداق ھەرىكەت يوق ئىدى. پەررۇخ ئالدىراشلىقتا پەلتويىنى قالدۇرۇپ چىققانلىقتىن، سوغۇق ئۆتۈپ تىترەيتتى، لېكىن قايتىپ كىرىپ كىيىنىپ چىقىشنى خالىمايتتى؛ بۇ يەردىن يىراقلىشىپ كەتسەم، پولكوۋنىكنىڭ ئۆيىدىكى ئادەملەر كېتىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئەندىشە قىلاتتى. ئۇلارنى ياخشىراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، پەررۇخ ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىكى مەركىزىي كوچا تەرەپكە قارىغان ئىشىك يېنىغا يوشۇرۇنۇۋالدى، ئۇلار ئۆيدىن چىققاندا، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

چارەك سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. ئۇ سوغۇققا كۆنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سوغۇق ھاۋا تەسىر قىلىشقا باشلىدى. ئىشىك ئېچىلماي تۇراتتى. ئۇنىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگىگەن چاغدا، بىردىن ئىشىكنىڭ بىر قاسنىقى قىيا ئېچىلدى - دە، كىمدۇر بېشىنى چىقاردى، قاراڭغۇ بولۇشىغا قارىماي، پەررۇخ ئۇنىڭ ساقچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

بېشىنى چىقارغان ئادەم ئۇياق - بۇياققا قارىدى - دە، ھەممە تەرەپ جىمجىت ئىكەن دەپ ئويلىدى بولغاي، كۆزدىن غايىب بولدى.

بىرئازدىن كېيىن ئۆينىڭ ئىشىكى يەنە ئېچىلىپ، بىرنەچچە كىشى چىقتى. پەررۇخ بۇ يەردە چارەك سائەتتىن كۆپرەك تۇرغانلىقتىن كۆزلىرى قاراڭغۇغا كۆنۈپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاۋا ناھايىتى ساپ ۋە تىنىق بولۇپ، ئادەملەرنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنىمۇ ئېنىق كۆرەلەيتتى.

«نېمىدېگەن قارام ئادەملەر بۇ. بۇ ئادەملەرنى قانداق بىر مەسلەك بىرلەشتۈرگەندۇ؟ ھەتتا سەللىلىكلەرمۇ ھازىرقى تۈزۈمدىن نارازى بولۇۋاتقانمىدۇ؟» دېدى ئۇ. ئۆزىگە ئۆزى.

ئۆيدىن چىققانلار بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئىككى - ئىككىدىن بولۇپ، قەزۋىننىڭ مەركىزىي تەرىپىگە كەتتى، پەررۇخ بولسا دوستىنىڭكىگە قايتتى. پەررۇخنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چۈشىنەلمىگەن، لېكىن قوشنا ئۆيدە بولغان ئىشلار ئۇنىڭ تۆت يىلدىن ئارتۇق سەرسانچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلغان دوستى خېلى ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى. دوستى بولغان ۋەقەنى بىلىشكە ئالدىراپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— خوش، نېمە ئىشلارنى كۆردۈڭ؟

پەررۇخ جاۋاب بەردى:

— مەخپىي ئىش، مېنى ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمگە ئېلىپ بارىدىغان ئىش. بەختكە قارشى مەجلىستىكىلەردىن بىرىنىڭ قورقۇنچاقلىقى ئىشنىڭ بېلىگە تەپتى، ئەمدى ئۈمىد باغلىغۇدەك ھېچنەرسە قالمىدى، دېيىش مۇمكىن.

مىزبان بۇ چېگىشلىشىپ كەتكەن ئىشلاردىن ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي، ئۇنىڭدىن گەپنى چۈشىنىشلىكرەك قىلىپ سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

— ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، — دېدى پەررۇخ، — بۇ ئادەملەر ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا پىلان تۈزۈشكەنىكەن، لېكىن ئىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى چوڭ سەللە ۋە ئۇزۇن ساقاللاردىن قورقۇپ، بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتىپتۇ.

پەررۇخ دوستىغا بۇ ئىشنى ھازىرچە مەخپىي تۇتۇشنى ئىلتىماس قىلدى. ئەتىسى پەررۇخنىڭ كەيپىياتى ئۆزگەردى. ئۇ ئۆزىدە داۋاملىق كۈرەش قىلغۇدەك كۈچ بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھازىرقى ۋەزىيەت باشقىلارنىمۇ بىزار قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشۇلدى، خېلى دىددىل بولۇپ قالدى. گەرچە پولكوۋنىك ن... نىڭ نارازىلىقى پىلاننى پۈتۈنلەي بەربات قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پەررۇخ باشقا يول تېپىلىدۇ ۋە ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۇلار كۈرەشنى باشلىۋېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. تەقدىر ئۇنىڭغا يەنە يول كۆرسىتىپ بەردى.

ئاشۇ كېچىدىن يىگىرمە بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پەررۇخ: «كازاكلار ئەتە قەزۋىندىن كېتىدىكەن، ئۇلار تېھرانغا بارىدىكەن.» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدى.

كۈتۈلمىگەن ۋە ئىلگىرى زادىلا بولۇپ باقمىغان بۇنداق گەپنى ئاڭلاپ ھەيران

قالغان پەرروخ ئۆزىگە يېقىن سەبداشلىرىنىڭ بىرىدىن:

— بۇ قانداق گەپ، بىلەمسەن؟ نېمىشقا ئەتىلا تېھرانغا ماڭىدىكەنمىز؟ — دەپ سورىدى.

— نېمىشقىلىقىنى مەنمۇ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

«بۇ ئىشتا ھېلىقى كېچە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش بارمۇ يا؟» دەپ ئويلىدى پەرروخ.

ئۇ بۇ ئىشنى باشقىلاردىن سوراشقا باشلىدى، بىراق ھېچكىم ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. كېيىن ئۇ تېھرانغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنىڭ پولك شتابىدىن بېرىلگەنلىكىنى ئېنىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بۇيرۇقنىڭ ھېلىقى كېچىدىكى ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە تامامەن ئىشەندى.

ئۇ خۇشاللىق بىلەن سەپەرگە تەييارلىنىشقا باشلىدى.

شۇ كۈنى كېچىسى كازاكلار تېھرانغا ماڭدى. ئەتىسى، يېرىم رەسمىي تېھران گېزىتلىرىنىڭ بىرىدە بۇ ھەقتە ئاددىي بىر خەۋەر بېسىلىپ چىقتى.

تېھرانغا يېقىنلاشقانسېرى، پەرروخنىڭ قايغۇ - ئەلىمى كۆپىيىۋەردى. بىچارە ئۆزىنى چۈلغىۋالغان بۇ ھېسسىياتنى نېمە دەپ ئاتاشنىمۇ بىلمەيتتى.

نېمىلا بولسۇن، ئۇ مەھبۇبىنىڭ يېنىغا، ئۇنىڭ شەھىرىگە كېتىپ بارىدىغۇ؟ بۇنداق غەم - غۇسسە بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ لېكىن ئۇنىڭ ئىككى كۈندىن كېيىن تېھرانغا بېرىپ، ماھىنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىمۇ ئۇنى خۇشال قىلالمايتتى.

— نېمىشقا بارغانسېرى قايغۇ - ئەلىمىڭ كۆپىيىپ كېتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن بىر ئوفىتسېر ئاغىنىسى.

پەرروخ سەۋەبىنى ئېيتمىدى، لېكىن تېھرانغا بارغاندا، ئۇنىڭغا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشكە ۋەدە بەردى:

ھازىرغىچە پەرروخ تېھرانغا بارغاندىن كېيىن كىمنىڭكىگە كىرىشنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ دادام غەم - ئەلەم تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ياكى تايانچىسىز قېلىپ ئۆيدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى. سەبدىشى ئۇنىڭ غەم قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرغىن دەپ تەكلىپ بەردى:

— مەن كېلىۋاتقانلىقىم توغرىسىدا ئۆيگە خەۋەر بېرىۋەتكەن، بۇ بۇيرۇق بېرىلمىگەن تەقدىردىمۇ، بەرىبىر تېھرانغا بارماقچى ئىدىم.

پەرروخ ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ تېخىمۇ خىيالچان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئۆزىمۇ ھەيران بولاتتى، ھەتتا بۇنى خۇشاللىقنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلىدى. بىراق، ئۇنىڭ يۈرىكى غەلىتە سوقاتتى، كۆڭلى غەش بولاتتى، ئۇ بۇ خىل ھالەتتىن بەكمۇ ئەجەبلىنەتتى.

ئەتىسى كېچىدە ئۇلار بېكەتكە يېتىپ بېرىشتى. بېكەتتىن تېھرانغا يەنە ئالتە پەرسەخ• يول بولۇپ، پىيادە ئالتە - يەتتە سائەتتە بېسىپ بولغىلى بولاتتى. پەرروخ تېھرانغا بارغاندا ئىشنى نېمىدىن باشلاشنى، ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى تېخىچە ئويلىمىغانىدى، لېكىن ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىش لازىملىقىنى بىلەتتى، ئۇ تېھرانغا يۈرۈش قىلىشنىڭ ھېلىقى كېچىسى قەزۋىنىدە ئاڭلىغان مۇزاكىرىلەر بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، سەبدىشىدىن ئايرىلىپ، ئەترەت كوماندىرى چۈشكەن كارۋان سارايغا باردى.

پەرروخ كوماندىرنىڭ قايسى قىسىمدىن سەن، دېگەن سوئالىغا جاۋاب بەرگەندىن

---

• پەرسەخ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، بىر پەرسەخ بەش كىلومېتىرچە كېلىدۇ.

كېيىن، هودۇقماي، كوماندىرغا چاقناق كۆزلىرىنى تىكىپ مۇنداق دېدى:

— مەن قوزغىلاڭ ھەققىدىكى ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار، بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ مەقسىتىنىمۇ بىلىمەن. سىز خالىسىڭىز، مېنى يوقىتىۋېتىشىڭىز مۇمكىن، بۇنىڭدىن قورقمايمەن. لېكىن شۇ مۇھىم ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقىنىڭىزدا، مەن سىزدىن مەندەك بىر ئەلەم چەككەن بىر ئادەمنىڭ بىرنەچچە ئادەمنى قاماققا ئېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى ئويلىشىپ بېقىشنى، مۇمكىن بولسا بۇيرۇق ئىجرا قىلىشنىمۇ تاپشۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

ئاردا بىر مەھەل جىملىق ھۆكۈم سۈردى. كوماندىر گەپلىرىدىن ئەلەم ۋە دەرد سېزىلىپ تۇرغان بۇ ياش ئوفىتسېرنىڭ قەلبىدە نېمىلەر دولقۇن ئۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك، ئويلىنىپ قالدى. كېيىن ئۇنىڭ شىجائىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ سورىدى:

— كىملەرنى دېمەكچىسەن؟ ئۇلارنى قانداق قىلماقچىسەن؟

پەررۇخ ھەربىيلەرچە تىك تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ تەلىپىم ئانچە چوڭ ئەمەس، پەقەت ئۇزاق يىل چەككەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىم ئۈچۈنلا ئىنتىقام ئالىمەن، خالاس. خائىنلارنىڭ تىزىملىكىگە مېنىڭ ھاياتىمنى ۋەيران قىلغان، ئۇنى زەھەرلىگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزۈپ قويۇشىڭىزنى سورايمەن.

ئۇ ئازراق توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھازىر ئۇ پارلامېنت ۋەكىلى، ئىسمى پ... ئىسەلتەنە. ئۇنىڭدىن باشقا مېنى قىيناشقا يەنە بىرنەچچە ئادەم قاتناشقان، ئۇلار گەرچە ئانچە كۆزگە كۆرۈنمىگەن شەخسلەر بولسىمۇ، لېكىن خېلى يامان ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ ئۆزىنىڭ باشلىقلىرىدىن قېلىشمايدۇ.

كوماندىر بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، پەررۇخقا پ... ئىسەلتەنەنىڭ ئىسمى تىزىملىكتە بارلىقىنى ۋە ئۇنى قاماشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ تېز - تېز يېزىشقا باشلىدى:

«پود پورۇچىك مۇھەممەت رىزاخان قاماقخانا مەسئۇللىرىغا تاپشۇرىدىغان كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ خەۋپلىك جىنايەتچىلەر قاتارىدا قاتتىق رىجىمدا ساقلانسۇن.»

پەررۇخنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ بۇيرۇقنى ئېلىپ:

— ئەمدى مەن ئىنتىقام ئېلىش يولىدا كېتىپ بارىمەن، دېيەلىشىم مۇمكىن، — دېدى.

ئاردىن يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى كۈن ئولتۇرۇپ بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كازاكلار تېھرانغا قاراپ مېڭىشتى. بۇيرۇقنى يانچۇقىغا سېلىۋالغان پەررۇخ ماھىن تۇرۇۋاتقان جايغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە پات ئاردا مەھبۇبىنىڭ ۋىسالىغا يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنى بەختىيار ھېس قىلاتتى. لېكىن ئۇنى بىئارام قىلىۋاتقان تەشۋىشلەر يەنىلا تۈگىمىگەنىدى.

ئۇلار تېھرانغا يېقىنلاشقاندا، پەررۇخ سەبدىشىغا مۇنداق دېدى:

— ئەگەر تېھراننى ئىشغال قىلىش نېسىپ بولۇپ، پ... ئىسەلتەنەنى قاماشقا بارىدىغان بولساق، چوڭ دەرۋازىدىن كىرىش قولايسىز، شاۋقۇن - سۈرەن باشلىنىشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى، خىلۋەترەك كوچىغا قارايدىغان ئىشىكتىن كىرەيلى، ئۇ يەردە ھېچقانداق قارشىلىققا دۇچ كەلمەسلىكىمىز مۇمكىن.

ئۇلار سائەت يەتتىلەردە تېھرانغا يېتىپ باردى. تېھران بىرىگادىسىنىڭ ئانچە چوڭ بولمىغان ئەترىتى قەزۋىن دەرۋازىسىغا يېقىن جايدا كازاكلار بىلەن ئۇچراشتى، لېكىن ئۇلار ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيلا كازاكلار بى-

لەن بىللە شەھەرگە قايتتى. كازاكلار تېزلا كازاك گازارمىسىغا يېتىپ باردى، ئۇ يەردىن نەزمىيە تەرەپكە مېڭىپ، نېرى - بېرى توقۇنۇشلاردىن كېيىن، ئۇ يەرنى ئىشغال قىلدى.

پەررۇخ ئوفىتسېر ئاغىنىسى بىلەن ئۈچ كازاكنى ئېلىپ، ئىزۋۇشلار تۇرىدىغان بىر سارايدىن ئېلىنغان پەيتوندا پ... ئىسسەلتەنەتنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئالدىن ئويلاپ قويغىنىدەك پەررۇخ خىلۋەت كوچىدىكى ئىشىكنى ئوڭايلا ئېچىپ، هويلىغا كىردى. ئۇ ئىزۋۇشچىغا — ئۇمۇ كازاك ئىدى — چوڭ دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇ هويلىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقتىن، ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەيتتى، ئۆز - ئۆزىگە: «ئەگەر ماھىن هازىرغىچە دادىسىنىڭكىدە تۇرۇۋاتقان بولسا، مەن قېرىنى ئېهتىياتلىق بىلەن، قىزىدىن سەزدۈرمەستىن قولغا ئېلىشىم كېرەك.» دەيتتى.

ئۆيگە كىرىۋاتقاندا، پەررۇخ سەبدىشىغا: مەن ئالدىن كىرەي، ئۇ يەردە دېمەكچى بولغان گەپلىرىم بار، دېدى.

بىز پەررۇخنىڭ جانابىي پ... ئىسسەلتەنەتنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرگەنلىكىنى، ئۆيدە بەختىيارلىق بىلەن كۈلگەن ئادەم ئەمەس، بەلكى خوتۇنى ۋە قىزىنىڭ دەرد - پىراقىدا تۈگىشىپ كەتكەن، ئۆلۈم ئالدىدا ياتقان بەختسىز قېرىنى كۆرگەنلىكىنى بىلىمىز.

پەررۇخ يول بويى ئۇنى نېمىلەر قىيناپ كەلگەنلىكىنى، تېهرانغا يېقىنلاشقانسېرى نېمىشقا ئۇنىڭ تەشۋىشلىرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندى: ئۇنىڭ تۆت يىل مابەينىدە ئۈمىد بېغىشلىغان، خىيالىنى ئىگىلىگەن، يۈرىكىدە ساقلاپ كەلگەن نەرسىسى يوقالغان بولۇپ، بۇنى ئۇ تۇيغانىدى.

پەررۇخ هېكايىسىنى تۈگەتتى، هەممەيلەن جىم ئولتۇراتتى. بۇ يەردە ئولتۇرغانلارمۇ كۆپ ئازاب - ئوقۇبەت چەككەن ۋە بەختسىزلىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدىغان كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دەردى پەررۇخنىڭ تارتقان دەردى ئالدىدا هېچگەپ ئەمەس ئىدى.

پەررۇخمۇ بېشىنى سىلاپ جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلەتتى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتماي جىملا ئولتۇراتتى.

جىمجىتلىقنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئېپپەت سۆز باشلىدى:

— بولار ئىش بولدى، ئەمدى ياش تۆككەننىڭ پايدىسى يوق. تەقدىر شۇنداق ئىكەن، بىزدە نېمە ئىلاج.

كۆپ ئۆتمەي داستىخان سېلىندى. بۇ هالەتتە كىمنىڭ تاماق يېگۈسى كەلسۇن!؟

پەررۇخنىڭ كۆز ياشلىرى توختىمىغانىدى. لېكىن ئۇ يەنىلا بېشىنى سىلاپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى، نېمە توغرىسىدا ئويلاۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بۇرۇن ئۇنىڭ خىيالىنى ئىگىلەپ كەلگەن نەرسىلەر ئەمدى يوق، مەڭگۈلۈك يوقالغانىدى. ئۇ توغرۇلۇق خىيال سۈرۈش ئەمدى پايدىسىز. لېكىن، ئۇ بىچارە ئويلىمايمەن دېگەن بىلەن ئويلىماي تۇرالامدۇ؟

پەررۇخنىڭ هېكايىسى قاتتىق تەسىر قىلىپ، شۇ ھەقتە ئويلاپ ئولتۇرغان بابا هەيدەر مۇنداق دېدى:

— بۇ قانداق بولغىنى؟ ۋاي - ۋۇي... پەررۇخ شۇنچىلا كۆپ ئىشق دەردى تارتىپتۇ، مەن بۇنىڭدىن بىخەۋەر يۈرۈپتىمەن. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى بالىلىق، خىيال دەپ ئويلاپتىكەنمەن...

پەررۇخنىڭ ئىنىسىنىڭ ئانىسى گەپكە ئارىلاشتى:

— مەن باشتىلا بالىلىرىمنىڭ ئاشىقى - شەيدالىقىنى بىلگەن، مەن هەتتا سەئىدنى-

مائىلدىن ئىشق دورىسىنى تېپىپ كەلگەنىدىم، لېكىن شىپا بولمىدى بولغاي، ئۇ تىنچىمىدى...

ئەھمەت ئەلىخان بىلەن پەررۇخنىڭ ئوفىتسېر ئاغىنىسى ھەيران قالدى.

— ئېمانچە كۆپ ئازاب ۋە خورلۇق كۆرگەن — ھە... پەررۇخنىڭ سەۋرچان — بەرداشلىق ئىكەنلىكىنى قاراڭلار! — دېدى ئۇ.

پەقەت جاۋادلا ئۆز يېقىنىنىڭ دەرد — ئەلىمىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئىندىمەي ئولتۇراتتى، خىيالى جالالەتنىڭ نۇرانە كۆزلىرىدە ئىدى.

پەررۇخ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ:

— ئەپسۇس، مەن بۇ يەردە ئۇزاق ئولتۇرالمايمەن، كېتىشىم كېرەك، — دېدى.

كېچىلىرى ھەربىيلەردىن باشقا ھەر قانداق ئادەمنى قاماققا ئېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، پەررۇخ جاۋاد بىلەن باباھەيدەرگە بىر كازاكنى قوشۇپ ئەۋەتتى، ئۆزى ئەھمەت ئەلىخاننى ئاپىرىپ قويماقچى بولدى.

— مەن بۈگۈن كېچە بىر ئادەمنى قاماققا ئېلىشىم كېرەك، — دېدى ئۇ.

بىر سائەتتىن كېيىن مېھمانلار كېتىپ، ئۆي جىمىپ قالدى. ئىپپەتمۇ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، بالىنى يېنىغا ياتقۇزدى — دە، پەررۇخنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئويلاپ ئۇيقۇغا كەتتى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

### ئەپيۇننىڭ كاساپىتى

بۇلىنگەندىن تۆت يىل بۇرۇن پ... ئىستەلتەنە، ئەلى ئەشرەپخان ۋە سىمائۇۋۇش مىرزىلار بىر ئوفىتسېرغا پەررۇخنى قولغا ئېلىش ۋە كىسلوتقا سۈرگۈن قىلىشنى بۇيرۇغان، ئۇ ئوفىتسېر ئايۋاناقتىن ئۇلارغا خەت ئەۋەتىپ، پەررۇخنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ۋە بەلگىلەنگەن جايغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى. ئەلى ئەشرەپخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېنىك تىنىپ: «خۇداغا شۈكۈر، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇق» دېدى.

پەررۇخ بىلەن ئەپيۇنخانىدا ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ زور تەشۋىشكە چۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان — ئەتكەنلىرىنىڭ ئاشكارە بولۇپ كەتكەنلىكى ۋە بۇنىڭدىن كىشىلەر خەۋەردار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ھەتتا ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ بۇ گەپنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئىپپەتنىڭ ئاتا — ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدىغانلىقىنى بۇرۇنمۇ بىلەتتى، ئەلۋەتتە. ئەمما، ئۇ ئىپپەت ئۇلارغا ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەنلىكىنى، ئاخىر ئېرى ئۇنى تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى دەيدىغان بولسا يۈزى تۆكۈلۈشىدىن قورقۇپ، باشقا گەپلەرنى چوقۇم يوشۇرىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

بىردىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە سىرلىرىنىڭ ئاشكارە بولغانلىقىنى، قىلغان رەزىللىكلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۆپكىسى يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى... دەل مۇشۇ قورقۇنچ تۈپەيلىدىن ئۇ پەررۇخنى قامتىۋېتىشكە بەل باغلىدى، ھەمدە بۇ شۇملۇقنىڭ بىر قىسىم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئوفىتسېرنىڭ خېتى ئۇنى تىنچلاندۇرغاندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ دەھشەتلىك چۈشلەرنى كۆرۈپ، بىئاراملىق ئىچىدە ياشاۋەردى. ئۇنى ھەر ئاخشىمى ئۇخلىغاندا ۋەھىمە باساتتى: قوراللىق كىشىلەر ئۇنى قورشىۋېلىپ، جازالىماقچى بولاتتى. بۇ دەھشەت تۈپەيلىدىن ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئۇ بىرنەچچە

قىتىم ر ... ئۇددەۋلەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قىزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ناھەق دەرد ـ ئەلەملەرنى ئېيتىپ بەرمەكچى ۋە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئۇنىڭ ئەخمىقانە مەنمەنلىكى ئۇنى بۇ يولدىن توستى. ئۇ، مەن ھېچقانداق نالايىق ئىش قىلمىدىمغۇ، ياۋروپالىقلار ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ يامان ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىغۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

ئىسپاھاندىن قايتىپ كەلگىنىگە ئالتە ئاي بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ ئىشىمىز يۈرۈتۈەردى، ئۇنىڭ مىنىستىرلىكتىكى ھامىيلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە يۈرۈپ كەتكەنىدى. ئۇنى ھېچكىم يوقلىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېڭى مىنىستىرلار بەك قېرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بۇرۇنقى مىنىستىرلاردەك ئىلتىماس بىلەن كەپ قىلمايتتى. ھازىر باشقا ئەمەلدارلار تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۇنى ئارقىدا قالدۇراتتى، ئۇ بولسا مەنەپكە ئولتۇرۇشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۆيدە ئولتۇراتتى. ھەر قانداق جاڭجال ۋە توپىلاڭلارنى پۇلغا سېتىۋالىدىغان ئاكىسىنىڭ تەتۈرىچە، ئىشق ـ مۇھەببەت ۋە ھالاۋەت ھىدى كېلىدىغان نازۇك ـ نەپىس ئىشلارنى كۆپرەك ياقتۇراتتى. ئۇ مىنىستىرلارنىڭ ئىشتىھاسىنى قىممەتلىك گىلەم ۋە نەق پۇلغا قارىغاندا شۇ يول بىلەن قوزغاش ئاسانغا چۈشىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى.

ئەپيۇن چېكىش ئۇنى بىرەر جامائەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن، ھەر قانداق لاياقەتتىن مەھرۇم قىلىپ قويغانلىقتىن، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. گەرچە ئۇ «مەملىكەت ئىشەنچى» دەپ ئاتىلىدىغان ياشلار تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولسىمۇ ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىسىدا ھېچقانداق پىكىر قويمايتتى، پەقەت نوقۇل ھالدىلا مۇلداق دەپ قوياتتى: «توغرا، ۋەزىيەت ياخشى ئەمەس، بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ بىز ئىرانلىقمۇ، دېمەك، تەقدىرىمىز شۇنداق ئىكەن، باش مىنىستىرلىرىمىز ئوغرى ۋە ساتقىن بولۇشى، ئوغرى ۋە ساتقىن بولمىغاندىمۇ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەملەردىن بولۇشى كېرەك» دەپ قوياتتى.

ئۇ بەزىدە دەردكە چىدىماي خىزمەتكارىنى چاقىرىپ، ئوت بىلەن چىلىمىنى ئەكېلىشنى بۇيرۇيتتى ـ دە، تازا بىرنەچچە نەيكە تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالاتتى.

كەيپكە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئىپپەت بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ئۇنىڭغا گويا بىر چۈشتەك تۇيۇلاتتى. ئۇ شۇ قەدەر خارابلىشىپ كەتتىكى، شۇنچىلا جىنايەتلەر ئۆزىنىڭ قولىدىن كەلگەنلىكىگە ئۆزىمۇ ئىشەنمەي قالدى.

ئاكىسى بولسا، تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا چىقىش يولىدا ئۇنىڭ تەشۋىقاتچىلىقىغا موھتاج ئىدى. ئۇ سىڭايان بولۇپ قېلىۋاتقان مىنىستىرلىكنى يۆلىۋېلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندا، ساھىبقىرانىيە*گە بېرىپ، خەلقنىڭ مىنىستىرلىكنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشى، بازارمۇ بازار يۈرۈپ بىر تالاي كىشىلەرنى دەيدەيگە سالالايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ئىسكە بولۇش ئۈچۈن، ئۆز ئەتراپىغا ئادەم توپلىشى كېرەك ئىدى. ئاكىسى ئۇنىڭ يېنىغا پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى، ئۇنى بۇ ئىشقا قاتنىشىشقا كۆندۈرمەكچى بولاتتى. بىراق، ئۇ بىكار ئاۋارە بولاتتى. ئەلى ئەشرەپخان بولسا، دائىم: ماقۇل، ئەتە باراي، ئەتىدىن تارتىپ باشلىۋېتىمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرەتتى، ئەمما ھېچقانداق ئىش قىلمايتتى.

* نەھەمەت شاھنىڭ شەھەر سىرتىدىكى سارىيى.

ئۇ ھەر قېتىم ئاكىسىنىڭ ئىلتىماس ۋە ۋەدىلىرىدىن ئېرىپ كېتىدىغان، ئەتىسى چوقۇم بارىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ كۆڭلىگە پۈكىدىغان بولسىمۇ، بەگنىڭ قولىدىن بىرەر ئىش كېلەمتىمۇ؟

ئۇ بەزىدە قىمارخانىدىمۇ كۆرۈنۈپ قوياتتى.

پەررۇخنىڭ قولغا ئېلىنغىنىغا تۆت يىل بولدى. بۇنى ئەلى ئەشرەپخان ئالىلىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئاكىسى بىلەن بىللە قەزۋىن دەرۋازىسىغا بارغان كۈنى كېچىسى سىناۋۇش مىرزا بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەممىنى ئەسلىدى. بىراق ئۇيۇنغا بېرىلىپ كېتىپ، يەنە ئۇنتۇدى. ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن يەنە ئۆيىگە خاتىرجەم ھالدا كەتتى.

ئەلى ئەشرەپخان ئىرادىلىك ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى توغرا دەپ قارايدىغان، ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىنى ھەر خىل سوپىزىم تەلىماتلىرى ئارقىلىق ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىشنى بىلىدىغان قارا يۈرەك ياۋۇزلار قاتارىغا كىرمەيتتى. ئەكسىچە، ئاجىز ۋە يۈرەكسىز ئادەم ئىدى، ھاماقەتلىكى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، ئۆزىنىڭ يامانلىق قىلمىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. باشقىلار بولسا، بۇنىڭدىنمۇ ناچار ئىشلارنىمۇ قىلىدىغۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئۇ ئۆيدە كازاكلارنى كۆرۈپ، ھاڭ-تاڭ قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن، كەيپ قىلىشنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىگەنىدى.

توساتتىن، ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن كازاك ئوفىتسېرغا كۆزى چۈشتى ۋە پەررۇخنى تونۇپ لاغىلداپ تىترەپ قېتىپلا قالدى.

پەررۇخ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ:

— سالامەت بولۇڭ، ھازىرمۇ يەنە زاڭلىق قىلىپ كۈلەمسىز؟ — دېدى.

ئەلى ئەشرەپخان جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز گەپ قىلغۇدەكمۇ ماغدۇرى قالمىغانىدى. ئۇ پەقەت قورقۇنچلۇق بىسەرۋەقە يۈز بېرىدىغانلىقىنىلا سېزەتتى. دار قۇرۇلغانلىقى، يېقىن ئارىدا بارلىق خائىنلار دارغا ئېسىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مىش-مىش گەپلەر شۇ كۈنى شەھەرگە تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بويىنىغا سىرتماق سېلىنغاندەك ھېس قىلاتتى.

ئوفىتسېر ئۇنىڭغا يەنە:

— ئۆتكەن تۆت يىل ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ كۈلگەن بولسىڭىز كېرەك. مەيلى، كۈلسىڭىز كۈلىۋېرىڭ. ئەمما، مېنىڭچە، بۇ قېتىمقى كۈلكىڭىز سەل باشقىچىرەك بولىدۇ، — كېيىن ئۇ تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ قوشۇپ قويدى:

— ھازىرمۇ ئاكىڭىزغا تايىنامسىز؟ قىلغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى قانۇنغا ئۇيغۇن دەپ ئويلامسىز؟

ئەلى ئەشرەپخان لام-جىم دېمەيتتى، پۇتلىرى لاغىلداپ تىترەيتتى، خالاس. قارىماققا، ئۇ گەپ قىلغۇدەك مادارى بولىدىغان بولسا، ھەممە جىنايەتلىرىنى ئىقرار قىلىشىپ بېرىدىغاندەك قىلاتتى.

پەررۇخ ئۇنىڭ بىلەن ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرۇشنى خالىمىغانلىقتىن، ئۇنى قاماققا ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئەلى ئەشرەپخان قىمىر قىلمايتتى. نېمە قىلالىسۇن؟ قارشىلىق كۆرسىتەلەمدۇ؟ ئۆزىدىن چوڭ ۋە كۈچلۈك ئادەملەرنىمۇ باپلىۋېتىشتىغۇ؟ ئەمدى ئۇ ئۆلۈمنىلا كۈتەتتى ۋە سۈكۈت قىلاتتى.

پەررۇخ يەنە ئەلى ئەشرەپخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇددى ئۇنىڭ بىرەر يېرىگە سۇۋۇشۇپ كېتىشتىن ھەزەر قىلغاندەك يىرگىنىپ:

— باشقا كېيىمىڭىز بولمىسا، ئالدىمغا چۈشۈڭ ... ماڭدۇق، — دېدى.

ئەلى ئەشرەپخان زوردىغا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، تىترەك ئاۋاز بىلەن:

— قانداق قىلىمىز مەيلى ... مەن تەييار، — دەپ جاۋاب بەردى.

«ماھىن ئۆلۈپ بولغان، ھەممە تۈگىگەن چاغدا بارلىق جىنايەتچىلەر ئىتائەتكارلىق بىلەن باش ئېگىۋاتىدۇ. قانداق قىلسام بولارىكىن؟ ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئالدىنىپ، ئىنتىقام پەيتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۇنى جازالاشتىن ۋاز كېچىپ قالماي يەنە، ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ!» دەپ ئويلايتتى پەررۇخ.

ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئىككى كازاكنى چاقىرىپ، ئەلى ئەشرەپخاننى باغلاشقا بۇيرۇدى.

ئەلى ئەشرەپخان يەنىلا گەپ قىلغۇدەك مادارى يوق ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى شۇنداق تىترەيتتىكى، قىمىرلاشقىمۇ مادارى يەتمەيتتى. كازاكلار ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا ئۆتۈپ، قوللىرىنى باغلىدى - دە، تاشقىرىغا ھەيدىدى.

ئەلى ئەشرەپخاننىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان خىزمەتكار خوجايىنىنىڭ قاماققا ئېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، غىڭ - پىڭ قىلالماي، ھەيران بولغان ھالدا ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. كازاكلار كوچا دوقمۇشىدىن ئەگىپ كۆزدىن غايىب بولغاندىمۇ، ئۇ يەنە قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ ئۆزىگە كېلىپ، ۋارقىرىغىنىچە ئىچكىرى ھويلىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ ۋارقىرىشى ئەلى ئەشرەپخاننىڭ ئۆيىدىكىلەرنى، جۈملىدىن، ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ئايالى بولۇپ تۇرغان، يېشى خېلى يەرگە بېرىپ قالغان خانىمنىمۇ ئويغىتىۋەتتى. خوتۇن چادىرىسىنىمۇ يېپىنماي، رومالىمۇ ئارتماي يۈگۈرۈپ چىقىپ، خىزمەتكاردىن بولغان ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سوراشقا باشلىدى.

قىشتا كۈن قىسقا بولغانلىقتىن، كەچقۇرۇن سائەت بەش يېرىمدىلا قاراڭغۇ چۈشتى. بۇنداق چاغلاردا تۈرمىنىڭ قاراڭغۇ كامېرلىرىدا نەقەدەر قورقۇنچلۇق زۇلمەت ھۆكۈم سۈرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس.

پەررۇخنىڭ نەزمىيە تۈرمە باشلىقىغا بەرگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئەلى ئەشرەپخان قاراڭغۇ كامېرغا تاشلانغاندىن بۇيان، ئارىدىن ئون ئىككى سائەت ئۆتتى. بۇ ئون ئىككى سائەتنى ئۇ خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئۆتكۈزدى. پەررۇخنىڭ كۈتۈلمىگەن پەيتتە پەيدا بولۇشى ئۇنى شۇنداق گاڭگىرىتىپ قويغانىدىكى، بۇ ۋەقەلەر ئۇنىڭ ئويىدا ياكى چۈشىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇ پەررۇخنىمۇ، بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىمۇ ئالماقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. شۇنداق كۈنلەردە، كۈتۈلمىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش... ئەلى ئەشرەپخاننىڭ ئەپيۇن چېكىش تۈپەيلىدىن خىرەلىشىپ كەتكەن كاللىسى ئەمدى تامامەن كاردىن چىققانىدى. ئۇ ئەمدى بۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىگە، ئۇنى راستىنلا پەررۇخنىڭ قامىتىۋەتكەنلىكىگە ئىشەندى.

ئۇ قورسىقى ئاچقانلىقىنىمۇ سەزمىدى، پېشىن مەزگىلىدە ئالدىغا قويۇپ قويغان ئارپا نېنى بىلەن ئاشنى تېتىپمۇ باقمىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ قامىلىش سەۋەبلىرىنىمۇ ئويلاپ باقمىدى. ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىنى — ئەپيۇننىلا ئويلايتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەگەر بۇ مەينەت كامېردا ئۇنى خۇمار قىلغان ئەپيۇن بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان بولسا، قاماققا ئېلىنغانلىقى ئۈستىدە شىكايەت قىلمىغان، تەقدىرگە تەن بېرىشكە ئۆگىنىپ قالغان ھەقىقىي ئىرانلىقلارغا ئوخشاش «بۇ يەر بەكمۇ ئېسىل ئۆي ئىكەن» دېگەن بولاتتى.

سائەت توققۇزغا يېقىنلىشىپ قالغىنىغا قارىماي، ھېچكىم ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالمىدى. ئەپيۇن كەلتۈرۈپ بەرمىدى، كۆزلىرىدىن ياش، بۇرنىدىن سۇ ئېقىشقا باشلىدى. بۇ قاتتىق خۇمار بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلايتتى، تامغا بېشىنى ئۇراتتى، بۇرنىنى يەرگە تەگكۈزەتتى، لېكىن تىنچلىيالمايتتى. ئەپيۇن خۇمارى تارقىمايتتى.

ئۇ دەرمانسىزلانغان ھالدا ئىشىكنىڭ تۈۋىگىچە سۈرۈلۈپ باردى ـ دە، ئىشىككە بېشىنى قاتتىق ئۇردى. بىراق، ساقچىنىڭ كەچقۇرۇنلۇق ئايلىنىشقا چىقىشىغا خېلى ۋاقىت بار ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ بۇ يەردە بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ بولۇپ تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى، بۇنداق ئىشلارغا ئېتىبارمۇ قىلىشمايتتى.

ئاخىر، ئىشىك غىچىرلىدى. ئەلى ئەشرەپخان خۇش بولۇپ كەتتى: بىرى كەپتۇ، ئۇنىڭدىن ئەپيۇن سوراشقا بولىدۇ. ساقچى پانۇس كۆتۈرۈپ ئىچكىرىگە كىردى، تاۋاقتىكى قول تەگكۈزۈلمىگەن تاماقنى كۆرۈپ:

— قانداق، ياقمايۋاتامدۇ؟ بۈگۈن مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى تاماقتىن رازى بولۇپ كېتىشتىغۇ! — دېدى.

ئۇ تاۋاقنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا باشقىسىنى قويۇپ قويدى ـ دە، ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، ئېيتىشقا رۇخسەت قىلسىڭىز، — دېدى ئەلى ئەشرەپخان دىددىلداشىپ.

— خوش، نېمە دېمەكچىسەن؟ — قوپاللىق بىلەن سورىدى ساقچى.

ئەلى ئەشرەپخان قورقۇپ تىترەپ سۆزلىدى:

— ئەگەر مەھبۇس ئەپيۇن چېكىپ ئۆگىنىپ قالغان بولسا، ئەپيۇن بېرىلەمدۇ ـ يوق؟ شۇنى بىلمەكچىدىم.

ساقچى كۈلۈپ كەتتى.

— گېپىڭنى قارا سېنىڭ. دۆلەتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرىڭ يوقتەك تۇرىدۇ. ھۆكۈمەت مۇشۇ نان بىلەن ئاشنىمۇ قەرز ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. باش مىنىستىرلار قورقىدىغان سىياسىي مەھبۇس بولغىنىڭدا، باشقا گەپ ئىدى. تۈرمە باشلىقى سېنى ئۆز ھېسابىغا ئەپيۇن بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان بولاتتى. بىراق، سەن توغرۇلۇق بۇنداق بۇيرۇق بېرىلمىدى، شۇڭا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماي قوي، ماقۇلمۇ؟ مەسىلىنى چۈشەندىڭمۇ؟

ساقچى كامېردىن چىقىپ ئىشىكنى قاتتىق ياپتى ـ دە، شاراقلىتىپ قۇلۇپلىدى. ئاياغ تاۋۇشى يىراقلاشتى.

تۈرمە نازارەتچىسىنىڭ جاۋابى ئەلى ئەشرەپخاننى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ھەممە نەرسىگە چىدىسىمۇ، لېكىن ئەپيۇنسىز ياشاشقا چىدىمايتتى.

ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە بېشىنى تامغا ئۇرۇپ، ۋاي ـ ۋايلاپ ياتتى. ئۇ ھازىر چېكىشكە ئەمەس، يالماپ يۇتۇۋېتىشكە مۇشتەك ئەپيۇن بېرىدىغان ئادەم چىقسا، ئۆزىنىڭ ھەممە بايلىقىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار ئىدى. بىراق، ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى.

كېيىن ئۇ مەينەت يەرگە بېشىنى يېقىپ ئاچچىق يىغلىدى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

### يەنە بىر قېتىملىق ئۇچرىشىش

كازاكلار تېھرانغا كېلىپ بەشىنچى كۈنى كەچقۇرۇن، تېھراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى فرانسىيە ئەلچىخانىسىنىڭ يېنىدىكى كۆركەم بېزەلگەن بىر ئۆيدە ئىككى ئادەم سۆزلىشىۋاتاتتى. بۇ مەھەللە بەكمۇ جىمجىت ۋە خاتىرجەم بولۇپ، ئۆيلەرمۇ، ئاھالىلەرمۇ

ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، تېھراندا بۇنىڭدىنمۇ چىمجىت مەھەللە يوق دېيىشمۇ بولاتتى.

ھويلا كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە بالىخانا بارلىقىنى كۆكۈمدىنمۇ كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. ئۆيدە يېزىقچىلىق ئۈستىلى، يېشىل قالپاقلىق چىراغ، ئىككى كرېسلو ۋە ئىككى يېنىغا ئىككى ئۇستەل قويۇلغان شىرە بار ئىدى. بۇ ئۆي مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن ئىشخانىغا ئوخشاپراق كېتەتتى.

ئاق، يۇزلۇك ياش يىگىت كرېسلودا ئولتۇراتتى، ئىككىنچىسى كۆرۈنۈشىدىن خىزمەتكار بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئەدەب بىلەن تىك تۇراتتى.

ياش جاناب خىزمەتكارغا بۇرۇلۇپ:

— خوش، ھەسەنقۇلى، مېھمان كۈتۈش تەييارلىقى پۈتتىمۇ ياكى يەنە كەم تەرەپلەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇيرۇغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى تەييارلاندى، ئاشپەز ئايال بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، غىزانى مەززىلىك قىلىپ تەييارلاۋاتىمەن دەيدۇ.

يىگىت مىيىقىدا كۈلۈپ:

— ھە، بۈگۈن مېنىڭ ئەڭ قەدىرلىك مېھمىنىم كېلىدۇ ... — دېدى، كېيىن سۆھبەت مەزمۇنىنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى، — ماڭا قارا، بابا نېمە دېدىڭ؟ ئۆمرۈڭدە ئىككىنچى قېتىم بولمىغۇر ئىشقا دۇچ كەلگەنلىكىڭنى سۆزلەۋاتاتتىڭغۇ دەيمەن. گېپىڭنى چۈشەنمىدىم، ئۇ قانداق بولمىغۇر ئىش ئىدى؟

خىزمەتكار بىر يۆتىلىۋالدى - دە، گەپكە كىرىشتى:

— سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ياشاۋاتقىنىمغا ئۈچ يېرىم بولۇپ قالدى، بۇرۇن كىمنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەنلىكىمنى سوراپ باقمىغانىدىڭىز.

يىگىت كۈلۈپ كەتتى.

— بۇنىڭغا نېمە بولاتتى، سېنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا، ياخشى ئادەم ئىكەن دەپ قارىغانىدىم، پەرىزىم توغرا چىقتى. مەن سەندىن ھەقىقەتەن رازى.

ھەسەنقۇلى مىننەتدارلىق بىلەن باش ئەگدى:

— مەن جانابىي پ ... ئەسسەلتەنەنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەن.

بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ، يىگىت شۈركىنىپ كەتتى.

— سەن شۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلغانمۇ؟ — ئۇنىڭ چىرايىدا غەزەپ ئالامىتى پەيدا بولدى، ئەمما ئۆزىنى بېسىۋالدى. لېكىن بۇ ئۆزگىرىش خىزمەتكارنىڭ زېرەك كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى:

— سىز ئۇنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بولدى، ئۇ گەپنى قوي. ئېيتە، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟ — دېدى يىگىت نەپرەت بىلەن.

— ئەگەر سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويمىسام، ئۇنىڭ ئۆيىدە بولغان ۋەقەلەرنى، ئۇ يەردىن كېتىپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى ھەسەنقۇلى يەنە شۇ گەپنى قىلىپ.

يىگىت ماقۇل بولدى. ھەسەنقۇلى گېپىنى داۋام قىلدى:

— بۇنىڭدىن تەخمىنەن تۆت يىل ئىلگىرى، جانابىي پ ... ئەسسەلتەنەنىڭ ئۆيىگە ئىككى كىشى كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پ ... ئەسسەلتەنەگە كۈيئوغۇل بولماقچى بولغان يىگىتمۇ بار ئىدى. كەلگەنلەر ئاكا - ئۇكا ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ چىرايىغا قاراپلا، قەبىھ جىنايەتچىلەر ئىكەن، دېگەن ئويغا كېلىپ ئۇلارنىڭ خوجايىن بىلەن نېمە گەپلەرنى قىلىشىدىغانلىقىغا قىزىقىپ قالدىم. يانداكى ئۆيگە كىرىۋېلىپ، گەپكە تازا قۇلاق سالدىم. ئۇلار خوجايىن بىلەن بىللە

ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن بىرىنى قاماققا ئېلىش توغرىسىدا پىلان تۈزۈشتى.

— ئۇنىڭ شۇ قېرىندىشىنىڭ ئىسمىنى بىلەمسەن؟ — قىزىققان ھالدا سورىدى يىگىت.

— بىلمەن، ئىسمى پەررۇخ، — دېدى ھەسەنقۇلى.

يىگىت يەنە سەسكىنىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ بولغان ۋەقەنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

ھەسەنقۇلى سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇلار سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن پەررۇخنى قاماتماقچى بولغانلىقىنى پەملىدىم. مەن پەررۇخنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا تونۇيدىغانلىقىم، ئۇنىڭ ياخشى يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ يامان نىيىتىنى شۇ كۈنى كەچقۇرۇن پەررۇخقا خەۋەر قىلىپ قويماقچى بولدۇم. بىراق، مېھمانلار كېتىشى بىلەنلا خوجايىن مېنى چاقىرىپ: «خىزمەتكارلار يوق، بۈگۈن مەشەدە قونۇپ قال» دېدى. ئامالسىز ئۇ يەردە قونۇپ قالدىم. ئەتىسى ۋاقىت چىقىرىپ، پەررۇخنى تاپىمەن - دە، بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا ئېيتىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئەتىسى كەچكىچە زادىلا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. شۇ كۈنى ئۇلار يەنە يىغىلىشتى، بىر ساقچى ئوفىتسېرىمۇ كەلدى. مەن يەنە يوشۇرۇن تىڭ - تىڭلاپ ھەممە گەپنى ئاڭلىۋالدىم. قارىسام، پەررۇخقا چوڭ بىر خەۋپ يېتىپ تۇراتتى. كەچقۇرۇن بىر ئامال قىلىپ بوش ۋاقىت تاپتىم - دە، ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردۈم. بۇ كۆرگۈلۈكلەر ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك، ئۆيىدە يوق ئىكەن، نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، ئۆيگە قايتتىم. يولدا كېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ كېتىپ قالغانلىقى ياخشى بوپتۇ، ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈشتىن قۇتۇلۇپ قالار دەپ ئويلىدىم. كېچىچە ئۇخلىيالماي، ئەتىسى يەنە بارسام: «پەررۇخ ئۆيدە قونمىدى» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىنمۇ ئانچە تەشۋىش سېزىلمەيتتى. مەنمۇ ئۆيگە خۇشال قايتتىم. قارىسام، پ... ئىسمەلتەنە تولىمۇ خۇش چاقچاق ۋە خۇشال كۆرۈنىدۇ، بۇنى كۆرۈپ: «ئەمدى يىگىتنىڭ ئىشى چاتاق، بىچارىنى قاماققا ئاپتۇ - دە» دەپ ئويلىدىم، يۈرىكىم جىغىلدە قىلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن پ... ئىسمەلتەنە كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، چىرايىغىمۇ، كۆزىگىمۇ قارىغۇم كەلمەيتتى. ئۇنىڭ قولىدا يەنە خىزمەت قىلىش تەس بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى، خىزمەتتىن كەتمەكچى بولغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ھەيران بولدى: «نېمىشقا كېتىسەن؟ يېقىندا ۋەكىل، ئۇنىڭدىن كېيىن مىنىستىر بولماقچىمەن، ياخشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن» دېدى. ئۇنىڭ بۇ ۋەدىلىرىگە ئۇچۇپ كەتمىدىم، چىقىپ كەتتىم، بۇرۇن سىزگە ئېيتقانىدەك، سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كېلىشتىن بۇرۇن ئالتە ئاي بىكار يۈردۈم.

يىگىت ئويچان ۋە غەمكىن ھالدا سورىدى:

— شۇندىن كېيىن پەررۇخنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— كۆرمىدىم، ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، تولىمۇ سېغىندىم.

خوجايىن خاتىرجەملىك بىلەن:

— ئۇنى قايتا كۆرسەڭ تونۇيالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

خىزمەتكار ھەيران بولۇپ جاۋاب بەردى:

— تونۇمايچۇ، مېنى كىم دەپ ئويلاۋاتىسىز؟ قېرىپ قالغىنىم بىلەن، خۇداغا شۈكۈر، كۆزۈم ھازىرغىچە ئۆتكۈر.

يىگىت كۈلۈپ قويۇپ سورىدى:

— ھېلىقى ئاكا - ئۇكا دېگىنىڭ كىملەر ئىدى؟

— ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن، لېكىن ئۇلار كەلگەن چاغدا، ئەشرەپ چاقىرىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر قىلىشىمنى بۇيرۇغانىدى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم، — دېدى ياش خوجايىن ئۆزىنى تۇتالماي.

— نېمە، سىز ئۇلارنى تونۇمسىز؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ھەسەنقۇلى.

— تونۇيمەن، — دېدى يىگىت، — ئاشۇ كۈنى يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇيمەن، پەررۇخ بىلەنمۇ بەك ياخشى تونۇشىمەن، بۈگۈن ئۇنى مېھمان بولۇشقا چاقىردىم.

ھەسەنقۇلى كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى:

— نېمە دەۋاتىسىز؟ پەررۇخنى كۈتۈۋالىمەن دەۋاتامسىز؟ بۈگۈنمۇ؟

— بۇنىڭ نېمىسىگە ھەيران بولىسەن؟ پەررۇخ مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم.

ياش خوجايىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پەررۇخ بىلەن قاچاندىن باشلاپ دوست ئىكەنلىكىنى، پەررۇخ تۆت يىل يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە قانداق قىلىپ تۇساتتىن كازاك ئوفىتسېرى بولۇپ تېھرانغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

شۇندىن كېيىنلا ھەسەنقۇلى خوجايىنىنىڭ كەيپىگە ئىشەندى.

— ياش ئەمەسمۇ، خۇدانىڭ رەھمى كەلگەندۇ، — دېدى ئۇ.

ئۆي ئىگىسى ئازراق سۈكۈتتىن كېيىن:

— بۈگۈن ئۆمرۈمدە ئىككىنچى قېتىم قەبىھ ئىشقا دۇچ كەلگەنلىكىمنى ئېيتقانىدىڭ، نېمە ئىش بولغانىدى؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈن ئەتىگەن ھويلا سۈپۈرۈۋاتسام، — دېدى ھەسەنقۇلى گەپنى باشلاپ، — قوشنىمىز مەشئەدىي رىزا باغۋەننىڭ ئىشىكى ئالدىغا بىر پەيتۇن كېلىپ توختىدى. مەشئەدىي رىزانىڭكىدە پەيتۇن نېمە قىلىدۇ، بىساتىدا ئىككى ئېغىزلا ئۆي بار، ئۆزى گۈل ۋە سەۋزە سېتىپ كۈن كەچۈرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ بۇنداق تونۇشلىرى نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىكىنە؟ دەپ ئويلاپ ھەيران قالدىم. خىزمەتكار پەيتۇندىن چۈشۈپ، شىشە، مېۋە - چېۋە ۋە ئاپېلسىن سېلىنغان چوڭ - چوڭ يەشىكلەرنى كۆتۈرۈپ، خوجايىن بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ياش خوجايىننىڭ چىرايىنى كۆرەلمەي قالدىم. يۈگۈرۈپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۈم - دە، ئۇلارنىڭ باغ تەرەپكە ئورنىتىلغان دېرىزىسىدىن قارىدىم. مەشئەدىي رىزانىڭ دېرىزە ئەينىكى ئوچۇق بولۇپ، دېرىزە ئالدىدا خوجايىن ئۆزىنىڭ خىزمەتكارى بىلەن بىر نەرسە توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتاتتى. مەشئەدىي رىزا كۆرۈنمەيدۇ. ئۆيىمۇ باشقىچە جاھازلىنىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار مېنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىمدىن خەۋەرسىز گەپلىشىۋەردى. «سېنىڭچە، مەن بۈگۈن مەقسىدىمگە يېتەلەرمەنمۇ؟ دېدى خوجايىن. خىزمەتكار ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ: «ھازىرغىچە ھەممە ئىش جايىدا بولۇۋاتىدۇ. تاسادىپىي ئەھۋال بولمىسىلا، ئۇ جانان بۈگۈن قوينىڭىزدا بولىدۇ» دېدى. «ئاھ، كۈتۈۋېرىشكە تاقىتىم قالمىدى، — دېدى خوجايىن، ئاندىن ئەتراپقا قاراپ قويدى، — ھەممە ئىشنى باپلاپسەن، ئۆي ئىگىسىنى قانداق كۆندۈردۈڭ؟»

«پۇل بولىدىكەن، ۋۇجۇتقا چىقمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ بىر - ئىككى كېچىگە ئون تۈمەن بەرسە، ھەر قانداق ئادەم رازى بولىدۇ. شەرتىمىزگە ئاساسەن، ئۇلار بارلىق مال - مۈلكىنى گەمىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، شاھ ئابدۇلەزىمگە كەتمەكچى.» دەپ جاۋاب بەردى خىزمەتكار. «بارىكاللا، ئەقلىڭ جايىدا. بۇ يەر تىنچ ۋە قولايلىق ئىكەن. ماڭا ئىككى كېچىدىن ئارتۇق ۋاقىت كېرەك ئەمەس. مەن بىلەن بىر كېچىلا بىللە قونسا، ئەتىسى ئۇ ئۆزى مۇشۇ يەردە قالماقچى بولىدۇ.

كمتابخان ئېھتىمال تونۇغان بولسا كېرەك، ھەسەنقۇلنىڭ ئالدىدىكى ئۆي ئىگىسى ئەھمەت ئەلمخان قىزىقىپ سورىدى:

— كېيىن قانداق بولدى؟

— خىزمەتكارى ئۇنىڭغا، ئەگەر ماقۇل بولسىڭىز، ھازىر كېتىپ، كۈن ئولتۇرۇپ ئىككى سائەتتىن كېيىن كېلەيلى، دېدى.

ئۇلار كوچىغا چىقىپ پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئادەمنى تونۇۋالاي دەپ، تاشقىرىغا يۈگۈردۈم. بىراق، ئۈلگۈرەلمىدىم، پەيتۇن بەك تېز مېڭىپ كەتتى.

— ھەر كۈنى تېھراندا مۇنداق ئىشلاردىن يۈزلەپ - يۈزلەپ بولۇپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — قوشنىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماستىن ئۆيدە تىنچ ئولتۇرۇش، — دېدى ئەھمەت ئەلمخان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئىشىك قېقىلدى. پەررۇخنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، خوجايىنىنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ھەسەنقۇلى ئىشىك ئېچىشقا ئالدىرىدى.

ئۇ ئىشىكنى ئاچقاندا، ئالدىدا كازاك فورمىسىدا كىيىنگەن كىشى تۇراتتى. ھەسەنقۇلى تامدىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇنى باشتىن - ئاياغ كۆزدىن كەچۈردى - دە:

— ھە، خوجايىنىنىڭ گېپى راست ئىكەن، — دېدى

پەررۇخ ئۇنى تونۇپ، ئاچچىقى بىلەن سورىدى:

— بۇ، ئەھمەت ئەلمخانىنىڭ ئۆيىمۇ؟

— ھەئە، شۇ كىشىنىڭ ئۆيى، مەرھەمەت، خوجايىن كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ھەسەنقۇلى.

— سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ نەگىلا بارسام ماھىن بىلەن ئۇنىڭ جىنايەتچى دادىسىنى ئەسكە سالىدىغان بىرەر نەرسىگە دۇچ كېلىدىكەنمەن - دە، — دېدى پەررۇخ. شۇ پەيتتە ئۈلگۈرۈپ چىققان ئەھمەت ئەلمخان پەررۇخ بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ، ئۇنى ئۆيگە باشلىدى.

— ئاشۇ ئىشلاردىن كېيىن ئۆزۈڭمۇ گۇمانخور بولۇپ كېتىپسەن، — دېدى كۈلۈپ ئەھمەت ئەلمخان، — ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ؟

ئەھمەت ئەلمخان پەررۇخنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان ھەسەنقۇلىنىڭ پ ... ئەسلەتتەنە بىلەن ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپلەرنى بۇنىڭدىن بىرىم سائەت بۇرۇن ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئۇنداقتا، نېمىشقا ماڭا بىرەر ئېغىز گەپ بىلەن خەۋەر قىلىپ قويمايدۇ؟ — دېدى غەزەپلىنىپ پەررۇخ ۋە ئاشپەز خوتۇنغا كۆرسەتمە بېرىۋاتقان ھەسەنقۇلىنى چاقىردى.

ھەسەنقۇلى يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ۋەقەنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

پەررۇخ ئويلىنىپ قېلىپ، كېيىن:

— بۇ ئىشلارنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندىم. سىئاۋۇش ئۇلارغا مېنىڭ خېتىمنى كۆرسىتىپ، ماڭا ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق مانا بۇ مەكتۇبنى ئەۋەتىپتۇ، دېسە، ھەر قانداق ئادەم مېنى شەيتان، ئىكەن دەپ ئويلىشى مۇمكىن.

ئەھمەت ئەلمخان پەررۇخنى بىر سائەت مۇڭدىشىپ كېتىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. كۈتۈلمىگەندە، پەررۇخ ھەسەنقۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۆزىگە قارشى ھېلىقى پىتنىگە سىئاۋۇش مىرزا بىلەن ئەلى ئەشرەپخانىنىڭ قاتناشقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەھمەت

ئەلىخان ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ، كۆڭلىدىكى چىگىشنى يېشىۋېتىشكە كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، ھەممىسى بىكار بولدى، پەرروخ تېخىچە خىيالدىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ھەسەنقۇلىدىن:

— ھازىر سىئاۋۇش مىرزا نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ھەسەنقۇلى ئۆزىنىڭ پ ...ئىسسەلتەنەنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكىنىگە ئۈچ يىل بولغانلىقىنى، شۇندىن بۇيان سىئاۋۇش مىرزىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتماقچى بولۇپ، ئەمدى ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، تۇساتتىن، يېقىنلا بىر جايدا بىر ئايال كىشىنىڭ: «ياردەم قىلىڭلار! مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ قالدى.

ھەممەيلەن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھەسەنقۇلى ئىشىكنى ئاچتى. ئەمما ۋارقىراش دەل شۇ چاغدا جىمىپ قالغانلىقتىن، قاياقتىن ئاڭلانغانلىقىنى بايقاش مۇمكىن بولمىدى.

ئۇلارنىڭ گۇمانلىرى تارقاي دېگەندە، ھېلىقى ۋارقىراش يەنە تەكرارلاندى. بۇ قېتىم پەقەت «ياردەم قىلىڭ ...!» دېگەن گەپلا ئېنىق ئاڭلاندى.

ۋارقىراشنىڭ قاياقتىن چىققانلىقى ھەممىگە ئايان بولدى.

— مەشئەدىي رىزا باغۋەننىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتىدۇ، — دېدى ھەسەنقۇلى.

پەرروخ بىلەن ئەھمەت ئەلىخان كۆزنى يۇمۇپ — ئاچقۇچە ھويلىغا چىقتى-دە، ئويلىنىپ ئولتۇرماي، پاكار تامدىن قوشنا باغقا ئاتلاپ كىردى.

ۋارقىراش قايتا تەكرارلانمىدى. مەشئەدىي رىزانىڭ ئۆيىدە چىراغ ئۆچۈرۈلگەن، لېكىن ئىشىك ئوچۇق بولۇپ، ئىچكىرىگە قارىغاندا، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەم تۇرغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى.

پەرروخ تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ ئەھمەت ئەلىخان بىلەن بىللە ئۆيگە بېسىپ كىردى. شۇ ئارىدا تاشقىرىدىكى ئىشىكنىڭ قاتتىق يېپىلغانلىقى ئاڭلاندى.

— بىرى قاچتى! — دېدى پەرروخ، — ئىككىنچىسىنى تۇتۇۋېلىشىمىز مۇمكىن.

ئۇلار ئەمدىلا ئايۋانغا كىرگەندە، كىمدۇر بىرى ئايۋاندىن سەكرەپ چۈشۈپ باغقا قاچماقچى بولغاندا بىردىن يىقىلىپ كېتىپ، قاتتىق ۋايجانلىۋەتتى.

پەرروخ تاپانچىسىنى دەرھال ئەھمەت ئەلىخانغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى پايلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى خەنجىرىنى چىقىرىپ ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەمنىڭ قىينىلىپ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پەرروخ بۇ يەردە بىرەر ئادەم ئۆلۈۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، سەرەڭگە ياقتى ۋە شۇئان كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق، ئاغزىغا ئاق رومال تىقىلغان بىر قىزنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى كۆردى.

پەرروخ دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىدىكى رومالنى ئېلىپ تاشلاپ ئەھمەت ئەلىخانغا:

— خۇداغا شۈكۈر، ھېچكىم ئۆلمەپتۇ، ئۇنى قويۇۋەتمە، مەن ھازىر بارىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

پەرروخ ھويلىغا چىقىپ سەرەڭگە يېقىپ، يەردە ھوشسىز ياتقان، پۇتى ۋە ماڭلىيىدىن قان ئېقىۋاتقان، قارامتۇل بىر يىگىتنى كۆردى.

پەرروخ يىگىتنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنىڭ بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ، كۆزىگە يېقىن ئېلىپ كەلدى ۋە شۇئان قولىنى قويۇۋەتتى، باش پوككىدە يەرگە چۈشتى، پەرروخ:

— بۇ ھېلىقى ... شاھزادە! — دەپ توۋلىۋەتتى.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## جالالەت خوجايىن خېنىمنىڭ ھۇزۇرىغا باردى

جالالەتنىڭ قېرى ئاپىسى تويغا پۇل يىغىش ئۈچۈن، ئون تۈمەن ئىجارە ھەققى ئېلىشقا قىزىقىپ، جاۋاد ئولتۇرغان ئۆيىنى ئىنگلىز خوجايىنىنىڭ خىزمەتكارىغا بېرىۋەتكەن ھەمدە جاۋادنى كۆچۈشكە كۈندۈرگەن چاغدا، بىز ئۇلاردىن ئايرىلغانىدۇق.

يېڭى كۆچۈپ كەلگەنلەردىن باشقىچە گەپ چىقمىدى. خىزمەتكارنىڭ ئانىسى: «بىز بۇ يەردە ۋاقىتلىق تۇرىمىز. ئوغلۇم ئۆي سېتىۋالىدۇ. شۇڭا ئۆي جاھازلىرىمىزنى بۇرۇنقى ئۆيدە قالدۇرۇپ كەلدۇق» دەپ قوياتتى.

ئۆي ئىگىلىرىمۇ ئۇلارنى ۋاقىتلىق ئولتۇرىدۇ، دەپ بىلگەچكە، بۇ ئىشقا ئانچە ئېتىبار قىلىشمىدى.

جاۋاد جالالئابات مەيدانىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر كوچىدا ئانىسى بىلەن تۇراتتى، ئۇ ھەر كۈنى قەزۋىن دەرۋازىسىدىكى دۇكىنىغا كېتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، جالالەت بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز گەپلىشىۋېلىشقا مۇۋاپىق بولاتتى.

يېڭى كۆچۈپ كەلگەنلەر ئېغىر - بېسىق، مۇلايىم ئادەملەر ئىدى. ئىنگلىز خوجايىنىنىڭ خىزمەتكارى كۆپىنچە ئۆيدە قونمايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ئاپىسى:

— خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلار ئادەتتە ئۇزاق ئولتۇرىدۇ. شۇڭا، ئوغلۇممۇ ئۇ يەردە قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، — دەپ قوياتتى.

گەپ ئارىسىدا ئۇ ئۆي ئىگىلىرىگە ئېنگلىز خوجايىنىنىڭ شامپان ۋېنولىرى ۋە كونياك ھاراقلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئازادە ياشايدىغانلىقىنى ماختاپ بېرەتتى.

— راستىنى ئېيتسام، بۇ پەرەڭلەرنىڭ بىزدىن مىڭ مەرتىۋە ئازادە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، — دەيتتى ئۇ.

جالالەتنىڭ ئاپىسى شەيخ جەئپەر ئانىنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرى ئارقىلىق بۇ ئايالنىڭ گەپلىرىنى يوققا چىقارماقچى بولغانىدى، موماي ئۇنىڭ گېپىنى ئاغزىدىن تارتىۋالدى:

— گېپىمگە ئىشىنىڭ، ۋاھىزلارنىڭ گەپلىرىنى مەن سىزدىن كۆپرەك ئاڭلىغان، پەرەڭلەرنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىگە مەن سىزدىن بەكرەك ئىشىنىمەن. ئوغلۇم بىلەن ئىككى قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، شۇ ئەقلىم ئارقىلىقمۇ ئۇلارنىڭ بىزدىن ئازادىرەك ياشايدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

جالالەتنىڭ ئاپىسى ئاچچىقلاندى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ پەرەڭلەرمۇ بىزگە ئوخشاش تاھارەت ئېلىشامدۇ؟ پەرەڭلەردىمۇ بىزنىڭكىدەك ھاماملار بارمۇ؟ پەرەڭلەرمۇ «رەۋزە»خانلىق قىلامدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، سىز بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ.

جالالەتنىڭ ئاپىسى بۇ خوتۇننى ناپاك دەھرى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن ئادا - جۇدا بولماقچى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىلىم چەكمەسلىككە قەسەم قىلىۋەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئۇ موماي سارىسىمىگە چۈشۈپ دېدى:

— سىز مېنى كاپىرمىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ، قوشنام، خۇدا ساقلىسۇن، پاكىز مۇسۇلمانمەن. ئەگەر خالىسىڭىز، مەن ھازىر كۆز ئالدىڭىزدىلا مەككە تەرەپكە يەتتە قەدەم چامداپ، مۆمىن مۇسۇلمان ئايال ئىكەنلىكىمگە قەسەم ئىچىپ بېرىمەن. مەن سىزگە پەقەت ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىشلارنىلا ھېكايە قىلىپ بەردىم.

جالالەتنىڭ ئاپىسى تىنچلىنىپ:

— بۇندىن كېيىن بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرمەڭ، توۋا قىلىپ، تىلىڭىزنى باش-

قـۇرۇق. بـولمىسا، نەقلا دوزاخقـا چۈشـ
ـىمىز، ــ دېدى.
موماي بـۇنىدىـن كېيىن ئۇنداق گەپـ
لەرنى قىلماسلىققا سۆز بەردى.
مومايىنىڭ شۇ كۈنى ئېيتقان گـەپلىرى
جالالەتنىڭ ئاپىسىنىڭ يادىدىن بارا - بارا
كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. جالالەتنىڭ ئانىسى
بۇ مومايىنىڭ دائىم تەسبىھ كۆتۈرۈپ يۈرگىـ
نىنى، ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى، چىلىم چېكىشـ
كە چاقىرغاندا، «ئاۋۋال ناماز ئوقـۇۋالاي»
دەپ جاۋاب بـېرىدىغانلىقىنى كـۆرۈپ، ئـۇ
تېخى دىنىدىن چىقىپ كەتمىگەن، شـەيتانغا
قۇل بولـۇپ ئەقلىدىن ئازمىغان ئوخشايدۇ،
دېگەن تونۇشقا كېلىپ قالدى.
ئارىدىن ئىككى ئاي ئـۆتتى. قـوشنىلار
ئىجارە ھەققىنى ئاي توشماستىنلا تۆلىۋېتەتتى،
جالالەتنىڭ ئاپىسى:
ــ پۇلنى نېمىشقا ئالدىن تـۆلىۋېتىسـ
لەر؟ ــ دەپ سورىدى ھەيران بولۇپ.
ــ پەرەڭلەرنىڭ ئادىتى شۇنداق، خو-
جايىن خىزمەتكارىغا مائاشنى ئالدىن بېرىـ
دۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى قوشنا موماي.
جالالەتنىڭ ئاپىسى بۇنىڭدىن مـەمنۇن
بولۇپ: «پەرەڭلەر پـۇلنى بـۇنداق ئوبدان
تۆلەيدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلارنـى يارـ
ماس دېگىلى بولار» دەۋېتىشكە تاس قالدى.
پۇل غەلىتە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلاپ،
جالالەتنىڭ ئاپىسى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتـ
تى. قوشنا موماي پەرەڭلەرنى ماختىسا، ئەمـ
دى چېچىلمايدىغان، ئاچچىقلانمايدىغان، ھەتـ
تا بەزىدە ئۇنىڭدىن پەرەڭلەرنىڭكىدە نېمىـ
لەرنى كـۆرگەنلىكىنى سـورايدىغان بـولۇپ
قالدى. مومايمۇ ھەر نـۆۋەت جـالالەتنىـڭ
ئاپىسىغا ھەممە گەپنى تەپسىلىي سـۆزلەپ،
بۇ جاھىل خوتۇنغا مۇسۇلمان بولۇپ تۇرغان
تەقدىردىمۇ، ياۋروپالىقلارنىڭ مـەدەنىيىتىنى
ئۆگىنىش لازىملىقى، ھېچ بولمىغاندا، بىر-

نەچچە كۈندە بىر قېتىم چىشىنى چوتكا بىلەن
يۇيۇش لازىملىقىنى ئىسپـاتلاپ بېرەتتى.
جالالەت ياش بولغانلىقتىن بۇنداق نەرسـ
لەرگە ئاسان مايىل بولىدىغانلىقى تەبىئىي ئىـ
دى. ئۇ ئەنە شۇنداق سۆھبەتلەرگـە خېلى
كۆپ قاتنىشاتتى، پەرەڭلەرنىڭ قانداق ياـ
شـايدىغانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە بىلىۋېلىشنى
ئارزۇ قىلاتتى. خۇسۇسەن ئۇنى پەرەڭلەرنىڭ
نېمىشقا راك بىلەن قىسقۇچ پاقا يەيدىغانـ
لىقى، قىـسقۇچ پاقا ئۇلارنىڭ كېلىدىن قالـ
داق ئۆتىدىغانلىقى قىزىقتۇراتتى.
بۇ سۆھبەتلەر جالالەت بىلەن ئـۇنىڭ
ئاپىسىدا شۇنداق قىزىقىش قوزغىدىكى، ئـاـ
خىر ئـۇلارنىـڭ ۋۇجـۇدىنى پـەرەڭلەرنىڭ
قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى ئۆز كـۆزى بىلەن
كۆرۈپ بېقىش ئارزۇسى چىرمىۋالدى.
ــ خوجايىنىنىڭ ئايالى بەكمۇ ئالمىجاناب
ئايال، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ھـازىر پـارس
تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالدى، بۇ تىلدا گەپ قىلىشـ
نى مەشق قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ئەگەر خاـ
لىساڭلار، ۋاقىت تېپىپ بېرىپ كېلىشكە بو-
لىدۇ. ئەمما ئۇ يەر ئۇزاق، كونكىمـۇ بارـ
مايدۇ، بۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي، ــ
دېـدى مـومـاي بىر كـۈنـى. جـالالـەتـ
نىـڭ ئـاپـىسى يـولـنىـڭ ئـۇزاقـلـىـقـىنى
ئـاڭـلاپ، «خـوجـايىن خېنىم» بىلـەن تو-
نۇشۇش خىيالىدىن ياندى. جالالەت بولسا،
قانداق قىلىپ بولـسىمۇ، ئۇنـى بىر كـۆرۈپ
كېلىشكە بەل باغلىدى.
جاۋاد ئۇلارنىڭكىگە كېلىـپ تـۇرۇشـنى
تاشلىمىدى. ئۇ ئىنگلىز خوجايىنىنىـڭ خىز-
مەتكارىنىڭ ئۆيىگە كۆپ كەلمەيدىغانلىقىغـا
قاراپ، جالالەتكە ھېچكىم قاپقان قويمىغانـ
لىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدى.
جالالەت قوشنىلارنى ئىككى ئايدىن كېـ
يىنلا كۆچۈرۈۋېتىپ، توي ئىشىنى ئويلىشىش
توغرىسىدا ئاپىسىنى ئىما - ئىشارەتلەر بىلە-

لەن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئاپىسىمۇ ئۇنىڭغا دەرھال «ماقۇل» دەپ ۋەدە بېرەتتى، ئەمما ئىچىدە: «توينى بىر - ئىككى يىل كېچىكتۈرسەممۇ قىزىم قېرىپ قالمايدۇ، ئۇنىڭغا مال - مۈلۈك يىغىۋالسامەنغۇ» دېگەن خىيالدا ئىدى.

ئاخىر، جالالەت ھېلىقى موماي بىلەن پەرەڭلەرنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى. بېرىشنى ھوت ئېيىنىڭ ئۈچىنچى كۈنىدىكى دۈشەنبىگە بېكىتتى.

جالالەتنىڭ ئاپىسى موماىغا شۇنداق مايىل بولۇپ قالدىكى، ھەتتا قىزىنى يات بىر ئايال بىلەن يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى.

بىراق، بەزى ئىشلار تۈپەيلىدىن ھوتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى يولغا چىقىش نېسىپ بولمىدى.

ھوتنىڭ ئالتىنچى كۈنى موماي جالالەتلەرنىڭ ئۆيىگە كىردى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ئۇ، — ئەمدى ھېچكىمنى تۇتمايۋېتىپتۇ، شەھەر تىنچ ئىمىش. ئوغلۇمنىڭ ئېيتىشىچە، خوجايىن خېنىم بۈگۈن ئۆيدە بىزنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرغانىمىش.

جالالەت خۇشال ئىدى. ئاپىسى تارتىنىپ ئولتۇرماي رازى بولدى، قىزىغا پەقەت:

— ئېھتىيات قىل، يالغان گەپلەرگە ئۇچۇپ كېتىپ، خوجايىنىنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭنى ئېچىپ سالما، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى يەپ - ئىچمە، دەرھال ئۆيگە قايت، — دېگەن گەپنىلا تاپىلىدى.

— قوشنام، — دېدى موماي، — بۇنداق گەپلەرنى قويۇڭ. ماڭىمۇ ئىشەنمەمسىز؟ «ئۆزۈم كۆرمىسەممۇ، ئاتا - ئانام كۆرگەن» دېگەن گەپ بارغۇ، خۇدا ماڭا قىز بەرمىگەن بولسىمۇ، قىزلارغا كۆيۈنۈشتىن قۇرۇق قويمىغان. خوجايىنغا مەن ئاپئاق چېچىمنى كۆرسەتمەيمەنمۇ، قىزىڭىزنى كۆرسىتەمدىمەن؟ جالالەتنى مەن ئۆزۈمنىڭ قىزىدەك كۆرىمەن.

جالالەتنىڭ ئاپىسى كەچۈرۈم سورىدى:

— ئۇ تېخى ياش، قولىقىنى پىششۇرۇپ قويمىسام بولامدۇ. بولۇپمۇ، خوجايىنىنىڭ ئالدىدا يۈزىنى ئاچقۇسى كېلىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەيمەن. جالالەت ئۆز قىزىڭىزدەك بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنى ئاسرايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن.

ئۇلار سائەت تۆتلەردە يولغا چىقتى، ئانا ئۇلارنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، مەمنۇن بولغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كىردى. بىراق، ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى باشقىچە ھېس قىلىشقا باشلىدى.

— ۋاي، ئەمدى ھالىم نېمە بولار؟ قىزىمنى نەگە ئەۋەتتىم!

ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچقاندا، ئۇلار كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئانا ۋارقىراپ كەتتى:

— قىزىمنىڭ بېشىغا بىرەر بالا كەلسە قانداق قىلارمەن؟ خوجايىننى تونۇسامىمغۇ كاشكى، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلۇق جايىنىمۇ بىلمەيمەن.

ئۇ ھېلىقى موماىغا ئىشەنسىمۇ، خوجايىندىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ بىر چاغلاردا ئۆگزىگە چىققاندا ئايروپىلان كۆرگەنىدى. «قىزىمنى ئايروپىلانغا چىقىرىپ، يۇرتىغا ئېلىپ قېچىپ، بىر نەرسە قىلىپ قويمىسۇن، يەنە» دەپ ئويلىدى ئانا تېخىمۇ ئەنسىرەپ.

كېيىن ئۇ چاي دەملەپ ئىچتى، چىلىم چەكتى، شۇندىن كېيىنلا سەل تىنچىغاندەك بولدى.

جالالەتمۇ كوچىغا چىققاندىن كېيىن ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، موماىغا: «پەرەڭنىڭكىگە بارمايمەن» دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن خوجايىنىنىڭ ئايالى ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانلىقى ئېسىگە چۈشۈپ، لام - جىم دېمىدى.

ھەسەنئاباد كوچىسىغا يېتىپ بارغاندا، موماي توساتتىن:

— ماۋۇ كۆتۈلمىگەن ئىشنى قارا، ئوغلۇم ئاۋۇ بۇرجەكتە تۇرىدۇغۇ، بىرەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ كېلەي، — دېدى.

ئۇ جالالەتنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، كوچىدىكى دەرۋازىلارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئوغلىنىڭ يېنىغا بېرىپ گەپلىشىپ، خۇشال بولغان ھالدا قايتىپ كەلدى.

— خوجايىن خېنىمنىڭ بۇ ئىشىنى قارىمامسەن! ئوغلۇمنى بۇ يەرگە بىزنى پەيتۇن بىلەن ئېلىپ كېتىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئوغلۇم ئۆيگە بېرىپ بىزنى تاپالمىغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە كەپتۇ. پەيتۇنمۇ شۇ يەردە ئىكەن.

— قېنى؟ قەيەردە؟

موماي ئوغلىغا ئىشارەت قىلغانىدى، ئۇ مازارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان ھارۋىكەشنى چاقىردى. جالالەت مومايغا سىز ئالدىن چىقىڭ، دەپ بىرئاز تەكەللۇپ قىلغاندىن كېيىن، پەيتۇنغا چىقتى. خىزمەتكار ھارۋىكەشكە پىچىرلاپ، بارىدىغان جاينىڭ ئادرېسىنى ئېيتتى. ئۇلار مېڭىپ كەتتى.

جالالەت پەيتۇندا ئىككى - ئۈچ مىنۇت ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى:

— بىرەر ئەر كىشى يوق، ئىككى ئايال يالغۇز كېتىۋېرەمدۇق؟ — دەپ سورىدى ئۇ مومايدىن، — ھارۋىكەش بىزنى باشقا تەرەپكە ئېلىپ كېتىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىڭ نىيىتى يامان بولسىچۇ؟!

موماي ھەر قانچە چۈشەندۈرگەن بىلەنمۇ، جالالەت بەرىبىر خاتىرجەم بولالمىدى. كۆڭلىدە پەرەڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاجايىپ-غارايىپلارنى كۆرۈش ئارزۇسى بولغىنىغا قارىماي، قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتاتتى.

پەيتۇن خېلى ئۇزۇن يول بېسىپ، شاھ بېغى كوچىسىنىڭ يېرىمىغا بارغاندا، ئوڭغا بۇرۇلدى، شەيخ ھاجى كوچىسىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندىن كېيىن سولغا بۇرۇلدى؛ يەنە بىر- نەچچە قېتىم بۇرۇلغاندىن كېيىن بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى، ئۆينىڭ تاملىرى پەسرەك بولۇپ، خۇددى قورۇقنىڭ تاملىرىغا ئوخشايتتى.

بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە جالالەتكە يېڭى ۋە غەلىتە تۇيۇلدى. بۇ يەر ئۇ ئۆسۈپ چوڭ بولغان تاملىرى ئېگىز مەھەللىلەرگە ئوخشىمايتتى.

ئىككىيلەن ئالدىراپ - سالدىراپ پەيتۇندىن چۈشتى، ھارۋىكەش ئۇلاردىن پۇلمۇ تەلەپ قىلماي قايتىپ كەتتى. موماي ئالدى تەرەپكە قاراپ ماڭدى، كوچا ئىشىكىنى ئۈچ قېتىم چېكىپ ئۆيدىن جاۋاب كۈتتى. بىر مىنۇتتىن كېيىن ياش خىزمەتكار ئىشىكنى ئاچتى:

— سىلەر خانىمنىڭكىگە مېھمان بولۇپ كەلدىڭلارمۇ؟

موماي جاۋاب بەردى:

— ھەئە، نېمە بولدى، خېنىم ئۆيدە يوقمۇ؟

— سىلەر كېلىشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن بىر ياۋروپالىق دوستى كېلىپ، ئات مىنىپ سەيلە قىلايلى دەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، خانىم ياق دېيەلمىدى. سىلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرۇشۇڭلارنى ئىلتىماس قىلدى.

— ھە، بوپتۇ، كېرەك يوق! — دېدى موماي، — كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرىمىز. يۈر، قىزىم.

ئۇلار ئىچكىرىگە كىردى.

جالالەت ئاددى ۋە نامراتقىنا ئۆينى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقتىن، ئىچىدە: «خوجايىنىنىڭ شۇنچە ماختىغان ئۆيى شۇمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى.

موماي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملىدى بولغاي:

— سەن ئۇلارنىڭ بارى - يوق ئۆيى شۇمىكىن دەپ ئويلاپ قالمىغىن. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىدە ياشاۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆيلىرىنىمۇ مۇسۇلمانچە ئىچكىرى - تاشقىرى

ھويلا قىلىپ ئىككىگە بۆلگەن. بۇ ئۇلارنىڭ تاشقىرىدىقى ھويلىسى، تۇرىدىغان ئۆيى ئىچكىرىكى ھويلىدا، — دەپ گەپ ياسىدى.

جالالەت: «ئۇنداق بولسا، نېمىشقا بىزنى ئىچكىرىكى ھويلىدا كۈتۈۋالمايدۇ؟» دەپ سورىماقچى ئىدى، لېكىن موماي ئۇنى گەپ قىلغىلى قويماي، ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى:

— ئۇلار ئۇچۇن تاشقىرىدىقى ھويلىمۇ، ئىچكىرىكى ھويلىمۇ ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر خانىمنىڭ ئۆزى ئۆيدە بولمىغاچقا، بىزنىڭ مۇشۇ ئۆيدە كۈتۈپ تۇرۇشىمىزنى ئېيتقان.

جالالەت لام - جىم دېمىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى، جالالەت ئۆينىڭ چىرايلىق بېزەپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، مومايىنىڭ سۆزىگە ئىشەندى، شۇئاندا ئاپىسى ئېسىگە چۈشۈپ:

— كۈن پېتىپ كەتتى، ھايال ئۆتمەي قاراڭغۇ چۈشىدۇ. يول شۇنچە ئۇزاق تۇرسا، قانداق قايتىپ كېتەلەيمىز؟— دەپ سورىدى.

— خاتىرجەم بول، — دېدى موماي،— ئوغلۇم بىزنى پەيتۇندا ئاپىرىپ قويۇشقا ۋەدە بەردى.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىرە ئۈستىگە تېھراننىڭ «ياۋروپا گېزەكلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەڭ ياخشى پېچىنىلەر، شاكىلاتلىق كەمپۈت، مېغىزلىق كەمپۈتلەر تىزىۋېتىلگەنىدى. جالالەت پەرەڭلەرنىڭ ئۆيىدە قەن - گېزەك يېيىشتىن پەخەس بولمەن دېسىمۇ، لېكىن قىزىقىپ قالدى.

— سەن ياش، گۆدەك بولغىنىڭ ئۈچۈن ۋاھىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغان، — دېدى موماي، — نېمىلەرنى يېيىشتىن پەخەس بولۇش لازىملىقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن، كېيىن ئېغىزنى چايقىۋەتسىلا بولىدۇ.

شۇندىن كېيىن ئۇ كەمپۈت ئېلىپ يېدى. جالالەتمۇ جۈرئەتلىك بولۇپ، كەمپۈتتىن بىرنى ئالدى. ئۇ ھازىرغىچە بۇنداق نەرسىنى تېتىپ كۆرمىگەنىدى.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن خىزمەتكار يىگىت مومايىنىڭ ئالدىغا چىلىم كەلتۈردى.

— پەرەڭلەرمۇ چىلىم چېكەمدىغاندۇ، — دەپ ھەيران بولدى جالالەت.

— كۆرۈۋاتامسەن، ئۇلار مېھماننى مانا شۇنداق قەدىرلەيدۇ، — دېدى موماي، — ئۆتكەن قېتىم كەلگەن چېغىمدا چىلىم يوق خۇماردىن چىقماي كەتكەنىدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. جالالەت ئىنگلىز خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتىمەن، خوجايىنىنىڭ نەدىدۇر ئاتلىق سەيلە قىلىپ يۈرگەن رەپىقىسى ھازىرلا كېلىپ قالىدۇ، دەپ ئىشەنگەنلىكتىن، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ كۈتۈۋاتاتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، خانىمدىن دېرەك يوق ئىدى. جالالەت يەنە ئۇڭايسىزلىنىپ سورىدى:

— ھاماما ئاچا، خوجايىن خېنىم كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى، يول ئۇزۇن، ئانامۇ يالغۇز قېلىپ ئەنسىرەۋاتقاندۇ. ياخشىسى، كېتەۋالايلى. خۇدا خالىسا، يەنە بىر قېتىم ئانام بىلەن بىللە كېلەرمىز.

موماي كۈلۈپ كەتتى:

— خېنىم ھازىر كېلىدۇ، بىزنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىڭ دائىم ۋاقتى چىقىۋەرمەيدۇ. ئوغلۇمنىڭ ھارۋىكەشكە تۆلەيدىغان پۇلىمۇ ئۇنداق كۆپ ئەمەس. ئالدىرىماي تۇر، خېنىم كەلگەندىن كېيىن بىرەر سائەت ئولتۇرۇپ پەيتۇندا قايتىمىز.

ئارىدىن يەنە يېرىم سائەت ئۆتتى. خېنىم كەلمىدى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتتى. جالالەت نېمە دېيىشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى، قارىماققا، مومايمۇ تەشۋىشكە چۈشكەندەك قىلاتتى.

— خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن، خېنىم بىرەر پالاكەتچىلىككە ئۇچرىغان بولمىسۇن يەنە؟— دېدى ئۇ، — بېرىپ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلەيچۇ.

ئۇ جالالەتنى خاتىرجەم ئولتۇرۇشقا ئۈندەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. جالالەت ئون مىنۇتچە يالغۇز ئولتۇردى. كۈتۈلمىگەندە، موماي ئۆيگە ھودۇققان ھالدا يۈگۈرۈپ كىردى:

— نېمە بولغىنىنى ئۇقتۇڭمۇ؟ خوجايىن خېنىم ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ! ئۇنى دوختۇرخانىغا ئەكېتىپتۇ. ئوغلۇمغا تېزرەك پەيتۇن تاپ، ئۆيگە كېتىمىز دېدىم.

— پەيتۇن بولماي قالسا قانداق قىلىمىز؟ — دەۋەتتى جالالەت ئالدىراپ كېتىپ.

— نېمىشقا تېپىلمايدىكەن! — دېدى موماي ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

ئارىدىن يەنە ئون مىنۇت ئۆتتى. بىرەيلەن ئىشىكنى چەكتى. موماي ئىشىك ئالدىغا باردى. جالالەت كىمنىڭدۇر:

— پەيتۇن تېپىلمىدى. بۈگۈن پەيتۇنلارنىڭ ھەممىسى مۇسادىر قىلىنىپتۇ، — دېگىنىنى ئاڭلىدى.

جالالەت چاپچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— ھاممائاچا، ئەڭ ياخشىسى، پىيادە كېتىۋېرەيلى.

— پىيادە مېڭىشقا ئامال يوق. ئوغلۇمنىڭ ئېيتىشىچە، شەھەردە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنغانىمىش، ھەر قانداق ھەرىكەت توختىتىلغانىمىش.

جالالەت ھەر ئىككى قولى بىلەن بېشىنى مۇشتلاپ:

— ۋاي، شۇم پېشانەم! ئەمدى قانداق قىلارمەن! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— پىيادە كېتىشكە بولمايدۇ، — دېدى موماي، — شۇڭا بۈگۈن مۇشۇ ئۆيدە قونۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئەتە سەھەردە كېتىمىز.

— ياق، ياق، بۇنداق قىلمايلى، ئانام ئەنسىرەيدۇ، — دېدى يىغلاپ جالالەت، — بىر ئامال قىلىپ كېتەيلى.

— ياق، قىزىم، كېتىشكە ئىلاج بولمىغاندىن كېيىن، بىردە يەنە نېمە ئامال بار، باش مىنىستىرنىڭ ئۆزى ھەربىي ھالەت ئېلان قىپتۇ. ئەگەر يولغا چىقىدىغان بولساق، تۇتۇۋالىدۇ. مۇنداق قىلايلى: ئوغلۇم دەرھال بېرىپ ئاناڭغا خەۋەر قىلىپ قويسۇن. ئاناڭ مىنىڭ چاچلىرىمنىڭ ئېنىنى ھۆرمەت قىلىپ بولسىمۇ، سېنى ماڭا تاپشۇرۇشقا ئىشىنەر. قىزى بىر كېچە باشقا جايدا مەن بىلەن بىللە قونۇپ قالغانغا ئەنسىرەپ كەتمەس.

جالالەت مىڭ قىلغان بىلەنمۇ، بەربىر ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بىر ئازدىن كېيىن موماي مۇنداق دېدى:

— ماڭا قارا، سەن ناماز ئوقومايسەن، مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇر، مەن تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇۋېلىپ كېلەي.

— ھامماچا، قورقۇۋاتىمەن، كېچىكىپ قالماڭ، — دېدى جالالەت يالۋۇرۇپ.

— نېمىدىن قورقىسەن، مەن ھازىر كېلىمەنغۇ! — دەپ چىقىپ كەتتى موماي.

جالالەتنىڭ خىيالىدىن قورقۇنچلۇق پىكىرلەر ئۆتۈشكە باشلىدى؛ ئۇنىڭ يۈرىكى قورقۇنچ تۈپەيلىدىن بەزىدە توختاپ قېلىۋاتقاندەك، بەزىدە قېپىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، بىرەر خەتەردىن خەۋەر بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

«قانداق قىلسام بولار» دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

چارەك سائەت ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئۆتتى. موماي قايتىپ كەلمىدى. ئانىسىنىڭ تاھارەت ئېلىشىدىن خەۋىرى بار جالالەت: «ئەجابا، بۇ موماي شۇنچە ئۇزاق تاھارەت ئالامدىغاندۇ» دەپ ھەيران بولدى. تۇساتتىن ئىشىك ئېچىلدى. جالالەت: «خۇداغا شۈكۈر، ھاممائاچا، بارمۇسىز» دەپ ئالدىغا يۈگۈرگىلى تاس قالدى.

قورقۇپ تۇرغان جالالەتنىڭ ئالدىدا بىر چاغلاردا ئۇنى شۇنچە بىئارام قىلىۋەتكەن كۆزلەر پەيدا بولدى. ئۇ بوغۇق ئا-

ۋازى بىلەن چىرقىرىغىنىچە ئورۇلدۇقتىن يىقىلىپ چۈشتى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

## جالالەت ۋە سىئاۋۇش

سەبز ئاۋات بازىرىدا سىئاۋۇش مىرزىنىڭ جالالەتنى كۆرگەنلىكى ۋە شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۇنىڭ مۇھەممەت تاغىدىن ياردەم سورىغانلىقى، مۇھەممەت تاغىنىڭ سىئاۋۇشقا ئاۋۋال قىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك، ئاندىن بىرەر ئامال قىلغىلى بولىدۇ، دېگەنلىكىنى ئېھتىمال، كىتابخانلار ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىغاندۇ.

ئەتىسى ئاق چاچ خوتۇن سىئاۋۇشقا مۇھەممەت تاغا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

سىئاۋۇش چاپان كىيىپ، تاشقىرىقى ھويلىدا كۈتۈپ تۇرغان مۇھەممەت تاغىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— خوش، نېمە گەپ؟ — سورىدى ئۇ، — ئۈمىد بارمۇ؟

مۇھەممەت تاغا ھىجايدى:

— ھەزرىتىم، سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن بۇ ئىش توغرىسىدا ئىككى سائەتچە باش قاتۇردۇم. ئاخىر شۇ قارارغا كەلدىمكى، ئەگەر ئارزۇيىڭىزغا يېتىش نىيىتىدە بولىدىغان بولسىڭىز، بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە بارماسلىققا ۋەدە بېرىڭ.

شاھزادە ئەجەبلىنىپ قالدى:

— بۇ قانداق بولغىنى؟ بۇنىڭغا ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس! مەن ئۇنى بىرە-بىرە رومالغا ئورالغان ھالدا بولسىمۇ كۆرۈپ تۇرۇشۇم كېرەك!

مۇھەممەت تاغا نارازى بولغان ھالدا كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— مەن بۇ توغرىدا گەپ قىلمىۋاتقىنىم يوق، لېكىن ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، سىز ئۇنى، ئەر كىشىلەر بىلەن تونۇشۇشتىن قورقىدىغان، ئۇنداق قىلغان خوتۇن-قىزلار دوزاخقا چۈشىدۇ دەپ ئويلايدىغان قىزلاردىن ئىكەن، دېگەنىدىڭىز. دېمەك، بىز ئۇنىڭغا خېلى پىشىپ قالغان، ئەقلى-ھوشىنى تونۇغان خانىملارغا قىلغان مۇئامىلىدىن باشقىچىرەك مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

سىئاۋۇش ئويلىنىپ قالدى.

— ماقۇل، مەن ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىغا بارماسلىققا ۋەدە بېرەي، سەنمۇ مۇشۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرۈشكە ۋەدە بېرەلەمسەن؟

— ئالدى بىلەن سىز ۋەدە بېرىشىڭىز كېرەك. بۇ قېتىم مەن سىزنىڭ بارلىق ئارزۇلىرىڭىزغا يېتىشىڭىز، مۇھەممەت تاغىغا ئوخشاش ئادەمنى ئىككى تاغار ئالتۇن بېرىپمۇ تاپقىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭىز ئۈچۈن، قولۇمدىن كەلگەن چارىلىرىمنىڭ ھەممىنى ئىشلىتىمەن.

شاھزادە كۈلۈۋەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ مۇھەممەت تاغىنىڭ يەلكىسىنى قېقىپ قويۇپ:

— مەيلى، مەن سېنى ئوبدان بىلىمەن. ماقۇل، دېگىنىڭدەك بولسۇن، — دېدى.

— ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قانداق تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى، ئاتا-ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، لايىقى بار ياكى يوقلۇقىنى بىلىۋېلىش لازىم. بۇ مەلۇماتلار توپلانغاندىن كېيىن، مەقسىتىمىزگە يەتكۈزىدىغان ئەڭ ئاسان يولنى تاللايمىز.

سىئاۋۇش گەرچە مۇھەممەت تاغىغا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاشىقلىق پىراقىغا چىداپ تۇرالماي، جالالەتنىڭ مەھەللىسىگە بىرنەچچە قېتىم ئوغرىلىقچە بېرىپ كەلدى. مۇھەممەت تاغا بۇنى سېزىپ قېلىپ قاتتىق ئاچچىقلاندى ۋە بۇ ئىشتىن باش

تارتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. سىناۋۇش ئاخىر جالالەتنىڭ مەھەللىسىنى ئايلىنىپ يۈرمەسلىككە ۋەدە بەردى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن مۇھەممەت تاغا كىرىدىپ:

— ھەممە مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم، ئەمدى پىلان تۈزۈپ چىقىمەن، — دېدى.

خۇش بولۇپ كەتكەن سىناۋۇش ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى بىلمۇالغانلىقىنى سورىدى. مۇھەممەت تاغا سىناۋۇشنى قىيناشنى خالىماي، ئۇنىڭغا جالالەتنىڭ كىملىكى، قانداق تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقى، جاۋاد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى، ئاخىرىدا: «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇمەنلىكتىن ئىككى قەغەزگىلا توختىدى.» دېگەن گەپنى قوشۇپ قويدى.

سىناۋۇش بىپەرۋالىق بىلەن:

— بۇ پۇل ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ھېسابلاپ قويۇۋەر، — دېدى، — سېنىڭ ئۇنى قانداق ئۇسۇل بىلەن قوينۇمغا سېلىپ قويىدىغانلىقىڭنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

مۇھەممەت تاغا بىرئاز تەييارلىنىۋېلىپ گەپ قىلدى:

— بىر نەچچە خىل يول بار. ئىشقىلىپ، شۇ يوللارنىڭ بىرى سىزنى مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزىدۇ.

سىناۋۇش بۇ يوللارنىڭ قانداق يوللار ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى ئىدى، لېكىن مۇھەممەت تاغا ئېيتىشنى خالىمىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مۇھەممەت تاغا يەنە كەلدى:

— بەزى ئىشلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، — دېدى ئۇ سىناۋۇشقا.

سىناۋۇش خۇشال ئىدى، ئۇ ھەمىيىنىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئايرىم تۇرغان «ئەشرەفىي» دىن ئالتىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدى.

مۇھەممەت تاغا قانداق قىلىپ سەكىنە خالە دېگەن دەللال خوتۇننى ئۆزىنىڭ ئانىسى سوپىسىدە كۆرسىتىپ جالالەتلەرنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزگەنلىكى، قايسى يوللار ئارقىلىق ئۆي ئىجارىسى ئۈچۈن ئۇن تۈمەن بېرىش شەرتى بىلەن جالالەتنىڭ ئانىسىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، جاۋادنى ئۇ يەردىن كۆچۈرۈۋەتكەنلىكى قاتارلىقلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

سىناۋۇش ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن كۈنى ئەتىگەندە مۇھەممەت تاغا سىناۋۇش مىرزىغا:

— ئەتە ياكى ئۆگۈن قىزنى مەخسۇس تەييارلانغان ئۆيدە قۇچاقلاپ يېتىشىڭىز مۇمكىن، — دېدى.

باشتا مەلۇم بولغىنىدەك، كېچىسى دۆلەتتە سىياسىي ئۆزگىرىش بولدى، ئەتىسى سىناۋۇشنىڭ دادىسى قولغا ئېلىندى. بۇ ۋەقەلەر مۇھەممەت تاغىنىڭ پىلانىنى بەربات قىلىۋېتىشكە تاس قالدى. ئارىدىن يەنە ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسى تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، سىناۋۇش ئائىلە باشلىقى بولۇپ، مۇھەممەت تاغىدىن ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت تاغا ئۆزىنىڭ كونا تونۇشى مەشئەدىي رىزا باغۋەندىن تېھراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى بېغىنى ئىجارىگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. جالالەتنىڭ ساددا ھەۋەسىدىن مۇھەممەت تاغىنىڭ قانداق پايدىلانغانلىقى، سەكىنە خالە دېگەن دەللالنىڭ قىزنى بۇ يەرگە قانداق باشلاپ كەلگەنلىكى، خوجايىن خېنىم توغرىسىدا مۇھەممەت تاغا قانداق ھېكايىلەرنى توقۇپ چىققانلىقى كىتابخانلارغا مەلۇم.

سىناۋۇش ھوشىدىن كېتىپ قالغان جالالەتكە ئېھتىيات بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇنى

ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى گىلەم سېلىنغان كارىۋاتقا ئېلىپ ياتقۇزدى، ئاندىن باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى ئاستا سىلىدى، ئاندىن قىزنىڭ پېشانىسى بىلەن مەڭزىگە نەچچىنى سۆيدى. قىز ھوشىغا كېلىپ، كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە ئەتراپقا قاراپ ۋارقىرىماي:

— بۇ نېمە ئىش؟ چۈشۈممۇ ياكى ئوڭۇممۇ؟ كىم بۇ؟ مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى ئاجىز ئاۋازى بىلەن.

شاھزادە ئالدىراشلىق بىلەن:

— بۇ چۈشۈڭ ئەمەس، ئوڭۇڭ، جېنىم. بۇ مەن، سېنى سۆيىمەن، ساداقەت بىلەن سۆيىمەن، — دەپ پىچىرلىدى.

جالالەت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ۋارقىراشقا تەمشەلگەنىدى، سىياۋۇش ئۇنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن يېپىۋالدى.

— ۋارقىرىما، ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلا. ئەگەر مەن يامان گەپ قىلسام، گېپىم كۆڭلۈڭگە ياقمىسا، مەيلى، خالىغىنىڭچە ۋارقىراۋەر.

قىز سەل تىنچلاندى، شاھزادە قىزنى يەنىمۇ تىنچلاندۇرۇش ۋە بۇرۇنقى ئىشلارنى ئېسىگە سېلىش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:

— مەن سېنى تۇنجى قېتىم ناسىرىدىيە كوچىسىدا كۆرگەن. شۇندىن بۇيان يۈرىكىمنى ساڭا ئاتىدىم. مەن بىر شاھزادە، نېمە خالىساڭ شۇنى قىلىپ بېرىمەن. ساڭا قارىتا ھېچقانداق يامان نىيىتىم يوق. ساڭا چېقىلمايمەن. پەقەت ئەتە داموللا - ئىمامنى چاقىرتىشقا، ماڭا رەپىقە بولۇشقا ۋەدە بەرگىن.

قورقۇپ كەتكەن جالالەت گەپنىڭ ئالدىنقى جۈملىسىنى چۈشىنەلمىدى. «ماڭا رەپىقە بولۇشقا ۋەدە بەرگىن» دېگەن جۈملىنى ئاڭلاپ، «ۋاي خۇدا كۆرسەتمىسۇن» دەۋەتتى.

سىياۋۇش ئۇيالماي گېپىنى قىلىۋەردى:

— سەن كىم بىلەن گەپلىشىۋاتقانلىقىڭنى بىلمەيۋاتقاندەك قىلىسەن. گېپىمگە كۆنسەڭ، قانداق پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقىڭنى ئېيتساممۇ ماقۇل دېمەيۋاتىسەن، ئەگەر رەت قىلىدىغان بولساڭ، زىيان تارتىسەن. بۈگۈن سېنى زورلۇق بىلەن قولغا چۈشۈرىمەن، ئەتە ساڭا كۆڭۈل بەرمەكچى بولغان يالاڭتۆشنى ساقچى ئىدارىسىگە ئېيتىپ قامىتىۋېتىمەن. دادام ئالقاندەك قەغەزگە خەت يېزىپ بەرسىلا بولدى، ئۇ يالاڭئاياغ توپخانا مەيدانىدا ئىككى يۈز دەررە يەيدۇ.

بۇرۇن جاۋادنىڭ دەررە يېگەنلىكىنى بىلىدىغان جالالەت ئىختىيارسىز:

— ياق، ياق، ئۇ دەررىگە يەنە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا چېقىلما! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

شاھزادە ھەيران بولۇپ:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ئۇنى تېخى دەررىلىمىدۇققۇ! گېپىمگە ئۇنىساڭ، ئۇنىڭغا ھېچكىم چېقىلمايدۇ، — دېدى.

جالالەت يالۋۇرغان ئاھاڭدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىلىمەن، ئۇ بىر قېتىم دەررە يېگەن، قاماقتىمۇ يېتىپ چىققان.

شاھزادە زەردە بىلەن:

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— جاۋاد، — دەپ جاۋاب بەردى قىز.

سىياۋۇش بىرنەچچە مىنۇت جىم بولۇپ قالدى.

ئۇ جاۋادنى قانداق قىلىپ دەررە بىلەن جازالىغانلىقىنى ئەسلىدى، ئاندىن غەزەپلىنىپ:

— نەگە بارسام ئاشۇ ئادەم ياكى ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئۇچرايدىغاندۇ، — دېدى.

جالالەت سىياۋۇشنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي، قاتتىق ئەنسىرەپ كەتتى:

— ئۇنىڭدا گۇناھ يوق، ئۇنى قىينىماڭ!

شاھزادە بۇ قولاي پۇرسەتتىن پايدىلانماقچى بولدى:

— ئەگەر ئۇنىڭ قىينالماسلىقىنى خالىساڭ، كېيىمگە كىر، — دېدى ۋە قىزنى قۇچاقلىماقچى بولۇپ ئېگىلىشتى.

جالالەت قورقۇپ كېتىپ، قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى. پەررۇخ بىلەن ئەھمەد ئەلخان ئەنە شۇ ۋارقىراشنى ئاڭلىغانىدى.

جېدەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سىناۋۇش دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن تۇتۇۋالدى ـ دە، قورقۇتۇش مەقسىتىدە، چىرايىغا دەھشەتلىك تۈس بېرىپ دېدى:

— ھە، نېمە بولدى؟ بىكارغا ۋارقىرايسەن. ھېچكىم ياردەمگە كەلمەيدىغۇ. قېنى، دەرھال مېنىڭ كېيىمگە ئۇنا. مەن سېنى قولۇمدىن كېلىشىچە ئاياۋاتىمەن. ھەممىنى ياخشىلىقچە ئاياغلاشتۇرماقچىمەن.

ھەقىقەتەنمۇ سىناۋۇش مىرزا بىر سائەتتىن بۇيان زوراۋانلىقتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى، ئۇ جالالەتنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ماقۇل بولۇشىنى، قىزنىڭمۇ كۆڭلى خۇشلۇقىنى خالايتتى. سىناۋۇش بۈگۈن كېچە جالالەتكە ھەتتا قول تەگكۈزمەسلىككىمۇ تەييار ئىدى.

بىراق، جالالەت ئۇنىڭغا لام - جىم دېمىدى. جالالەت ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى. سىناۋۇش قىزنىڭ ئاغزىدىن قولىنى ئالغاندا، قىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بار كۈچى بىلەن: «ياردەم بېرىڭلار!» دەپ يەنە ۋارقىرىدى.

پەررۇخ بىلەن ئەھمەد ئەلخان ۋەقەنىڭ نەدە يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى مۇشۇ ۋارقىراشتىن بىلىۋالغانىدى.

شاھزادە بىر قولى بىلەن تىپىرلاۋاتقان جالالەتنى قۇچاقلىۋالدى، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. قىز قىينىلىپ نەپەس ئالالاتتى. دەل شۇ پەيتتە سىناۋۇش يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ دۈكۈر - دۈكۈر قىلغان ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلىدى. ئاسان قېچىپ يوشۇرۇنۇش ئۈچۈن ئۇ ھوشسىز دېگۈدەك ياتقان قىزنىڭ ئاغزىغا لۆڭگىنى قاپلاپ، ئالدىن چىراغنى ئۆچۈردى ـ دە، ئادەملەر كېلىشى بىلەن تەڭلا يان دېرىزىدىن ئۆزىنى باغقا تاشلىغانىدى، بېشى بىر تاشقا قاتتىق سوقۇلۇپ كېتىپ، شۇ ھامان ھوشىدىن كەتتى.

بىزگە مەلۇم بولغاندەك، پەررۇخ ئۇنىڭ كونا رەقىبى سىناۋۇش مىرزا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بېشىنى قويىۋەتتى، سىناۋۇشنىڭ بېشى يەنە تاشقا تەگدى. پەررۇخ بىر مىنۇتچە ئويلىنىپ قالدى، ئاندىن ئەھمەد ئەلخانغا:

— ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، قىزغا ياردەم بېرىش كېرەك، — دېدى.

سىناۋۇشنىڭ قولىدىن قۇتۇلمەن دەپ تىپىرلاۋېرىپ ھالىدىن كەتكەن جالالەت يەنىلا يەردە ياتاتتى. سوغۇق سۇ سېپىلگەندىن كېيىن ئۇ دەرھال ھوشىغا كەلدى ۋە كۆزىنى ئېچىپ، يېنىدا بىر كازاك تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، يەنە قورقۇپ كەتتى.

— ئۇ قېنى؟ ئۇ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى قىز تىترەپ تۇرۇپ.

— قورقماڭ، ئۇ ئەمدى سىزنى ھېچقانداق قىلالمايدۇ، — دېدى پەررۇخ مېھرىبانلىق بىلەن.

جالالەت خەۋپتىن قۇتۇلغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، يىغىسىنى توختاتتى.

— ئاپام ئەنسىرەپ كېتىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۆيگە كېتىشىم كېرەك. رەھىم قىلىپ مېنى ئاپامنىڭ يېنىغا ماڭدۇرۇۋەتسىڭىز.

پەررۇخ بىلەن ئۇنىڭ ئاغىنىسى قىزغا ئىچ - ئىچىدىن ئېچىندى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى.

— بولدى، بۇنداق قايغۇرماڭ. نەدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭ، مەن ھازىرلا ئاپىڭىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن، — دېدى پەررۇخ.

جالالەت قانداق ۋەقەلەر يۈز بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى دەپ بەردى.

— بولدى، مەن ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياي، — دېدى پەررۇخ ئەھمەد ئەلىخانغا.

ئەھمەد ئەلىخان پەررۇخنىڭ ئېچىنىشلىرىنى ئېغىر ئەھۋالدا ياتقان سىياۋۇشقا يۆتكىمەكچى بولدى.

— ئۇنىڭ بىلەن كاردىم يوق، — دەپ دوستىنىڭ گېپىنى رەت قىلدى پەررۇخ.

جالالەت دەرھال رومىلىنى ئارتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ يىگىتكە ئىشەنگىلى بولىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ قىلچە قورقماي ئۇلار بىلەن سىرتقا چىقتى ۋە پەررۇخ بىلەن بىرلىكتە شەھەر مەركىزىگە قاراپ كەتتى.

سىياۋۇش يېرىم سائەتچە ھوشسىز ياتتى. بېشىنىڭ يېرىلغان جايىدىن قان ئېقىۋاتاتتى.

مۇھەممەت تاغا ھەربىي ھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان چاغدا بۇ مەھەللىدىن قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مەشئەدىي رىزانىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان خارابىلىقتا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. ئۇ ھېلىقى ئىككى كىشىنىڭ جالالەت بىلەن بىللە كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن خوجايىنىنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان ھويلىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلدى.

ئۇ بەكمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىپ، تۇساتتىن سىياۋۇش مىرزىغا پۈتلىشىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ سەرەڭگە يېقىپ، يەردە ھوشسىز ياتقان خوجايىنىنى كۆردى.

سىياۋۇش كۆزىنى ئېچىپ:

— بېشىم بەك ئېغىر، — دەپ ئىڭرىدى - دە، يەنە ھوشىدىن كەتتى.

مۇھەممەت تاغا ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، جالالەتكە تەييارلانغان ئورۇنغا ياتقۇزدى.

سىياۋۇش مىرزىنىڭ يارىسىدىن ئېقىۋاتقان قان توختىغانىدى. مۇھەممەت تاغا ئۇنىڭ ئۆلەر ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قورقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي چىراغنى ئۆچۈرۈپ، تاڭ ئېتىشىنى كۈتتى.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

## ھاجى ئاغىنى ئۆيىدىن كۆچۈرۈش

سودىگەرلەرنىڭكىدەك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بىر ئۆيدە چاچامىرى قىرىپ چۈشۈرۈلگەن، ساقىلىغا خىنە قويۇۋالغان بىر ئادەم چىرايلىق بىر ياش جۇۋان بىلەن قۇچاقلىشىپ ياتاتتى. كۈن چىققىنىغا خېلى بولغان بولسىمۇ، بۇ تەمبەل مۇسۇلمان ئورنىدىن تۇرۇشنىمۇ، ناماز ئوقۇشنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەي ياتاتتى. بۇ ئادەم ھاجى ئاغا ئىدى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيى بولمىغىنىدەك، خوتۇنىمۇ ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئەمەس ئىدى.

سودىسى بەركەت تېپىپ كەتكەچ ھاجى ئاغا ئۈچ يىل ئىچىدە خېلى كۆپ مەبلەغ توپلىدى، ئەمدى بولسا، ھۇزۇر - ھالاۋەتتە ياشاۋاتاتتى. بىر قىسىم پۇلىنى خوتۇنلىرى بىلەن باللىرىنى ۋاقتىنچە شاھ ئابدۇلئەزىم دېگەن سەيلىگاھقا يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن، سادىق گۇماشتىسىنىڭ ياردىمى بىلەن شۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن ساندۇقىغا سېلىپ قويغانىدى. شۇ كۈنلەردە، ھەممە بايلار قاماققا ئېلىنىدىكەن، دېگەن مىش - مىش گەپ تارقىلىپ كەتكەندە ئۇ بەكلا قورقۇپ كەتتى. بۇ «ھالاللىق بىلەن تېپىلغان پۇللار ئۆز ئىگىسىدە قالىدۇ» دەپ ئۆزىنى

ئۆزى كوللىسىمۇ، مېڭىسىدىن تەشۋىشلىنىش خىياللار كەتمەيتتى.

ئۇنىڭ كونا ئۆيىنى تاشلاپ بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلگىنىگە ئۈچ يىل بولدى. ھەممە ھەقىقىي ھاجىلارغا ئادەت بولۇپ كەتكەندەك، ئۇمۇ دەرۋىشلەرگە، موللا ئىبراھىم يەھۇدىيغا ۋە باشقا ئازايىمخانلارغا ھەر خىل تۇمارلارنى پۈتتۈرۈپ، دەرۋازا ۋە ئىشىكلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويغان، تامنىڭ ئۈستىگە بولسا، بىر جۈپ ئۆي مۈڭگۈزى ئورنىتىپ قويغانىدى؛ پەيشەنبە كۈنلىرى رەۋزەخانلارنى چاقىرىپ، ھەر بىرىگە ئون پۇلدىن بېرىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە ئىمام ھۆسەيىن شەرىپى ئۈچۈن ئۆز ئۆيىنى «ھۆسەيىنىي» دەپ ئاتىۋالغانىدى.

ھاجى ئاغا مۇھەررەم، يەنى شەئىدى كەر بالا ئېيىدا مەقسەتلىك ھالدا مۇنبەرلەرنى ئىجارىگە ئالاتتى، گۈل ۋە شام ئۈچۈن ئازراق پۇل سەرپ قىلاتتى، شاملارنى دىندارلارغا سېتىپ، يىللىق كىرىمىنى يەنە بىرنەچچە تۈمەن كۆپەيتەتتى.

سىياسىي ئۆزگىرىش بولغىنىغا سەككىز كۈن بولادى. شۇ ۋاقىت ئىچىدە ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىگەنىدىن كېيىن، ھاجى ئاغا ساندۇقىدىن خاتىرجەم بولدى. لېكىن بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىنى تونۇشراق بىر ئادەمنىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكى ئۇنى سارسىمىگە سېلىپ قويدى. بۇ كازاك ئوفىتسېرىنىڭ قاچان ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى ھەر قانچە ئويلىغان بىلەنمۇ ئەسلىيەلمىدى

كازاك ئوفىتسېر بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن، نېمىشقىدۇر، ھېچنېمە دېمىدى.

ھاجى ئاغا كېچىچە قالايمىقان چۈشلەرنى كۆرۈپ چىقتى، بولۇپمۇ ھېلىقى ئوفىتسېر ئۇنىڭ چۈشىگە كۆپرەك كىرەتتى. بىر كۈنى چۈشىدە، شائىرانە ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا، بۇلبۇللار قەھ - قەھ ئۇرۇپ سايراپ تۇرغان گۈزەل باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇنى پۈتۈن ئائىلىسى، بالىلىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرى بىلەن ئۆيىدىن كۆچۈرۈۋەتكەنمىش؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىرغاي يېزىپ - سىزىپ بۇزۇۋەتكەن تاملارنى تۈزەش ئۈچۈن پۇل تۆلەشكە مەجبۇر قىلغانمىش.

ھاجى ئاغا ئۆپكىسى يېرىلىپ كەتكەندەك بولۇپ، چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتكەنىدى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئۆيىگە ھېچكىم، ھېچقاچان دەۋا قىلالمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكتىن، نېمە ئۈچۈن بۇنداق چۈش كۆرۈپ قالغانلىقىغا چۈشىنەلمەي، كۆڭلىدە: «ئۇكرىنى چامغۇر بىلەن قوشۇپ يېگىلى بولمايدۇ» دەپ قويدى.

بايا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كۈن چىقىپ، ئۆينى يورۇتۇۋەتكەن بولسىمۇ، ھاجى ئاغا ئورنىدىن تۇرماي، يېنىدا ياتقان ياش جۇۋاننىڭ لەۋلىرىدىن شاپىلدىتىپ سۆيەتتى ۋە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلەتتى.

توساتتىن ئىشىك قاتتىق چېكىلدى. ھاجى ئاغا چۆچۈپ كەتتى.

— بىر كۈنمۇ تىنچ ئارام ئالغىلى قويۇشمايدۇ. يەنە خەت توشۇغۇچى ياكى تېلېگراممىچى كەلگەن بولسا كېرەك.

ھاجى ئاغا شۇنچە دۆلەتمەن بولسىمۇ، ئۆيىدە خىزمەتچى تۇتمايتتى. ئىشىكنى ھاجى ئاغىنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرىنىڭ كىچىك سىڭلىسى ئاچتى. ھاجى ئاغا بەزىدە ئۇنىڭغىمۇ سۇۋۇشۇپ يۈرەتتى.

— كىم بۇ؟ — دەپ سورىدى قىزچاق مۇلايىم تاۋۇش بىلەن، — نېمىشقا بۇن-

ﻬﻼ سەھەردە ئىشىكنى تاقىلادىتىمىز؟ نېمە
گەپ بار ئىدى؟
ھاجى ئاغىنىڭ قېيىن سىڭلىسى ئىشىكنى
چەككەن ئادەم ئۆزرە سورايدۇ، ئەگەر ئۇن-
داق بولماي، خەت توشۇغۇچى بولسا، ئۇ-
نىڭغا سۆيۈنچە بەرمەيمەن، دەپ ئويلىغان-
دى، ئەمما باشقىچە بولۇپ چىقتى. دەرۋازا
سىرتىدىن:
— قېنى، دەرھال ئىشىكنى ئېچىپ، قو-
راللارنى تاپشۇرۇڭ، — دېگەن زەردە ئا-
رىلاش دوق قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.
ھاجى ئاغا ئىچ كىيىمى بىلەن ئورنىدىن
تۇرۇپ، نەجەپ تونىنى ئۇچىسىغا تاشلىدى،
ئىشىك ئالدىغا بېرىپ بىر يۆتىلىۋالدى-دە:
— جانابلىرى، قارىشىمچە، خاتا كېلىپ
قالغان ئوخشايسىز، بۇ ھاجى مەھدىنىڭ
ئۆيى، — دېدى.
ئىشىكنى چەككەن كىشى تېخىمۇ چىڭراق
گەپ قىلدى:
— ھەئە، دەل ئاشۇ ھاجى مەھدىنىڭ
قورالى بار، ئۇنى تاپشۇرۇشى كېرەك!
ھاجى ئاغا بۇ ئادەمنى بىر ئامال قى-
لىپ تىنچىتىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئاچقانىدى،
ئۇنىڭ كۆزىگە كېچىچە چۈشىگە كىرگەن كازاك
ئوفىتسېرى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككى كازاك
كۆرۈندى. ھاجىنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ كەتتى.
شۇ كۈنلەردە كازاكلارنىڭ پىكرىگە قارشى چىق-
قانلار. قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانـ-
لىقىنى بىلىدىغان ھاجى ئاغا تولىمۇ ئىتا-
ئەتچانلىق بىلەن:
— سەركەردە، مەن ئۇششاق ئېلىپ-
ساتارلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇرسام،
مەندە قورال نېمە قىلىدۇ، — دېدى.
ئوفىتسېرنىڭ ئاچچىقى يېنىپ
مۇنداق دېدى.
— بوپتۇ، گەپ تۈگىدى. مەن ئۆيىنى ئاخ-
تۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم. ئىشنى باشلىشىمىز
ئۈچۈن، ئاياللىرىڭىزغا خەۋەر قىلىپ قويۇڭ،
رومال لىرىنى ئارتىۋالسۇن.
ھاجى ئاغا ئۇلار مېنىڭ پۇلۇمنى كۆ-
رۈپ قېلىپ تارتىۋالمىسۇن دەپ، ئۆزىنى
بىچارە قىلىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەپلەش-
مىدى. ئاخىر ئۇ ئۆي تەرەپكە يۈگۈرۈپ،
ئەلەم بىلەن:
— ئەزىز، سەكىنە، رومىلىڭلارنى ئار-
تىۋېلىڭلار. قانداقتۇر بىر كاپىر مېنى چېقىپ-
تۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.
ئەزىز بىلەن سەكىنە دەرھال كىيىنىپ
بولغاندىن كېيىن، ئوفىتسېر بىلەن كازاكلار
ئۆيگە كىردى. قارىماققا، ئوفىتسېر ئۆيىنىڭ
يېپىمدىن-يىڭنىسىگىچە بىلىدىغاندەك قىلاتتى.
بۇ ھال ھاجى ئاغىنى بەكمۇ ھەيران قال-
دۇردى. ئوفىتسېر ھېچكىمدىن سوراپ يۈر-
مەيلا، ئۇدۇل ئامبار ئۆيگە قاراپ ماڭدى.
ھاجى ئاغا تاتارغان ھالدا: «لەنىتى
چېقىمچى ھەممە گەپنى يەتكۈزگەنىكەن-
دە» دەپ ئويلىدى-دە، ئوفىتسېرنىڭ
ئارقىسىدىن يۈگۈردى.
— مەندە قورال يوق، ئاختۇرۇشتىن
كېيىن، بىر مۆمىن مۇسۇلماننى خاپا قىلىپ
قويغانلىقىڭىزنى چۈشىنىسىز.
ئوفىتسېر ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي،
يۇقىرى ئۆيگە — ھاجى ئاغىنىڭ ياتىدىغان
ئۆيىگە چىقتى. ھاجى ئاغىنىڭ پاچىقىغا
پىت چۈشتى. ئۇ ياتقان ئورنىمىزغا نامەھ-
رەمنىڭ كۆزى چۈشسە خوتۇنلىرىمنىڭ
نومۇسى تۆكۈلىدۇ، دېگەن پىكىرگە ئاساسەن
ئىشارەت قىلىپ:
— ئۇياققا كىرمەڭ. ئۇ يەر نامەھ-
رەملەر كىرىدىغان جاي ئەمەس. مۇسۇلما-
نمۇ سىز؟ مۇسۇلمانچىلىقىمىز نەدە قالدى؟ —
دەپ ۋارقىراپ كەتتى.
ئوفىتسېر ئۇنىڭغا بۇرۇلدى-دە، غە-
زەپ بىلەن:

— ئۇنىڭغىنى چىقارما! — دېدى.

ئۇنىڭ غەزەپ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىغان ھاجى قورققىنىدىن غىدىك - پىدىك قىلالماي، يولنى بوشاتتى. ئوفىتسېر يان ئۆيگە كىردى - دە، كازاكلارنى پەسكە چۈشۈشكە بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزى ھاجى ئاغا بىلەن يالغۇز قالدى.

— سەن ھازىر مۇسۇلمانمۇ؟ مۇسۇلمانچىلىق ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتامسەن؟ — دېدى ئۇ ھاجى ئاغىغا.

— ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى ھاجى، — نېمە دەۋاتىسىز؟ مېنىڭ مۇسۇلمانلىقىمغا شەك كەلتۈرۈۋاتامسىز؟

يىگىت يەنىلا غەزىپىنى باسالماي سۆزلەيتتى:

— سەن تېخىچە مېنى تونۇمىغان ئوخشىمامسەن؟

— بىر جايدا ... ئۇچراشقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، لېكىن نەدە ئۇچراشقانلىقىمنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن. ئۆزىڭىزنى كۆرۈش شەرىپىگە قەيەردە ئېرىشكەن بولغىيدىم؟ — دېدى ھاجى ئاغا.

ئوفىتسېرنىڭ غەزىپى تېخىمۇ قوزغالدى:

— نەيرەڭۋازلىق قىلما، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى تونۇيمىز.

بۇ قېتىم ھاجى ئوفىتسېرغا تازا زەن سېلىپ قارىدى. بۇ ئوفىتسېرنىڭ چىرايىدىن بىر چاغلاردا ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئۆيىدە ئۆزى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرغان پەررۇخنىڭ ئۆزىنى كۆردى - دە، قورقۇپ كەتتى.

ھاجىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ مانا شۇنداق بىسەرەمجان كۈنلەردە مۇشۇ ئۆينىڭ كازاكچە كىيىنگەن ئىگىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىنى!

بىراق ئۇ بۇنداق مۇشكۈل ئەھۋالغا تولا دۈچ كېلىپ سۇمەل بولۇپ كەتكەن ئادەم بولغاچقا، يەنە بىرىش كەلمىدى: قولىدىكى ھەزرىتى ئىشان ئىمزا قويۇپ بەرگەن ۋەسىقە — پولات قورغانىنىڭ مەغلۇپ بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ دىدىللەشتى:

— ھە، بولدى، بولدى، ئەمدى تونۇدۇم. جاھاننىڭ ئىشلىرىنى قاراڭ! شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان نەدە ئىدىڭىز؟ ھەي ئېست، كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويغان بولسىڭىز، بىرەر نەرسە تەييارلاپ قويىدىكەنمىز.

پەررۇخ ھاجىنىڭ ھېيلىگەرلىك قىلىپ، ھەقىقەتنى يېپىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— ھاجى، ساختىپەزلىك بىلەن مۇتەھەملىكىڭنى قوي، مېنى ئالدىيالمايسەن.

بۇ گەپلەر ھاجى ئاغىنىڭ زەردىسىنى قاينىتىۋەتتى.

— ئىمان، ۋىجدان دېگەنلەر نەگە كەتتى؟ مەن ئۆزۈم ھاجى تۇرسام، ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرىدىغان نادانلار مېنى «ساختىپەز، مۇتەھەم» دەپ تىللاپ يۈرسە بولامدۇ؟

ئۇ شۇنداق دەپلا ھويلىغا قېچىپ چىقىۋالماقچى بولغانىدى، پەررۇخ ياقىسىدىن تۇتۇۋالدى.

— ھاجى، — دېدى ئۇ خاتىرجەملىك بىلەن، — ساختىپەزلىكىڭ بىلەن مۇتەھەملىكىڭنى قوي دەۋاتىمەن ساڭا.

ھاجى جىم بولمايۋاتاتتى. ئۇ ۋارقىرايتتى، ھەتتا پەررۇخنىڭ كانىيىنى بوغماقچى بولاتتى، ئاخىر پەررۇخ تاپانچىسىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە توغرىلىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ جان قايغۇسىدا يىغلاپ كەتتى.

— ماڭا قارا، — دېدى پەررۇخ، — بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن سەن ئىككى يۈز تۈمەن بېرىپ ئۆيۈمنى ئىگىلىۋېلىپ، بابا

ھەيدەر بىلەن ئىنىكئانامنى ھەيدەپ چىقىرىپسەن.

ھاجى ئاغا ئۇنىڭ كېپىنى بۆلۈپ:

— سىزگە توغرا ئېيتماپتۇ. ئۇلار ئۆيىنى ماڭا ساتتى، بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۆھۈرى بېسىلغان ۋەسىقەم بار، — دېدى.

— ماڭا ۋەسىقەڭنى پەش قىلما، ئۇنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئالغانلىقىڭ ئۆزۈڭگە مەلۇم.

— ھەزرىتى ئىشان كەم بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، مۇسۇلمانى كامىل ئادەم، سىز ئۇنى ھاقارەت قىلماڭ، — دەپ جاۋاب بەردى ھاجى.

پەررۇخ يەنە:

— ھاجى، ساختىپەزلىكىڭ بىلەن مۇتەھەممىلىكىڭنى قوي! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھاجى جىم بولۇپ قالدى، — ھازىرلا كۆزدە- كۆرپەلىرىڭنى كۆتۈرۈپ، ئۆيىدىن چىقىپ كەت!— دېدى پەررۇخ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ھاجى ئاغا بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆيگە سەرپ قىلغان پۇللىرىنى ئەسلەپ ئۆزىگە ئۆزى: «قاراپ تۇرۇپ ئۆينى باشقىلارغا بېرىۋېتەمدىمەن، ھەر قانچە بولغاندىمۇ بۇنداق بولۇپ كەتمەس» دېدى - دە، مەيدىسىگە تاپانچا تەڭلىنىپ تۇرغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ ۋارقىرىدى:

— راستىنى ئېيتسام، سىزدە نومۇس، ۋىجدان دېگەن نەرسە يوق ئىكەن. كازاك بولدۇم دەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىنىمۇ، مال - مۈلكىنىمۇ خوجايىنلىق قىلماقچىمۇ؟ سىز مېنى ئۆز ئۆيۈمدىن ھەيدەپ چىقارماقچىمۇ؟

ھاجى ئاغىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بۇ ۋارقىراش - چىرقىراشنى ئاڭلاپ، ئوفىتسېر ھاجىنى ئۆلتۈرۈۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، يۇقىرىدىكى ئۆيگە چىقىشتى.

ھاجى ئاغا زارلىنىپ:

— بۇ قانداق زامان بولۇپ كەتتى. ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ مانا بۇ جاناب ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ بىزنى ئۆيدىن قوغلاۋاتىدۇ! — دەپ دادلاپ كەتتى. خوتۇنلارمۇ تەڭلا:

— بۇ قانداق بولغىنى! — دەپ چۇرقۇراشتى.

پەررۇخ ھاجى ئاغىنىڭ قىلمىقلىرىغا ئىچى - ئىچىدىن كۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاچچىقلىنىۋاتقان ئادەمدەك بىر جايىدىن مىدىرلىماي تۇرىۋەردى. پەررۇخنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن خوتۇنلار چاچلىرىدىكى قىسقۇچلارنى ئېلىپ، پەررۇخقا تىقماقچى بولغانىدى، تاپانچىنىڭ دەھشەتلىك ئېغىزى ئۇلارنىمۇ ھوشىغا كەلتۈرۈپ قويدى.

پەررۇخ كازاكلارنى چاقىردى، ئۇلار كىرىپ ھاجى ئاغىنى تۇتتۇۋالدى. ھاجى چىرقىراپ كەتتى. كۈچ بىلەن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇمۇ، خوتۇنلىرىمۇ يىغلاشقا باشلىدى.

ھاجى ئاغا پەررۇخقا:

— بىزگە رەھىم قىلمامسىز، بىگۇناھ گۆدەكلەرگە بولسىمۇ رەھىم قىل، — دېدى.

ئاخىردا، ھاجى ئاغا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانلىقىنى، پەررۇخنىڭ ھازىرقى قاراشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن ۋاز كەچمىسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ بۇنىڭغا قانداقمۇ رازى بولسۇن؟ بۇ ئۆيىنى ئۇ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى. ئۇ ئوغلى غۇلام ئەلى ئۈن ئالتە ياشقا كىرگەن ھامان ئۆيلەپ، كېلىنىنى مۇشۇ ئۆيگە كۆچۈرۈشنى مۆلچەرلەپ قويغانىدى، يەنە تېخى ئۆزىمۇ دوكتور ن ... ئۇلۇمۇلكىنىڭ قىزىنى نىكاھلاپ ئېلىپ، ئائىلىسىنى قويالتىشقا ئەھدە قىلغانىدى.

كۈتۈلمىگەندە، ئۇنىڭ پىلانلىرىنىڭ ھەممىسى بەرباد بولدى.

بىراق ھاجى ھازىرغىچە بىر پىكىرگە كېلەلمىگەنىدى.

— كەپنى چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ — دېدى
پەررۇخ، — هازىرلا ئۆينى بىكار قىل!

هاجى ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. بۇ قانداق
بولغىنى؟ شۇنداق چىرايلىق ئۆينى تاشلاپ،
يەنە شۇ مەلىكئابادتىكى كونا ئۆيگە كۆچۈپ
كېتىمەنمۇ؟ ئۇ تېخىمۇ ئۆزىنى بۇ ئۆينىڭ
ھەقىقىي ئىگىسى دەپ ھېسابلايتتى: نېمىلا
بولسۇن، قولىدا ۋەسىقىسى بار – دە، ئەد-
لىيە ھۆكۈم چىقىرىپ، دەۋاگەرنى جازالىغان-
غۇ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن، بۇ ئۆي
ئۇنىڭ بولماي كىمنىڭ بولسۇن. بۇنى
ھەزرىتى ئىشانمۇ تەستىقلىغان، ئەدلىيەمۇ
بارلىق دەۋالارنى تولۇق ئاساسلار بىلەن
رەت قىلغان. ئۆينىڭ ئۆزىنىڭ ئىگەنلىكىگە
ھاجىنىڭ ئىمانى كامىل. ئۇ ئۆزىنىڭ
بۇ خام خىيالىغا ئىشىنەتتى، بەزىدە ئۆزىچە
«گەرچە بۇ ئۆي مېنىڭ بولمىسىمۇ، لېكىن
بىر كۈنلەر كېلىپ مازاندارانلىق ئۇرۇغ –
تۇغقانلىرىمنىڭ بىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ»
دەيتتى.

هاجى ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ:

— ماقۇل، بۇنىڭغىمۇ مەيلى،سىز كۆچۈپ
كېلىمىز، ئەمما، ئۆي بەرىبىر مېنىڭكى،—دېدى.

پەررۇخنىڭ غەزىپى تاشتى:

— نومۇس قىلمامسەن؟ قولۇڭدا ئەدلىيە-
نىڭ قەغىزى بولغانلىقتىن ئۆزۈڭنىڭكىنى توغرا
دەپ ئويلامسەن؟ ئەڭ ياخشىسى، ماۋۇلارنى
ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ، ئوقۇپ باق.

پەررۇخ هازىرلا ئېلىپ كەلگەن سوتنىڭ
باشقا بىر ھۆكمىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ، ها-
جىنىڭ كۆزىگە تەڭلىدى.

هاجى ئاغا ئوقۇپ چىقىپ:

— بۇ ساختا ھۆكۈم، — دېدى.

پەررۇخنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ،
بىر مۇشت بىلەنلا دۇنيانى بۇ مۇ-
تەھەمدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولدىيۇ، لېكىن
يەنە ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— كېيىمگە كىرىپ، ياخشىلىقچە
كۆچۈپ كەت، ياخشىلىقچە كۆچ-
مەيدىغان بولساڭ، رەسۋا بولىسەن، ئەدلىيە
ۋەكىلىنى ئەۋەتىمەن. ئەگەر قولۇڭدىن كەل-
سە، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھەزرىتى ئىشانىنىڭ
ۋەسىقىسىنى كۆرسەت. ھەزرىتى ئىشان بىلەن
سېنىڭ قانداق قانۇنشۇناس ۋە شەرىئەت
پېشۋالىرى ئىكەنلىكىڭلارنى كۆپچىلىككە
ئەپاتلاپ بەر.

هاجى پەررۇخنىڭ ھەممە ئىشنى ئېنىق
بىلىدىغانلىقىنى سەزدى ۋە ئۇنىڭ
بىلەن ئېلىشىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ رەسۋا
بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا هالاك بولىدىغانلىقىنى،
ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆز رازىلىقى بىلەن چى-
قىپ كەتسە، ھېچ بولمىغاندا، ئۆزىنىڭ با-
زاردىكى ئابروي- ئىناۋىتىنىمۇ ساقلاپ قالا-
لايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

پەررۇخ هاجىنىڭ بوشاۋاتقانلىقىنى
سېزىپ، مۇنداق دېدى:

— شۇنى بىلىپ قوي، ماڭا ئۆينى تا-
زىلاپ بېرىشىڭلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئوغلۇڭ
بىزەۋىتە قىلىۋەتكەن تاملارنى رېمونت قىل-
دۇرۇش ئۈچۈن پۇل تۆلىشىڭ، شەرت بو-
يىچە ئۈچ يىللىق ئىجارە ھەققىنىمۇ
تۆلىشىڭ كېرەك.

هاجى بۇنىڭغا چىدىيالمىدى، ئۇ ئۆيدىن
كۆچكەندە ھېچبولمىغاندا پەررۇختىن ئىككى
يۈز تۈمەن پۇلۇمنى قايتۇرۇۋالىمەن دەپ
ئويلىغانىدى.

هاجى يەنە ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. پەررۇخ هاجىغا
ئۆزىنىڭ يەنە كۈتۈپ تۇرالمايدىغانلىقىنى،
ئۇنىڭ دەرھال ھاممال چاقىرىپ، ئۆينى بو-
شىتىپ بېرىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. هاجى
ئىشىكتىن چىقىپلا داد – پەرياد سېلىپ
يىغلاش، ھەزرىتى ئىشانىنىڭ مۆھۈرىنى تۇن-
جى قېتىم تونۇغان مەشھەدىي رىزانى چا-

قىرىش، يىغىپ ئېيتقاندا، روھانىيلار بىلەن سودىگەرلەرنىڭ ئادىتى بويىچە راسا بىر قېتىم ئالا - توپىلاڭ كۆتۈرۈشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكتى. بىراق، پەررۇخ ئۇنىڭ نىيىتىنى سېزىپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ، — ھاممال چاقىرىش ئۈچۈن كازاكلارنى ئەۋەتىشىمگە رۇخسەت قىلارسەن.

ھاجىنىڭ بۇ يەردە ھېچقانچە نەرسىسى يوق ئىدى، ئۆيدىكى بۇيۇملارنىڭ كۆپى پەررۇخنىڭ بولۇپ، ھاجى پەقەت بەزى ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى، جۈملىدىن مەشھۇر ئاپتۇۋانى ئېلىپ كەلگەنىدى، خالاس.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن كازاكلار ھامماللارنى باشلاپ كەلدى. پەررۇخ ھاجى ئاغىنى ئاۋۋال خوتۇنلىرىنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئاندىن مال - مۈلۈكلەرنى يۆتكەشكە مەجبۇر قىلدى.

ھاجى شۇ يەردىمۇ ئۆزىنىڭ مۇتەھەممىلىكىنى تاشلىماي، ئۆزىنىڭ ئىلكىدە بولمىغان بۇيۇملارنىمۇ ئېلىپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن پەررۇخ بۇنىڭغا يول قويمىدى.

ھاجى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇپ قويغان پۇللىرىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، پەررۇخ بىلىپ قالسا، ئېلىۋالىدۇ دەپ قورقاتتى. بۇ دەرد ئۇنى بەك قىيناۋاتاتتى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي:

— مانا ئۆيىڭىزنى بوشىتىپ بەردىم، ئەمدى ھېچ بولمىغاندا ئازراق مەبلىغىمنى ئېلىپ كېتىشىمگە رۇخسەت قىلارسىز، — دەپ يېلىنىشقا باشلىدى.

— مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ، — دەپ جاۋاب بەردى پەررۇخ، — ئۆيىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن، ئىجارە ھەققى ۋە كاردىن چىققان بۇيۇملارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇلنى تۆلەپ، ئاندىن قالغان نەرسىلىرىڭنى ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

بۇ گەپتىن كېيىن ھاجى ئاغا تاملارغا قالايمىقان خەت يېزىۋەتكەن ئوغلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن خۇراز قەنتلەرنىڭ قانچىلىك قىممەتكە توختىغانلىقىنى چۈشەندى. لېكىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ھاجى «ھازىرچە بۇ زالىمدىن قۇتۇلسام بولغىنى، كېيىن ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، راسا توپىلاڭ قىلىمەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئاندىن ئۈچيۈز تۈمەن ساناپ بېرىپ ھامماللار بىلەن چىقىپ كەتتى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

## مەھبۇسلار

سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. يېڭى باش مىنىستىرنىڭ پائالىيەتلىرى كىشىلەردە ئەڭ ياخشى ئۈمىدلەرنى ئويغىتىۋاتاتتى. ياشلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر - بىرىنى تەبرىكلىشەتتى. روھانىيلارنىڭ دۆلەت ئىشىغا ئارىلىشىشى چەكلەنگەن، سەئىدلەر سىياسەتتىن چەتلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەشرەپلەرنى قاماش داۋام قىلىۋاتاتتى.

تەۋسىيە يېزىش ئارقىلىق نادان مەنسەپدارلارنىڭ ئوغۇللىرى ۋە دېپلوم - گۇۋاھنامىسى يوق خىلمۇ خىل ئادەملەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغان ئەشرەپ (ئاقسۆڭەك) لەرنىڭ قەلەملىرى قەغەز ئۈستىدە خالىغانچە يورغىلاشتىن توختىدى، ئەمدى بۇنداق تەۋسىيەنامىلەر بەرىبىر پايدىسىز ئىدى. بۇ كىشىلەرنى قاماق ياكى باشقا بىر خىل جازا كۈتۈپ تۇراتتى.

خەلق خۇشال ئىدى. پەقەت بىرلا نەرسىنى، يەنى يېڭى باش مىنىستىرنىڭ مەھبۇسلارنى جازالىشىغا توسالغۇ بولۇپ تۇرغان

نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئاغارلىق تەرەپدارلىرى بولسا، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئويلىمىغان، يۈرىكىنى ياغ بېسىپ كەتكەن ئاشۇ ئەشرەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يەنچىپ تاشلاشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، بۇنىڭغا ئۇلار ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەشرەپلەرنى جازالاش ئىشى كۈندىن - كۈنگە ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كازاكلار لاگېرىنىڭ يۇقىرىقى قەۋىتىدىكى بىر زالغا رەزىللىك ۋە مۇتەھەملىكتە بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەر قامالغانىدى. ئۇلار سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ بىرىنچى كۈنى قولغا ئېلىنغانلار ئىدى.

زالنىڭ بۇلۇڭىدا قانداقتۇر بىر سەئىد نوقۇل دۇئا ئوقۇپ، ئەستاغپۇرۇللا ئېيتاتتى. ھەمدە باش مىنىستىرنىڭ خائىنلىقى توغرىسىدا قەسەم ئىچەتتى. ئۇ ئاق سەللىلىك كىشىگە مۇنداق دېدى:

— بۇ شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق چوڭ گۇناھكار بولۇپ كەتكەنكى، ئۇلارنىڭ بىرەرىگىمۇ جەننەتكە كىرىش نېسىپ بولمايدۇ. ئۇ يەردىن پەقەت سىز بىلەن بىزگىلا ئورۇن بېرىلىدۇ. تەقدىرىمىز جاپاكەش ئەۋلىيالارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ئىبادەت قىلىش، دۇرۇت ئوقۇپ تۇرۇش لازىم.

زالنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا پاكارغىنا بىر شاھزادە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يېنىغا يىغىۋېلىپ قىمار ئويناۋاتاتتى. ئۇ قانچە تىرىشسىمۇ ئامىتى كەلمەيۋاتاتتى.

ئاغرىقىغا چىدىماي ئىنجىقلاۋاتقان باشقا بىر قېرى شاھزادە ھەر مىنۇتتا دېگۈدەك بىر قېتىم:

— ھەي، ھەي ئادەملەر! — دەپ چاقىراتتى، بىراق «ئادەملەر» قۇلاق سالمايتتى.

ئۇنىڭ ھەدەپ چاقىرىۋېرىشى جېنىغا تەگكەنلىكتىن، قانداقتۇر بىر ۋەكىل ئۇنىڭغا:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئالاھەزرەت ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك قەسرىدە ئەمەس، دارنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

قېرى شاھزادىنىڭ رەڭگى غەلىتە بولۇپ كەتتى.

— مۇنداق دېيىشكە قانداقمۇ تىلىڭىز باردى، نومۇس قىلمامسىز؟ — دېدى ئۇ خورسىنىپ قويۇپ، — مانا بۇ، مېنىڭ ئۇزاق يىللار داۋامىدا قىلغان خىزمەتلىرىمگە بېرىلگەن مۇكاپات. بۇ ئادەملەردە ھەقىقەتەنمۇ ئالىيجانابلىقتىن ئەسەر قالماپتۇ.

بىر نەچچە قېتىم ۋىلايەت ھاكىمى بولغان ئەشەددىي ئەشرەپلەردىن بىرى بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— بۇ كۆرگۈلۈكلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىمىز ئەيىبلىك. مەن باشتىلا: «توغرا كەلمىگەن ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماڭ، ياۋروپالىقلار بىلەن تونۇشماڭ، كونا تۇرمۇشتىن كۆز يۇمماڭ، قويۇڭ، بۇرۇن قانداق بولغان بولساق، شۇ پېتىچە كېتىۋېرەيلى» دېگەنىدىم. بۇنى خالىمىدىڭىز! ياۋروپالىقلارنى قوبۇل قىلدىڭىز، ئارىلاش شامپان ۋىنولىرىنى ئىچتىڭىز، گېزىتلەرگە يېزىلدىڭىز، دېپلوماتىيەلەرنى ئويلاپ چىقاردىڭىز، پۇت - قولىڭىزنى قىرقىش ئۈچۈن، گىراژدانلىق سوتلىرىنى يولغا قويدىڭىز. بىزنىڭ كېيىملىرىمىز سىزگە ياقمىدى، ھەزرىتى ئىشاننى ئىپلاس دەپ ئەيىبلىدىڭىز، ئاساسىي قانۇن دېگەن نەرسىنى توقۇپ چىقتىڭىز. سۇنى قاينىتىپ ئىچتىڭىز، ياۋروپالىقلارنى دوراپ ئۆزىڭىزنى ئەملەتتىڭىز، ئاخىرىدا رەسۋايى - ئەزىم بولدىڭىز. نېمىگە ۋارقىرايسىز؟ ھەممىگە ئۆزىڭىز ئەيىبلىك!

ھەممەيلەن لومۇس قىلىپ، يەرگە قاراشتى.

جىملىقنى سەئىد بۇزدى:

— سەن ھەقىقەتنى سۆزلەۋاتىسەن. لېكىن خۇدانىڭ: «ئۇ دۇنيادا دۆلەتمەن بەندىلىرىمنىڭ بېشىغا ئازاب - ئوقۇبەت سالىمەن» دېگەنلىكىنى ئۇنتۇما. ئەۋلىيالار بىزدىن كۆپ ئازاب چەككەن، زىندانلاردا بىزدىن ئۇزاق ياتقان.

كېيىنكى گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۆزىگە ياش ئالدى، بەزىلەر بولسا:

— جانابىلىرى، بۇ قامىقىنىڭ بەدىلىگە بىزنىڭ چوقۇم جەننەتتىن ئورۇن ئالىدىغانلىقىمىزغا ۋەدە بەرسىلە، — دەپ خىتاب قىلدى.

سەئىد ۋەدە بېرىشتىن باش تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە كىشىلەرنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان بىرقانچە ھەدىسنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئۇلاردا ئازراق ئىشەنچ ھاسىل قىلدى.

بۇ كىشىلەر تولىمۇ تاۋى نازۇك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلاردىن بىرى زارلاندى:

— ھۇ، يارىماسلار، مېنىڭ ھەتتا باللار ئۆيىگە كىرىپ چىقىشىمىغىمۇ رۇخسەت قىلمايۋاتىدۇ. شۇنداق قاتتىق سوغۇقتا، خىزمەتكارلار باللارنى شامالدىتىپ قويسا نېمە قىلغۇلۇق؟

«باش مىنىستىر نامزاتى» دېگەن لەقەم بىلەن داڭ چىقارغان يەنە بىر قېرى ئادەم ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. بۇ قېرى ھەر قېتىم ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇلغاندا، باش مىنىستىرلىك مەنسىپى توغرىسىدا غۇلغۇلا قوزغايتتى، بۇ مەنسەپنى قولغا كەلتۈرۈشكە قادىرمۇ بولاتتى، لېكىن شۇ ھامانلا مەنسەپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، نامزات پېتىچە قالىۋېرەتتى.

ئۇ شۇنداق دېدى:

— ئۇلار مىننەتدار بولۇش دېگەننى بىلمەيدۇ. ھەتتا ئۇلارغا كەتكەن كۈچ ۋە قىلىنغان غەمخورلۇقنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان...

پاكار شاھزادە ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، بېشىنى چايقاپ قويدى. لېكىن بۇ خەيرخاھلىق «باش مىنىستىرنامزاتى»نىڭ زەردىسىنى قاينىتىپ قويدى:

— ھە، سەن كىم ئىدىڭ! سەن تېخى سويما، بۇرادەر، سويمىسى ھېچكىم قوغۇن دېمەيدۇ. مەن ئىشلىگەن چاغلاردا سەن تېخى كاساڭنى قاشلاپ يۈرەتتىڭ.

بۇ ئاچچىق گەپلەر پاكار شاھزادىنىڭ قېرى دادىسىنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ «باش مىنىستىرنامزاتى»غا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ دېدى:

— سەن بەكمۇ ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىپسەن. مېنىڭ ئوغلۇمنى ھاقارەت قىلما. ئۇ كەرمان ھاكىمى بولغان چاغدىلا پېشىپ يېتىلگەن، سەن بولساڭ ...

«باش مىنىستىرنامزاتى» سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىم، ئاساسىي قانۇننى قولغا كەلتۈردۈم، بۇ يولدا دادامنىڭ ھەممە پۇلىنى خەجلىدىم. ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىگە بۇ ئادەملەرنىڭ مىننەتدارلىقى شۇ بولدى.

سەئىد ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ مۇنداق دېدى:

— نېمىدىن غەم قىلىسەن؟ «سەن يەتمىش ئىككى جاپاكەش ئەۋلىيا»نىڭ قاتارىغا كىرىسەن دەۋاتىمەنغۇ.

بۇ مەھبۇسلار توپى ئۆزىگە خاس ئىنسانىي بوتقىدىن ئىبارەت ئىدى: ئۇلار ئارىسىدا تەرەققىپەرۋەرلەر، كونىلىق تەرەپدارلىرىمۇ، ئاساسىي قانۇن مۇخلىسلىرى ۋە مۇنارخىستلارمۇ بار ئىدى. بەزىلىرى ئىپلاس ۋە رەزىل بولسا، بەزىلىرى پاك ئىدى. ئۇلار ئارىسىدا «مۆمىن» مۇسۇلمانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئۆمرىدە ھېچكىمگە ھېچقانداق زۇلۇم قىلمىغانلىقى، دېھقانلارنى رەنجىتمە

گەنلىكى، يېتىم - يېسىرلارغا غەمخورلۇق
قىلغانلىقى ھەممە ھەر قانداق يول بىلەن
ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىشنى گۇناھ بىلىپ
كەلگەنلىكىنى پەش قىلىپ ماختىنىشاتتى.
ئۇلار كۆپىنچە سەئىدتىن كەچقۇرۇنلىرى
رەۋزە ئوقۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشاتتى.
چۈنكى، رەۋزە ئاڭلاپ، راسا يىغلاشسا، كې-
چىسى جاپاكەش ئەۋلىيالاردىن بىرى چۈشىگە
كىرىپ، نېمە ئۈچۈن خۇدانىڭ غەزىپىگە دۇچ
كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېيتىپ بې-
رىدۇ، دەپ ئارزۇ قىلىشاتتى.

ھەر قېتىم سەئىد رازىمەنلىك بىلەن
رەۋزە ئوقۇيتتى. «مۆمىن» مۇسۇلمانلار ئۇنى
ئاڭلاپ يىغلايتتى، باشلىرىغا مۇشتلايتتى.

سەئىد يەتمىش ئىككى جاپاكەش ئەۋ-
لىيانى ئەسلەتكەندە، شاھزادە ئىنگىلىز فوند-
ستىرلىڭىنى قانداق تېز سانىغان بولسا،
رىۋايەت ئاڭلاۋاتقانلارنىمۇ شۇنداق تېز سا-
ناپ چىقتى - دە، غەمكىنلىك بىلەن:

— ئەپسۇسكى، بىزنى جاپاكەش ئەۋلى-
يالارغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، بىز ئەسلىلىك
سەككىز كىشى، — دېدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر چاغلاردا مۇ-
زەپپەرىددىن سارىيىدا مەنسەپ تۇتقان ۋە
ۋىلايەتلەرنىڭ بىرىدە ھاكىم بولغان بىر
مەھبۇس خىتاب قىلدى:

— مېنىڭ قانداق گۇناھىم بار؟ مەن
بارلىق سابىق باش مىنىستىرلارنى يىغىپ
ھۆكۈمەت تەشكىل قىلماقچى، شۇنىڭ بىلەن
مەملىكەت ھاياتىنى تۈرغۇنلۇق ھالەتتىن
قوزغاتماقچىدىم. مېنى نېمىشقا قاماپ قويىدۇ؟

مەھبۇسلار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار-
نىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن نامراتلىشىپ كەت-
كەن خەلق تېخى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قولغا
ئېلىنىپ بولمىدى، دەپ ھېسابلايتتى. دەر-
ۋەقە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى بىر مۇنچىلە-
رى يوق ئىدى. ئەڭ ئەشەددىي ھىيلىگەرلەر
ۋە ئۈچىغا چىققان نادانلار، ھەممە جازا-
لىنىشى لازىم بولغان ھاكىملار تېخى بۇ
يەردە كۆرۈنمەيتتى، ئۇلارغا مائارىپنى ياق-
تۇرمايدىغان ۋەكىللەر، بازار زومىگەرلىرى
ۋە خىلمۇ خىل خەزىنە ئوغرىلىرى
قوشۇلمىغانىدى.

ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بۇ يەردە ھەر
قانداق ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن مەھرۇم قىلىن-
غانىدى. بەزىلىرىگە كېچىلىرى قىيناشقا ئا-
دەتلەنگەن ۋاقىتلىق خوتۇن كەملىك قىلاتتى،
بەزىلىرى ئەپيۇن چېكىش ئىمكانىيىتىدىن
مەھرۇم بولۇپ چىشى ئاغرىپ قالغانلىقىنى
ئېيتاتتى، ئۈچىنچى بىر خىللىرى بولسا، ئۆ-
زىنىڭ دۇئا كىتابى يوقلۇقىدىن زارلىناتتى.
ياش شاھزادە بولسا، قولىدا لوندۇن بانكى-
سىنىڭ چەكلىرى بولمىغانلىقتىن، ئاشۇ بان-
كىغا قويۇلغان فوندستىرلىڭنىڭ قانچە پىر-
سەنت كۆپەيگەنلىكىنى ھېسابلاپ تۇرۇشقا
ئامالسىز قالغىنىغا ئېچىناتتى، خوجدارىم
ھەممىنى تەرتىپكە سېلىپ تۇرغاندۇر، دەپ
ئۆزىنى بەزلەيتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بىز «مۆھتەرەم»
مەھبۇسلارنى كۆرگىلى كىرگەندە، ئۇلار تو-
لىمۇ كۆپ كۆز يېشى قىلدى. شۇ كېچىسى
سەئىد رەۋزىنى شۇ قەدەر دولقۇنلۇق، تە-
سىرلىك قىلىپ ئوقۇدىكى، نەتىجىدە ئاڭلىغۇ-
چىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى جاپاكەش ئەۋ-
لىياغا ئوخشاتتى.

جاھان ئۇرۇشىنىڭ ئاچارچىلىق يىللىرى-
دىمۇ ئادەملەرنىڭ كۆز ياشلىرى دەريا بو-
لۇپ ئاققانىدى. ئۇ چاغدا بۇلار كوچىلاردا
ئاچلىقتىن ئۆلۈۋاتقان نامراتلارنى كۆرمەسلىك
ئۈچۈن كۆل رەڭ كۆزەينەك تاقىۋالاتتى. ئۇ-
لارنىڭ ھەربىي ۋەيرانچىلىقتا ئورمىيەدىكى
تالان - تاراج قۇربانلىرىغا ۋە ئامالمىدىكى
ئۆيىگە ئوت كەتكەن ئادەملەرگە قىلغان
غەمخورلۇقلىرىنى دېمەمسىز؟ ئۇلار ئۆز غەي-

رىتىمنى شۇنداق ئامايەن قىلدىكى، يىغىلغان خەير-سەدىقىلەرنى شۇ يەردىلا، تېھراندىلا ئۆزئارا بۆلۈشۈۋالدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بۇ خەلق غەمخورلىرىنى تەشۋىش باسماي، كىمنى باسسۇن؟

— كەچلىك غىزا، كەچلىك غىزا! — تۇۋلىدى بىردىن كىرىپ كەلگەن ئوفىتسېر. ئۇ مەھبۇسلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى كۆرۈپ، كۈلدى.

ئەشرەپلەرنىڭ خىزمەتكارلىرى ھەر كۈنى كەچقۇرۇن مەززىلىك تاماقلارغا چىلانغان چوڭ-چوڭ قاچىلارنى بېشىغا ئېلىپ، كازاكلار گازارمىسىغا قامالغانلارنىڭ يېنىغا كېلەتتى. بۈگۈن كەچتىمۇ خۇددى شۇنداق بولدى. ئوفىتسېر كىرىپ كەچكى تاماق كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، بىرنەچچە كازاك چوڭ-چوڭ قاچىلاردىكى مەززىلىك تائاملارنى قاماقخانا زالىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكېلىپ قويدى، تائاملارنىڭ خۇش ھىدى ئىشتىھانى ئېچىۋەتتى. ئوفىتسېرنىڭ قەدەم ئاۋازى يىراقلىماي تۇرۇپلا، سەئىد دەردىلىك كۆز ياشلىرىنى يەڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋەتتى-دە، داستىخانغا نەزەر تاشلاپ:

— سىلەر كېلىپ ئولتۇرغۇچە مەن دۇئا ئوقۇپ تائاملارغا دەم سېلىپ قوياي، — دېدى.

ئۇ چوڭ قاچىدىكى پولۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاڭ سېلىپ، ئۆز قاچىسىغا گۆشلۈك جايىدىن بىرمۇنچە ئالدى-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھزادە ن... نىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كېلىنگەن گۆش قورۇمىسىنى دۆم كۆمتۈردى ۋە ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. دۇئا كىتابى يوقلۇقىدىن زارلىنىپ ئولتۇرغان مەھبۇس ئاستىدا يەنە ئازراق ياغ يۇقى قالغان، جانابىي سەئىدنىڭ «تەۋەررۈك» قولى تەگكەن ھېلىقى قورۇما گۆش بار قاچىنى باشقىلارنىڭ ئېلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر سىقىم ئاشنى ئۇنىڭ ئىچىگە سالدى-دە، بىسمىللانى تەكرار-تەكرار ئوقۇپ يېيىشكە باشلىدى.

باشقىلارمۇ چۆرەدەپ ئولتۇرۇشتى. گەرچە ئۇلارنىڭ قورساقلىرى غەم-ئەندىشە بىلەن تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، غىزا تولىمۇ لەززەتلىك بولغانلىقتىن يېمەي تۇرالمىدى.

شىمالىي مەھەللىدە تۇرۇشلۇق بىر شاھزادىگە چوڭ بىر قاچىدا پولۇ كەلدى. بىرنەچچەيلەن قاچىنىڭ چۆرىسىدىكى ئاشتىن ئازراقتىن قامالاپ ئالدى، ئەمما ئاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا تېخى قول تەگمىگەنىدى. شاھزادە ئۆزىگە ئاش بۆلۈۋالماقچى بولغاندا، قوشۇقىغا ئېلىنىپ چىققان بىر نەرسە تاققىدا چۈشۈپ كەتتى.

ھەيران قالغان شاھزادە ئۇنى قولىغا ئېلىپ قارىۋىدى، كىچىككىنە كارتون قەغەز قۇتىسى بولۇپ چىقتى. ھەممەيلەن غىزالىنىش بىلەن بولۇۋاتقان چاغدا شاھزادە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا قۇتىنى ئاچقانىدى، ئىچىدىن خەت چىقتى.

شۇ چاغدا قۇتىنى تاسادىپىي ھالدا كۆرۈپ قالغان كىچىك شاھزادە:

— ھەزرىتى ئەشرەپ، كومۇلاچ دورا ئىچىمەكچىمۇ سىز؟ — دەپ سورىدى.

ھەممە مەھبۇسلار شىمالىي مەھەللىلىك شاھزادىگە قارىدى.

ئۇ قۇتىدىن خەتنى ئالغاندىن كېيىن كۈلۈپ:

— ھەئە، نىجادلىق شامىلى چىقىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى.

ھەممەيلەن قىمىر قىلماي جىملىققا چۆكتى. سەئىدنىڭ قورۇما ئېلىشقا سوزۇلغان قولى ھەرىكەتسىز قېتىپ قالدى، «باش مىنىستىر نامزاتى» دەپ ئاتىلىدىغان كىشىنىڭ كىمكىردىكىدە بايا يۇتۇپ ئۈلگۈرمىگەن تاماق تۇرۇپ قالدى.

بۇ زادى قانداق خەتتۇ؟

## يەگىرمە سەككىزىنچى باب

## يەتمىش ئىككىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى

يەنە تاڭ ئېتىپ، يەنە كۈن چىقماقتا، بىز يەنە ئادەملەر ئوخلاۋاتقان ئۆيگە كىر-

دۇق، بىراق بۇ قېتىم بىز كىرگەن ئۆيدە ئۇخلاۋاتقانلار ھاجى ئاغا بىلەن سەكمىنە خانىملاردەك ئەر - خوتۇنلار ئەمەس.

بىز كىرگەن ئۆي سەندەل ئەتراپىدا ياتقان بىر توپ ئادەمنىڭ خورىكى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى، بۇلار خىلمۇ خىل ئادەملەر ئىدى. ئۇلار ھاجى ئاغىغا ئوخشاش تاڭ ۋاقتىدا ناماز ئوقۇشنى خالىمايتتى. پەقەت ئۇلاردىن بىرى بۇنىڭدىن بىر - ئىككى سائەت بۇرۇن ئورنىدىن تۇردى - دە، نامازنىڭ بىر - ئىككى سۈرىسىنى ئوقۇپلا، يەنە كۆرپىگە يۆگىنىپ يېتىۋالدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ناماز ئوقۇشقا تەكلىپ قىلغانىدا: «ھېچقىسى يوق، بىرەر ۋاخ نامازنى تەرك قىلغانغا ھېچنېمە بولۇپ كەتمەس.» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىدى.

ئاخىر، ئەتىگەن سائەت ئون بىر بولغاندا ئىچكىرىدىن مىزباننىڭ ئۈنى ئاڭلاندى. ئۇ مېھمانلارنىڭ كۆپ ئۇخلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەندىشە قىلىپ يۈرمەستىن مۇنداق دېدى:

— جانابىي مىرزا، قاتتىق ئۇخلىغانلىقىڭلارغا ئىقرار بولۇشۇڭلار كېرەك! ھە، ئەگەر شۇنداق ناز ئۇيقۇدا يېتىۋەرسىڭىز، ھەرىكەت قىلىش ۋاقتى كەلگەندە، بىزنى غەلىبە بىلەن تەبرىكلىمەسە بولمىدۇ.

— مېنى ئوبدان چۈشەنمەيدىكەنسىز، — دېدى جانابىي مىرزا يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ، — «شەرتنامە ھۆكۈمىتى» ئاغدۇرۇلغان چاغدا، مەن ئىككى سائەت ئىچىدە ئاتمىش تۆت ئادەمنى يىغدىم، ساھىبقىرانىيگە بېرىپ، ھۆكۈمەتنى ساقلاپ قېلىشنى خەلق نامىدىن ھەزرىتى ئالىيلىرىغا ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇز پەيتۇن ياللىدىم.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، ھۆكۈمەتنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش ياكى ئاغدۇرۇش ئىشلىرىدا سىزنىڭ قاتنىشىشىڭىزنىڭ قانچىلىك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. لېكىن، شۇنى خۇدا كۆرسەتمىسۇنكى، سىز بىزگە قوشۇلۇپ تۇرغان مانا مۇشۇ پەيتتە ئىشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپ، قاتتىق ئۇخلاپ قالسىڭىز، ئوبدانىراق ھەسسە قوشالماي قالارسىزمىكىن دەپ قورقىمەن.

جانابىي مىرزا ھىجىيىپ قويۇپ دېدى:

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، ئەزىزىم، جانابىي مىرزىڭىز سائەتسىز، ئۇ ھەر قاچان سائەتتازلىقى بويىچە تۇرىۋېرىدۇ.

مىزبان يەنى ئەلى رىزاخان تىنچلاندى:

— ھە، ياخشى، خۇدا سىزگە يار بولسۇن! سىزدىن كۈتىدىغىنىممۇ شۇ.

ئۇيقۇ بۇزۇلدى. مېھمانلار ناماز ئوقۇمىغانلىقلىرى ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئاقلاپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا باشلىدى.

چاي كەلتۈرۈلگەن چاغدا ئەلى رىزاخان ئۇلارغا مۇنداق دەپ مۇراجىئەت قىلدى:

— كېچىچە ياخشى چۈش كۆرۈپتىمەن: ھەممە مەھبۇسلار ئازاد قىلىنغانمىش، ھەممىمىز بىر سارايغا يىغىلىپ تەنتەنە قىلىۋاتقانمىشمىز:

ر ... ئەششەدىيە دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان جانابىي مىرزا شەيخ مۇھەممەت ھۆسەيىن ئۇنىڭ كېپىنى ئىسپاتلاپ ھەدىس كەلتۈردى. ھەدىس بويىچە ئېيتقاندا، جۈمەگە ئۆتىدىغان كېچىسى كۆرۈلگەن چۈش ھەمىشە توغرا چىقارمىش.

ئۇلار ناشتا قىلىشتى. ئەلى رىزاخان يەنە ئوتتۇرىغا گەپ تاشلىدى:

— جانابلار، كېچە بىز مۇھتەرەم مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ھەممىمىز ئوخشاش پىكىردە ئىكەنلىكىمىزنى نامايەن قىلدۇق. ئىمانىم كامىلكى، ئەمدى بۇ ئىشنى ئاقاتماستىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن غەيرەت بىلەن ئىشقا كىرىشىمىز.

ھېچكىم قارشى پىكىر قويمىغاندىن كېيىن، بۇ مەجلىس توغرىسىدا مەھبۇسلارغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئىشى ئەلى رىزاخانغا تاپشۇرۇلدى. بۇ ئىش قاماقتا يېتىۋاتقان مەھبۇسلارغا بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ مەدەت بولسۇن ئۈچۈن قىلىنىۋاتاتتى.

ئەلى رىزاخان قەلەمنى قولىغا ئېلىپ بىرنەچچە قۇر خەت يازدى، يېزىپ بولۇپ ئۇلارغا ئوقۇپ بەردى:

ئالىي ھەزرەتلەر، زاتى ئالىيلار! بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، بىز قوللىرىڭىزلار سىزلەرنىڭ قۇياشىڭىزلارنىڭ نۇرىدىن بەھرىمەن بولالمىدۇق. بىز بەختسىزلەر مۇقەددەس سايىڭىزلەردىن مەھرۇم بولۇپ قالدۇق. سەئىد ئۇنۋانلىق قەللاب سەرگۈزەشتىلىكلەر دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى زۇلۇم تەھدىتلەر بىلەن ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، بىز ئۈچۈن بارلىق بەخت - سائادەت ئىشىكلىرى يېپىلىپ قالدى.

سىزلەرنى تەندىكى جان، تومۇردىكى قان دەپ ھېسابلايدىغان خەلقنىڭ ھاياتى چىدىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىرلىشىپ كەتتى.

خەۋەردار بولغانسىزلار كېرەك، سىزلەرنىڭ ئەھۋالىڭىزلار تۈپەيلىدىن، جامائەت ماتەم كىيىمى كىيىپ، ئىككىنچى «ئاشۇرا»* تەشكىللىمەكچى ئىدى، بىراق، مۇتەھەم سەئىد ئالتە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە خەلقىمىزنى ھەممە تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ قىمىرلىغىلى قويمىدى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سىزدەك زاتى مۇھتەرەملەرنىڭ غېمىدە كۆيۈپ كۈل بولغان بىز قوللىرىڭىزلار ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا شەيدا بولۇپ، سىزدەك ئۇلۇغ سىمالەرنى قۇتقۇلدۇرۇش، ئىران خەلقىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ھەمدە دىنىي ئىسلامنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن يىغىلىپ تەشكىلات قۇردۇق.

مانا ئاخىر ئۈمىد شامىلى چىقىشقا باشلىدى. بۇ يولدا ھەممىمىز جېنىمىزنى پىدا قىلىشقا تەييارمىز. تەييارلىنىپ تۇرۇڭلار، بۇنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان كۈنى يېقىنلاپ قالدى.

(ئىمزا) «قوغۇشۇن قۇيغۇچىلار پارتىيىسى»

ئەلى رىزاخاننىڭ خېتى ھەممەيلەنگە ياقتى، ھېچكىم قارشى چىقمىغانلىقتىن خەت ماقۇللاندى. ئەلى رىزاخان ھەر قانداق چارىنى قوللىنىپ بولسىمۇ، بۇ خەتنى مەھبۇسلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ، مەجلىس ئەھلىنى غەيرەت بىلەن جىددىي ھەرىكەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

مەجلىستە قارىلىدىغان باشقا مەسىلە قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار مىزباننىڭ مېھماندوستلۇقى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىپ، بىر - بىرلەپ تارقىلىشقا باشلىدى. روزە تۇتۇش نىيىتى بولمىغانلىقتىن بىكار بولۇپ قالغان جانابىي ر ... ئەششەدىيە كەتمىدى.

— كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى ئۇنىڭغا ئەلى رىزاخان. — ھەممەيلەن ياردەملىشىشكە تەييار. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى، ئەلۋەتتە ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، لېكىن، سەن بىلەن مەن ئېرىشىمىز. مەن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ خەتكە ئىمزا قويۇشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن جەمئىيەت نامىدىن قول قويۇشنى لايىق كۆردۈم. شۇنداقتىمۇ كىمنىڭ كۆپ جان كۆيدۈرگەنلىكى ۋە كىمنى مۇكاپاتلاش لازىملىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئۆز ئىسىملىرىمىزنى يېزىپ قويۇشىمىزنى لازىم دەپ قارايمەن.

ئەلى رىزاخان بىلەن كېلىشكەندىن كېيىن، جانابىي شەيخ ر ... ئەششەدىيەمۇ ئاققا كۆچۈرۈلگەن خەتكە قول قويدى.

— بۇ خەتنى ئەۋەتىشتە ئېھتىيات قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئۇ، — شىمرانىدىكى باغدىن ئايرىلىپ قالغان ئائىلەم باققۇچىسىز قالمىسۇن يەنە.

ئەلى رىزاخان ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا قويغان ئىمزاسىنى كۆرسەتتى.

* «ئاشۇرا» — مۇھەررەم ئېيىنىڭ كېيىنكى ئون كۈنى، بۇ چاغدا شىئە مەزھەپىدىكى مۇسۇلمانلار ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۈسەيىننى خاتىرىلەپ ئۆزلىرىنى قىينايدۇ.

جانابىي شەيخ ئورنىدىن تۇرۇپ، كەشىنى كىيدى ـ دە، يۈرۈپ كەتتى.

ئەلى رىزاخان يالغۇز قېلىپ خىيالغا چۆمدى. باشقۇرغۇچىلار ۋە ئەشرەپلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنىڭ كۆپچىلىكى بىلەن ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. ئەشرەپلەر مىنىستىر ياكى مۇئاۋىن مىنىستىرلىككە تەيىنلەنگەن كۈنى ئۇ دائىم ئۇلارنى بىرىنچى بولۇپ تەبرىكلىگىلى باراتتى. ھازىر بولسا، ئەلى رىزاخانغا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ «ئىشەنچلىكى» لازىم بولۇپ قالدى. ئاخىر ئۇ «ش» مەھەللىسىدە ياشايدىغان شاھزادىنىڭ باشقۇرغۇچىسىنى تاللىدى. ئۇ تاشقىرىغا چىقىپ، پەيتون ياللىدى ـ دە، باشقۇرغۇچىنىڭ يېنىغا كەتتى.

ئۇنىڭ بەختىگە باشقۇرغۇچى دەرۋازا يېنىدا تۇرغانىكەن. ئۇ ئەلى رىزاخاننىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى چۈشەنمىدى. «بۇنداق كۈنلەردە بۇنىڭدەك پۇرسەتپەرەسلەر مەھبۇسلارنىڭ ئۆيىدىن مىڭ قەدەم نېرىدىن ئەگىپ ئۆتەتتىغۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— مەن مۇھىم ئىش بىلەن كەلدىم، — دەپ شىۋىرلىدى ئەلى رىزاخان ئۇنىڭ قۇلىقىغا، — سىز بىلەن گەپلىشىشىم كېرەك.

ھەيران قالغان باشقۇرغۇچى ئۇنى ئىشخانىسىغا باشلىدى.

ئەلى رىزاخان بۇ ئادەمنىڭ ھەر قانداق ئادىل سوتلار ئۇنىڭ خوجايىنى ھەزرىتى شاھزادە، ئۈستىدىن بارلىق مال ـ مۈلكى مېھنەتكەشلەرنى تالاش، ئېزىش، پارا ئېلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن، دەپ ھۆكۈم چىقارسىمۇ، ئۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى، ھەزرىتى شاھزادىنى قانداق قوغدىسا، مال ـ دۇنياسىنىمۇ شۇنداق ئاسرايدىغانلىقىنى ئەلى رىزاخان بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ پىكرىنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— ھازىرقى ئەھۋالدىن رەنجىگەن، غەزەپلەنگەن ۋە مەھبۇسلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا بەل باغلىغان بىر تۈركۈم ئادەملەر بار. ئۇلار مەھبۇسلارغا ئۆز كەيپىياتلىرى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى. ئۇلار سىزدىن بۇ خەۋەرنى ئۇلارغا يەتكۈزۈشنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەكچى.

باشقۇرغۇچى بىر يۆتىلىۋېلىپ:

— مەن ئىرانلىقلارنىڭ تۈزكورلۇق قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇلار دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قەدىرلەيدىغان ۋە قاماققا ئېلىش ئىشلىرى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن قانچىلىك ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. خۇداغا شۈكۈر، ھەقلىق ئىكەنمەن، ئەمدى ئىرانمۇ چەت ئەللىكلەر ئالدىدا نومۇسقا قالمايدىغان بولدى. بىراق، ھەممە قىيىنچىلىق مەھبۇسلار بىلەن گەپلىشىش مۇمكىن بولمايۋاتقانلىقىدا. ئۇلار بىلەن پەقەت ئوفىتسېرلارنىڭ ئالدىدىلا ئۇچراشقىلى قويىدۇ.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، — جاۋاب بەردى ئەلى رىزاخان، — ئەمما، بۇ يەردىكى گەپ سۆھبەتلىشىش ئەمەس، ئۇلارغا خەت تاپشۇرۇش.

— سۆزلىشىشكە ئىمكانىيەت بولمىغان ئەھۋالدا، خەتنى قانداق تاپشۇرۇش مۇمكىن؟

ئەلى رىزاخان كۈلدى:

— گېپىڭىزدىن قارىغاندا، ھېكايە ـ رومان ئوقۇمايدىغاندەك قىلىسىز. بۇنداق ئىشلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە يۈز بېرىدۇ، چەت ئەللەردىمۇ مەھبۇسلار بىلەن دائىم خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ: بەستىلىيىدە مەھبۇسلارغا تورت ئارىسىغا پىچاق ۋە ئىككەكلەرنى سېلىپ كىرگۈزگەندەك، بىزمۇ خەتنى، مەسىلەن، پولۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ كىرگۈزسەك بولىدۇ.

باشقۇرغۇچى ئەلى رىزاخاننىڭ ئىدراك-پاراسىتىگە ھەيران بولۇپ:

— ھە، ئەلۋاتتە. بىز ھەزرىتى شاھزادىگە ھەر كۈنى كەچقۇرۇن پولو ئەۋەتىمىز. خەتنى شۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئەۋەتەيلى، — دېدى.

ئەلى رىزاخان خۇش بولۇپ كەتتى، ھەزرىتى شاھزادە ئازاد بولسىلا بايلىقنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، باشقۇرغۇچىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى رىزاخان بىلەن شەيخ ئىمزا قويغان خەت باشقۇرغۇچىنىڭ قولىغا ئۆتتى. باشقۇرغۇچى خەتنى ئوقۇپ، شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلا مەھبۇسلارغا يەتكۈزۈشكە ۋەدە بەردى.

كەچكە يېقىن باشقۇرغۇچى ئاشپەزنى چاقىرىپ، ھەزرىتى شاھزادىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ غىزانى تەمسىز قىلىپ قويۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا گەپ ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاشپەز بۇ گەپنى يالغان دەپ قەسەم ئىچتى. باشقۇرغۇچى غىزانى كازاكلار گازارمىسىغا ئەۋەتىشتىن بۇرۇن، تېتىتىپ بېقىش ئۈچۈن مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كىر، دەپ بۇيرۇدى. كەچقۇرۇن پولونى ئېلىپ كىرىشتى. باشقۇرغۇچى خەت سېلىنغان قوتىنى پولونىڭ ئىچىگە شۇنداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن سېلىپ قويدىكى، ئۇنى ھېچكىم، ھەتتا ئاشنى ئېلىپ بارىدىغان خىزمەتكارمۇ سەزمىدى.

بىز بۇ قوتىنىڭ شاھزادىنىڭ قاچىسىغا قانداق چۈشكەنلىكىنى بىلەتتۇق.

ئاخىر سەئىد جىمىلىقنى بۇزدى:

— قېنى، ماڭا بېرىڭلار، بىر كۆرۈپ باقاي، نېمە گەپ ئىكەن.

ئۇ سول قولى بىلەن خەتنى ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى.

مەھبۇسلار خەتنىڭ خۇشامەتچىلىك بىلەن يېزىلغان ھەربىر سۆز، ھەربىر جۈملىسىنى ئاڭلىغان-دا، ئۆز نەزەرى بويىچە تەھلىل قىلاتتى. بولۇپمۇ قاماققا ئېلىنغانلىغا قەدەر ئەشرەپلەر قاتارىدا ھېسابلانماي كەلگەن ئىككى مەھبۇس ئۆزلىرىنى تولىمۇ بۈيۈك ھېسابلاپ كەتتى.

دائىم دۇئا كىتابى يوقلۇقىدىن ۋايساپ يۈرىدىغان بىر مەھبۇس يېنىدىكى بىرىگە:

— مەن بۇ ئادەملەر بىلەن بىرەرچە يىللاردىن بۇيان مۇناسىۋەت قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن، ھەممىسىنى بىلىمەن. ئۇلار «تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىغا تۈكۈرىدىغانلار»دىن ئەمەس. ئۇلار ياخشىلىق قىلغاننى بىلىدىغان ئادەملەر. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلار بىزدەك ئادەملەردىن ئايرىلسا، ئىشنى ئاقمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ يېنىدىكى «قوغۇشۇن قۇيغۇچىلار پارتىيىسى» دېگەن گەپنى چۈشەنمەي ئولتۇرغان مەھبۇسمۇ گەپكە ئارىلاشتى:

— نامىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ بۇنىڭ تېگىدە بىر مەنا بار. ئىراندا ئىسىم دائىم بىرەر مەنانى بىلدۈرىدۇ...

خەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەھبۇسلار ئارىسىدا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرۈلدى. بەزىلەر چاۋاك چالدى، بەزىلەر قاقاقلاپ كۈلدى.

مەھبۇسلاردىن بىرى:

— مانا كۆردۇڭلارمۇ؟ بىز ھېلىقى چاپاكەش ئەۋلىيالاردەك ئۆلۈپ كەتمىدۇق! ئىرانلىقلار بىزنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالامتى؟ — دېدى.

يەنە بەزىلىرى بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى:

— ھەزرىتى ئەشرەپ، سىز ھەر قېتىم چۈشكۈرگەن چاغدا، شامالداپ قالغان ئوخشايمەن، دەيتتىڭىز، ئىش ئەسلىدە مۇنداق ئەمەس ئىدى، شۇ چاغدا ئېيتقان گەپلىرىم ئېسىڭىزدە باردۇ: چۈشكۈرۈش بىرەر خەۋەردىن دېرەك بېرىدۇ، دېگەنىدىمغۇ.

مەھبۇسلار ئارىسىدىكى چۇقان - سۈرەن قوشنا ئۆيدە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان كازاك ئوفىتسېرىنى ھەيران قالدۇردى.

«نېمە گەپ بۇ؟ — دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويدى ئۇ، — تا بۈگۈنگىچە يىغلاش - ئىڭراشتىن باشقا سادا چىقمايتتى. ئۇ يەردە بىر ئىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ - دە.»

ئۇ تۇيۇقسىز ئىشىكنى ئېچىپ، ئىككى نەپەر كازاك بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

قولىدىن - قولىغا ئۆتۈپ يۈرگەن خەت دەل شۇ چاغدا چوڭ شەپكىلىك، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر مەھبۇسنىڭ قولىغا يېتىپ بارغانىدى.

ئوفىتسېر كىرگەن ھامان ئۆيدىكى ۋاراك - چۇرۇك دەرھال توختىدى. ئۇ مەھبۇسلارنىڭ كەيپىياتىغا زەن سالغاندىن كېيىن، خەتنى كۆرۈپ قېلىپ، چوڭ شەپكىلىك مەھبۇسنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

مەھبۇس خەتنى يوشۇرماقچى بولۇپ، قاملاشتۇرالماي، قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئۇنى ئوفىتسېرغا سۇندى.

ئوفىتسېر ئوقۇپ چىقتى.

— ھە، تېخى مۇنداقمۇ؟ سىلەر تاشقى دۇنيا بىلەن خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىدىكەنسىلەر - دە؟

شاھزادە ئاچچىق ئارىلاش جاۋاب بەردى:

— ئىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلىمەك. بىز ھېچقانداق ئالاقە ئورناتمىدۇق. بۇنى بىزگە ئۇلار ئۆزلىرى ئەۋەتىپتۇ. كۆردىڭىزمۇ؟ ھەممە خەلق بىزنىڭ ھالىمىزغا قانداق يىغلاۋېتىپتۇ، پارتىيە قۇرۇپ، ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋېتىپتۇ.

ئوفىتسېر ئۇنى مەسخىرە قىلدى:

— جانابىي ئالىيلىرى، ئۆزلىرى قۇراشقۇرغان گۇرۇھنى نەزەردە تۇتىۋاتىلىغۇ، دەيمەن. ئۇنىڭدا بارى - يوقى تۆت - بەشلا ئادەم بارلىقىنى گويا بىز بىلمەيدىغاندەك.

ياش شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەممىدىن بەك ئاچچىقى كەلدى ۋە قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى، دەل مۇشۇ ئادەم دائىم پارتىيە قۇرۇش ۋە خەلق نامىدىن ھەر خىل باياناتلار يېزىلغان جىددىي ھۆججەتلەرنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۇ ئىراندىمۇ سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە ئايرىم چاغلاردا ئىران خەلقى ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئېيتىشتىن باش تارتمىدىغانلىقىنى باشقا مىللەتلەرگە كۆز - كۆز قىلىشقا ئۇرۇناتتى.

ئومۇمەن، مەھبۇسلار خەتنىڭ ئوفىتسېرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن ئانچە ئەنسىرەپ كېتىشمىدى. ئۇلار بۇ خەت تۇغرىسىدىكى خەۋەرنى شەھەرگە تارقىتىش ئارقىلىق خەلقنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىشاتتى.

پەقەت ھەممىدىن قورقۇنچاق بىر مەھبۇس مۇنداق دېدى:

— سىز نېمە دەيسىز؟ بۇ خەت بىزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىمىزنى تېزلەشتۈرمەمدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مەھبۇسلارنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى ۋە خۇددى بوينىغا سىرتماق چۈشكەندەك سەسكىنىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە خەتتىن خەۋەر تاپقان باش مىنىستىر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مەھبۇسلارنىڭ يېقىن ئادەملىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى مەنئى قىلىۋەتتى، ساقچى ئىدارىسىگە بولسا، ئەلى رىزاخان بىلەن ر... ئەششەدىينى قاماش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغانغان ئەلى رىزاخان كېچىچە كۆرگەن چۈشلىرىنى ر... ئەششەدىيگە سۆزلەپ بېرىپ، تەبىرىنى ئاڭلايمەن، دەپ ئولتۇرغاندا، خىزمەتكار ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئاق چاچ خوتۇنغا:

— بىر ئوفىستېر بىلەن ئىككى ساقچى خوجايىن بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن، بېرىپ ئېيتقىن، — دېدى.

ئاق چاچ خوتۇن ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بۇ يېڭىلىقنى مەلۇم قىلدى.

ئەلى رىزاخان تاتىرىپ كەتتى. ئۇ قاماققا ئېلىنغانلىقىنى سەزدى، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە يۇقىرى مەنسەپكە ئىنتىلىش ئۇنى ئاخىرى قانداق بالاغا تىققانلىقىنى ئەمدى بىلدى. ئۇلارغا بوي سۇنۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئامال يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى تېتىك تۇتۇشقا ئۇرۇنۇپ، شەپكىسىنى كىيدى - دە، ئۆيىدىكىلەرگە: «ھېچقىسى يوق، چوڭ ئىش بولمايدۇ» دەپ تەسەللى بېرىپ، دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى.

— بىز بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە بارىسەن، — دېدى ئوفىستېر.

ئەلى رىزاخان چارەك سائەتتىن كېيىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە سوراقچىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋاتاتتى. ئۇ ھەممە سوئاللارغا ئىنكار قىلىپ جاۋاب بەردى، شۇنداق قىلسام سوراقچى ھېچقانداق دەلىل تاپالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن يەنە باشلاپ كىردى. سوراقچى ئەلى رىزاخاننىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ شېرىكى بولسا ھەممە گۇناھلىرىغا ئىقرار بولۇپ، ئىسپات ماتېرىيالى بەرگەنلىكىنى ئېيتتى.

— كىمكەن ئۇ مېنىڭ شېرىكىم؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئەلى رىزاخان.

— جانابىي ر... ئەششەدىيە.

ئەلى رىزاخان يەنە تېنىۋالماقچى بولدى، بىراق ئامال بولمىدى، چۈنكى، جانابىي شەيخ سوراق جەريانىدا ئۆزىنىڭ كالتە پەم ۋە نادانلىقىنى ئېيتىپ، ئەلى رىزاخان بىلەن باشقا ھەممە شېرىكلەرنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ بەرگەنىدى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## پەررۇخ ۋە ئىپپەت

ھوت ئېيىنىڭ ئۈچىنچى كۈنىدىن كېيىن ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتتى. باھارنىڭ ئىككىنچى ئېيى باشلاندى، ھاۋادا كۆكلەم ھىدى كېزىشكە باشلىدى.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەچقۇرۇن، ئىشىكلىرى ھويلىغا قارىغان چاققانغىنا ئۆيدە بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئالغىنىچە دىۋانغا يۆلىنىپ بىزنىڭ كىتابىمىزنىڭ قەھرىمانى پەررۇخ، ئۇنىڭدىن ئىككى قەدەم نېرىدا بۇرۇنقىدەكلا گۈزەل ئىپپەت ئولتۇراتتى. ئىپپەتمۇ خىيالغا چۆمگەنىدى. ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئويناۋاتقان پەررۇخنىڭ بالىسىغا ئانچە - مۇنچە قاراپ قوياتتى.

مۇشۇ ئىككى ئايدىن بۇيان، پەررۇخ تۆت يىل ئارزۇ قىلغان تېھراندا ياشاۋاتىدۇ. بىراق، ھازىر تېھران ئۇنىڭغا ئۇنداق يېقىملىق كۆرۈنمەيدۇ.

ماھىن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەبچى بولغان گۇناھكارلارنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىش ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك ئەھمىيەتلىك بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا، پەررۇخ ئۇلارنى جازالاپ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى تېتىپ بېقىشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى، تېھراننىڭ مۇتەھەممىلەرگە قولايلىق بولغان مۇھىتى ئەنە شۇنى تەلەپ قىلاتتى.

مۇشۇ ئىككى ئايدىن بۇيان، پ... ئىستەلتەنە ئۆزىنىڭ بىستا پىلىقىغا قارىماي قاماقتا يېتىپ چىقتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ پەقەت يالغۇز ۋە ھالاۋەتتە ياشىغاندىلا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن «ھەي، ئادەملەر!» دەپ ۋار-

قىراپ تۇرىدىغان سەئىد ۋە شاھزادىلەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى ئارىسىدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ ئازاب چەككەنسېرى، ئۆلۈمى شۇنچە يېقىنلىشىۋاتاتتى.

ئىككى ئايدىن بۇيان، بىر قىزنىڭ ھايات گۈلىنى دەسسەپ - يەنجىگەن، ئاندىن بۇ ئىپلاسلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىر بەختسىز يىگىتنى دەھشەتلىك ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلىپ، ئۇنى تېھراندىن سىقىپ چىقىرىۋەتكەن ئەلى ئەشرەپخان ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك ئەھۋالى ۋە ئەپيۇنسىز قالغانلىقىدىن ئازابلىنىپ، «بىرىنچى دەرىجىلىك قاماقخانا» نىڭ قاراڭغۇ ئۆيىدە يومىلاپ ياتاتتى.

پەرروخ شاھزادە سىتاۋۇشقا بەكمۇ نەپرەتلىنەتتى. ئۆتكەن كۈنى كەچقۇرۇن ئۇنى مەشئەدىي رىزانىڭ ئۆيىدە شۇنداق بىچارە ھالەتتە كۆرگەندە، ئۆزىگە ئۆزى: «بۇ، ئېلىشىپ يۈرۈشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ، تەقدىرنىڭ ئۆزى ئۇنى موللا قىلىپ قويىدۇ» دېدى.

دۈشمەنلىرى جازاغا تارتىلغان ۋە ئازاب - ئوقۇبەت تارتىۋاتقان ھازىرقى پەيتتە پەرروخ: «بۇنداق ئىشلارنى قىلىشنىڭ زادى نېمە پايدىسى بار؟» دەپ ئۆزىگە پات - پات سوئال قوياتتى.

بۇنداق ئىشلار، ھەقىقەتەنمۇ، ئۇنىڭغا ماھىننى قايتۇرۇپ بېرەلمەيتتى، ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىغىمۇ مەلھەم بولالمايتتى.

ھاجى ئاغا ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. بىراق، پەرروخ كۆز ئالدىدا يارقىن كېلىچەك جىلۋە قىلىپ تۇرغان ئاشۇ كۈنلەردە، بەختىيار ياشاش ئۈچۈن بۇ ئۆيىنى كۆڭلى تارتمايتتى. بۇ ئۆيدىكى ھەممە نەرسە ھازىر ئۇنىڭغا كۆرۈمسىز، سوغۇق تۇيۇلاتتى. ئىپپەت بۇ ھالنى چۈشەنگەچكە پەرروخنى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، شۇ يەردە ياشاشقا مەسلىھەت بەردى. بىراق بۇ تېھران شارائىتىدا، ئاياللار ئۇستىدىن غەيۋەت - شىكايەت ۋە گۇمانلىنىشلار ئەۋج ئېلىپ تۇرغان ئەھۋالدا، پەرروخ ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بېرىپ ياشىيالامدۇ؟

جالالەتنى سىتاۋۇشنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ تەشۋىش ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقان ئانىسىغا يەتكۈزگەنلىكى، شۇ ئۆيدە جاۋادنى كۆرگەنلىكى، جاۋاد: «مېنىڭ جالالىتىمنى سىز قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز!» دەپ ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلىغانلىقى ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىدىكى بىردىنبىر بەختلىك مەزگىلى بولۇپ قالدى.

پەرروخ ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، بىراق، بۇنداق پەيتتە ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى سۈرۈشتۈرۈشنى ئۆزىگە ئەپ كۆرمەي، ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

تۈن قوچىقىدا ھەممە تەرەپ جىمجىت ئىدى. ئۇ سادىق دوستى جاۋاد سۆيگەن قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال بولغانىدى. «تەقدىر ماڭىمۇ شۇنداق پۇرسەت، شۇنداق ئۇچرىشىشنى ئاتا قىلىپ، ماھىننى ماڭا قايتۇرۇپ بېرەلمەسمۇ؟» دەپمۇ ئويلاپ قويدى ئۇ.

ئۇ غۇبارسىز ئاسمانغا ئۇزاق تىكىلىپ قالدى، چەكسىز بوشلۇقلارغا كۆز سالدى. «مۇبادا، مەن بەختلىك ئادەم بولغان بولسام، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ماھىن مېنى تاشلاپ كەتمىگەن بولاتتى».

ئەتىسى ئۇ جاۋاد بىلەن جالالەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، قىزنىڭ نومۇسىنى ئاياغ - ئاستى قىلىش ئۈچۈن سىتاۋۇشنىڭ مۇھەممەت تاغىنى ئىشقا سالغان ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى بىلىۋالدى. جاۋاد مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى سۆيمەكچى بولدى. پەرروخ ئۇنى ئۆزىدىن چەتلىتىپ:

— ئەگەر ئۈچ ئايلىق قاماقلىشىڭ ۋە دەررە ئازابلىرىغا ئۇچرىشىڭغا مېنى سەۋەب-

كار دەپ ئويلىمىساڭ، شۇنىڭ ئۆزىلا ماڭا بىلدۈرگەن مىننەتدارلىقىڭنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى بولىدۇ، — دېدى.

جاۋاد بۇ ھەقتە بىرەر قېتىممۇ ئويلاپ باقمىغانلىقىغا ۋە بۇندىن كېيىنمۇ بۇنداق خىياللاردا بولمايدىغانلىقىغا پەررۇخنى ئىشەندۈردى.

پەررۇخنىڭ باشقا تەشۋىشلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ گەرچە ماھىنەدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن يادىكار سۈپىتىدە ئوغۇل قالغانىدى. بىراق بۇنداق بالىغا تېھران شارائىتىدا «شەرىئەتكە خىلاپ تۇغۇلغان بالا» دەپ نام بېرىلەتتى. باشقىلار ئۇنى «ھارامدىن بولغان»، «جىنايەت پەرزەنتى»، «كىچىك قاراقچى» دەپ ئاتايتتى. مەيلى، نېمىلا دېسە دېسۇن، بالا شۇ دەھشەتلىك تېھراندا تېھرانلىقلار ۋە ئىرانلىقلار بىلەن بىللە ياشىسۇن. بالا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش يۈزلەپ ئادەملەر بۇ خۇراپاتلىقنى جەمئىيەتنىڭ مېڭىسىدىن بىر يولىلا تازىلىيالمايدۇ.

ئۇ ئىپپەت توغرىسىدىمۇ تەشۋىشلىنەتتى، ئۇنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىنى سېزىپ تۇراتتى. ئىپپەت بېشىدىن كەچۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلەر ۋە سەرگەردانلىقلارنى پەررۇخ پۈتۈن تۆت يىل داۋامىدا ئويلاپ يۈردى. ئۇلار ئۇچراشقان چاغدا ئىپپەتنىڭ يۈرىكى قانداق دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، ئىپپەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قانداق تىترەۋاتقانلىقىنى، ئالقىنىغا ئېلىپ كۆرگەندە قولىنىڭ قانچىلىك قىزىپ كەتكەنلىكىنى پەررۇخ ئۇنتۇمىغانىدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى: «ئۇ ئازاب چېكىۋېتىپتۇ» دەيتتى.

پەررۇخ ئىپپەتنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەتتى، بەزىدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ياخشى، ئامراق ئايالىغا قارىغاندەك قارايتتى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئالغاندا، مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشقان ئاددىي سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، يۈرىكىنىڭ تېز - تېز سوقۇۋاتقانلىقىنى، قانداقتۇر بىر خىل غەلىتە كەيپىيات پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

بۇرۇن پەررۇخقا ماھىنەدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنى سۆيۈش مۇمكىن بولمايدىغاندەك، ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا، بۇرۇن ماھىنە يېقىنلاشسا قەلبىدە تىترەك ئارىلاشقان ھالدا پەيدا بولىدىغان ئاجايىپ ھېس - تۇيغۇلارنى قوزغىتالمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن نېمە ئۈچۈنكى، ھەر قېتىم ئىپپەتنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ھال - مۇڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن تەنھا قېلىپ يېنىدا يېقىن ئولتۇرغان چاغلاردا، ئىپپەت ئۇنىڭ بېشىنى كۆكسىگە قويۇپ، يۇمشاق قوللىرى بىلەن سىلاپ: «بىچارە، نۇرغۇن ئازاب چەكتىڭىز - ھە!» دەپ ئەركىلەتكەندە، ماھىنە بىلەن ئۇچراشقاندا پەيدا بولىدىغان تۇيغۇلارنىڭ دەۋرەپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ خۇددى ئويغانغاندەك كۆزىنى ئېچىپ، پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتەتتى ۋە ئىپپەتنى سىلىقلىقنا ئۆزىدىن يىراقلاشتۇراتتى.

ئۇلار ناھايىتى كۆپ قېتىم شۇنداق ئولتۇراتتى ۋە ھەر قېتىم پەررۇخ: «مەن نېمە بولۇۋاتىمەن؟» دەپ ئۆز - ئۆزىدىن سورايتتى. ئۆز سۆيگىنىدىن جۇدا بولغان پەيتتە، قەلبىدە بۇرۇن يېنىپ ئۆچكەن تاتلىق سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى باشقا بىر قىزنىڭ ئالدىدا قايتا لاۋۇلداۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى قايغۇ - ھەسرەتكە تولۇپ كېتەتتى. شۇنداق مىنۇتلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ ماھىنىنى ئەسلەيتتى، ئەۋنىدە ئۆتكۈزگەن كېچىنى خىيالىغا كەلتۈرەتتى. بىراق بۇ خاتىرىلەر ئۇنى تېخىمۇ بەك ھاياجانلاندۇرۇۋېتەتتى، ئۆتمۈشى گويا ئالدىدىلا، يېنىدىلا تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قوياتتى.

ئېپپەت بولسا ئۇنىڭ چاچلىرىنى سۆيەتتى ۋە بەزىدە ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇنىڭ پېشانىسىگە لەۋلىرىنى تەگكۈزۈپ سالاتتى. بۇنداق چاغدا پەررۇخ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئوت كەتكەندەك چۆچۈپ كېتەتتى، يۈرىكىگە بىر پارچە ئوت چۈشكەندەك بولاتتى، ئېپپەتنىڭ بېشىنى باغرىغا بېسىپ، قاتتىق قۇچاقلىغۇسى، سۆيگۈسى كېلەتتى، لېكىن كۈچەپ ئۆزىنى باساتتى.

ئېپپەتمۇ تەس كۈنگە قالغانىدى، ئۇ نېمىشقا بۇنچىلا ئۆزىنى بىلمەي قالىدىغانلىقىنى، نېمىشقا سىڭلىغا خاس بولمىغان دەرىجىدە ئەدەبسىزلىك قىلىپ، يۈزىنى پەررۇخنىڭ يۈزىگە يېقىنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى. بىر چاغلاردا پەررۇخقا ئۆزىنىڭ قۇتقازغۇچىسى سۈپىتىدە قارايتتى، ئەمدى بولسا...

بەزىدە پەررۇخ تۇساتتىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى، مېڭىسىنى چۇلغىۋالغان بۇ ئوي - خىياللارنى چۆرۈۋېتىش ئۈچۈن يىراق جايلارغا بېرىپ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ۋەدە قىلىپ ئېپپەتنىڭ يېنىغا كېلەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئوتاۋۇق كۆزلىرىنى، گۈزەل چاچلىرىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا يەنە باشقىچە كۆز بىلەن قاراشقا باشلايتتى.

بەزىدە ئېپپەت پەررۇخنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ شۇنداق دەيتتى:

— جېنىم ئاكا، خاپا بولماڭ، خاپا بولغانغا مۇسىبەتنى تۈگىتەلمەيسىز. ھايات شۇنداق ئىكەن، بۇنىڭغا نېمە ئامال. مەنمۇ ئازاب چەككەن، ئېغىر كۈنلەرنى بېشىمدىن كەچۈرگەن. ھەممىگە بەرداشلىق بېرىش ۋە تەقدىرنىڭ بارلىق يارىماسلىقلىرىدىن يىرگىنىش كېرەك، ئۇنىڭغا ھەرگىز پەرۋا قىلماسلىق لازىم. ئۆزىڭىزنى بۇنچىلا ئۇپرىتىپ ئۇمىدسىزلەنمەڭ. سىزگە قانچىلىك قىيىن بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىمەن، سىز ياش تۈكۈش ئارقىلىق ماھىننى قايتۇرۇپ كېلەلەمسىز؟ ئەلۋەتتە، قايتۇرۇپ كېلەلمەيسىز. بۇ ئالەمدە ھېچ كىمىڭىز يوقلۇقىنى بىلىمەن. لېكىن... مەلدىن ئۇمىد كۈتسىڭىز بولىدۇ. مەن سىزنىڭ بەختلىك بولۇشىڭىز ئۈچۈن ھەممىگە تەييارمەن! ئوغلىڭىزمۇ بار، ئۇ ماھىننىڭ سىزگە قالدۇرغان يادىكارى. ماھىن ئوغلىڭىزنىڭ چىرايىدا ياشايدۇ. ھەر ئىككىيلەننى ئۇنتۇماڭ. ئوغلىڭىزغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭدىن بەختىڭىزنى تېپىڭ. مەن ئۇنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىشتا سىزگە ياردەم بېرىمەن.

ئۇ پەررۇخنىڭ زەخمىلەنگەن كۆڭلىگە ئەنە شۇنداق تەسەللى بېرەتتى، پەررۇخ ئېسەنكىرەش كەيپىياتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا:

— سىزنىڭ گېپىڭىز توغرا، ماھىن كەتتى، ئەمدى ئۇنى چاقىرغاننىڭ پايدىسى يوق. ئەمما، مېنىڭ بەختىمگە سىز بار. سىزگە، بىر سىزگىلا دەرد - ھەسرىتىمنى ئېيتالايمەن. ئازابلىق كۈنلەردە مېنى يادىڭىزدا تۇتتىڭىز... گېپىڭىز توغرا، ئەمدى ئازابلىنىشنى تۈگىتىش ۋاقتى كەلدى. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. ئوغلۇمنى ئويلىشىم ۋە ئۇنى ھالال ئادەم قىلىپ تەربىيىلىشىم، تېھران مۇھىتىنىڭ چىرىك شارائىتىدا ئۇنى ئەخلاقى بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىشىم كېرەك.— دەپ جاۋاب بېرەتتى.

پەررۇخ ئېپپەتنىڭ بېشىنى باغرىغا بېسىپ، چاچلىرىنى سۆيەتتى. ئۇ ئاشۇ سۆيۈش ئارقىلىق ئېپپەتكە بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، مېھرىنى ئىزھار قىلماقچى بولاتتى.

لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر، سۆيۈش ئۇزاققا سوزۇلاتتى. پەررۇخنىڭ ئۇنىڭ بېشىنى قويۇۋەتكۈسى كەلمەيتتى، ئېپپەتنى باغرىدىن بوشاتقان ھامان، يۈرىكى ئوتتەك كۆيەتتى.

پەررۇخ بۇ سەزگۈ ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقاتتى، شارتتىدا ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىپ كەتمەكچىمۇ بولاتتى، لېكىن بۇنىڭغا ئاجىزلىق قىلاتتى ۋە تۇساتتىن ئۆزىنىڭ لې-

مە قىلىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي ئەپپەتنىڭ قولىغا قايناق ھېسسىياتلار بىلەن يەنە سۆيۈشكە باشلايتتى.

ئەپپەت بولسا يۈرىكىنىڭ قانداق سوقۇۋاتقانلىقىنى پەررۇخقا ئاڭلىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆكرىكىگە باساتتى. بۇنداق چاغدا پەررۇخ ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھارارەتنى سېزەتتى، ئېسىنى يوقىتىپ قويۇش دەرىجىسىگە يېتەتتى، ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايتتى. ئۆزىگە: «ئەپپەتكە يېقىنلاشساملا مۇشۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولامدۇ ياكى باشقا ئاياللار بىلەنمۇ مۇمكىنمۇ؟» دەپ سوئال قوياتتى. ئاخىر چىدىماي ئەپپەتكە سىر بەرمەي ئورنىدىن تۇرۇپلا چىقىپ كېتەتتى، ئەپپەت يالغۇز مۇڭلىنىپ قالاتتى.

ئەپپەت ئۇزاق داۋاملاشقان كېسەللىكتىن يېڭى قۇتۇلغانىدى، ئاپىسى ئۇنىڭ ساقىيىپ قالغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئەپپەتنىڭ مەيۈس يۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇنىڭ پەررۇخنى سۆيىدىغانلىقىدىن ئانىنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. بەزىدە ئۇ پەررۇخنىڭ ئەپپەتنىڭ يېنىدا قىزىرىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يىگىتمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا پەررۇخ كەلگەن چاغلاردا، بۇ ئىككى يۈرەككە دەخلى بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئۇلارنى يالغۇز قالدۇراتتى.

ھازىر پەررۇخ ئەپپەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى، ئەپپەت ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن جىم ئولتۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ئەپپەتنىڭ ئانىسى بالىنى چاقىرىپ:

— مەشھەدىي مۇستاپانىڭ ئوغلى سەن بىلەن ئوينىغىلى كەلدى، — دېدى. پەررۇخ ئوغلىنى سۆيۈپ، ئايۋانغا چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەپپەت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۈگۈنمۇ خاپىمۇ سىز؟ — دەپ سورىدى.

پەررۇخ لام - جىم دېمىدى.

— نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز؟ — يېقىنراق كېلىپ سورىدى ئەپپەت. — سىز خاپا بولسىڭىز، مەنمۇ خاپا بولۇپ قالىدىكەنمەن، دەپ بىر نەچچە قېتىم ئېيتتىمغۇ سىزگە. چىرايىڭىزنىڭ غەمكىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. نېمىشقا مۇشۇ تەشۋىشلىك خىياللاردىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىڭىزنى، مېنى بىرەر مىنۇت بولسىمۇ خۇشال قىلمايسىز؟ سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز مېنىڭ خۇشاللىقىم ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىزغۇ؟! بىزنى قانداق مېھىر بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىسىزغۇ. ئېھتىمال، بۇنى چۈشىنىشنى خالىمايدىغانسىز... چۈنكى مەن... بەختسىز... نومۇسى ئاياغ - ئاستى قىلىنغان، ئەخلاقسىزلار قاتارىدا قوشۇۋېتىلگەن ئادەممەن. سىز بولسىڭىز پاك، ماڭا يېقىنلىشىپ، شەنىڭىزگە داغ چۈشۈرۈۋېلىشنى خالىمايسىز. پاك يۈرىكىڭىزنىڭ بىر تەرىپىنى ماڭا بەخش ئەتمەيسىز!

ئەپپەتنىڭ بۇ سۆزلىرى دەرد بىلەن تولۇپ تاشقانىدى، ئاۋازى يۈرەكنى لەرزىگە سالاتتى، كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ياش تامچىلىرى ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى.

پەررۇخ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى.

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى ئۇ. — نېمىشقا يىغلايسىز؟ نېمە گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز؟ خاتالىشىۋاتىسىز، سىز گۇناھسىز. سىزنى ئەخلاقسىز دېيىشكە جۈرئەت قىلغان جەمئىيەتنىڭ ئۆزى ئەخلاقسىز. مەن بۇ جەمئىيەتتىن ھەزەر ئەيلەيمەن، ئوغلۇمنى «ھارامدىن بولغان بالا» دەپ ئاتايدىغان بۇ جەمئىيەتنى يىركىنىشلىك جەمئىيەت دەپ قارايمەن، — ئەپپەت بوش ئىسەدەپ يىغلاۋاتاتتى.

پەررۇخ، ئۇنى تۇنجى قېتىم يۈزىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق دېدى، — يىغلىماڭ، كۆز ياشلىرىڭىزنى كۆرسەم، تاقىتىم تاق بولىدۇ. مەنمۇ ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ يىغلىغان، شۇمۇ يېتەر، ئەگەر يۈرىكىمدىكى ھېس -

تۇيغۇلىرىمنى سىزگە ئېيتىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىسىڭىز، ئېيتىمەن... لېكىن ئېيتالمايمەن... زادىلا تاقىتىم قالمىدى، ئەزايى - بەدىنىم ئوتتا كۆيمەكتە، ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق چىداپ تۇرالمايمەن، ياق، سىز مېنىڭ سىڭلىم ئەمەس، ياق، سىز مېنىڭ سۆيگەن يارىم ... رەپىقەم بولىسىز. ئوغلۇم بولسا، سىزنىڭ ئوغلىڭىز بولىدۇ! چۈشەندىڭىزمۇ، ئوغلۇم سىزنىڭ ئوغلىڭىز بولىدۇ!

ئىپپەتنىڭ كۆز ياشلىرى تېخىمۇ بەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ھەددىدىن زىيادە خۇش بولۇپ كەتكەنىدى. پەررۇخ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى، ئۇ ئىپپەتنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى. ئۇلارنىڭ تىنىقلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى، ھېس - ھاياجانلىرىغا كۆكرىكى تار كېلەتتى.

ئىپپەت ئاستا سورىدى:

— شۇ گېپىڭىز راستمۇ؟ سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ مېنى ئالامسىز؟ ئۆتمۈشۈمنى ئۇنتۇمسىز؟ ئۇنتۇدىڭىزمۇ؟ ھېلىقى دەھشەتلىك كېچىنى ئۇنتۇدىڭىزمۇ؟... ئويلاپ بېقىڭ! شۇ گېپىڭىز راستمۇ؟

پەررۇخ ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ، قېنىپ - قېنىپ سۆيدى ۋە شەھلا كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ھېچ نەرسىنى ئېسىمدىن چىقارمىدىم، ھەممىسى ئېسىمدە. سىز ئەيىبلىك ئەمەس، ئۇلار ئەيىبلىك، ھازىر بولسا، ئۇلار جازالاندى. ئۇلار ئازاب تارتىۋاتىدۇ، مەيلى، ئازاب تارتسۇن. بىز ئۇلارغا قارىغاندا كۆپرەك قىينالدۇق. سىزگە يەنە ئېيتاي، مەن سىزنى سۆيىمەن. سىز ماڭا خوتۇن، ئوغلۇمغا ئانا بولىسىز.

ئىپپەتنىڭ ئەمدى گۇمان قىلىدىغان يېرى قالمىدى. ئۇ ئەمدى پەررۇخقا تېخىمۇ مەھكەم چاپلاشتى. ئەتراپتا ھېچكىم يوق. ھېچكىم ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە دەخلى بولمايتتى.

پەررۇخ ئۆتكەن يىللار داۋامىدا ئىپپەتنى ھەددىدىن تاشقىرى ياخشى كۆرۈپ كەلگەندەك، ئۇزاق يىللار يۈرىكىدە ياشاپ كەلگەن شۇ ھېس - تۇيغۇلار بىراقلا تېشىغا تەپكەندەك قاتتىق ھاياجاندا ئىدى. ئىپپەت قارشىلىق كۆرسەتمەيتتى، ئۆز مۇھەببىتىنىڭ پۈتكۈل ھارارىتى بىلەن ئۆزىنى پەررۇخقا تاپشۇرۇۋەتكەنىدى. پەررۇخ ئۇنىڭ لەۋلىرىگە لېۋىنى چىڭ چاپلاپ، ئۇزاق - ئۇزاق سۆيدى.

ئىپپەت ئاستا پىچىرلىرى:

— سۆيۈملۈكۈم، ئېرىم!

سۆيۈشۈشلەر تېخىمۇ قاتتىق، ئۇزاق ۋە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشاتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن، ئۇلار ھېس - ھاياجانلىرى ئېشىپ كەتكىنىگە پۇشايمان قىلغاندەك. كىرپىلودا جىمجىت ئولتۇرۇشتى. لېكىن بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى، پۇشايمانغا ئورۇن قالمىغانىدى. ئۇلار ئەمدى مۇھەببەت يىپلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلاندى، ھەقىقىي ئەر - خوتۇنلاردەك بولۇپ قالدى.

پەررۇخ ئويلىنىپ قالدى، لېكىن بۇ ھال ئۇزاق داۋاملاشمىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئوغلىنى چاقىردى ۋە ئۇ ئۆيگە كىرگەن ھامان قولىغا ئالدى - دە، ئىپپەتنىڭ تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— سىز ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ بالامغا ئانا بولىسىز، مېھرىبان ئانا بولۇشىڭىزغا ئىشىنىمەن، — دېدى.

ئىپپەت بالىنى ئانىلارغا خاس مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قاتتىق قۇچاقلاپ سۆيدى، بۇ سۆيۈشتە پۈتۈن مۇھەببىتىنىڭ يالقۇنى ئەكس ئەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن پەررۇخ ئىپپەتنىڭ ئانىسىنى چاقىرىپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئەگەر ئۇ قارشى تۇرمىسا، قىزىنى شەرىئەتلىك خوتۇنلۇققا سورىماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ھەممە لەرسىگە ئىپپەتنىڭ كۆزى بىلەن قاراشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئانا قىزىنىڭ گەپ - سۆزسىزلا قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇنى ئۇزاق يىل زارىقىپ كۈتكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇلارنى تەبرىكلىدى.

ئانا ئىككىلەننى يەنە يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

توينى چۇقان - سۈرەنسىز ئۆتكۈزۈش قايىن تېپىلدى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ، باھار كۈنلىرىنىڭ بىر كەچلىكى ئۇلارنىڭ تويى بولدى.

پەررۇخ شۇنداق بىر كېچىدىمۇ غەمكىن ئىدى، ئۇ ھەتتا يىغلاپمۇ سالدى. بىراق ئىپپەتنىڭ ئەركىلەشلىرى ئۇنىڭغا ئارام بېغىشلىدى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر يېڭى ھاياتنى بۇزماسلىقى لازىملىقىنى ئېرىگە ئەسلەتتى.

لېكىن، ماھىنىڭ سىماسى ئۇنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈلۈك چىقىپ كېتىدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ!...

## ئوتتۇزىنچى باب

### ھوتنىڭ ئۈچىنچى كۈنىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە

سىياسىي ئۆزگىرىش بولغىنىغا ئۈچ ئاي بولدى. ئۈچ ئايدىن بۇيان، بۇ بەختسىز مەملىكەتتىكى ئىشلار باشقىچە يۈرۈشۈپ كەتتى.

رامىزان ئېيى ئىدى. ھەر قانداق يىغىن، مەجلىسلەرنى ئۆتكۈزۈش مەنئىي قىلىنغانىدى. پەقەت ئەشەددىي قارتىۋازلارلا كېچىلىرى يىغىلىشاتتى، ئەمما ئۇلارمۇ قورقۇپ - تىترىشىپ ئولتۇراتتى، ئىشىك تاقىلىشى بىلەنلا قارتىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بۇرۇنقى تەييارلىقى بويىچە دۇئا كىتابلىرىنى قولىغا ئالاتتى، بىرەر «مۇسۇلمانى كامىل» كىرپىسلوغا ئولتۇرۇپ روزە ئوقۇشقا باشلايتتى. ئەگەر كىرگەن ئادەم ئۆز كىشىلىرى بولسا، ئۇنىڭغا: نېمىشقا ئىشىكنى تاقىلدىنىپ بىزنى قورقۇتىسەن، دەپ تەنە - مالامەتلەرنى ياغدۇرۇشاتتى. مۇبادا ساقچىلار كىرىپ قالغۇدەك بولسا، خوجا كۆرسىلىك قىلىپ داد - پەرياد قىلىشاتتى*، بۇنداق ۋەقەلەر كۆپ تەكرارلىنىپ تۇراتتى. ساقچىلار ئۇلارنىڭ نېمە قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، كۆرمەسكە سالاتتى. بۇ «ئىبادەتچىلەر»نى ھەيدەپ كېتىدىغان بولسا، ئىشان ۋە موللىلار يېڭى ھۆكۈمەتنى دىنسىز دەپ ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ۋە قاغايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

قاماقتا ياتقان ھېلىقى مەھبۇسلار ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ھۆكۈمەتنىڭ ئىستىتىپا بېرىشىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ياكى ئىرانىنى بۇ ئاپەتتىن بىراقلا قۇتۇلدۇرۇشقا ھۆكۈمەتنىڭ قەتئىيەتلىكى يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ئۇلار بارا - بارا چۈشىنىۋالغانىدى.

رامىزانىنىڭ بىر كۈنى ئىپتادىن كېيىن بىز سىمائۇش مىرزىنى دېرىزىلىرى ھويلىغا قارىغان ئۆز ئۆيىدىكى دىۋاندا ياتقان ھالدا ئۇچراتتۇق. ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، كۆزىدىن ئۈستۈنرەك بىر جايدا خېلى چوڭ بىر يارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىككى يېرىم ئاي دەرد تارتىپ ياتقاندىن كېيىن، شۇ ئاخشىمى تۇنجى قېتىم ئورنىدىن تۇرغانىدى.

ھېلىقى كېچىسى سىمائۇشنىڭ مەشئەدىي رىزانىڭ ئۆيىدە ھوشىدىن كېتىپ قالغانلىقى بىزگە مەلۇم. پەررۇخ ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ: «مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق

* شىئە مەزھىپىدىكىلەر روزە ئوقۇغاندا داد - پەرياد قىلىدۇ ۋە مەيدىلىرىگە مۇشتلايدۇ.

مۇناسىۋىتىم يوق» دېگەندە، سىناۋۇش ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇپ قالغانىدى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە كۆزىنى ئېچىپلا:

— مەن پەررۇخنى چۈشۈمدە كۆردۈممۇ ياكى ئۇ راستلا بۇ يەرگە كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مۇھەممەت تاغا ئۇ كۈنى كېچىدە ئۆيگە كىرگەنلەرنى قاراڭغۇدا تونۇيالمىغاچقا، بىر نېمە دەپ جاۋاب بېرەلمىدى.

كۈن چىقىشى بىلەنلا مۇھەممەت تاغا پەيتۇن تاپتى، سىناۋۇشنىڭ بېشىنى چوڭ ئاق رومال بىلەن تاڭدى-دە، ئاستا پەيتۇنغا چىقاردى.

مۇھەممەت تاغا يولدا:

— خانىم نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىز؟ — دەپ سورىدى.

سىناۋۇش غۇرۇر بىلەن:

— قورقما، ساڭا گۇناھ ئارتمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— مەندىن سوراپ قالسا، كېپىمىزنىڭ ئوخشاش چىقىشى ئۈچۈن، نېمە دېيىشىمىزنى بىلىۋېلىشىم كېرەك، بولمىسا يالغانچى بولۇپ قالىمىز.

— مەن، شاھ ئابدۇلئەزىمنىڭ بېغىدىكى سۇپىدا ئولتۇراتتىم، مەست بولۇپ قېلىپ يىقىلىپ چۈشتۈم، دەيمەن.

پەيتۇن چارەك سائەتتىن كېيىن شاھزادىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. دەرۋازا يېنىدا تۇرغان خىزمەتكار خوجايىنىڭ رومال بىلەن تېڭىلغان بېشىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىغىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى ۋە بۇ ھادىسىنىڭ ئەيىبكارى بولغان مۇھەممەت تاغىغا ھومىيىپ قويدى. مۇھەممەت تاغا بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى.

ئېچكىرىكى ئۆيدە خانىم بىلەن ئاق چاچ خوتۇنلار بۇ دەھشەتلىك ۋەقەدىن تەشۋىشكە چۈشۈپ، بىزنىڭ ياش خوجايىنىمىزنى ئۆرۈپ ياتقۇزۇۋېتىشكە كىم جۈرئەت قىلدى، دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. شۇ ھامان دوختۇر چاقىرىلدى. دوختۇر سىناۋۇشنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بېشىنى چايقاپ:

— ئۇنى ساقايتىشقا تىرىشىمىز، لېكىن ئۇنىڭ كۆزى كاردىن چىقارمىكىن دەپ قورقىمەن، — دېدى.

سىناۋۇش دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەشئەدىي رىزانىڭ بېغىدا تاشقا يىقىلىپ، قانچىلىك ئېغىر يارىلانغانلىقىنى ئەمدى بىلدى.

دوختۇر سىناۋۇشنىڭ يارىلىرىنى يۇيۇپ، دورىلاپ ئورنىغا ياتقۇزدى. كېچىدە سىناۋۇشنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى. ئانىسى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ:

— سېنىڭ نېمە بولغانلىقىڭنى داداڭ تېخى بىلمەيدۇ! قانداق قىلارمەن، بېشىمىزغا قانداق بالا-كۈلپەتلەرنى ياغدۇرىۋاتقانسەن، شۇنداقمۇ بەختسىزلىك بولامدۇ. داداڭ قاماقتا، سەن يارىلاندىڭ، مەن بولسام بىر ئاجىز، بۇ ئازابلارغا قانداق چىدارمەن؟ — دەپ يىغلىدى.

سىناۋۇشنىڭ قىزىتمىسى بارغانسېرى ئۆرلەپ كەتتى. ئۇ ھەدەپ: «ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق!» دەپ جۆيلۈيتتى. ئانىسى بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە چۈشىنەلمەي تەشۋىشلىنەتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ قىزىتمىسى ياندى، بىراق ئۇنى ئەمدى چۈشىدە كۆرگەنلىرى قىينايتتى. ئۇ چۈشىدە دائىم پەررۇخنى كۆرەتتى، پەررۇخ ئۇنىڭغا: «مېنى قاماتتىڭمۇ؟ تۈرمىگە تاشلاتماقچى بولدۇڭمۇ؟» دەيتتى؛ كېيىن تۇساتتىن كانىيىدىن بوغماقچى بولۇپ قولىنى سوزاتتى، كېيىن قوللىرىنى تارتىۋالاتتى-دە، تەتۈر قاراپ، نەپرەت بىلەن: «ياق، ياق! قولۇمنى بۇلغاشقا ئەرزىمەيسەن» دەيتتى.

بەزىدە ئۇنىڭ كۆزىگە قارا كىيىم كىيگەن ئايال كۆرۈنەتتى. ئۇ سىناۋۇشقا يېقىنلى-

شىپ، غەمكىن تەلەپپۇزدا: «سەن مېنى تونۇمايتتىڭ، لېكىن ئۇنىڭ مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتىڭ. ئەمما سەن مېنى ياخشى كۆرمەيتتىڭ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مېنى نېمىشقا ئۇنىڭغا بەرمىدىڭ؟ مېنى نېمىشقا ئۇنىڭغا بەرمىدىڭ؟» دەيتتى.

سىياۋۇش ئۇنىڭغا قارايتتى، ئۇ ئايال بىردىنلا خىرەلىشىپ كۆزدىن غايىب بولاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن پەررۇخ پەيدا بولاتتى ۋە يەنە ھېلىقى سۆزلەرنى تەكرارلايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە ئىڭراپ كېتەتتى ۋە گويا يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈكنى تاشلىۋەتمەكچى بولغاندەك كۈچەپ كېتەتتى.

ئانىسى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى جىمغىنا كۆزىتىپ ئولتۇراتتى، ئەتىسى ھەممە ئەھۋالنى دوختۇرغا ئېيتىپ بېرەتتى. دوختۇر ھېچقىسى يوق، دەردىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ۋە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن ئاشۇنداق قالايمىقان چۈشلەرنى كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك، دەيتتى.

ئوغلىنىڭ يارىماس قىلىقلىرىدىن خەۋەرسىز يۈرىدىغان ئانا پەقەتلا ھەيران بولاتتى ۋە دوختۇرنىڭ گەپلىرىنىمۇ باشقا ھەر قانداق بىلىملىك ئادەملەرنىڭكىدەك بىكارغا چىقىرىۋېتەتتى.

چۈش كۆرۈش ۋە جۆيلۈش سىياۋۇشنى قىيناۋەردى. ئەمدى ئۇنىڭ چۈشىگە جالالەت كىرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ سىياۋۇشنىڭ ئالدىدا بېشىغا زىبۇ زىننەتلەرنى تاقىغان، خۇددى ھېيت - بايراملاردىكىدەك ياسانغان ھالدا پەيدا بولاتتى. يەنە يېڭى كىيىملەرنى كىيگەن، خۇشال ۋە كۈلۈپ تۇرغان جاۋادىمۇ كۆرۈنەتتى. كىمدۇر بىر ئايال ئۇنىڭ قوللىرىنى جالالەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قوياتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىسى غۇۋالىشىپ كۆزدىن غايىب بولاتتى.

سىياۋۇش: «ئۇلار نەگە كەتتى؟» دەپ سورايتتى. بۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋابنى ئاڭلاپ، تومۇرلىرىدىكى قان توختاپ قالغاندەك بولاتتى. سىياۋۇش ئىنجىقلاپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئۇ جالالەتنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيگەنلىكتىن، ھەتتا تەلۋىلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى.

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. سىياۋۇش بولسا بېشىدىكى ۋە قەلبىدىكى جاراھەتلەر تۈپەيلىدىن توختىماي ئازابلىناتتى. ئاخىر، ئۇ دوختۇرنىڭ غەيرەت قىلىپ داۋالىشى بىلەن بىر يېرىم ئايدىن كېيىن ساقىيىشقا باشلىدى. بېشىدىكى يارىسى پۈتتى. دوختۇرنىڭ مۆلچەر قىلغىنىدەك، ئوڭ كۆزى نابۇت بولغىنىچە قالدى.

دەرد سىياۋۇش مىرزىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى خۇلق - مىجەزلىرىدىن ئەسەر قالمىدى، پەقەت يۈرىكىنىڭ قەيېرىدىدۇر، بىر يېرىدە ئوت كۆيەتتى، بۇ ئۇنىڭ جالالەتكە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئوتى ئىدى. سىياۋۇش ئۇنى ئويلايتتى، قىزنىڭ مۇلايىم ۋە گۈزەل چىرايى دائىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى.

ئاخىر، ئۇنىڭدا قىزنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش ئارزۇسى پەيدا بولدى. گەرچە بۇ ھەۋەس شاھزادىنىڭ چىرايىغا ئۆچمەس تامغا باسقان بولسىمۇ، جالالەتنى ھەتتا نىكاھىغا ئېلىشقىمۇ تەييار ئىدى. شۇ نىيەت بىلەن ئۇ مۇھەممەت تاغىنى چاقىرتتى.

ھەممە خىزمەتكارلارنىڭ تەنە - دەشنامىلىرىغا نىشان بولۇپ قالغان مۇھەممەت تاغا ئۆيگە خىجالەتچىلىكتىن بېشىنى كۆتۈرمەي ۋە خوجايىنىنىڭ ھېلىقى قورقۇنچلۇق كېچىدە تامغا بېسىلغان چىرايىغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمىغان ھالدا كىرىپ كەلدى. سىياۋۇش ئۇنىڭغا:

— سەن ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدىڭ، بۇ پالاكەتچىلىكنى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى - دە. بىكاردىن بىكارغا خىجىل بولما، ساڭا ھېچقانداق دەۋايىم يوق، — دېدى.

مۇھەممەت تاغا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ساختا تىترىگەن ئاۋازدا:

— ھەزرىتىمگە بىرەر پايدا يەتكۈزەلەرمەنمىكىن؟ مەرھەمەت قىلىپ بۇيرۇۋېرىڭ.

سىزگە قانچىلىك سادىق ئىكەنلىكىمنى بىلمەسىز، — دېدى ۋە يالغاندىن كۆز يېشى قىلدى.

— بەك ياخشى گەپ بولدى، — دېدى سىئاۋۇش، — ساڭا بىر ئىش بۇيرۇماقچىمەن.

سىئاۋۇش جالالەتنىڭ تەشۋىشىدە قېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن:

— جالالەت توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم خەۋەر ئەكىلىپ بېرىشىڭنى ئىلتىماس قىلماقچىمەن، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ، مۇھەممەت تاغا ھەيران بولدى. سىئاۋۇش ئۇنىڭغا گەپ بەرمەي، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مۇھەممەت تاغا، كېپىمگە قۇلاق سال! سىئاۋۇش مىرزا ئەمدى ئىلگىكى ئاي بۇرۇنقى سىئاۋۇش مىرزا ئەمەس. ھازىر جالالەتنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتىمەنكى، بۇنى سەن تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسەن. ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامانلىق قىلىشنى راۋا كۆرمەيمەن. ئەگەر ئۇنىڭ ھازىرمۇ ساق-سالامەت بولۇپ، ئەركە تەگمىگەنلىكىنى بىلىپ كېلەلىسەڭ، ئانامنى كۆندۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشىمگە رازىلىق ئالىمەن.

— مۇھەممەت تاغا قىمىرلاپ قويدى.

— ھەزرىتىم، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ خىزمەتكارنىڭ قىزىنى نىكاھىڭىزغا ئالماقچىمۇ...

شاھزادە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— مەسىلىنىڭ بۇتەرىپى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. ۋەدەڭنى ئورۇنلاپ، ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالى توغرىسىدا ماڭا تېزرەك خەۋەر ئېلىپ كەل.

مۇھەممەت تاغا باشقا گەپ قىلمىدى، شاھزادىنىڭ مېڭىسى جايىدا ئەمەسكەن، دېگەن ئويغا كېلىپ، ئاستا چىقىپ كەتتى.

سىئاۋۇش بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ: «ئەمدى بار گەپنى ئانامغا ئېيتىپ، ئۇنى كۆندۈرۈپ ئىشقا سېلىشىم كېرەك» دېگەن يەرگە كەلدى.

ئۇ ئەنە شۇ خىيال بىلەن ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ، ئانىسىنىڭ يېنىدىكى كرېسلودا ئولتۇردى. خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. ئانىسى ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. سىئاۋۇش ئۆزىنىڭ جالالەتكە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن:

— مەن شۇنى دەپ يارىلاندىم، بىر يېرىم ئاي ئازاب چەكتىم. ئارقامدىن قوغلىغانلاردىن قاچىمەن دەپ، سۇيىدىن يىقىلىپ چۈشتۇم...

ئانىسى مۇھەممەت تاغىنى تىللاپ ھەيدىۋەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن سىئاۋۇش بۇ ئىشتا مۇھەممەت تاغىنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوقلۇقىنى، ئەيىبىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

— خوش، ئۇنداق بولسا، يەنە نېمە كېپىڭ بار؟ — دەپ سورىدى ئانىسى.

— ئۇنى نىكاھىمغا ئالماقچىمەن، — دەپ قەتئىي جاۋاب بەردى سىئاۋۇش.

ئانىسى ئۇنى، ئوغلۇم ئالجىپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدى، لېكىن سىئاۋۇش سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— مەن ھازىر ئاتايىن سىزنىڭ رازىلىقىڭىزنى ئالغىلى كىردىم، — دېدى.

ئانىسى ئوغلىنىڭ ئەقلىدىن ئازمىغانلىقىنى ۋە قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى بىلىپ شۇنداق دېدى:

— نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەمۋاتامسەن؟ سەن بىر شاھزادە تۇرۇپ، ئاددىي بىر خىزمەتكارنىڭ قىزىغا ئۆيلەنمەكچىمۇ؟ ئەگەر سەن توقاللىققا ئالماقچى بولساڭ، ھازىرلا ئىنىكئاناڭنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىمەن: شەرىئەت بويىچە نىكاھلاپ ئالىمەن دېسەڭ، بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال يوق.

— ئەگەر توقاللىققا ئېلىش نىيىتىم بولىدىغان بولسا، سىزدىن سوراپ ئولتۇرامتىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى سىئاۋۇش.

— ئەمىسە داداڭ قاماقتىن چىققۇچە سەۋر قىلىپ تۇرغىن، — دېدى ئانىسى، — داداڭ چىققاندىن كېيىن مەسلىھەتلەش. داداڭ بولماي تۇرۇپ، مەن ساڭا رازىلىق بېرەلمەيمەن. كىشىلەر ماڭا، «داداڭ بولغان

ئادەم قاماقتا ياتسا، ئانا ئۇنىڭغا كۆيۈپ يىغلىماي، ئوغلىنى ئۆيلەش كويىدا يۈرۈپتۇ» دەپ تەنە قىلامدۇ.

سىناۋۇش ھازىرچە ئانىسىنى قىستىماي تۇرۇپ، كېيىنچە قەتئىي بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ھەر قانداق ئامال بىلەن بولسىمۇ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشنى لايىق كۆردى.

ئۇ كەچكىچە مەيۇسلىنىپ يۈردى. كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا مۇھەممەت تاغا كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. سىناۋۇش ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئايۋانغا چىقتى.

— ھە، قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئالدىراپ.

مۇھەممەت تاغىنىڭ قاپىقى چۈشۈپ كەتكەنىدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلمىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئۇ تېھراندا بار ئىكەن، — دەپ ئاستا گەپ باشلىدى مۇھەممەت تاغا، — لېكىن ...

— لېكىن، دېگىنىڭ نېمىسى، تېزرەك جاۋاب بەرسەڭچۇ.

— سىزگە نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن ... جالالەت ئەرگە تېگىپتۇ، — دېدى مۇھەممەت تاغا.

سىناۋۇش ئۆزىنى گويا بوراندا قالغاندەك ھېس قىلىپ، ھېچ نەرسە دېمەيلا، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئوغلى بىلەن بۇ توغرىدا قايتا سۆزلەشمەسلىكنى كۆڭلىگە پۈككەن ئانا ئوغلىنىڭ ئەھۋالىغا چىدىيالماي، ئۇنىڭ يېنىغا كىردى. سىناۋۇش ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى.

مۇھەممەت تاغا ھەممە گەپنى سۆزلەپ بەردى. جالالەت راستلا ئەرگە تەگكەنىدى. پەررۇخ جاۋادنىڭ جالالەتنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ توي قىلىشىغا ياردەملىشىپ تويىنى قىلىپ قويغانىدى.

مۇھەممەت تاغا بۇ خەۋەرنى جاۋادنىڭ يېنىدىكى دۇكانداردىن سوراپ بىلگەنىدى.

جالالەتنىڭ ئەرگە تەگكىنىگە شۈبھە قالمىدى. مۇھەممەت تاغا دەسلەپتە سىناۋۇشنىڭ ئاچچىقلىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا يالغان گەپ قىلماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنى خىزمەتكارلىقتىن چىقىرىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپ تۈگەشتى.

سىناۋۇش يەنە يېتىپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇ جىسمانىي كېسەللىككە ئەمەس، بەلكى روھىي دەردكە مۇپتىلا بولغانىدى. ئانىسىنى يەنە تەشۋىش باستى، يەنە دوختۇر چاقىرىلدى. دوختۇر ئاغرىقنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى يېقىنقى قىزىتمىنىڭ پات ئارىدا پەسىيىپ كېتىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇ بەك چارچاپ كەتكەچكە كېسەللىكتىن يېقىن ئارىدا قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، ئەڭ ياخشىسى، ساياھەتكە بېرىش لازىملىقىنى ئېيتتى.

سىناۋۇش ئون بىر كۈن ياتتى. ياتقۇقتىن باش كۆتۈرگەندىن كېيىنمۇ ساياھەتكە ماڭالمىدى، چۈنكى دادىسى تېخى قاماقتىن چىقمىغانىدى، ئانىسى بولسا ئوغلىنىڭ تاشلاپ كېتىشىگە ئۇنىمايتتى.

بىز تەسۋىرلەۋاتقان شۇ رامىزان كېچىلىرىنىڭ بىرىدە شاھزادە ئۆز ئۆيىدىكى دىۋاندا يېتىپ، جالالەت توغرىسىدا ئويلاپ كەتتى. شۇ ئارىدا مۇھەممەت تاغا كىرىپ كەلدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگەچكە ھاسىراپ ئاران نەپەس ئالاتتى. ئۇ سىناۋۇشنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— زاتى ئالىيلىرى، خۇش خەۋەر سۆيۈنچە بېرىڭ! — دېدى.

— زادى نېمە گەپ؟ نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى سىناۋۇش.

— ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇلۇپتۇ، سەئىد قېچىپ كېتىپتۇ.

سىناۋۇش خۇشال بولۇپ سورىدى:

— راست دەۋاتامسەن؟ كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

مۇھەممەت تاغا ھازىرلا كوچىدا ئىككى ئادەمنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا گەپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

سىماۋۇش مۇھەممەت تاغا ئېيتىپ كەلگەن خەۋەرنىڭ قانچىلىكى راست ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئامال قىلىپ ئۆيدىن چىقتى ــ دە پەيتۇن كىرا قىلىپ توپخانا مەيدانىغا ماڭدى. ئۇ يەردە ھەممە ئادەم ھۆكۈمەتنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلىشاتتى.

سىماۋۇش خۇشال بولغان، دادىسىنىڭ پاتراق قاماقتىن چىقىشى ۋە ئۆزىنىڭ چەتئەلگە ساياھەتكە چىقىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارالغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا ئۆيگە قايتتى.

ئۆيدە ئاللىقاچان تەنتەنە باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئۆيدىكىلەر شاھزادە ك... نىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ۋە ساۋابلىق ئىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپ، تاڭ ئاتقۇچە بەزمە قىلدى.

## خاتىمە

ھۆكۈمەتنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئىسپاتلاندى. رامىزان كۈنلىرىنىڭ بىر كەچلىكى ئەلا ھەزرەتنىڭ باياناتى ئېلان قىلىندى. باياناتتا بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن بولمىغۇر ئادەملەر دەپ ئەيىبلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ئادەملەرنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرى بايان قىلىنغانىدى. مەھبۇسلارمۇ يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشتىن خەۋەر تاپتى. ئەمدى قاماقتىن قۇتۇلۇش ۋاقتى كەلگەنىدى. ئۇلارنى نۇرغۇن پەيتۇنلارغا چىقىرىپ، مەجلىسكە ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ يەرگە جامائەت توپلانغانىدى. جامائەت قاماقتىن چىققانلارنى، قاماقتىن چىققانلار بىر ـ بىرىنى تەبرىكلىشەتتى، بۇ كۈننى بايرام دەپ ئاتىشاتتى. «ۋەتەنپەرۋەر» دەپ نام ئالغان قانداقتۇر بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنىڭ قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ:

«ئاللاھتائالاغا مىڭ قەتلە شۈكۈرا» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭدىن يىرگەنمەي قالمايتتى.

جاڭجال ۋە ئىتتىپاقسىزلىق ئاخىر ئۆز نەتىجىسىنى كۆرسەتتى: ئازادلىق دۈشمەنلىرى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىندى.

ئىران يەنە يار بويىغا كەلتۈرۈپ قويۇلدى. ئامال يوق ئىدى، پەقەتلا خۇدانىڭ جازالىشىغا ئىشىنىشتىن باشقا يول قالمىدى. ئادەملەرنىڭ بۇ تەييارتاپلارلاردىن قۇتۇلۇش يولىدىكى ئىنتىلىشلىرى زايا كەتتى. ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ، ئىرانلىقلار بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن قانداق ياشىغان بولسا، شۇنداق ياشاشقا باشلىدى.

ھاجى ئاغا ھەزرىتى ئىشانىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆيىنى يەنە تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن قانداق ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ قالغان ئىشان ھەزرەت ئۇنىڭغا كايىپ كەتتى:

ــ كازاك بىلەن گەپ تالاشقاندا نېمىشقا مېنىڭ نامىمنى تىلغا ئالدىڭ؟ نېمىشقا مېنى خەۋپ ئاستىدا قويدۇڭ؟ ھۆججەتنى قولۇمغا بەر. ئۇنىڭدا ئىمزايىم بار، بۇ ھازىرقى پەيتتە قىممەتكە چۈشۈشى مۇمكىن.

ھاجى ئاغا ھۆججەتنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ھەزرىتى ئىشان شۇ ھامان ھۆججەتتىن ئۆزىنىڭ مۆھۈرىنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

ــ ھازىر بۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان زامان ئەمەس. ماڭا مۆھلەت بەر، ۋاقتى كېلىپ خۇدا خالىسا، ساڭا يېڭى ھۆججەت قىلىپ بېرىمەن.

ــ نېمە قىلدىڭىز ئەمدى، مەن تېخى ئۇنى ئەدلىيەگە تاپشۇرۇپ يېڭىدىن ئىش باشلىماقچى ئىدىم، ــ دېدى ھاجى ئاغا ۋە ئىككى يۈز تۈمەننى ئەسلەپ يىغلاپ سالدى.

شۇ كۈنلەردە ئۆز ئۆيىدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بولماسلىقى ئۈچۈن تىرىشىپ يۈرگەن ھەزرىتى ئىشان خىزمەتچىلىرىگە بىر چاغدا

ھاجى ئاغا ئۇنىڭغا تۆلىگەن پۇلغا تەڭ كەلگۈدەك پۇلنى ئاچىقىپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ھاجى ئاغا پۇلنى ئالغان بولسىمۇ، يەنە كۆڭلى جايىغا چۈشمەي ۋارقىرىماقچى بولدى. لېكىن ھەزرىتى ئىشان قېرىلىق تۇپەيلىدىن ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ، خىزمەتكارلىرى ھاجىنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويالايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ھاجى ئاغا لام - جىم دېمەي چىقىپ كەتتى. لېكىن، ھەزرىتى ئىشان بۇرۇنقى ئەمەل دەرىجىسىگە قايتقاندىن كېيىنمۇ، ھاجىنىڭ رەقىبى كازاك ئوفىتسېرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۆيىنى قايتا تارتىپ ئېلىپ بېرىشكە ئارىلىشىشتىن باش تارتتى. بۇ ئۆيگە ئىگە بولۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ھاجى باشقا بىرەر كەمبەغەلنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىش يولىنى ئىزدەشكە كىرىشتى.

ساياھەتكە چىقىش، بولۇپمۇ ياۋروپاغا بېرىش تەكلىپ قىلىنغان سىناۋۇس دادىسى قاماقتىن چىقىشى بىلەنلا چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. ئۇ «ئەركىن» فرانسۇز سەتەڭلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ جالالەتكە بولغان ئىشقىنى ئۇنتۇپ كەتتى، دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

پ ... ئىسسەلتەنە قاماقتىن شۇنداق ئاجىزلاپ چىققان ئىدىكى، ئاردىن ئىككى ھەپتە ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ خاتىرجەمسىز ھاياتىدىن ۋىدالىشىپ، قالاق خوتۇنى ۋە جاپاكەش قىزىنىڭ ئارقىسىدىن باقى ئالەمگە كېتىپ قالدى.

قاماقتا بولۇشىغا ئازاب چەككەن ئەلى ئەشرەپخانمۇ ئېزىلىپ، كېسەل بولۇپ، تامامەن يارامسىز بولۇپ قالدى.

پەقەت ئەلى رىزاخانلا خېلى بەردەم ئىدى، ئۇ ئازاد قىلىنىشى بىلەنلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ... ئەششەدىيەگە ئۆزلىرىنىڭ قاملىشى تامامەن تاساددىپىي بىر ۋەقە بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، يەنە «پارتىيە» قۇرۇشقا ئۇنى كۆندۈرۈش ئارقىلىق «يۇقىرى» مەنسەپلەرگە ئېرىشىشكە باشلىدى. ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، سابىق مەھبۇسلار مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇلارنى مۇھىم ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

جاۋاد جالالەت بىلەن ياشاشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، پەررۇخنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، ئۇنىڭ يانچۇقى خېلى تومپايدى، ئۆزىنىڭ پاپىرۇس دۇكىنىنى كېڭەيتىپ، قەزۋىن دەرۋازىسى كوچىسىدىن ناسىرىيە كوچىسىغا يۆتكىۋالدى.

پەررۇخ ئىپپەت بىلەن بىللە ئۆتتۈۋاتاتتى. ئۇ ئۆز ئۆيىنى ياقتۇرمىغانلىقتىن، ئائىلىسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدى. مەھبۇسلارنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى ئۇنى قاتتىق تەشۋىشكە سېلىپ قويدى، شۇڭا ئۇ كۈنلىرىنى ئىرانىنىڭ شەرمەندە تارىخىنى ئويلاپ ئۆتكۈزدى. لېكىن ئۇ بىر ئۆزى ھەر قانچە قىلغان بىلەنمۇ، ھەرقانداق تەدبىر قوللىنىپمۇ خەلقنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالالمايتتى. ئۇ پەقەت قايغۇرۇشى ۋە ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىرانىنىڭ تەقدىرىگە يىغلىشىلا مۇمكىن ئىدى، خالاس.

ھەقىقىي خەلق، شۇ خەلقنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر پۇقرا ئۆزگىرىش قىلىشقا ئىنتىلگەن چاغدا، خەلقنىڭ ئۆزى خەلقنى ئاسارەتتىن قۇتقۇزالايدۇ. بىر ئادەمگە پۈتكۈل ئالەم قارشى تۇرىدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟

پەررۇخ ھەقىقىي قىساسكار بولغان تەقدىرنىڭ ئازادلىق ۋە ئىسلاھات دۈشمەنلىرىدىن بىچارە خەلقنى قۇتقۇلدۇرىدىغان بىرەر ئادەمنى ئەۋەتىشىگە ئىشىنەتتى.

ئۇ ئۆزىگە ئۆزى: «ئەگەر مەن ئوغلۇمنى ياخشى تەربىيىلەپ مۇشۇنداق مۇھىتتا بۇزۇلۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالالىسام، ئۇنىڭ ئۆز زامانداشلىرىدەك ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىگە پىسەنت قىلمايدىغان ھارام تاماق بولۇپ قېلىشىغا يول قويمىسام، ئاندىن ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلغان بولىمەن» دەيتتى.

(تۈگىمىدى)

# تومۇز كۈنلىرى


ل. ھيۇۋد (ئامېرىكا)

ئېلىيار ئۆمەر تەرجىمىسى


ماگىزىن رازۋېتچىكى ھېنرى داۋىس كاتەكتەك ئىشخانىغا خۇددى ھېسسىپ تىققاندەك تىقىلمىشىپ كەتكەن كىشىلەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. چىدىغۇسىز ئىسسىق دەستىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىكى سۈزمە خالتىسىدەك چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنى سېلىۋەتكەن بولسىمۇ بىر ئاز سالقىنلاپ قالاتتى، لېكىن ئۇنداق قىلغىلى بولمايتتى.

ئورۇقچىنا كەلگەن، ئۈستى - ئۈستىلەپ كىيىنىۋالغان، ئىسسىقتا تەرلەپ كەتكەن بىر ئايال ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ يىتكەن ئون سومى تېپىلدى، تېپىلمىغان بولسا ئىش بار ئىكەن. كۆكس - قارنى كەڭ ئادەملەر بولسا، پۇلنىڭ تېپىلغىنىغا شۈكرى قىلىپ يولىغا ماڭغان بولاتتى. لېكىن بۇ ئايال ئۇنداق ئادەملەرگە ئوخشاشمىغاچقا غوۋغا كۆتۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۈستەلنىڭ ئالدىدا تۇرغان، كۆزلىرى چوڭ - چوڭ، ئاقپىشماق بالا خەتەرلىك جىنايەتچى ئىدى.

— بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرمەي بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئايال قاتتىق تەلەپپۇزدا، — بۇ بالا، شەھەرگە كىرىشىمگە ئاپام ماقۇل بولغان دەيدۇ، بۇ گېپىنىڭ راست - يالغانلىقىنى خۇدا بىلىدۇ، مەن تازا ئىشەنمەيمەن ... راست دېگەندىمۇ، بۇنداق كىچىك بالىلارغا بازاردا نېمە بار؟ شۇنداقمۇ، جانابىي ئەپەندىم؟

— ئىسمىمنى ئاتاڭ، ئىسمىم داۋىس، — دېدى ماگىزىن رازۋېتچىكى سۆز قىستۇرۇپ.

— بۇنداق دېلولارنى ئادەتتە قانداق بىر تەرەپ قىلاتتىڭلار، داۋىس ئەپەندى؟

رازۋېتچىك بىر ئاز تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ ئۇدېستوننىڭ تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىدا ئۇزۇندىن بۇيان رازۋېتچىكلىك قىلىپ، بۇنداق مەسىلىلەرنى بىر خىل يول بىلەن ھەل قىلماقنىڭ قىيىنلىقىنى، ھەر بىر مەسىلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھەل قىلىش ئۇسۇلى بارلىقىنى ھېس قىلغانىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيەتتىن ئالغان تەجرىبىسى ئىدى.

بۇ دېلو ھەل بولدى، شۇنداقمۇ، نوكىستون خانىم؟ — دېدى ئۇ ئايالنىڭ سوئالىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — سىلەر ئۇنىڭ پۇل ئالغانلىقىنى كۆرگەن ...

مەيلى ئۇ ئايال ياكى دەۋاگەر بىلەن جاۋابكارنى بۇ يەرگە باشلاپ كىرگەن پىربىكازچىك ھامۇر خانىم بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى بالىنىڭ پۇل ئوغرىلىغانلىقىنى كۆرمىگەنىدى، بۇ داۋىسقا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇلار بالىنىڭ گېپىگە زىنھار

قولاق سالمايتتى. ئون سوم پۇلنى ئۇنداق يەرگە قويۇپ قويسا ھېلىغۇ بالىكەن، قارىغۇمۇ ئېلىپ كېتىدۇ - دە.

داۋىتنىڭ بۇ بالىغا ئامراقلىقى كېلىپ كەتتى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بالا جېنىنىڭ بارىچە ئۆزىنى چىڭ تۇتۇشقا تىرىشاتتى.

— راست، مەن ئۇنىڭ پۇل ئوغرىلىغانلىقىنى كۆرمىدىم، — دېدى مۇشۇنداق كېچىككىنە ئىش تۈپەيلىدىن بولۇۋاتقان تالاش - تارتىشلارغا ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن لوكستون خانىم ئالمان - تالمان كېپىنى تۈگرىلاپ، — مەن مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەن ئالىدىغان نەرسەمنى ئېلىپ بولۇپ، يەنە ... ھە ... ھە ... باشقا نەرسىلەرنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، ئون سوم پۇلنى پوكەيگە قويۇپ قويۇپ، باشقا پوكەيگە كەتتىم. كېيىن كېلىپ قارىسام، پۇل قويغان يېرىمدە يوق. شۇ چاغدا مۇنۇ بالا سىڭلىسى بىلەن يېنىمدا بار ئىدى. قارىسام ئون سوم پۇل ئۇنىڭ قولىدا تۇرىدۇ، — ئۇ ئۆرۈلۈپ بالىغا قارىدى، — مۇشۇ پۇل مېنىڭكىغۇ، شۇنداقمۇ؟

بالىنىڭ يۈز - كۆزىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلاتتى. ئۇ گەپ - سۆز قىلماي، ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا دېگەندەك بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

— پوكەيدىكى پۇلنى راست سەن ئالغانمۇ؟

بالا قورقۇمسىراپ تۇرۇپ بېشىنى يەنە لىڭشىتتى.

— نەچچىگە كىردىڭ؟ — داۋىت سورىدى.

بالا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئايالدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، رازۋېتچىكقا قارىدى - دە، ئاڭلانار - ئاڭلانماس قىلىپ:

— سەككىزگە، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى داۋىت ئاران ئاڭلىيالىدى.

داۋىت قەددىمىنى سەل رۇسلاپ، ئاكىسىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان قىزچاققا زەن قويۇپ قارىدى: سېرىق كۆڭلەك كىيىۋالغان ئالتۇندەك سېرىق چاچلىق بۇ قىزچاق بەئەينى بىر دەستە سېرىق ئەتىرگۈلگىلا ئوخشايتتى. ئۇ يوغان كۆك كۆزلىرىنى رازۋېتچىكقا تىكىپ جىم تۇراتتى.

— سىڭلىڭ نەچچىگە كىردى؟ — داۋىت بالىدىن سورىدى.

بالا سىڭلىسىغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ:

— ئۈچكە، — دېدى.

— بۇ پۇلنى نېمىشقا ئالدىڭ؟

بالا داۋىتقا يۈزمۇ يۈز قاراشقا پېتىنالماي، كونىراپ كەتكەن ئىش ئۈستىلىنىڭ بۇرجىكىگە قاراپ تۇرۇپ:

— ئۇقمايمەن ... — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۆينىڭ ئىچى تېخىمۇ ئىسسىپ كېتىپ، داۋىت تولىمۇ بىئارام بولماقتا ئىدى. داۋىتقا ھەقىقىي جىنايەتچى دەل مۇشۇ ئىسسىقتەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. بالىنىڭ نېمە سەۋەبتىن پوكەيدىكى پۇلنى ئالغانلىقىغا ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. بەلكى ماروژنى ياكى تورت ئېلىپ يېگىلى شۇنداق قىلغاندۇ. كۈن بۈنچىۋالا ئىسسىپ كەتمىگەن بولسا، بالا ئۇنداق قىلماس ئىدى...

— ماگىزىنغا نېمە قىلغىلى كىرگەنىدىڭ؟ — دەپ يەنە سورىدى داۋىت بالىدىن.

بالا يەنىلا كونىراپ كەتكەن ئۈستەلدىن كۆزىنى ئالماي، تەسلىكتە:

— ئويۇنچۇق كۆرگىلى، — دېدى.

— كىچىك پويىزنى ... — قىزچاق ئىنچىكە ئاۋازدا قوشۇمچە قىلدى.

داۋىت يەنە قەددىنى رۇسلاپ قىزچاقنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆكۈچ كۆزلىرىگە قاراپ: راست، بالىلار ئويۇنچۇققا ئامراق بولىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئاندىن بۇرۇلۇپ پىركازچىك ھامۇر خانىمغا قارىدى.

— بۇ ئىش يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال ئۇلار ماگىزىندا بارمىدى، ھامۇر خانىم؟

ئىسسىق ھامۇر خانىمنىمۇ خېلى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، چېكىسىدىكى كۆلرەڭ چاچلىرىدىن تەر قۇيۇلاتتى. يەنە كېلىپ ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك سېمىز ئايال ئىدى. ئۇ

تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن چېچىنى ئارقىسىغا تاراپ:

— ياق، دىققەت قىلماپتىمەن، داۋىن ئەپەندى، — دېدى.

— بۇ ئەھلونى ساقچى ئىدارىسىگە يوللاپ بەرسىڭىز بولغۇدەك، — دېدى نوكستون خانىم گەپكە ئارىلىشىپ، — شۇبھىسىزكى، بۇلار چوقۇم نامرات ئائىلىنىڭ بالىلىرى.

داۋىن ئىچىدە: «ساقچى ئىدارىسىگە بارسالا، تۈزۈك بار! سالقىن ئىشخانىلاردا ئولتۇرىدىغان ئادۋوكاتلارغا دەپ بىر تەرەپ قىلمۇال، مەن ئارىلاشمايمەن» دەپ قويدى.

تۇرقىدىن قارىغاندا ئۇ ئۇنداق قىلىدىغان بالىلارغا ئوخشاشمايتتى. بۇ ئىشنىڭ چوقۇم باشقا سەۋەبلىرى بار. بەزى پاكىتلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقى، بەزى پاكىتلار دېيىلمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇ ئارىدا ئۇ ھاممۇر خانىمنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ ئەھۋال ئۇنى بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى.

— ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە بارايلى، — دېدى ئۇ بىردىنلا.

بىرىنچى بولۇپ نوكستون خانىم، ئاندىن ھاممۇر خانىم ماڭدى. داۋىن بالىلارغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىۋىدى، بالىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىشخانىدىن چىقتى. ھەر قانداق ئەھۋالدا سىڭلىمنى قوغدىشىم كېرەك دەپ ئويلاۋاتقاندەك، ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتىۋالغانىدى.

ھاممۇر خانىم پوكىيىگە كەلگەندىن كېيىن باشقىچە روھلىنىپ كەتتى، تامدىكى شامالدۇرغۇچتىن كەلگەن سالقىن شامال ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلاتتى. ئۇدىستون ئەپەندى تازىمۇ نائىنساب ئادەم ئىكەن، ھاممۇر خانىمغا شامالدۇرغۇچ ئېلىپ بەرگەن يەردە ئاشۇ تىنچىق ئىشخانىغىمۇ بىرەر شامالدۇرغۇچنىڭ كېرەك ئىكەنلىكىنى نېمىشقا ئويلىمايدۇ.



— پۇلنى نەگە قويغانتىڭىز؟ — داۋىن نوكستون خانىمدىن ناھايىتى دوستانە تەلەپپۇزدا سورىدى. نوكستون خانىم بولسا داۋىننى بالىغا يان بېسىۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىپ، پۇل قويۇلغان يەرنى كۆرسىتىپ:

— مانا مۇشۇ يەرگە! — دەپ قوپال جاۋاب بەردى.

— مۇشۇ يەرگىمۇ؟

— ھەئە، شۇ يەرگە، — نوكستون خانىم خاپا ئىدى، — مۇشۇ يەرگە ... مانا ماۋۇ تەرەپكە ... ئىشقىلىپ پوكەيگە قويغان ...

ھاممۇر خانىم ئۇنىڭ پۇلنى مال تىزىدىغان لاش دەپتىرىنىڭ قېشىغا قويغانلىقىنى باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى.

داۋىن يانچۇقىدىن بىر تال كەمپۈت چىقىرىپ:

— كەمپۈتنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورىدى قىزچاقتىن.

قىزچاق كۆككۈچ كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئالامسىز؟ — داۋىن كەمپۈتنى نوكستون خانىم پۇل قويغان يەرگە قويۇپ، — قېنى ئېلىۋېلىڭا، — دېدى قىزچاققا.

قىزچاق قولىنى ھەر قانچە سوزۇپمۇ كەمپۈتنى ئالالمىدى، شۇنىڭ بىلەن داۋىن كەمپۈتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى.

— بولدى، سىز بىلەن تالاشمايمەن، — دېدى نوكستون خانىم ئەرۋاھى ئۇچۇپ، — بۇ مەسىلىگە قارىتا مېنىڭ كۆزقارىشىم پۈتۈنلەي باشقىچە. سىز بالىنى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتمىسىمۇ بولىدۇ دەمسىز؟ ياق، مەن بۇنىڭغا ھەرگىز ئۇنىمايمەن. ھەركىمنىڭ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇش ئەركىنلىكى بار. بولدى، مېنى دىرېكتورنىڭ بۆلۈمىگە باشلاپ كىرىڭ.

داۋېن ئۇنىڭغا سوغۇققىنا قاراپ قويۇپ، ئۇندىمەستىن، يېنىدىن قەغەز پۇلدىن بىرنى ئېلىپ پوكەيگە قويدى. شامالدۇرغۇچتىن چىققان شامالدا چاچلىرى تىنىمسىز يەلپۈنۈپ تۇرغان ھامۇر خانىم ئۇنى بىر نەرسە ئالسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى.

— خوش، نوكستون خانىم، — دېدى داۋېن تەمكىنلىك بىلەن، — ئېيتىڭچۇ، ئۇن سومنى پوكەيگە قويغاندىن كېيىن، يەنە نېمىلەرنى قىلدىڭىز؟

نوكستون خانىم زۇۋان سۈرمەي، ئالدىغا ئازراق ماڭغاندىن كېيىن توختىدى-دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ داۋېنغا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن مۇزغا ئوخشاش بىر خىل سۈرۈنلۈك چىقىپ تۇراتتى.

— سىزنىڭچە قانداق، ھامۇر خانىم؟ — دېدى داۋېن سىپايىلىك بىلەن.

داۋېننىڭ مەقسىتىنى بىر پەستىن كېيىن چۈشەنگەن ھامۇر خانىم، پوكەينى بويلاپ نوكستون خانىمنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— شۇ چاغدا مەن باشقا ياققا قاراپ تۇرغانىدىم، — دېدى جىددىيلەشكەن ھامۇر خانىم پاخپايغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ.

داۋېننىڭ ئۇلارنىڭ گېپى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ پوكەينىڭ ئۇ يېقىدىكى شامالدۇرغۇچتىن چىققان شامالنىڭ پوكەيدىكى پۇلنى ئاستا-ئاستا ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇراتتى. پۇل پوكەي لېۋىگە كېلىپ توختىغاندا، ئۇ نوكستون خانىمغا لەپپىدە قاراپ قويدى.

پوكەينىڭ لېۋىدە تۇرۇپ قالغان پۇلنى كۆرگەن نوكستون خانىمنىڭ بىردىنلا چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ گەپ قىلماقچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى شامال پۇلنى ئۇچۇرۇپ بالىنىڭ ئايىغىغا چۈشۈرۈۋەتكەنىدى. قىزچاق پۇلنى ئېلىپ ئاكىسىغا بەردى. بالا تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پۇلنى ئېلىپ داۋېنغا بەردى.

— دېمەك، پۇلنى سەن ئالمىدىڭ، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى داۋېن بالىدىن.

بالا بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىڭلىڭ ئېلىپ بەرگەن، شۇنداقمۇ؟

ئۇ بېشىنى يەنە لىڭشىتىپ كۆزىگە «لۆممىدە» ياش ئالدى.

— سىڭلىڭنىڭ پۇلنى نەدىن ئالغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟

بالا ئۇنىڭغا قاراپ «پاڭڭىدە» يىغلىۋەتتى.

داۋېن ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتكەندىن كېيىن، ئىككى قولى بىلەن مۈرىسىنى تۇتۇپ:

— نېمىشقا بۇ ئايالغا «مەن ئالدىم» دېيەن؟ — دەپ يەنە سورىدى.

بالا ئۇنىڭغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، بېشىنى ئېگىپ ياش دۇقى كۆزلىرى بىلەن سىڭلىسىنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرىگە قارىدى.

— ئۇ ... ئۇ ... مېنىڭ ئۇكام، — ئۇ بۇ گەپ بىلەن ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بولغانىدى.

داۋېن نوكستون خانىمغا قاراپ قويۇپ، كۆزىدىكى ياشنى ئاستا سۈرتۈۋەتتى. ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن نوكستون خانىممۇ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى...

(خەنزۇچە «دۇنيا بالىلىرى» ئايلىق مەجمۇئەنىڭ و - سانىدىن)

# سىرلىق تېلېفون

م. ئەكبەر (پاكىستان)

توختى ماخمۇت تەرجىمىسى

بىر كۈنى كەچتە، شىركەتنىڭ جىمگىلىسى ئاروپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى - دە، كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، گەپمۇ قىلماستىن ئولتۇرۇپ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز، قەدىرلىكىم؟ — دەپ سورىدى خوتۇنى.

— بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن بىر ناتونۇش ئادەمدىن تېلېفون كەلدى، — دېدى ئاروپ، — ئۇ مەندىن ئالاھىدە بىر ماتېرىيالنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ بەدىلىگە ماڭا ئون مىڭ رۇپىيە بەرمەكچى، مەن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم.

— دادا، ئۇ ئادەم ماتېرىيالنى نېمە قىلىدىكەن؟ — دەپ سورىدى ئون ياشلىق ئوغلى ناسىر.

— ئۇ ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال، — دېدى ئاروپ ئوغلىغا قاراپ، — ئۇ ئادەم بىز بىلەن رىقابەتچى شىركەتنىڭ خوجايىنى، ئۇ شۇ ماتېرىيالنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، بىزنىڭ شىركىتىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى.

— سىز ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭىز؟ — سورىدى ئاروپنىڭ خوتۇنى.

— ئۇنىڭغا بۇنداق ئىشنى قىلالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، لېكىن ئۇ ئويلىنىپ كۆرۈشۈمنى، يەنە تېلېفون بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئەگەر سىز ئۇ ماتېرىيالنى ئۇنىڭغا بەرسىڭىز، — دېدى ناسىر، — سەمىمىي بولمىغان، خوجايىنىڭىزغا سادىق بولمىغان بولۇپ قالىسىز. سىز دائىم بىزگە، سەمىمىي، راستچىل بولۇڭلار، دەپ ئۆگىتەتتىڭىزغۇ. دادا، مۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلماڭ، بولمىسا مەن سىزدىن رازى ئەمەس.

— ناسىر، — دېدى ئاپىسى ئۇنى سىلىكىپ، — داداڭنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ. ئۇ قانداق قىلىشنى ئۆزى بىلىدۇ.

تېلېفون جىرىڭلىدى. ئاروپ دەرھال بېرىپ تېلېفوننى ئالدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ يېنىپ كېلىپ:

— يەنە شۇ ئادەم. ئۇ ھازىرلا ماڭا يىگىرمە بەش مىڭ رۇپىيە بەرمەكچى بولدى، مەن رەت قىلدىم.

— ياخشى قىپسىز، دادا! — دېدى ناسىر چاۋاك چېلىپ.

ئەتىسى ناسىر تاپشۇرۇق ئىشلەۋېتىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھېلىقى سىرلىق ئادەم توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

— بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇ يەنە ئىشخانامغا تېلېفون بېرىپتۇ، — دېدى ئارۇپ، — ئۇ پۇلنى ئەللىك مىڭ رۇپىيىگە ئۆستۈرۈپ، ماتېرىيالنى ئۆزىگە بېرىشىمنى ئۆتۈندى. ماڭا بىر يالغان ماتېرىيال تەييارلاپ بېرىدىغانلىقىنى، شۇ ماتېرىيال بىلەن مېنىڭ تۇتۇلۇپ قالمايدىغانلىقىمنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى.

— سىز نېمىشقا قوبۇل قىلمىدىڭىز، — دېدى خوتۇنى ئەقىل كۆرسىتىپ، — بۇ ئاز پۇل ئەمەسكەن، يەنە كېلىپ سىزگە گەپ كەلمىگەندىن كېيىن نېمە بولاتتى.

— لېكىن مەن يەنىلا رەت قىلدىم، — دېدى ئارۇپ، — سەن ناسىرنىڭ ئاخشامقى گەپلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

ناسىر دادىسىنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا سادىق ۋە راستچىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېنىك بىر تىنىپ قويدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، چۈش كۆرۈۋاتقان ناسىر تېلېفون قوڭغۇرىقىنىڭ بىر پەس جىرىڭلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ تېلېفوننى ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، دادىسى چىقىپ قالدى. دادىسى تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولۇپ كىرىشىگە، خوتۇنى:

— كىمكەن؟ — دەپ سورىدى.

— يەنە شۇ ئادەم، — دېدى ئارۇپ، — ئۇ پۇلنى يۈز مىڭ رۇپىيىگە ئۆستۈردى ھەمدە ماڭا، ئۆزىنىڭ شىركىتىگە جىگلى قىلىپ، يۇقىرى مائاش بېرىشكە، ئوبدان شارائىت يارىتىپ بېرىشكە ۋەدە بەردى.

— ئارۇپ، ئەمدى قوبۇل قىلىڭ، بۇنداق ياخشى پۇرسەت قايتا كەلمەيدۇ. سىز ھازىرقى خوجايىنىڭىزغا شۇنچىلىك جان - پىدالىق، شۇنچىلىك ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلدىڭىز، لېكىن ئۇ سىزگە نېمە بەردى؟ بەرگىنى ئازغىنا مائاشقۇ؟

— بۇ دېگەنلىرىڭمۇ راست، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئارۇپ، — لېكىن سەن ئوغلىمىزنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئويلىنىپ باق. پۇل ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنى بەختلىك قىلالمايدۇ، سەمىمىيلىك ۋە ئەخلاق ئادەم ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم.

— ناسىر تېخى بالا، بۇنداق مۇھىم ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ، — دېدى ئاپىسى، — راستچىللىق، ساداقەت دېگەنلەر پەقەت كىتابىي گەپلەر، ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ نەرسىلەرنىڭ تۇرمۇش بىلەن قىلچىمۇ باغلىنىشلىقى يوق.

ناسىر ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلاپ تۇردى. دادىسى ئەمدىلا گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— ماڭا قاراڭ، دادا، سىز ماڭا خوجايىنىڭىزنى ئالدىماسلىققا ماقۇل بولغان ئىدىڭىزغۇ.

— ئۇخامغىس، بالام، مەن بۇ پۇلنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايمەن، بولدىمۇ؟

ناسىر خۇشال بولۇپ، كۆڭلى ئارام تاپقان ھالدا ئۇخلاپ قالدى.

— ناسىر، ئورنۇڭدىن تۇر ئوغلۇم! — ئاپىسى ئۇنى تۈۋلاپ ئويغاتتى.

— ھېلىقى ئادەم بۈگۈن ئەتىگەندە يەنە تېلېفون بېرىپ، ماڭا بىر مىليون رۇپىيە بېرىدىغانلىقىنى، مېنى ئۆز شىركىتىنىڭ جىگلىسى قىلىپ تەيىنلەيدىغانلىقىنى، بىرلا شەرت، بۈگۈن چۈشكىچە ھېلىقى ماتېرىيالنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشۇمنى، بولمىسا مېنى تۇتۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، — دېدى دادىسى ناسىرغا.

— دادا، سىز نېمىشقا ساقچىغا مەلۇم قىلمايسىز؟

— ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئوغلۇم، — دېدى ئاپىسى، — ئۇ ئادەم داداڭغا، ئەگەر ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغان بولساڭ، ئائىلەڭ

دىكى ھەممىڭىنىڭ جېنىنى ئالىمەن، دەپ تەھدىت سالىپتۇ.

— دادا، مەن سىزنىڭ ئۇنى يەنە بىر قېتىم رەت قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— مەن ئۇنى رەت قىلىمەن، ئوغلۇم، — دېدى دادىسى، — ئۇنىڭغا ئويلىنىپ بېقىشىم ئۈچۈن يەنە ئازراق ۋاقىت بېرىشنى ئېيتتىم.

— ھەي دادا، سىز ئۇنى قورقماي رەت قىلىۋېرىڭ، مېنى ھېچكىم تۇتۇپ كېتەلمەيدۇ، مەن ھازىر كىچىك بالا ئەمەس، ئۆزۈمنى قوغدىغۇچىلىكىم بار.

دەل شۇ چاغدا، تېلېفون يەنە جىرىڭلاپ قالدى. ئاروپ دەرھال بېرىپ تېلېفوننى ئالدى ۋە:

— ياق، قوبۇل قىلالمايمەن، قېنى سەن ئوغلۇمنى تۇتۇپ كېتىپ باقمامسەنچۇ، — دېدى-دە، تېلېفوننى جاققىدە قويۇپ قويدى.

— يارايسىز، دادا، — دېدى ناسىر خۇشال بولۇپ.

شۇ كۈنى ئاروپ شىركەتكە كېتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ:

— ناسىر قايتىپ كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تېخى كەلمىدى، — دېدى خوتۇنى تىت-تىت بولۇپ، — بولمىسا كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. سىزمۇ شۇ ئىش ئۇقماس كىچىك بالىنىڭ ھاماقەتلەرچە كۆرسەتكەن ئەقلىنى قوبۇل قىلدىڭىز. ئەگەر ئۇ بىرەر پالاكەتكە ئۇچرىسا سىز بىلەن شۇ چاغدا ھېسابلىشىمەن، — خوتۇنى يىغلاشقا باشلىدى.

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال، سۆيۈملۈكۈم، ئۇ ئەبلەخ ئوغلىمىزنى تۇتۇپ كېتەلمەيدۇ، تۇتۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، مەن ساقچى ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

ئۇ تېلېفوننى ئەمدىلا قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، بىر پىكاپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— ئوغلىمىز قايتىپ كەپتۇ! — دېدى خوتۇنى خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ، — باشلىقىڭىز ماشىنىسىدا ئېلىپ كەپتۇ.

ئاروپ تېلېفوننى قويدى-دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— ئوغلىڭىزنى بىر سائەت ئىلگىرى مەن تۇتۇپ كەتكەنىدىم، — دېدى خوجايىن تىنچلىق-ئامانلىق سوراشنىڭ ئورنىغا.

— بۇ زادى نېمە ئىش، ئەپەندىم، — دېدى ئاروپ باشلىقىنى مېھمانخانىسىغا باشلىغاچ.

— سىرلىق تېلېفون بەرگەن ئادەم مېنىڭ خىزمەتكارىم بولىدۇ، — دېدى خوجايىن، — مەن سىزنىڭ ساداقىتىڭىزنى سىناپ باقماقچىدىم. مەن ساداقەتمەن پايچىكتىن بىرنى تېپىپ، شىركىتىمنى شۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، چەت ئەلگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالماقچى. شىركەتنىڭ جىگىلىمىقىغا دەل شۇ پايچىكنىڭ مۇۋاپىق نامزات بولۇپ چىققانلىقىدىن تولىمۇ خۇشالمەن.

ناسىرنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى. خوجايىن كەتكەندىن كېيىن، دادىسى ھاياجانلانغان ھالدا ئوغلىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— سەن ئائىلىمىزنى ۋەيران بولۇشتىن ساقلاپ قالدىڭ. بىز سېنىڭدەك ئوغلىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن ئۆزىمىزنى دۇنيادا ئەڭ پەخىرلىك، ئەڭ بەختلىك ھېسابلايمىز.

(خەنزۇچە «دۇنيا كۆرگەزمىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 8 - سانىدىن)

# فىركىس قايتىپ كەلدى

ئەيلىس گىستانا (گېرمانىيە)

پولات ئامانيار تەرجىمىسى

1921 - يىلى، روژدېستۋو بايرىمىنىڭ هارپا كۈنى. سائەت ئالتىلەر ئەتراپىدا پولىس ئائىلىسىدىكىلەر بايراملىق سوۋغاتلىرىنى بىر - بىرىگە هەدىيە قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، فىركىسنىڭ دادىسى پولىس ئورۇندۇققا چىقىپ، هۆل قوللىرى بىلەن نورۇز ئارچىسىدىكى شامالارنى ئۆچۈرۈشكە باشلىدى. ئاپىسى ئاشخانىدا ئالدىراش ئىدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ تاماقنى ئېلىپ كىرىپ:

— قىزىمىز پىشىپ قالدى! — دېدى.
ئېرى ئورۇندۇقتىن ئاستا چۈشۈپ، خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىپ كەتتى ۋە:

— ئۇۋۇتمىغان قىچا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. خوتۇنى جاۋاب بېرىشىنىڭ ئورنىغا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئۇۋاق قىچا سالىدىغان قۇتىنى ئالدى - دە:
— فىركىس، قىزا پىشىپ قالدى، ئىتتىك بېرىپ قىچا ئەكەلگىن! — دېدى.

فىركىس چىراغ تۈۋىدە بىر فوتو ئاپپاراتنى ئويناپ ئولتۇراتتى. دادىسى ئون بەش ياشقا كىرگەن ئوغلىنىڭ دۈمبىسىگە يېنىككىنە ئۇرۇپ قويۇپ:
— ئويۇننى كېيىن ئوينىۋالغىن، ماڭ، تېز بېرىپ ئۇۋاق قىچا ئېلىپ كەل! ئاچقۇچنى ئېلىۋال، يېنىپ كەلگىنىڭدە قوڭغۇراقنى بېسىپ بىزنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمە، — دېدى.

فىركىس قۇتا بىلەن پۇل هەم ئاچقۇچنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

فىركىس نۇرغۇن دۇكانلارنى ئارىلىدى.

ئۇ باشقا خىياللارغا بېرىلىپ كېتىپ ئۇۋاق قىچا بىلەن قىزنىڭ ئىسمىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان، قۇتىمۇ نەدىدۇر، يوقالغانىدى. دۇكاندارلار دېرىزىلەرنىڭ قاپقاقلىرىنى تاراقلىتىپ ياپقاندىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ شەهەر كوچىسىدا بىر سائەتچە يۈرۈپ كەتكىنىنى سەزدى. بۇ چاققىچە قىزا پىشىپ تېشىلىپمۇ كەتكەندۇ. فىركىس قورقۇپ ئۆيگە قايتىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ تېخى بىر چىمدىممۇ قىچا ئالالمىغانىدى، قۇرۇق قول بارسا چوقۇم كاچات يەيتتى. بۈگۈنكىدەك خۇشاللىق كۈندە تەستەك يېسە، بۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ - دە!

پولىس ئەر - خوتۇن ئىككىسى قىچا سېپىلمىگەن قىزىنى يەۋېتىپ تازىمۇ تېرىكتى. سائەت سەككىز بولغاندا، ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى، سائەت توققۇز بولغاندا فىركىسنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ سۈرۈشتۈردى، ساقچىغىمۇ مەلۇم قىلىشتى، ئۇدا

ئۈچ كۈن كۈتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئىز -
دېرىكى بولمىدى. شۇ تەرىقىدە ئۇلار ئۇنى
يەنە ئۈچ يىل كۈتتى، يەنىلا ھېچقانداق
خەۋەر بولمىدى. ئۇلار ۋاقىت ئۇزارغانسېرى
ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، قاتتىق ھەسرەت
ئىچىدە قالدى ...

شۇنىڭدىن باشلاپ، روزدېستۋو بايرىمى-
نىڭ ھارپا كۈنى، ئەر - خوتۇن ئىككىسى-
نىڭ قارىلىق تۇتىدىغان كۈنى بولۇپ قالدى.
ھەر يىلى ھارپا كۈنىدە، ئۇلار نورۇز ئار-
چىسىنىڭ يېنىدا ھېلىقى كىچىك
فوتو ئاپپاراتىغا ۋە ئوغلىنىڭ كۆك كاستۇم،
قارا شىلەپە كىيىپ چۈشكەن سۈرىتىگە قاراپ
ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇلار ئوغلىنى تولىمۇ ياخشى
كۆرەتتى، بەزىدە دادىسى ئۇنى ئازراق
دۈشكەلەپ قويغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا،
تاك ئېتىپ چەكمەيتتى. ئۇلار ئەمدى
قېزىنى قىچا ئارىلاشتۇرماي يەيدىغان بولدى.
بالىنىڭ پىراقىدا ئۇلارنىڭ ئاغزىغا تاماق
تېتىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئىككىسى يانمۇ يان ئولتۇرۇپ، كۆيۈ-
ۋاتقان شامغا قارىغىنىچە يىغلىشىپ كېتەتتى،
كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار
نورۇز ئارچىسىدا يالتىراپ تۇرغان شارچىلارغا
ئوخشىشىپ كېتەتتى؛ ھەر يىلى شۇ چاغدا دا-
دىسى: «بۇ قېتىم قېزا بۆلەكچىلا ئوخشاپتۇ»،
دەپ قوياتتى، ئاپىسى بولسا: «ئاشخانىغا چىقىپ
فىركىسقا ئېلىپ قويغان قېزىنىمۇ سىزگە
ئەكىرىپ بېرەي، ئەمدى ئۇنى يەنە كۈتۈ-
ۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى» دەيتتى.

ئاخىر فىركىس قايتىپ كەلدى.

بۇ، 1926 - يىلى روزدېستۋو بايرىمى-
نىڭ ھارپا كۈنى ئىدى. سائەت ئالتىدىن
ئاشقاندا، ئاپىسى پىشقان قېزىنى ئەكىردى،
دەل شۇ چاغدا دادىسى:

— سەن ھېچنېمە ئاڭلىمىدىڭمۇ؟
ئىشىك ئېچىلغاندەك قىلمىدىمۇ؟ — دېدى.
ئۇلار جىم ئولتۇرۇپ، ئىشىك تەرەپكە قۇلاق
سالغاچ تاماق يېيىشكە باشلىدى. كىمدۇ
بىرى ئۆيگە كىردى، ئۇلار ئۆرۈلۈپ قاراشقا
جۈرئەت قىلالمىدى. بىرى تىترەك ئاۋازدا:

— دادا، ئۇۋاق قىچا ئەكەلدىم! —
دېدى. ئارقىدىنلا ئۇۋاق قىچا توشقۇزۇلغان
بىر قۇتا ئۈستەلگە قويۇلدى ...

ئاپىسى قوللىرىنى جۈپلەپ، بېشىنى
ئاستا تۆۋەن سالدى. دادىسى ئۈستەلگە
تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ كۆز چا-
ناقلىرى ياشقا تولغان بولسىمۇ، كۈلۈمسى-
رىگىنىچە ئوغلىنى بوش بىر شاپىلاق ئۇرۇپ قويۇپ:

— شۇنچىمۇ ئۇزۇن يوقاپ كەتكەن
بارمۇ! ھۇ تەنتەك، ماڭ، جايىڭغا بېرىپ
ئولتۇر! ... — دېدى.

(خەنزۇچە «كىتابخانىلار ئۈچۈن تەرجىمىلەر» ژۇر-
نىلىنىڭ 1984 - يىل 9 - سانىدىن)

(بېشى 147 - بەتتە)

دۇكان ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. شۇ
ئارىدا چىركاۋ قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى. يېڭى يىل كىرىش ئالدىدا تۇراتتى.

— سىز نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭىز؟ —
سورىدى قىز فەتتىمى تەلەپپۇزدا.

پېتىر تۈگۈنچەكنى ئۇنىڭ قولىغا
تۇتقۇزۇپ قويدى.

— روزدېستۋو بايرىمىدا سوۋغا تەقدىم
قىلمىدىغان ئادىمىم يوق بولغاچقا شۇنداق
قىلدىم، — دېدى پېتىر، — يېڭى يىلمۇ
كىردى، سىزنى ئۆيىڭىزگىچە ئاپىرىپ قويۇ-
شۇمغا رۇخسەت قىلامسىز؟ ئۆيىڭىزنىڭ ئال-
دىغا بارغاندا روزدېستۋو بايرىمىڭىزنى شاد-
خۇرام ئۆتكۈزۈشىڭىزگە تىلەكداشلىقىمنى
بىلدۈرىمەن.

شۇنداق قىلىپ، پېتىر لىچارىس بىلەن
بۇ ناتونۇش قىز قوڭغۇراق ساداسى ئىچىدە
دۇكاندىن چىقىپ، بەخت ۋە ئارزۇ - ئۈ-
مىدكە تولغان روزدېستۋو بايرىمى قوينىغا
كىرىپ كەتتى.

(خەنزۇچە «ھازىرقى زامان ھېكايىلىرى» ژۇرنى-
لىنىڭ 1986 - يىل 9 - سانىدىن)

# كۆز

ك. ت. مۇھەممەت (ھىندىستان)

مۇھەممەتجان ساۋۇت تەرجىمىسى.

كۆزى كۆرىدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى كۆرسە كۈلمەي قالمايتتى، ھەتتا بەزىلىرى ئۈچىيى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلەتتى. ئۇلار تېخى مەن توغرۇلۇق بىر مۇنچە كۈلكىلىك ھېكايىلەرنىمۇ ئوقۇپ چىقىشتى.

مېنىڭ بويۇم تولىمۇ پاكار، تېرەم كۆمۈردەك قارا، بەش ئەزايىم بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. قاپاقتەك يوغان بېشىم، بىر قىسىملا ئۆسكەن بەدىنىم، ئورىدەك چوڭقۇر بىر جۈپ كۆزۈم، ئەگمەچ بۇرنۇم، پاقىنىڭ ئاغزىغا ئوخشىشىدىغان ئاغزىم، سوقا بېشىمنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئارتۇقچە يوغان سالپاڭ قۇلاقلىرىم، ئون ئىككى ياش چېغىمدا چىققان چېچەكتىن قالغان يۈزۈمدىكى چوڭ-كىچىك ئويمانلار، قۇچاقتىكى چاغدا ناكا بولۇپ قالغان ئوڭ پۇتۇم مېنى ھەددىدىن ئارتۇق سەت كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەمما ھەر بىرىڭلارغا ئوخشاش خۇدايىم ماڭىمۇ گۈزەللىكنى ياخشى كۆرۈشنى ئاتا قىلغانىكەن. مەن گۈزەللىكنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. سىلەر بۇنى مېنىڭ كەچۈرگۈسىز جىنايىتىم دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن. مەنمۇ مۇھەببەتكە، بىرەرىنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىگە تەقەززا ئىدىم. بۇنى سىلەر ئەقلىڭگە سىغمايدىغان ئىش دەپ ئويلامسىلەر؟ سىلەرگە ئېيتسام، بىر قىز مېنىڭ ھەر قانداق ئادەم كۆرسە كۆڭلى ئاينىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان تەقى-تۇرقۇمغا قارىماي مېنى ياخشى كۆردى ۋە ماڭا ياتلىق بولدى.

ئۇ قىز تىلەمچى بولۇپ، ئىسمى لىرا. ئۆزى قارىغۇ ئىدى. قېرى ئانىسى بىلەن شەھەردىكى بىر چوڭ زاۋۇتنىڭ يېنىدىكى ۋەيرانە بىر ئۆيدە تۇراتتى.

لىرا مېنىڭ يېنىمغا دائىم كېلەتتى. كېيىنچە بۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالدى. بىزنىڭ قىلىشمايدىغان گېپىمىز يوق ئىدى. بۇنداق چاغلاردا مەن تۇرمۇشتىكى ئېغىرچىلىقلار بىلەن قايغۇلىرىمنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. ھايات مېنى ئۈمىدكە باشلىماقتا ئىدى. «لىرانىڭ كۆزى ئوچۇق بولىدىغان بولسا، ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇلۇپ قانداق بىر قىز بولاتتى-ھە؟» مەن بۇ ئويۇمنىڭ تولىمۇ ئەخمىقانە ئوي ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم. ئەگەر لىرانىڭ كۆزى كۆرەلەيدىغان بولسا، تىلەمچىلىك قىلمىغان، تىلەمچىلىك قىلغان تەقدىردىمۇ، مەن بەرگەن سەدىقىدىن باشقا ھەر قانداق نەرسىمنى قوبۇل قىلمىغان، كۆزلىرى مېنى ئىزدەشكە، مەن بىلەن ھەر كۈنى سىرىدىشىشقا يول قويمىغان بولاتتى.

بىر كۈنى مەن لىرادىن:

— لىرا، دەپ باقە، مەن قانداق؟ — دەپ سورىدىم. ئۇنىڭ ئىزا تارتىش ئارلاش كۈلگەن. كۈلكىسى مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدى.

— لىرا، مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ سورىدىم مەن يەنە. ئۇ ئۇيۇلۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى ۋە بىر ئېغىزمۇ تىنمىدى. مەن ھاياتىمنىڭ پۈتكۈل سېھىر كۈچىنىڭ ئۇنىڭ شۇ قىياپىتىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

بىر دەمدىن كېيىن لىرا كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمى بۇ ئالەمدە مەن ئەڭ سۆيۈنۈپ ئاتايدىغان ئىسىمغا ئايلاندى. مېنىڭمۇ ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىدىغان ئادىمىم بار بولدى. بۇندىن بۇرۇن ماڭا زىمىستان قىشتەك تۇيۇلغان ھايات ئەمدى شۇنچىلىك ئىللىق ۋە شېرىن تۇيۇلىدىغان بولدى. بۇ ماڭا كەلگەن تەلەي ئەمەسمۇ؟ لىرا ئەتىسى يەنە كەلدى.

— لىرا، ماڭا تېگىشنى خالامسەن؟— دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن. بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ئۇ چۆچۈپ كەتتى.

— خالايمەن، — دەپ ئارانلا جاۋاب بەردى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن، — مەن ئۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مېنى مازاق قىلىپ دېيىشكەن گېپىنى ئاڭلىدىم. يولدا كېتىۋاتسام ئۇلار: ئەنە، مايمۇننىڭ مەشۇقى كېلىۋاتىدۇ، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە سىز ناھايىتى سەت ئىكەنسىز.

— سەن قانداق ئويلايسەن، لىرا؟

— مەن ئۇلار ئېيتقان گۈزەللىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايمەن، مايمۇننىمۇ كۆرۈپ باقمىغان. ئۇلار نېمە دېيىشسە دېيىشسۇن، مېنىڭ كارىم يوق. ئۇلار سىزنى دۇنيادا ئەڭ گۈزەل يىگىت دېگەن تەقدىردىمۇ، مەن ھېچقانچە يېڭىلىق ھېس قىلمايمەن، چۈنكى مەن قەلبىم ئارقىلىق دۇنيانى كۆرىدىغان، قەلبىم ئارقىلىق گۈزەللىك ۋە سەتلىكنى پەرق ئېتىدىغان ئادەم. ئەگەر بۇ ئىشقا سىزنىڭ پىكرىڭىز بولمىسا، مېنىڭمۇ يوق. مەن بۇرۇن، دۇنيادا مېنى ھېچكىم ھەقىقىي ھەم چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئەمما...

— ئەمما دەيسەنغۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئەنسىرىگەن ھالدا.

— ئەمما مەن كۆزۈم كۆرمىسىمۇ مۇھەببەتكە موھتاج.

ئۇزۇن ئۆتمەي بىز توي قىلدۇق.

كېيىن لىرا ھامىلدار بولدى. بۇنىڭ بىلەن ماڭا ئۆمرۈمدە بولۇپ باقمىغان خۇشاللىق نېسىپ بولدى، مەن ئۆي - ئوچاقلىق بولدۇم، پات ئارىدا يەنە بىر بالىنىڭ ئاتىسىمۇ بولىمەن!

بوشىنىشقا ئىككى ئاي قالغاندا لىرا ئاغرىپ قالدى.

— كېسەلى ئانچە ئېغىر ئەمەس، جەزمەن داۋالاپ ساقايتىمەن، — دېدى مەن چاقىرىپ كەلگەن دوختۇر. بىر دەمدىن كېيىن، ئۇ مەندىن يەنە، — ئۇ تۇغما قارىغۇما؟ — دەپ سوراپ قالدى.

مەن «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردىم. دوختۇر ئۇنىڭ كۆزىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، سەل ئويلانغان ھالدا:

— مەن ئۇنىڭ كۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرەلەيدىغان قىلالايمەن. لېكىن ھازىر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇ بوشىنىپ بولۇپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن قىلىشقا بولىدۇ، — دېدى.

دوختۇرنىڭ بۇ سۆزى يۈرىكىمنى ئۆرتەپ، مېنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. لىرانىڭ كۆزى كۆرەلەيدىغان بولسا، مېنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرەرمۇ؟ قەدىرلەرمۇ؟ دوختۇرغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىم كېرەك؟ ەياق، ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىشنىڭ زۆرۈر-

مېنى يوق!» دەپ ۋارقىراپ تاشلىغۇم كەلمىمۇ، لېكىن لىراغا: «دوختۇر كۆزۈڭنى ساقايتقىلى بولىدۇ، دەيدۇ» دېدىم.

مەن ئۇنىڭغا دەپ بولغان بۇ گەپنى توختىماي تەكرارلايتتىم. ئۇنىڭغا نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولار؟ ئۇنىڭ كۆزى كۆرەلەيدىغان بولۇپ قالسا، مېنىڭ ھايات يىلتىزىم قىرقىلىشى مۇمكىن.

— ئەگەر كۆزۈم كۆرەلەيدىغان بولۇپ قالسا، ئاھ، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟ شۇ چاغدا سىزمۇ خۇشال بولامسىز؟ سىزنى كۆرەلەيدىغان بولسام، سىزنىڭ مېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، — دېدى لىرا.

ئۇنىڭ يۈزىدە ئۈمىد نۇرلىرى پارلاپ كەتتى.

لىرا ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى، ئەمما مەن قاتتىق دىشۋارچىلىق ئىچىدە قالدىم. ھەر خىل ئويلار كاللامدا كەسكىن ئېلىشماقتا: «ياق. سىز لىرانىڭ كۆزىنى ھەرگىز ئاچماڭ! ھەي دوختۇر، سىز نېمىشقا مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا بەختسىزلىكنى باشلاپ كەلمەكچى بولىسىز؟ ياق، بۇ ئىشتا سىزدىن ئاغرىنىشقا بولمايدۇ. سىز لىرانىڭ كۆزىنى كۆرەلەيدىغان قىلىشىڭىز كېرەك. لىرامۇ كۈننىڭ نۇرىنى كۆرسۇن. ئاھ، خۇدا، ئۇنىڭغىمۇ ھەممە كىشىدە بار نەرسىنى ئاتا قىلغايسەن. بىراق، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلسا، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم بىلەن ئۇنىڭ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ھېس قىلغان تۇيغۇلىرى ئۇزاق داۋاملىشارمۇ؟ ياق! ياق! مەن جەزمەن لىرانىڭ كۆزى كۆرۈشتىن ئىلگىرى — ئۆزى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان مايمۇننىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن ئىلگىرى — تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشىم كېرەك. شۇندىلا مەن لىرانىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ساقلىنالايمەن. ئاھ! يۈرىكىمدىن كۆتۈرۈلگەن نىدا پەلەككە يەتمەكتە!

لىرا ئوغۇل تۇغدى. ئوغلۇمنىڭ كۆزى مېنىڭ كۆزۈمگە، يۈزىنىڭ كېپىتى لىرانىڭكىگە ئوخشاشقانىدى. لىرانىڭ سالامەتلىكى بارا - بارا ئەسلىگە كەلدى. بىر كۈنى ئۇ مېنىڭ شەخسىيەتچى كۆڭلۈمدە بېسىلىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئىشنى تىلغا ئېلىپ قالدى.

— بىز ھازىرلا دوختۇرغا بارايلىچۇ، — دېدى ئۇ.

ئۇ بۇ گېپىنىڭ مېنىڭ قەلبىمدە قانچىلىك زور داۋالغۇ پەيدا قىلغانلىقىنى ئۇقمايتتى.

— ھە راست، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بۈگۈنلا ئۇنىڭ قېشىغا باراي، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا يالغان ئېيتىپ.

مەن گويا دېڭىز - ئوكيانلاردا دولقۇنلار زەربىسىدە قالغان قېيىقتەك بولۇپ قالدىم. مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. بىر قانچە سائەتتىن كېيىن قايتىپ كىرىپ، لىراغا:

— ئۇ دوختۇر ئۆلۈپ كېتىپتۇ، — دېدىم. ئەسلىدە مەن ئۇنداق گەپنى دېيەلمەسلىكىم مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئاخىر دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. مەن قايغۇرۇش، ئەپسۇسلىنىشنى چىرايىمدا ئىپادىلىيەلمىدىم. ئەسلىدە خوتۇنۇمنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتماقچى بولغان دوختۇرنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن قايغۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. ئەمدى ماڭا ئازابلىق قەلبىمدە بۇ ئېچىنىشلىق سىرنى ساقلىماقتىن باشقا ئامال قالمىدى. بۇ ئادەم چىداپ بولمايدىغان ئېغىر يۈك ئىدى. مېنىڭ ئۆز خاتىرجەملىكىم ئۈچۈن قىلغان ھەر بىر ئىشىم، ئەكسىچە مېنىڭ كۆڭۈل تىنچلىقىمنى بۇزۇپ كېلىۋاتاتتى.

بۇ ئېغىر كۈنلەر مىنۇتلاپ، سائەتلەپ ئۆتمەكتە.

بىر كۈنى مەن سىرتتىن قايتىپ كىرىپ يۈرەكنى ئېزىدىغان بىر ئەھۋالنى كۆردۈم:

لىرانىڭ ئانىسى بىر مىس چىلاپچىنى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويغانىكەن. لىرا بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ بۆشۈككە يېقىنلاشماقچى بولغاندا، قولىدا ھاسا بولمىغاچقا چىلاپچىغا پۇتلىشىپ كېتىپ ئىشكىنىڭ يان ياغىچىغا ئۇسسۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ يارىسىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. مەن ئۇنى تېزلا دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردىم.

لىرا مېنىڭ ھاياتىم، مېنىڭ جېنىم ئىدى. مەن لىرانىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىدىم. ئۇ ئاغرىق ئازابىدا ئىڭراپ ياتاتتى. مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلدىم.

— سىز بۇ يەردە ئىكەنسىز. مەن سىزدىن ئايرىلمىدىغان بولدۇم. سىزنى بىر كۆرۈۋالغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى، — دېدى ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ.

لىرانىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسى مەن ئۈچۈن بەرداشلىق بېرىشنىڭ كۈچلۈك بىر سىنىقى ئىدى. ئۇ ھازىرغىچە ئۇ دوختۇرنىڭ ئۆلۈمىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ ماڭا بۇ توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— لىرا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — سىز ئۆز كۆزلىرىڭ بىلەن مېنى كۆرسەڭمۇ، ھېچقانچە يېڭىلىق ھېس قىلمايسەن. سەن ساپ قەلبىڭ ئارقىلىق مېنى كۆرگەن ئەمەسمۇ. مېنى بۇ دۇنيادا ھەقىقىي كۆرۈپ يەتكەن ئادەم پەقەت سەنلا. ئادەملەر بىرىنى يالغۇز كۆز بىلەنلا كۆرمەيدۇ. خاتىرجەم بول، جېنىم، پات ئارىدا ساقىيىپ كېتىسەن.

لىرا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بىر ھازاغىچە جىمىپ كەتتى. قۇياش ئاستا - ئاستا غەربكە سۈرۈلمەكتە ئىدى. لىرا يىغلاپ كەتتى، مەن قاتتىق ئازابلاندىم. يۈرىكىمدىكى ھېلىقى قورقۇنچلۇق سىر ھەدەپ سىرتقا تېپەتتى. مەن لىرانىڭ يېنىدا يەنە تۇرۇۋېرىشكە پەقەتلا چىدىمىدىم.

لىرانىڭ پاك روھى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى قىلغىنىمنى ئۇقمايمەن. سوقۇۋاتقان بىر يۈرەك سوقۇشتىن توختىدى، يەنە بىرى خاراب بولماقتا ئىدى.

(خەنزۇچە «ياشلار ئۈچۈن تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 9 - سانىدىن)

## مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدىكى رەسىمنىڭ چۈشەندۈرۈشى

فرانسىيىلىك مەشھۇر رەسسام سانتەر 1658 - يىلى سېنايى ئوخازدا تۇغۇلغان. ئۇ پورترېت سىزىش بىلەن داڭ چىقارغان، دىنىي رەسىملەرگە ئىشق - مۇھەببەت تۈسىنى بېرىش بىلەنمۇ نام قازانغان. ئۇنىڭ يەنە «مارى — ئادېلايد — دې — ساۋۋانىڭ سۈرىتى»، «گېرتسوگ بۇرگاۋنى خانىمىنىڭ سۈرىتى» قاتارلىق ۋەكىللىك رەسىملىرى بار. ئۇ 1717 - يىلى 21 - نويابىر كۈنى پارىژدا ۋاپات بولغان.

«سىزاننىڭ يۇيۇنۇشى» ناملىق رەسىمنىڭ ۋەقەلىكى ئىنجىلدىكى قىسسىلەردىن ئېلىنغان. بۇ ۋەقە يەھۇدىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بابىلدا يۈز بەرگەن. بىر كۈنى باي يەھۇدىي يۇئايىمنىڭ ئايالى سىزان قورۇدا يۇيۇنۇۋاتقاندا، ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئىككى ئاقساقال دەرەخ كەينىگە مۆكۈۋېلىپ، دەدەك قىز كېتىشى بىلەنلا سىزاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى باش ئەگدۈرمەكچى بولىدۇ. سىزاننىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئۇ ئىككى قېرى مەقسىتىگە يېتەلمەي قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سىزان پاك ئاياللارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ.

سانتەرنىڭ بۇ رەسىمدە ئىنجىلدىكى بىر ۋەقە تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، رەسىم بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ھېكايە خاراكتېرىنى يوقاتقان. رەسسام ئاساسلىقى باشقا مەنزىرىلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ ئادەم بەدىنىنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىگەن.



# ئالدانغان يىگىت

شېگداۋ جېلالى (ياپونىيە)

قابىل ئەزىم تەرجىمىسى

ئوتتۇز بەش ياشقا كىرىپ قالغان نىگەلەي شىپېيەن بەش يىل ئىلگىرى ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئارقىدىنلا ياش يازغۇچىلار ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ياپونىيىدە خېلى نامى چىققان ياش يازغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ياش يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ نام - ئابرويى بىلەن نۇرغۇن قىزلارنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىكىدەك چىرايلىق بىر جورا تېپىش تەس ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقا ئانچە ئالدىرىمۇ كەتمىدى.

تېخى توي قىلمىغان يىگىت بولغاچقىمىكىن، ئۇنىڭ نامىغا قىزىقىپ قالغان قىزلارنىڭ خەتلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە قاردەك يېغىشقا باشلىدى. تاڭچۈەن يىگزى شۇنداق قىزلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ كۈندە دېگۈدەك بىر پارچە خەت كېلىپ تۇراتتى. ئۇ خەتلىرىدە يىگىتنىڭ يازغان ئەسەرلىرى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ ئاچمايتتى، پەقەت يىگىت بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشۈشنىلا تەلەپ قىلاتتى. قىزنىڭ بۇ بولمىغۇر خېتىدىن يىگىت ھەقىقەتەن بىزار بولغانىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي قىزدىن كېلىپ تۇرىدىغان خەت تېلېفونغا ئۆزگەردى. قىز تېلېفوندا يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشۈشكە تەشنا ئىكەنلىكىنى، خاتىرىسىگە ئىمزا قويۇپ بەرسىلا قانائەتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇنىڭ مىسكىن يالۋۇرۇشلىرى كىشىنى تولىمۇ ئازابلايتتى.

خەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىسا، قىز ناھايىتى ياش، قانداقتۇر بىر شىركەت جىگلىمىسىنىڭ كاتىپىدەك، تېلېفوندىكى ئاۋازىدىن قارىسا، ئولتۇرۇپ قالغان قېرى قىزدەك قىلاتتى. يىگىت قىزنىڭ تەلىپىنى ئورۇندايمەن دېسە، ئۇ ئەۋەتىپ بەرگەن كىتابچىغا ئىمزا قويۇپ ئەۋەتىپ بەرسىلا بولاتتى. يىگىت ئاخىر قىزنىڭ تەلىپىگە ئامالسىز ماقۇل بولدى.

ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن، قىز يىگىتنىڭ يازغان بىر ئەسىرىنى ئەۋەتىپ بەردى، يىگىت كىتابنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. كىتابنىڭ ئىچىگە «ئەپەندىم، كىتابقا ئىمزايىڭىزنى قويۇپ، ئېغىر كۆرمەي ئۆز قولىڭىز بىلەن ماڭا ئەكېلىپ بەرسىڭىز ئىكەن، ھەر-

گىز پوچتىدىن ئەۋەتىپ يۈرمەڭ. مېنىڭ مەقسىتىم كىتابقا ئىمزا قويدۇرۇش ئەمەس، سىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈش. دادام دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن، سىز مېنىڭ بىردىنبىر مەنىۋى يۆلەنچۈكۈم بولۇپ قالدىڭىز. سىزنى كۆرەلمىسەم، مەن ئۈچۈن ھاياتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ، ھەتتا ھازىرلا بۇ دۇنيادىن خوشلىشىشقا تەييارمەن. ئەگەر سىز كىتابنى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئەكىلىپ بەرمىسىڭىز مەن چوقۇم ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ بۇ كىچىككىنە ئاجىز كۆڭلۈمنى يەردە قويمىسىڭىز... سىزنى ئاۋارە قىلمىدىغان بولدۇم، كەچۈرسىز.» دېگەن گەپلەر يېزىلغانىدى.

نىگلەي قىزغا كىتابنى پوچتىدىن ئەۋەتىپ بېرىشكە ئامالسىز قالدى. قىزنىڭ تەرسالىقىدىن قارىغاندا، ئۇنى ئۆلۈۋالمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى. نىگلەي كەيپى ئۇچقان ھالدا خىيالغا چۆمۈپ، ئاخىر قىز بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقمايمۇ، دېگەن يەرگە كەلدى.

شۇ ئارىدا تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى، تېلېفون يەنە شۇ قىزدىن كەلگەنىدى.

— ئەپەندىم، سىز بىلەن بىرلا قېتىم كۆرۈشۈۋالسام، ئىككىنچىلەپ ئاۋارە قىلمايتتىم.

— بىلدىم، — دېدى يىگىت تاقەتسىزلىك بىلەن.

— مەن ھازىر سىزنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ يېنىدىكى P مېھمانخانىسىنىڭ قەھۋەخانىسىدا، مالال كۆرمىسىڭىز، بىر كېلىپ كەتسىڭىز.

— بولىدۇ، يېرىم سائەتتىن كېيىن يېنىڭىزدا بولىمەن. بىراق، سىزنى تونۇمسام...

— مەن سىزنى تونۇيمەن.

P مېھمانخانىسى بىلەن يىگىت ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئارىلىقى پىيادە ماڭسا يىگىرمە مىنۇتلۇق يول ئىدى. يىگىت قىزغا يامان تەسىر بېرىش مەقسىتىدە، قەستەن ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئالماي، ئۆڭۈپ كەتكەن كونا كۆڭلەك، ئاقىرىپ كەتكەن تار ئىشتان كىيىپ، بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ يېرىم سائەت دېگەندە قەھۋەخانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا ئەتراپىغا قاراپ، دېرىزە يېنىدا تۇرغان بىر قىزنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى. قىز يىگىرمە ئىككى - يىگىرمە ئۈچ ياشلاردا بولۇپ، ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى، قىسقا چېچى، ئەۋرىشىمدەك بېلى كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى، كۆكۈش رەڭ مايكىسى تولۇق كۆكسىگە يېپىشىپ تۇراتتى، ياقۇتتەك لەۋلىرى، بۇلاقتەك كۆزلىرى، ئاپئاق يۇمران بەدىنى، تولۇن ئايدەك جامالى خۇددى ئۇستا ھەيكەلتاراشنىڭ قولىدىن چىققان ھەيكەلدەك گۈزەل ئىدى. قىز لەۋلىرىگە بىلىنەر - بىلىنمەس لەۋ گىرىمى، قېشىغا بىر ئاز قاشلىق سۈرۈۋالغانىدى. ئۇنداق نەرسىلەرنى سۈرمىسىمۇ ئۇنىڭدىكى تەبىئىي گۈزەللىك ھەر قانداق ئادەمنى ئۆزىگە تارتاتتى.

— مەن يىگىزى بولىمەن، — دېدى قىز خۇش خۇيلۇق بىلەن.

— كەچۈرۈڭ...

— سىز...

قىزنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك چىقماسلىقى يىگىتنى ئەپسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئالدىدا تۇرغان خۇش خۇي، تېتىك بۇ قىز بىلەن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى قىز ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار ئىدى. نىگلەي بۇ قىز بىلەن ئۇچراشقىنىغا پۇشايمان قىلمىدى. يىگىت ساقال - بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ، شىرەگە كېلىپ قىزنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇردى. بۇ چاغدا يىگىت ئۆزىنىڭ راۋۇرۇس ياسىنىپ كەلمىگەنلىكىگە بىر ئاز پۇشايمان قىلىپمۇ قالدى. لېكىن ئۇ بىردىنلا، بىر ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىگە

قاراپ باھا بېرىشكە بولمايدىغۇ، دەپ ئويلىدى. قىزغۇ خۇش خۇي، قاملاشقان نېمىكەن، بىراق كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاللىقانداق قورقۇنچلۇق نەرسىلەر بارمۇ تېخى.

— سىز شۇ گۈزەل ھۆسنىڭىز بىلەن قانداقلارچە ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق خەتلەرنى يېزىپ، مېنى مەجبۇرلاپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى يىگىت قەھۋە ئىچكەچ سىناش تەلەپپۇزىدا.

— مەن ياش يىگىتلەرگە ئانچە قىزىقمايمەن، — دېدى قىز خۇش خۇيلۇق بىلەن. ئۇنىڭ ئاۋازى نازۇكلۇق ۋە خۇش خۇيلۇقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تېلېفوندىكى ھېلىقى ئاۋازغا تامامەن ئوخشايتتى. — مەن ئۆزۈمگە بەكمۇ ئىشىنىمەن. ھەر ھالدا قىلغان ئەجرىم بىكارغا كەتمىدى. راست گەپ قىلسام، سىزگە ئوخشاش يىگىتلەردىن زوقلىنىمەن. سىزگە توختىماي تەلۋىلەرچە خەت يېزىشىمدىكى سەۋەبمۇ شۇ، بەلكىم سىزنى پاراكەندە قىلىپ قويغاندىمەن؟

— راست گەپنى قىلغاندا، سىزنىڭ خېتىڭىز كىشىنى ھەقىقەتەن ئەندىشىگە سالىدۇ، — دېدى يىگىت يوشۇرۇپ ئولتۇرماي، — ئۇ خەتلەر باشقىلارنىڭ خەتلىرىگە ئوخشاشمايدۇ. سىز پەقەت بىر قېتىم كۆرۈشۈشنىلا تەلەپ قىلدىڭىز... نېرۋىسى ساق قىز بولسا مۇنداق خەتلەرنى يازمايتتى، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، — ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قىزغا قاراپ قويدى.

— سىزگە نېرۋام جايىدا ئەمەستەك كۆرۈنۈۋاتىمەنمۇ؟

— ياقەي، قارىماققا ئۇنداق ئەمەستەك كۆرۈنىسىز، — دېدى يىگىت ۋە قىزغا قاراپ زورمۇزور كۈلۈپ.

— ئارىلىشىپ باققان بولساق مېنىڭ ئىچكى دۇنيايىمنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالغان بولاتتىڭىز. بىراق... — قىز ئەپسۇسلانغاندەك بولۇپ توختاپ قالدى.

— بىز يەنە كۆرۈشۈپ تۇرايلى.

— شۇنداق بولسا، مەن تولىمۇ خۇشال بولاتتىم.

— مەنمۇ سىز بىلەن كۆرۈشكىنىم ئۈچۈن تولىمۇ خۇشالمەن، ئىككىمىز ئارىلىشىپ ئۆتەيلى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى.

نىگارەي يىگىزى بىلەن ئارىلاشقانسېرى ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى كۈچىيىپ، ھەتتا بىردەم كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ باردى. قىز بۇرۇنقىدەكلا ئوچۇق - يورۇق ۋە خۇش خۇي ئىدى. شۇڭا نىگارەي قىزدىن گۇمانلىنىپمۇ كەتمىدى. يىگىزى گەپدان، خۇش چاقچاق، ئويۇن - تاماشىغا ئامراق قىز ئىدى، ۋاقتى كەلگەندە ئانچە - مۇنچە ئىچىپ قوياتتى. بۇ قىز بىلەن بىللە بولغاندا ئادەم بۇ دۇنيانىڭ بارلىق غەم - قايغۇلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. بۇ قىز كۆڭلۈمگە ياقتى، دەپ ئويلىدى نىگارەي.

بىر ئايدىن كېيىن، نىگارەي قىزغا توي قىلىش تەلىپىنى قويۇش نىيىتىگە كەلدى. گەرچە ئۇلار ياش جەھەتتە ئون ئىككى ياش پەرقلەنسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. نىگارەي تىرىشچان، قەيسەر، تالانتلىق يىگىت، يىگىزىمۇ جىگلىمىنىڭ كاتىپى بولغانىكەن، خىزمەتتە قابىلىيەتلىك بولۇشى تۇرغان گەپ. ئەگەر ئىككىسى توي قىلسا بىر ئۆينى گۈلدەك تۇتۇپ كېتەمەمدۇ. نىگارەي قىزغا ئاخىر توي قىلىش تەلىپىنى قويدى.

— مېنىڭغۇ بۇ ئىشقا ھېچقانداق پىكرىم يوق، بىراق ئاپام نېمە دەيدىكىن؟ مېنىڭ ئاپامدىن باشقا ھېچنېمەم يوق، توي قىلمۇ بىلىپلا ئاپامنى تاشلىۋەتسەك بولماسمىكىن؟ — دېدى قىز ئىككىلەنگەندەك بولۇپ.

— ئاپىڭىزدىن ئەندىشە قىلماڭ، بىز بىللە تۇرساق بولمامدۇ؟ مېنىڭ ئۆيۈم

خېلى چوڭ. ئۈچ ئادەمگە كەڭتاشا يېتىدۇ، مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ئىككىمىزنىڭ ياش پەرقى، بۇنىڭغا ئاپىڭىز قوشۇلامدىكىن؟ — دېدى يىگىت.

— مېنىڭچە قوشۇلۇپمۇ قالار.

— ئۇنداقتا ئاپىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ باقساق قانداق؟

— ئۇنداق قىلساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — دېدى قىز خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىپ.

قىزنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ سىرتىدىراق ئىدى. ئۇلار ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى. ئىشىكنى قىرىق بەش، قىرىق ئالتە ياشلاردىكى پاكار ھەم سېمىز بىر ئايال ئاچتى، ئۇ يىڭزىغا قىلچە ئوخشىمايتتى. يۈزى ياپىلاق، مەڭىز گۆشلىرى ساڭگىلاپ چۈشكەن، يۇمۇق كۆز، بۇرنى بىلەن ئاغزى ئادەتتىن تاشقىرى يوغان ئىدى، يۈزىگە ئۇپىنى ھەددىدىن زىيادە سۈركىۋەتكەچكە تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتكەنىدى.

— ھۇي، نىڭلەي ئەپەندىمۇ! يىڭزى خېلى بۇرۇنلا گېپىڭىزنى قىلىپ بەرگەن. قېنى ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى ئايال چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ. بۇ ئايال يىڭزىنىڭ ئۆز ئاپىسىمدۇ، ئاۋازىمۇ ئوخشاشقاندەك قىلمىدۇ، بۇ خوتۇن بىلەن قانداقمۇ بىر ئۆيدە تۇرغىلى بولار، دەپ ئويلىدى يىگىت.

ئايال خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغانىدى. ئۇ يۇمۇق كۆزلىرىنى ئوينىتىپ:

— مەن خېلى بۇرۇنلا ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم، — دېدى.

— مېنى ئەپەندىم دەپ ئاتىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، بۈگۈن سىزنى يوقلىغاچ يىڭزى ئىككىمىزنىڭ توي ئىشى توغرىسىدا سىزنىڭ رازىلىقىڭىزنى ئالغىلى كەلگەنىدۇق، — دېدى يىگىت. ئۇ بولغۇسى «قېيىن ئانىسى» نىڭ يېنىدىن تېزرەك كېتىشنى خالايتتى.

— سىزنىڭ مەرتىۋىڭىز ئۈستۈن، پۇلىڭىز كۆپ، سىزدەك ياخشى كۈيئوغۇلغا ئېرىشمىكىمىز تەس گەپ، يىڭزىنىڭ بەختى ئېچىلمىدىغان بوپتۇ، — دېدى ئايال.

— ئۇنداقتا سىز قوشۇلىدىكەنسىز - دە، — دېدى نىڭلەي ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— بىرلا شەرتىم بار، — دېدى ئايال پەس ئاۋازدا، — سىزنىڭ يەنە ئۇرغۇن يېقىن ئۆتىدىغانلىرىڭىز باردۇر، ئەگەر ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ يىڭزىنى تاشلاپ كەتسىڭىز، قىزىمغا ئۇۋال قىلىسىز جۇمۇ، — دېدى.

— نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن، مېنىڭ يۈرىكىمدە يىڭزىدىن باشقا قىز يوق، — دېدى نىڭلەي.

— ئۇنداقتا ئالدى بىلەن توي قىلىش رەسمىيىتىنى ئۆتۈۋېتەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئايال. قىزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرسە كېرەك، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى.

— سىلەرگە قولايلىق بولسىلا، ئەتىلا بېرىپ توي خېتىنى ئېلىپ قوياي، — دېدى نىڭلەي.

— ياقەي، سىزنى ئاۋارە قىلساق قانداق بولىدۇ، توي خېتىنى مەنلا بېرىپ ئەكىلەي، — دېدى ئايال ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەندەك كۈلۈپ قويدى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن ئۆتكەندە، ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نىڭلەي ئىشىكنى ئېچىپ، يىڭزىنىڭ ئاپىسىنى كۆردى. ھەددىدىن زىيادە سەمرىپ كەتكەن بۇ ئايالنىڭ پېشانىسىدىن ئاققان تەر قويۇق ئۇپا سۈرتۈلگەن يۈزىنى ئالىچىپار قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ پۇشۇلدىغىنىچە ھاياجان بىلەن:

— قاراڭ، مەن توي خېتىنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان سېسىق تەر پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

— قېنى ئەپەندىم، تەلەپ بويىچە ئىمزايىڭىزنى قويۇپ، تامغىڭىزنى بېسىۋەتسىڭىز.

نىڭلەي «بولىدۇ» دېدى - دە، ئايالنى مېھمانخانىغا باشلاپ قويۇپ،

تامىقىنى ئاچقىش ئۈچۈن كابىنىتىغا كىرىپ كەتتى. نىگلەي چىققۇچە ئايال تويى خېتىنى شىرە ئۈستىگە يېيىپ قويغانىدى. تويى خېتىگە تاڭچۈەن يىگزىنىڭ ئىسمى فامىلىسى يېزىلىپ، تامغىسى بېسىلغانىدى. يىگىتمۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، يۇرتى، ھازىرقى ئولتۇرۇشلۇق جايى ۋە ئىسمىنى يېزىپ تامغىسىنى باستى، ئاندىن تويى خېتىنى يىگزىنىڭ ئاپىسىغا بېرىپ:

— چوڭ ئاپا، يىگزى سىز بىلەن بىللە كەلمەپتىغۇ؟ — تويى خېتىگە يىگزىنىڭ تۇغۇلغان يىلى، ئاي، كۈنلىرى يېزىلماپتىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمدى سىزگە گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلمىسام بولمىدى، — دېدى ئايال مۇغەمبەرلىك بىلەن، — بۇ تويى خېتى بىلەن ئۇ قىزنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۇ قىزنىڭ ئىسمى تاڭچۈەن يىگزى ئەمەس، تاڭچۈەن لياۋزى.

— نېمە دېدىڭىز، — نىگلەي شۇندىلا تويى خېتىدىكى پۈچۈركىنىڭ ئۆزىگە تونۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، — ئۇنداقتا تاڭچۈەن يىگزى دېگەن...

— شۇنداق، تاڭچۈەن يىگزى دېگەن مەن بولىمەن، — ئايال ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يىگىتكە تىكتى.

— سىزگە خەت يازغان ئايال مەن بولىمەن. سىز مېنى كۆزگە ئىلماي كەلدىڭىز، مەن ئاخىر تاقەت قىلالماي ئۇ قىزغا نۇرغۇن پۇل بېرىپ، مۇشۇ ئىشنى قىلدۇردۇم. راست گەپنى قىلسام، مەن ھەتتا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىيىتىگىمۇ كەلگەنىدىم، كېيىن ھامان بىر كۈنى سىزنى قولغا كەلتۈرىمەنغۇ دەپ ئويلاپ، بۇ نىيىتىمدىن ياندىم، نۇرغۇن ئازاب تارتقان بولسامۇ ھەر ھالدا ئاخىر سىزنى قولغا چۈشۈردۈم، — دېدى ئايال.

بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان نىگلەي، ئالدىدا تۇرغان سېمىز ئايالغا تېڭىرقاپ قاراپ قالدى.

— ئىش بۇ دەرىجىگە يەتتى، ئەمدى مەندىن قېچىپ قۇتۇلىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، — دېدى ئايال تويى خېتى سېلىنغان سومكىسىنى ئۇرۇپ قويۇپ. ئاندىن ئۇ سېمىز بەدىنىنى لىغىرلىتىپ يىگىتكە يېقىنلىشىپ كەلدى.

— ئەمدى ئىككىمىز قانۇنلۇق ئەر-خوتۇن بولۇپ قالدۇق، ئەگەر سىز بۇ تويى خېتىنى بىكار قىلماقچى بولسىڭىز، مەن سىزدىن خالىغانچە نەپىقە پۇلى ئالىمەن، — دېدى ئايال.

— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟ بۇ پۈتۈنلەي ئالدامچىلىققۇ، ئىككىمىز قانداقمۇ ئەر-خوتۇن بولالايلى، — دېدى نىگلەي غەزەپ بىلەن.

— سىزنىڭ ئالدامچىلىق قىلدى دەيدىغان نېمە ئاساسىڭىز بار؟ گۇۋاھچىڭىز بارمۇ؟ پاكىتىڭىز بارمۇ؟ — ئايال نىگلەينى شىپقاپ كەلدى.

نىگلەي ئايالنى ئىتتىرىۋەتتى، بىراق ئايال يۈزىنى داپتەك قىلىپ، يەنە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەگەر سىز بۇ تويى خېتىنى بىكار قىلىمەن دەيدىكەنسىز، ئۆزۈمنى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋالىمەن، سىز ئۈچۈن ئۆلسەم ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن، — دېدى.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا رەھىم قىلسىڭىز، مۇنداق مەجبۇرىي قىلغان تويىنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىزنىڭ ياش پەرقى شۇنچە چوڭ تۇرسا، — دېدى نىگلەي يالۋۇرۇپ.

— قايسى بىر يازغۇچىنىڭ: «مۇھەببەتتە ياش چەكلىمىسى بولمايدۇ»، دېگەن سۆزى ئېسىڭىزدىدۇر، — دېدى ئايال قاقاقلاپ كۈلۈپ، — راست، بىز ياش جەھەتتە چوڭ پەرقلىنىمىز، لېكىن ئىشىنىمەنكى، بىز چوقۇم بەختلىك ئۆتۈپ كېتەلەيمىز، — دېدى.

ئەمدى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىش نۆۋىتى بۇ يازغۇچىمىزغا كەلگەندۇ...

(خەنزۇچە «ئەدەبىياتقا بىر نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 11 - سانىدىن)

# تۆھمەت

**فالىق ئەلچىن (تۈركىيە)**

ئابلەت ياسىن تەرجىمىسى

«... شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كەچۈرۈم قىلىشنى ئۇنتۇدۇق»

— نازىم ھىكمەت

ترالليبۇس ئەمدىلا قوزغىلىشىغا مەن ئۇنىڭغا سەكرەپ چىقىۋالدىم. شۇ ھامان قولاقنى تىترىتىپ ساقچى پۈشتىكى چېلىندى. شوپۇر ترالليبۇسنى قاتتىق تورمۇزلاپ توختاتتى. يولۇچىلار ئالدىغا سۈرۈلۈپ بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىشتى. بىر ساقچى ترالليبۇسنىڭ پەلەمپىيىگە دەسسەپ تۇرۇپ:

— ھازىر ترالليبۇسقا سەكرەپ چىققان كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

مەن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاش بارمىقىمنى* كۆتۈردۈم.

— ماشىنىدىن چۈش!

نائىلاج ترالليبۇستىن چۈشتۈم.

ترالليبۇس مېڭىپ كەتتى، مېنى ساقچى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. بىر كوچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ مېنى ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ساقچى ئىدارىسى دېسە ئادەمنى تىترەك باسىدۇ. مەن خۇددى قۇشخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان پاخلاندەك تىترەپ كېتىۋاتاتتىم.

— ساقچى ئەپەندىم! — دېدىم مەن يالۋۇرۇپ تۇرۇپ، — مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ ...

— سەن ھېچنېمىنى بىلمەيسەن، — دېدى ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلۈپ، — ساڭا بىر يۈز ئىككى قۇرۇش** جەرىمانە قويۇپ، كېتىۋاتقان ترالليبۇسقا سەكرەپ چىقىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويماي بولمايدۇ.

— دېگىنىڭىز توغرا، لېكىن مەن پاراخوتقا ئۈلگۈرۈپ بېرىشىم كېرەك ئىدى، مېنى بۇ قېتىم كەچۈرۈۋەتسىڭىز!...

لېكىن ساقچى كۆزىنى ئىمىرلىتىپمۇ قويماستىن، مېنى ئىتتىرىپ ئېلىپ ماڭدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدىم مەن، — سىزگە ھازىرلا بىر يۈز ئىككى قۇرۇشنى تۆلىۋەتسەم قانداق؟ ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ يۈرمىسەك، ماڭا ھۆججەت بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ساقچى ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن:

— بوپتۇ، سېنى كەچۈرەي، پۇلۇڭنى ئەكەل. مەن ھەممە كىشىگە بۇنداق ياردەم قىلىۋەرمەيمەن، — دېدى.

---

* تۈركىيە مەكتەپلىرىدە ئوقۇغۇچىلار قولىنى كۆتۈرمەستىن بارمىقىنى كۆتۈرىدۇ.

** قۇرۇش — تۈركىيە پۇلى، يۈز قۇرۇش بىر لىراغا تەڭ.

قولۇمنى يانچۇقۇمغا سېلىپ پۇلنى ئالاي دەپ تۇرسام، ئۇ يەنە:

— ئەگەر مەن سېنى باشلىقىمىزنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىدىغان بولسام، بىر يۈز ئىككى قۇرۇش بىلەن قۇتۇلالمايتتىڭ، — دېدى.

دەل شۇ چاغدا ساقچى ئىدارىسى تەرەپتىن بىر ساقچى بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇلار مېنى بىر چەتكە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى سەل نېرىراقتا بىر نەرسە توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشكە باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىۋالدىم.

— بىرى سېنىڭ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىپتۇ، — دېدى ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ كەلگەن ساقچى مېنى ئېلىپ كېتىۋاتقان ساقچىغا، — ئۇلار ساڭا بەرگەن پۇلنىڭ نومۇرىنى خاتىرىلىۋاپتىكەن، باشلىقىمىز ناھايىتى خىجىل بولۇپ تەڭلىكتە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنى ھەرگىز قويۇپ بەرمە، ئىدارىگە ئېلىپ بار ...

ئەمدى ماڭا چاتاق بولدى. ساقچى مېنىڭ قېشىمغا قاراپ كېلىۋاتقاندا، مەن ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، تەييارلاپ قويغان پۇلنى ئۇنىڭغا بەردىم. شۇئان يۈزۈمگە قاتتىق بىر شاپىلاق تەگدى.

— ھۇ، ئىتنىڭ بالىسى. ساڭا ئۆزۈمنى تونۇتۇپ قويمايدىغان بولسام، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم، بۇرنۇم بىلەن ئاغزىم ئارىلىقىدا شىلىمغا ئوخشاش ئىسسىق بىر نەرسىنىڭ تۆۋەنگە قاراپ ئېقىۋاتقانلىقىنىلا ھېس قىلاتتىم. ئۇ يۈزۈمگە يەنە بىر كاچات سالدى. مەن ئىتتىك ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— مېنى نېمىشقا ئۇرىسىز، — دېدىم.

— سەن تېخى ماڭا پارا بېرىپ، مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتامسەن؟ ھۇ ئىپلاس! مېنىڭ ئىشىدىشىم بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ!

— بايا ئۆزىڭىز پۇلنى ئېلىشقا ماقۇل بولغانغۇ؟

— سەن تېخى ماڭا تۆھمەت چاپلىماقچىمۇ؟ بۇرنۇڭنى تېز سۈرتۈپ مېنىڭ بىلەن ماڭ!

ئىككى مىنۇتتىن كېيىن بىز ساقچى ئىدارىسىگە يېتىپ كەلدۇق. مېنى ئېلىپ كەلگەن ساقچى ئۆزىنىڭ باشلىقىغا سالام بېرىپ، ئاندىن دوكلات قىلدى:

— باشلىق جانابلىرى، مەن بۇنى تراللېيبۇستىن تۇتۇپ كەلدىم. بۇ، ئۇ مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويغان پۇل بىلەن مېنى ئۇزغاندا چاپىنىمدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن تۈگمە.

ئۇ سۆزلىگەچ شىرە ئۈستىگە ئىككى دانە تۈگمىنى قويدى. مەن تىترەشكە باشلىدىم. مەن ئۇنىڭ تۈگمىسىنىڭ قانداق چاغدا ئۈزۈلگەنلىكىگە دىققەت قىلماپتىكەنمەن.

— سەن لۈكچەك، جېدەلخور، بۇياققا كەل، — يۈزىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن تاقىر باش ساقچى باشلىقى ماڭا قاراپ ۋارقىرىدى ۋە ئۇزۇن بىر ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى، ئاندىن يېنىدا تۇرغان ئىككى ياش بالىنى كۆرسىتىپ ساقچىغا، — ئۇسمو ئەپەندى، بۇ ئىككى ئەپەندى سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، سىز ئۇلارنى تراللېيبۇستىن تارتىپ چۈشۈرۈپسىز، ئاندىن ساقچى ئىدارىسىگە ئەكەلگۈچە يولدا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن بىر لىرا ئېلىپ قويۇپ بېرىپسىز.

ساقچى باشلىقىنىڭ ئالدىدا ئىككى ياش بالا تۇراتتى. مەن ئۇلارنى كەينىدىن كۆرۈپ تۇراتتىم. ھەر ئىككىسى

پاشىنىسى ئېگىز ئاياغ، تار پۇشقاق ئىشتان كىيىۋالغانىدى.

— مەن ئۇلاردىن بىر قۇرۇشمۇ ئالمىدىم. ئۇلار ئۆزلىرىنى پاشا بىلەن پارلامېنت ئەزاسىنىڭ جىيەن ئوغلى بولىمىز، دېيىشتى. شۇڭا ئۇلارنى ئىدارىگە ئېلىپ كەلسەم شەرەپلىك نامىغا داغ چۈشىدىغان ئىش بولمىسۇن، دەپ ئويلاپ قويۇۋەتكەنىدىم، — دېدى ساقچى باشلىقىغا.

— ناھايىتى ئوبدان قىپسىز. لېكىن ئۇلار سىزگە بەرگەن ئىككى لىرا پۇلنىڭ نومۇرىنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ. بىرىنىڭ نومۇرى 003·206، يەنە بىرىنىڭ 112·771 ئىكەن.

ساقچى دەرھال يانچۇقىدىن ھەميانىنى چىقىرىپ شىرە ئۈستىگە قويدى.

— قېنى، مەرھەمەت، ئەپەندىلەر! ئۆزۈڭلار كېلىپ تونۇۋېلىڭلار. مەن سىلەرنىڭ قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشۇڭلارغىمۇ رۇخسەت قىلىمەن، — دېدى ساقچى باشلىقى.

ئىككى ياش ھەميانغا قول تەگكۈزمىدى. ساقچى باشلىقى ھەميانىنى ئۆزى ئاختۇرۇپ چىقتى. ھەمياندا بىرلىرالىق پۇل يوق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساقچى باشلىقى ئىككى قولىنى قورسىقىغا قويۇپ سۆزلەپ كەتتى.

— سىلەر ئالىي تەربىيە كۆرگەن ياشلار. سىلەر ئۆز ئىززەت - ئابرويۇڭلارنى قوغدىغانغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ساقچىلىرىمىزنىڭ ئىززەت - ئابرويىنىمۇ قوغدىشىڭلار كېرەك، بۇ سىلەرنىڭ بۇرچىڭلار. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ گېپىڭلارنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر مەنمۇ قارىلانغانلىقىم ئۈچۈن ئۈستۈڭلاردىن ئەرز قىلىدىغان بولسام، ئۇ چاغدا سىلەرمۇ جازادىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. لېكىن مەن ئائىلەڭلەرنى ھۆرمەتلىگەچكە، ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن. ئەرزىڭلار پۈتۈنلەي يالغان! ئەگەر بۇ ئىشتا ھەقىقەتتە چىڭ تۇرمايدىغان بولساق، پۈتۈن دۇنيا يالغانچىلىق ئىچىدە تۈگىشىپ كەتمەمدۇ ...

— بولىدۇ، ئەرزىمىزنى قايتۇرۇۋالايلى، — دېدى ئىككى ياش تەڭلا.

— ئۇنداق بولسا سىلەر ئوسمو ئەپەندىدىن ئەپۇ سوراڭلار!

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئوسمو ئەپەندىگە: «كەچۈرۈڭ، ئەپۇ قىلىڭ»، «سىزدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن كەچۈرۈم سورايمىز ...» دەپ تەزىم قىلىشىپ كەتتى.

ئىككى ياش ئىشىكتىن چىقىشىغا ساقچى بىلەن ساقچى باشلىقى ئۇلارنىڭ كەينىدىن: «ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى تېمىپ تۇرغان تەلۋىلەر» دەپ تىللاپ كەتتى.

ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى. مەن شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ساقچى باشلىقىدىن ئەھۋال سورىدىم.

— ھۇ خۇنپەر! سەنمۇ بىزگە تۆھمەت قىلماقچىمۇ؟

— سىز ئادەم تىللىماسلىقىڭىز كېرەك، — دەپ قارشىلىق بىلدۈردۈم مەن.

— مەن سېنىلا ئەمەس، يەنە ئاپاڭنى، خوتۇنۇڭنىمۇ تىللايمەن!

مەن ئاغزىمنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى بۇنداق سورۇنلاردا غەزەپلىنىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى.

— ھەي، جاۋاب بەر، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — سەن ساقچىغا پارا بېرىش

كە قانداق جۈرئەت قىلالىدىڭ؟ يەنە تېخى ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا ئۇنىڭغا ئېسىلىپسىنا! سەن قەيەرلىكسەن؟ يېزىدىن كەلدىڭمۇ ياكى ئىستانبولنىڭ ئۆزىدىنمۇ؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟

مەن ئەھۋالنى ئەينى بويىچە بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم. ساقچى باشلىقى مېنى تىللاشنى توختىتىپ ماڭا نۇتۇق سۆزلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ تەرتىپ، قانۇن، تۆھمەت شۇنداقلا ساقچىلارنىڭ ئالىيجانابلىقى ۋە شەرەپلىكلىكى ئۈستىدە سۆزلەيتتى. ھەر بىر سۆزىدە ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن توغرا بولمىغان گەپلەرنى قىلمىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئاخىرىدا ئۇ:

— ساقچىنىڭ بىر تال تۈگمىسىنى ئۈزۈۋەتكەن ئادەم ئون كۈن توختىتىپ قويۇلىدۇ، — دەپ بىر يۈز ئىككى قۇرۇشلۇق جەرىمانە تالونىنى يېزىپ قولۇمغا بەردى.

ئۇ يالغۇز مېنىڭ ئىسىم-فامىلەم، ئائىلەم، يېشىم، خىزمەت ئورنۇمنى سۈرۈشتۈرۈپ قالماستىن ھەتتا مېنىڭ خەتنە قىلغان ئادەمنىڭ مىللىتىنى ۋە ئوقۇتقۇچۇمنىڭ قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنىمۇ سورىدى.

مەن ئۈن-تۈن چىقارماي ئىلاجىسىز بەش لىرالىق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدۇم. پۇل ئالىدىغان ئورۇندا ماڭا قايتۇرىدىغانغا يېتەرلىك پۇل بولمىغانلىقتىن، ساقچى باشلىقى ئۆزىنىڭ ھەميانىدىن ئېلىپ، ھۆججەت بىلەن قوشۇپ ماڭا بەردى. ئەمدى مېنى ئەركىنلىككە ئېرىشتى، دېسىمۇ بولاتتى.

ساقچى باشلىقىنىڭ يۈزى خۇددى ئاتىنىڭ يۈزىگە ئوخشاش چىڭ تارتىشىپ تۇراتتى. پەقەت چاي ئىچكەن چاغدىلا بىر ئاز بوشايتتى. ئۇ ماڭا يەنە:

— ھەي! سەن ئوسمو ئەپەندىدىن كەچۈرۈم سورا! — دېدى.

مېنىڭ كۆزۈم ساقچىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇنىڭ رەزىل چىرايىدا نومۇس قىلىشنىڭ قىلچىمۇ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. مەن گەپ قىلماي تۇرۇۋالدىم. بۇ چاغدا ساقچى باشلىقى ماڭا قاراپ:

— ئەگەر ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىمايدىغان بولساڭ، بىر كېچە قاراڭغۇ ئۆيگە سولايمەن، — دېدى.

مەن ئىلاجىسىز ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدىم. مەن ئوسمو ئەپەندىنىڭ مېنى كەچۈرگەن-كەچۈرمىگەنلىكىنى بىلمىدىم، لېكىن مەن ھازىرغىچە ئۇنى كەچۈرمەي كېلىۋاتىمەن. مەن ساقچى ئىدارىسىدىن ئەمدى چىقىشىمغا، ساقچى ماڭا:

— ئەگەر سەن بۇ ئىشتىن نارازى بولغان بولساڭ، بۇنى بىر رومان قىلىپ يېزىپ چىقساڭمۇ بولىدۇ، بۇ چاغدا بىز يەنە ئۇچرىشىپمۇ قالىمىز، — دېدى.

بۇ ھېكايىدە سۆزلەنگىنى پەقەت بىز بېشىمىزدىن كەچۈرگەن نۇرغۇن تۆھمەتلەر ئىچىدىكى كىچىككىنىلا بىر تۆھمەت. مەن بۇنى پەقەت خاتىرە قىلىپلا يېزىپ چىقتىم. گەرچە ساقچى باشلىقى ئۆز يانچۇقىدىن ئېلىپ ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەن بىر لىرانىڭ ئۈستىدىكى 003·206 دېگەن پۇل نومۇرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ساقچى باشلىقى بىلەن ساقچى ئوسمو ئەپەندىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قىلىۋاتقان شۇملۇقلىرىنى ئىسپاتلاش تولىمۇ قىيىن ئىدى.

(خەنزۇچە «چاڭجياڭ» ژۇرنىلىنىڭ 1982-يىل 4-سانىدىن)

# ئاجايىپ سوۋغات

فوردۇن ئوسلى (ئەنگلىيە)

ئادىل ئالماس تەرجىمىسى

شوكىن گېلىس دۇكانىغا كىرگەندە دۇكان خوجايىنى پېتىر لىچارىس پوكەيدە غېرىبسىنىپ ئولتۇراتتى.

بۇ پېتىرنىڭ بوۋىسىدىن قالغان دۇكان ئىدى. دۇكانىنىڭ ئەۋرىشكە دېرىزىسىگە ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى تىزىقلىق تۇراتتى.

پېتىر ياش يىگىت بولسىمۇ چاچلىرى ۋاقىتسىز ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان قىزغا سوغۇقلا قاراپ قويدى.

— ئاۋۇ مېدالىيوننى ئېلىپ باقسىڭىز، كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ — دېدى قىزچاق.

پېتىر پوكەيدىكى مېدالىيوننى ئېلىپ قىزغا كۆرسەتتى، ئۇنىڭ قولىدىكى كۆك ياقۇت كۆزلۈك نەپىس ئىشلەنگەن مېدالىيون چاقناپ تۇراتتى.

— ھە، مۇشۇ بولىدۇ، مەن مۇشۇنداقىنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، — دېدى قىزچاق خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ، — مېدالىيوننى چىرايلىق قەغەزگە ئوراپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟!

پېتىر قىزچاققا سوغۇققىنا قاراپ قويۇپ:

— سىز بۇنى بىركىمگە بېرەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئاچامغا بېرىمەن. ئۇ مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا روژدېستۋو بايرىمىدا كۆڭۈلدىكىدەك چىرايلىق بىر سوۋغات تەقدىم قىلماقچىدىم.

— قانچىلىك پۇلىڭىز بار؟ — سورىدى پېتىر.

قىزچاق يانچۇقىدىن بىر سىقىم ئۇششاق پۇلنى ئېلىپ پوكەينىڭ ئۈستىگە قويدى.

— ھەممە پۇلۇم مۇشۇ. — دېدى قىزچاق، — مەن بۇ پۇللارنى ئاچامغا سوۋغات ئېلىش ئۈچۈن يىغقان.

پېتىر قىزچاققا قاراپ ئويلىنىپ قالدى ۋە چاندۇرماستىن قولى بىلەن مېدالىيوننىڭ باھا ماركىسىنى توسۇۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ قىزچاققا مېدالىيوننىڭ باھاسىنى قانداقمۇ دەپ بېرەلىسۇن؟

— بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ، — پېتىر شۇنداق دەپلا دۇكانىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى، — ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۈنلۈك قىلىپ. ئۇ ئىچكىرىدە تۇرۇپ بىر ئىش بىلەن بەنت بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— شوكىن گېلىس، — جاۋاب بەردى قىزچاق.

پېتىر ئىچكىرىدىن يېنىپ چىقتى، قولىدا يېشىل لېنتا بىلەن چېگىلگەن چىرايلىق بىر توكۇنچەك تۇراتتى.

— مانا ئېلىڭ، — دېدى پېتىر، — يولدا پەخەس بولۇڭ، چۈشۈپ قالمىسۇن يەنە.

قىزچاق تاتلىققىنا كۈلۈپ قويۇپ پېتىرنىڭ قولىدىن تۇگۇنچەكنى ئالدى - دە، يېنىك چامداپ ئىلدام چىقىپ كەتتى. قىز كەتكەندىن كېيىن، پېتىر كۆڭلى يېرىم بولۇپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى.

شوكىن گېلىس بىلەن ياقۇت كۆزلۈك مېدالىيون. پېتىرنىڭ ئېسىگە ئېچىنىشلىق بىر خاتىرىنى سالدى. قىزچاقنىڭ چېچى قۇياش نۇرىدەك ساپسېرىق، يوغان كۆزلىرى خۇددى دېڭىز سۇيىدەك كۆپكۆك ئىدى. پېتىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا سۆيگەن قىزىنىڭ چېچىمۇ ساپسېرىق، كۆزلىرىمۇ شۇنداق ئىدى. پېتىر ئۇ مېدالىيوننى شۇ قىزغا ئاتاپ قويغانىدى، بىراق... سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كېچىسى ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان بىر ماشىنا يولدىن چەتنەپ كېتىپ، پېتىر چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن ئۇ قىزنىڭ جېنىنى ئەكەتتى ...

پېتىر شۇندىن تارتىپ يالغۇز ياشاپ كېلىۋاتاتتى. كۈندۈزى خېرىدارلار بىلەن بولۇپ دەردلىرىنى ئۇنتۇپ قالاتتى، كەچتە دۇكاننى تاقىغاندىن كېيىن يوقلاڭ خىياللارنى سۈرۈپ ئازابلىناتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پېتىر ئۆزى سۆيگەن كۆك كۆز، ئالتۇن چاچلىق ئۇ قىزنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇشقا باشلىغانىدى ...

گېلىس كېلىپ، پېتىرغا ئۇ قىزنى يەنە ئەسلىتىپ قويدى. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ پېتىرنىڭ كۆڭلى بەكمۇ بۇزۇلدى.

روژدېستۋو بايرىمى ھارپىسىدا، ئاخىرقى بىر خېرىدار دۇكاندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پېتىر ئۆزىنى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. يېڭى بىر يىل باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

شۇ ئەسنادا بويىغا يەتكەن بىر قىز دۇكانغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چاچلىرى گويا قۇياش نۇرىدەك چاقناپ تۇراتتى، كۆزلىرى دېڭىز سۇيىدەك كۆپكۆك ئىدى.

قىز بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي چىرايلىق بىر تۇگۇنچەكنى پوكەي ئۈستىگە قويدى. تۇگۇنچەك يېشىل لېنتا بىلەن چېگىلگەنىدى. پېتىر تۇگۇنچەكنى ئاچقانىدى، ئىچىدىن چاقناپ تۇرغان كۆك ياقۇت كۆزلۈك مېدالىيون چىقتى.

— بۇ سىزنىڭ دۇكىنىڭىزدا سېتىلغانمۇ دەيمەن؟ — سورىدى قىز.

پېتىر قىزغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ناھايىتى سىلىق جاۋاب بەردى:

— ھەئە، بۇ ئەڭ ئېسىل مېدالىيوندىن ئەمەس، لېكىن جىڭلىقىدا گەپ يوق.

— بۇنى كىمگە سېتىپ بەرگەنلىكىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئېسىمدە، شوكىن گېلىس ئىسىملىك بىر قىزچاققا ساتقان. ئۇ روژدېستۋو بايرىمىدا ھەدەمگە سوۋغات قىلىمەن، دەپ ئالغان.

— ئېيتىڭا، مېدالىيونىڭىز قانچە پۇلغا يارايدۇ؟

— بۇنى سىزگە ئېيتالمايمەن، — دېدى پېتىر، — مال ئىگىسى ئەزەلدىن خېرىدارلارنىڭ قانچىلىك پۇل تۆلىگەنلىكىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرمەيدۇ.

— شوكىننىڭ كۆپ بولسا بىر نەچچە تەڭگىلا پۇلى باردۇ، ئۇ پۇلغا ھەر قانچە بولسىمۇ ...

پېتىر مېدالىيوننى ئېھتىيات بىلەن قەغەزگە قايتا ئوراپ، يېشىل لېنتا بىلەن چىگدى.

— مېدالىيوننى باشقىلار قانچىلىك پۇل تۆلەپ ئالىدىغان بولسا، — دېدى پېتىر، — شوكىن گېلىسمۇ شۇنچىلىك پۇل تۆلىدى.

(ئاخىرى 132 - بەتتە)

# نورۇز ئارچىسى ۋە توي



**دوستويېۋسكى (روسىيە)**

**مۇھەممەت مېھرۇللا تەرجىمىسى**

مۇھەررىردىن: دوستويېۋسكى (1821 — 1881) روسىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق يازغۇچىسى. ئۇ دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان. 1838 - يىلى قۇرۇلۇش مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇپ، 1843 - يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. شۇندىن بىر يىل كېيىن كەسپىي يازغۇچى بولۇش قارارىغا كېلىپ، ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئەدەبىي ھاياتىنى 1841 - يىلى بالزاكنىڭ «يېۋگېنى گراندې» ناملىق رومانىنى تەرجىمە قىلىشتىن باشلىغان. ئۇ ياش چېغىدىلا روسىيە ئىنقىلابىي دېموكراتلىرى نېكراسوۋ، بېلىنسكىلار بىلەن قويۇق ئالاقە قىلغان، ھەمدە 40 - يىللاردىكى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى تەشكىلاتى — پېتراشېۋسكىي كۇرۇژوكىغا ئەزا بولۇپ، خىيالىي سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئىجادىيىتىدە ئىجابىي رول ئوينىغان.

دوستويېۋسكى ھاياتىدا جەمئىي ئوتتۇز توملۇق رومان، پوۋېست، ھېكايە ۋە ئەدەبىي ئوبزورلارنى يازغان. ئۇنىڭ «نامراتلار» (1845)، «ئىككى ياقلىمىلىق خاراكتېر» (1846)، «ئايال خوجايىن» (1847)، «ئاق كېچە»، «زەئىپ قەلب» (1848)، «ھاقارەتلەنگۈچى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى» (1861)، «جەھەننەم خاتىرىسى» (1861 — 1862)، «جىنايەت ۋە جازا» (1866)، 《تەلۋە》 (1868)، 《ئىبلىس》 (1871 — 1873)، «ئاكا - ئۇكا كارامازوفلار» (1880) قاتارلىق رومان، پوۋېستلىرى ۋە بىر مۇنچە ھېكايىلىرى بار.

دوستويېۋسكىنىڭ ئىجادىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، زىددىيەتلەرنىڭ بىر تەرىپى ئىجتىمائىي تېما، ئىنسانپەرۋەرلىك، رېئالىزم بولسا، يەنە بىر تەرىپى كېسەللىك ھالىتىدىكى خام خىيال، سوبيېكتىۋىزم، مىستىتسىزم خاھىشى.

1849 - يىلى دوستويېۋسكى بېلىنسكىنىڭ گوگولغا يازغان يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى ئىدىيىدىكى ئوچۇق خېتىنى دېكلاماتسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋە 《مەخپىي باسمىخانا قۇرماقچى بولغان》 دېگەن بوھتان بىلەن پېتراشېۋسكىي كۇرۇژوكىنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىللە قولغا ئېلىنىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. جازا مەيدانىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئالدىدىكى جىددىي مىنۇتتا، چار پادىشاھنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆلۈم جازاسىنى ئۇشتۇمتۇت جاپالىق ئەمگەك بىلەن سۈرگۈنگە ئۆزگەرتكەنلىكىنى جاكارلىغان، نەتىجىدە، ئۇ تۆت يىللىق ئېغىر ئەمگەك جازاسى ۋە ئالتە يىللىق سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىنغان. ئۆلۈم جازاسى، جاپالىق ئەمگەك، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئەشەد-

دېيلەشمەپ كېتەتتى، 40 - يىللاردىكى بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا خاس ھەر خىل سىپ ئىدىيەۋى ئېقىملارنىڭ بەربات بولۇشى، جاپالىق ئەمگەككە مەھكۇم قىلىنغانلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى خالىقى ھەمدە ئاپتورنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تۇراقسىزلىقى ۋە ئالدىراقچىلىق بىلەن سىلزۈپ چىققان ئىدىيەۋى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن، دوستويېۋسكى ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى ئېتىقادىغا ئاسىيلىق قىلغان. ئۇنىڭدا ئىدىئالىزم ۋە مىستىتىزم ئارقىلىق ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزمغا قارشى تۇرىدىغان، تەقدىرگە تەن بېرىش ۋە ماداراچىلىق ئارقىلىق مۇستەبىت تۈزۈم ئۈستىدىن ئىنقىلابىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا قارشى تۇرىدىغان بىر - بىرىگە زىت بىر قاتار دۇنيا قاراشلار شەكىللەنگەن.

دوستويېۋسكىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بىر سەنئەتكار، پسىخولوگ، ئەخلاقشۇناسنىڭ كۆزى بىلەن كۆزىتىپلا قالماستىن، بەلكى ھادىسىلەرنى بىر جەمئىيەتشۇناسقا ئوخشاش ئوبرازلىق تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىشقا، بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئاشكارىلاپ بېرىشكە ماھىر. ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى كۈلپەتلىرى ھەققىدىكى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان تەسۋىرلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىش ھەقىقەتەن قىيىن. ئۇنىڭ رومانلىرىنىڭ دراماتىك خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى تېز. بۇ ئەسەرلەردە بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى يۈز بېرىدىغان ئاپەت خاراكتېرلىك ۋەقەلەر تەسۋىرىگە قاتتىق روھىي كۈرەشلەر ۋە چىدىغۇسىز مەنىۋى كرىزىسلەر يانداشىپ كېلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بۇرژۇئاسىنىپى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ چىگىشلىكى، مۇرەككەپلىكى، قاتمۇ قات رىقابەتلەر بىلەن تولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر تراگېدىيىلىك خاراكتېرى ئىپادە قىلىنغان. لېكىن ئاپتورنىڭ زىددىيەتلىك دۇنيا قارىشى ئۇنىڭ بەدىئىي تالانتىنى چەكلەپ قويغان ھەمدە روسىيە ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىدا يامان تەسىر پەيدا قىلغان.

گوركى مۇنداق دەيدۇ: «دوستويېۋسكىنىڭ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكى، شەك - شۈبھىسىزكى، ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. لېكىن ئۇ ئەشەددىي تالانت ئىگىسى»، «تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتە ئۇنىڭغا پەقەت شېكسپىرلا بەس كېلەلىشى مۇمكىن.»

دوستويېۋسكىنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرۇش ھېسسىياتى ۋە ئۇنى پاش قىلىش خاھىشى، ئۇنىڭ ئىنسان قەلبىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەشتەك رېئالىستىك سەنئەت ئۇسلۇبى كۆپلىگەن يازغۇچىلارغا ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ.

مەن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىر توي مۇراسىمىنى كۆردۈم ... ئالدىرىماي تۇرۇڭ، ياخشىسى، سۆزۈمنى نورۇز ئارچىسىدىن باشلاي. توي دېگەن ياخشى نەرسە، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، بۇرۇن كۆرگەن بىر ئىش ماڭا ھازىرغىچە قىزىق تۇيۇلىدۇ. توي مۇراسىملىرىنى كۆرسەملا شۇ كۈندىكى نورۇز ئارچىسى يادىمغا كېلىدۇ. بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان:

بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن، روژدېستۋو بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنى ئىدى، مەن تەكلىپ بويىچە بالىلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە قاتناشتىم. ساھىبخان خېلى ئاتىقى چىققان قابىل كىشى ئىدى، بەزى ئەمەلدارلار بىلەن قويۇق ئارىلىشاتتى، مەن تەكلىپ بويىچە سىرتتىن قاتناشقان ئادەم بولغاچقا، ئۇلار بىلەن سۆزلەشكۈدەك ئورتاق سۆزۈممۇ يوق ئىدى، شۇڭا كەڭ - كۇشادە ئولتۇرۇۋەردىم. شۇ كۈندىكى سورۇندا يەنە بىر جانابمۇ بار ئىدى. كۆرۈنۈشىدىن ئۇنىڭمۇ بۇ يەردە بىرەر تۇغقىنى يوقتەك قىلاتتى، ئۇنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، چىرايى سۈرلۈك ئادەم ئىدى، سالاپىتىگە يارىشا رەتلىك كىيىنگەنىدى، بۇنداق ئائىلىۋى زىياپەتكە، بۇ يەردىكى خۇشال كەيپىياتقا قىزىقمىغاندەك بىر چەتتە قاپىقىنى سېلىپ

ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردە ساھىبخاندىن باشقا بىرمۇ يېقىن تونۇشى يوق ئىدى. زىياپەت ئۇنىڭغا ياقمىغان بولسىمۇ، ئاخىرىغىچە ئۆزىنى كەيپى چاغ كىشىدەك تۇتۇپ ئولتۇردى. مەن بۇ جانابنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋە مۇشكۇل بىر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن ئۆلكە مەركىزىدىن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى كېيىن ئۇقتۇم، ئۇ بىزنىڭ ساھىبخانىنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن. ساھىبخان ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار قىلىپمۇ كەتمەي، ئەدەب يۈزىسىدىنلا ئۇنى بالىلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە تەكلىپ قىپتۇ. باشقىلار ئۇنىڭ تۇرقى ۋە سالاپىتىدىن ئەيمەنگەچكىمىكىن، ئۇنى قارتا ئويناشقا، ھەتتا تاماكا چېكىشكىمۇ تەكلىپ قىلىشمايتتى، شۇڭلاشقا بۇ جاناب ئۆزىنىڭ بىكار ئولتۇرۇپ قالغانلىقىدىن ئوڭايسىزلانغاندەك، چېكە چاچلىرى بىلەن قوشۇپ ياسىتىلغان شاپ بۇرۇتىنى توختىماي سىلاپ ئولتۇراتتى، بۇرۇتى ناھايىتى چىرايلىق ياسىتىلغانىدى. بۇ يەردە ئۇ جانابتىن باشقا يەنە بىر جانابمۇ بار ئىدى، ئۇ ھېلىقى جانابقا مۇتلەق ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسىم - فامىلىسى يورىئان ماستاكوۋىچ ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ساھىبخان بىلەن ئۇنىڭ خانىمىنىڭ ئەڭ ئەزىز مېھمىنى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ ئادەم ساھىبخانغا خۇددى ساھىبخان شاپ بۇرۇتلۇق جانابقا قىلغاندەك سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى. ساھىبخان بىلەن ئۇنىڭ خانىمى ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى، مېھمانلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر - بىرلەپ ئېلىپ كېلىپ تونۇشتۇراتتى، ئەمما ئۇنى باشقىلارغا تونۇشتۇرمايتتى. يورىئان ماستا كوۋىچ بۇ كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىنى ماختاپ، ئۆزىنىڭ ئۆمرىدە بۇنداق خۇشاللىقتىن ئىنتايىن ئاز بەھرىمەن بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، مەن ساھىبخانىنىڭ ھاياجاندىن كۆزىگە ياش ئالغانلىقىنى بايقىدىم، مەن بۇ ئادەم بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى خالىماي، بالىلارنىڭ ئويۇنىنى بىردەم تاماشا قىلغاندىن كېيىن، ياندىكى بوش تۇرغان كىچىكرەك بىر ئۆيگە كىردىم، بۇ ساھىبخان خانىمىنىڭ ھۇجرىسى ئىكەن.

بالىلار ناھايىتى ئوماق ئىدى. ئۇلارغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ياكى ئانىلىرى قانچىلىك نەسىھەت قىلسىمۇ، ئۆزلىرىنى چوڭلاردەك تۇتۇشنى بىلمەي، نورۇز ئارچىسىغا ئېسىلغان سوۋغاتلىق ئويۇنچۇقلارنى، ھەتتا بىرەر تال كەمپۈتنىمۇ قويماي بىردەمدىلا بۆلەپ - تالاپ كېتىشتى. بۇ بالىلارنىڭ ئىچىدە چاچلىرى بۈدۈر، قوي كۆز بىر ئوغۇل بالا كىشىنىڭ تولىمۇ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ ياغاچ تاپانچا بىلەن مېنىلا قارىغا ئېلىپ ئاتاتتى. ئۇنىڭ ئون بىر ياشلارغا كىرگەن ھەدىسى كىشىنىڭ تېخىمۇ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ خۇددى پەرىشتىدەك چىرايلىق، ئوماق، خىيالچان، نازاكەتلىك قىز ئىدى. ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى ئاپئاق ھۆسنىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. بالىلار بۇ قىزچاقنىڭ چىشىغا تەگكەچكىمۇ، ئۇ مەن بار ھۇجرىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ قورچاق ئويناشقا باشلىدى، مېھمانلار ئىززەت - ئىكرام بىلەن بىر باي سودىگەرنى يەنى ئۇ قىزچاقنىڭ دادىسىنى كۆرسىتىپ، بۇ قىزچاقنىڭ نامىدا ئۈچ يۈز مىڭ رۇبلى قىز مېلى بار ئىكەنلىكى ھەققىدە پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى. مەن بۇ ئىشقا كىمنىڭ بەكرەك قىزىقىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، مېھمانلارغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. يورىئان ماستاكوۋىچ قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، بېشىنى سەل سىڭايان قىلغان ھالدا ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىغا دىققەت

بىلەن قولاق سېلىۋاتاتتى. مەن ساھىبخانىنىڭ بالىلارغا سوۋغات بۆلۈپ بەرگەن چاغدىكى پاراسىتىگە ھەيران قالدىم. ئۈچ يۈزمىڭ رۇبلى قىز مېلىغا ئىگە قىزچاق ئەڭ ياخشى قورچاققا ئىگە بولدى، ئۇنىدىن كېيىن بۆلۈنگەن سوۋغاتلارنىڭ دەرىجىسى بارغانسېرى چۈشكەلى تۇردى. بۇ سوۋغاتلار بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بۆلۈنگەنىدى. ئەڭ ئاخىرىدا تۇرغان ئون ياشلار چامىسىدىكى يۈزىدە سەپكۈب بار، قوڭۇر چاچلىق ئورۇق بىر ئوغۇل بالىغا ئارانلا بىر پارچە ھېكايە كىتاب تەگدى. بۇ كىتابتا ئاجايىپ - غارايىپ تەبىئەت مەنزىرىلىرى ۋە ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كارتىنىلىرى تەسۋىرلەنگەنىدى. كىتابتا يا بىرەر پارچە رەسىم، ياكى نەقىش يوق ئىدى. بۇ بالا ساھىبخانىنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتىدىغان تۇل ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇ بالا تولىمۇ قورقۇنچاق ئىدى، باشقا بالىلار بوزەك قىلىسىمۇ گەپ قىلالمايتتى، ئۇچىسىغا قوپال رەختتىن تىكىلگەن قىسقا چاپان كىيىۋالغانىدى. بالا كىتابنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، باشقا بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرىغا قىزىقىپ خېلىغىچە ئايلىنىپ كېتەلمىدى، ئۇلار بىلەن بىللە ئويناشنى شۇنچە خالىسىمۇ، يېنىغا بېرىشقا پېتىنالمايتتى. مەن بالىلارنى كۆزىتىشكە ئامراق ئىدىم. ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قىلىقلىرى ناھايىتى قىزىقارلىق بولىدۇ. ئۇ بالىلار بىلەن بىللە ئويناشقا ئامالىنىڭ بارىچە ئۇرۇناتتى، باشقا بالىلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن خۇشامەت قىلىپ ھەجىياتتى. ئۇ دوغلاققىنا بىر بالىنىڭ بويىنىغا ئېسىقلىق سومكىدا ئېسىل يېمەكلىكلەرنىڭ پومپىيىپ تۇرغانلىقىغا قارىماي، قولىدىكى ئالمىنى ئۇنىڭغا بەردى. بالىلار ئۇنى قوغلىمىسىلا ئۇلارغا ئات بولۇپ بېرىشكىمۇ رازى ئىدى. بىر چاغدا بىر كەپسىز بالا ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى، ئۇ ئۈنىنى چىقىرىپ يىغلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئاپىسى كېلىپ، باشقا بالىلارنىڭ ئويۇنىغا دەخلى قىلما، دەپ ئۇنى چىملىدى. بۇ بالا ھېلىقى قىزچاق ئويناۋاتقان ھۇجرىغا كىردى. قىزچاق بۇ بالىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قورچىقىنى بىللە ئويناشقا باشلىدى.

مەن كۆپكۆك كىلوسما پېلەكلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن ياسىداق ھۇجرىدا يېرىم سائەتچە ئولتۇرۇپ، قوڭۇر چاچلىق بالا بىلەن ئۈچ يۈز مىڭ رۇبلى قىز مېلى بار گۈزەل قىزچاقنىڭ قورچاق ئوينىغاچ دېيىشكەن گەپلىرىگە قولاق سالدىم. كېيىن ئۇلار ئاستا - ئاستا ئۇخلاپ قېلىشتى. شۇ ئەسنادا يورىتمان ماستاكوۋىچ بۇ ئۆيگە تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى. ئۇ، بالىلار تازا چۇرقۇرۇشۇپ ئويناۋاتقان پۇرسەتتە مېھمانخانىدىن غىپپىدىلا چىققانىدى. مەن ئۇنىڭ بولغۇسى باي خوتۇنىنىڭ دادىسى بىلەن تېخى يېڭىلا تونۇشقىنىغا قارىماي، قايسى ئەمەلنىڭ كۆپرەك ئامەتلىكلىكى ھەققىدە قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەمدى ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر چوت سوقۇۋاتاتتى.

«ئۈچ يۈزمىڭ ... ئۈچ يۈزمىڭ ... — دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئون بىر مىڭ ... ئون ئىككى مىڭ ... ئون ئۈچ مىڭ ... ئون ئالتە مىڭ. بەش يىلدا بۇنىڭ يىللىق ئۆسۈمىگە تۆت ئۇلۇش قوشۇلسا، ئۆسۈمىلا ئون ئىككى مىڭ بولىدىكەن. بۇنى بەشكە كۆپەيتسەك، ئاتمىش مىڭ بولىدۇ دېگەن سۆز، ئاتمىش مىڭغا يەنە پايدا ئۈستىگە پايدا قوشۇلىۋېرىدۇ...

ياخشى! بەش يىلدىن كېيىن بۇ پۇل جەممىي تۆت يۈز مىڭ رۇبلىغا كۆپەيسە ... هوي، خاتا ھېسابلاپتىمەنغۇ ... قانداق تۆت يۈز مىڭ رۇبلى بولسۇن؟ هوي كاززاپ! ئۇنى تېخى سەككىز يۈز مىڭ، ھەتتا توققۇز يۈز مىڭ قىلىشقىمۇ بولىدىغۇ. مەيلى، بەش يۈز مىڭمۇ بولسۇن، بۇنىڭ ئاز بولغاندىمۇ شۇنچىلىك بولۇشىدا گەپ يوق. قالغىنى نېمە بولسا بولمامدۇ! ھىم ...

ئۇ خىيالدىن ئويغىنىپ، بۇرنىنى تازىلاش ئۈچۈن سىرتقا چىقماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ھېلىقى قىزچاقنى كۆرۈپ قېلىپ، جايىدا توختاپ قالدى. ئارىمىزنى يوغان تەشتەكلەردە ئۆستۈرۈلگەن ياپيېشىل گۈللەرنىڭ باراقسان يوپۇرماقلىرى توسۇپ تۇرغاچقا، ئۇ مېنى كۆرەلمەيتتى. مەن ئۇنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ بايا سوققان خام چوتىدىكى پايدىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئەيتاۋۇر قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، جايىدا جىم تۇرالمايتتى. ئۇ جايىدا توختاپ بولغۇسى سۆيگۈنىگە ئىنچىكە بىلەن يەنە بىر قېتىم نەزەر تاشلىغىنىدا، ئۇنىڭ ھاياجىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ قىزچاقنىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ ئەتراپىغا ئېھتىيات بىلەن قاراۋەتكەندىن كېيىن خۇددى گۇناھلىق ئىش قىلىۋاتقاندەك پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ قىزچاقنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ھىجايغىنىچە ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن چۆچۈپ كەتكەن قىزچاق قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى.

— بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز، ئاپئاق قىز، — ئۇ قىزچاقتىن ئاستاغىنا گەپ سورىغاچ ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، قىزچاقنىڭ مەڭزىنى سىلاپ قويدى.

— ئوينىۋاتىمەن ...

— شۇندىقمۇ؟ ئاشۇنىڭ بىلەلمۇ؟ — يورىتان ماستاكوۋىچ ئۇنىڭ يېنىدىكى بالىغا مەنسىتمىگەن نەزەردە قاراپ قويدى.

— سەن مېھمانخانىغا چىقىپ ئوينىغىن جۇمۇ، قوزام، — دېدى ئۇ ئوغۇل بالىغا.

بالا كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئىندىمەستىن جىم تۇرىۋەردى. يورىتان ماستاكوۋىچ يەنە ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، قىزچاققا ئېڭىشتى.

— قولىڭىزدىكى نېمە ئۇ، قورچاقمۇ، ئاپئاق قىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەئە. قورچاق ... — دەپ جاۋاب بەردى قىزچاق ئۇيالغان ھالدا قاشلىرىنى ھىمىرىپ.

— قورچاق؟ ... سىز قورچاقنىڭ نېمىدە ياسىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز، ئاپئاق قىز؟

— بىلمەيمەن ... — دېدى قىزچاق يەرگە قاراپ بوش ئاۋازدا.

— بىلەمسىز، ئاپئاق قىز، بۇنى كېرەكسىز پۇرۇچلاردىن ياسايدۇ. ھوي شۇمتەك، سېنى مېھمانخانىغا چىقىپ ئوينىغىن دەۋاتىمەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ماڭ، چىقىپ ئۆزۈڭنىڭ تەڭتۇشلىرىنى تېپىپ ئوينا، — دېدى يورىتان ماستاكوۋىچ ئوغۇل بالىغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ.

قىزچاق بالىدىن ئايرىلىشنى خالىماي، يىغلامسىراپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— بىلەمسىز، سىزگە بۇ قورچاقنى نېمىشقا سوۋغات قىلىشتى؟ — دېدى يورىتان ماستاكوۋىچ ئاۋازىنى بارغانسېرى پەسەيتىپ.

— بىلمەيمەن.

— چۈنكى سىز بەكمۇ ئەقىللىك ۋە ئوماق. ھەممە كىشىنىڭ سىزگە مەستلىكى كېلىدۇ، — يورىتان ماستاكوۋىچ ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قالدى ۋە ئەت-

راپىغا قاراپ قويۇپ، تاقەتسىزلەنگەن هالدا، ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغاندەك خىرقىراپ، — سىز مېنى ياقتۇرارسىزمۇ، سۆيۈملۈكۈم. ئەگەر مەن سىزلەرنىڭكىگە مېھمانغا بارسام نېمە دەيسىز؟ — دېدى. يولىئان ماستاكوۋىچ بۇ ئوماق قىزچاقنى يەنە بىرنى سۆيۈۋالماقچى بولۇۋىدى، لېكىن قوڭۇر چاچلىق بالا قىزچاقنىڭ هازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۈمچىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن هېسداشلىق قىلغان هالدا ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ يولىئان ماستاكوۋىچنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى.

— ماڭ، يوقال، بۇ يەردىن تېز يوقال! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئوغۇل بالىغا، — ماڭ، مېھمانخانىغا چىقىپ ئۆز خىلىڭنى تېپىپ ئوينا!

— ياق، ياق، كەتمە. ئۆزىڭىز چىقىپ كېتىڭ، ئۇنىڭغا چېقىلماڭ، — دېدى قىزچاق يىغلاپ تۇرۇپ.

ئىشىك تاراقشىپ قالدى، بۇنى ئاڭلاپ يولىئان ماستاكوۋىچ چۆچۈپ، دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قەددىنى رۇسلاپ بايىقىدەك كۆرەك قىياپەتكە كىرىۋالدى. قوڭۇر چاچلىق بالا يولىئان ماستاكوۋىچتىنمۇ بەك قورقۇپ كەتكەچكە، قىزچاقنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، تام تۈۋىگە داجىپ بارىدە، تاماقخانىغا چىقىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، يولىئان ماستاكوۋىچمۇ تاماقخانىغا چىقتى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆپكىدەك ئېسىلىپ كەتكەنىدى. ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ ئېخىمۇ خىجىل بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغانلىقىدىنمۇ ياكى هېلىقى خام چوتىنىڭ سېھىر كۈچى ئازدۇرغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، سەل خىجىل بولغانىدى. مەن بۇ ئەزىز مېھماننىڭ ئارقىسىدىن تاماقخانىغا كىرىپ يەنە بىر غەلىتە ئەهۋالنى كۆردۈم: يولىئان ماستاكوۋىچ هېلىقى قوڭۇر چاچلىق بالىغا غەزەپ بىلەن ئاچچىقلاۋاتاتتى، بالا ئۇنىڭدىن قورقۇپ، نەگە قېچىشنى بىلمەي هەدەپ كەينىگە داجىۋاتاتتى.

— يوقال، بۇ يەردە ساڭا نېمە بار، يوقال دەيمەن هوي لەقۋا! سەن مېۋە ئوغرىلىماقچى بولۇۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ هوي هارامزادە، يوقال دەۋاتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ، يوقال بۇ يەردىن، بېرىپ ئۆز خىلىڭنى تاپ!

قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بالا ئاخىر تېپىرلاپ شىرەنىڭ ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنى قوغلىغان ئۇ ئادەمنىڭ غەزىپى تازا كۈچەيگەنىدى. ئۇ شىرەنىڭ ئاستىغا كىرىپ قىسىلىۋالغان بالىنى تارتىپ چىقىرىپ ئۇزۇن لۆڭگە بىلەن تازا ئۇرماقچى بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى نارازىلىق، ئېهتىمال، (كىم بىلىدۇ؟) كۈنداشلىق، ئۇنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم. يولىئان ماستاكوۋىچ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى. گەرچە ئۇ خېلى يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەم بولسىمۇ، چىرايىدىن ئوڭايسىزلىنىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ تۇرغانلىقى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا، ساهىبخان ئۆدۈلدىكى ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. هېلىقى ئوغۇل بالا شىرەنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، شىمىنى قېقىشتۇرغىلى باشلىدى. يولىئان ماستاكوۋىچ دەرهال قولىدىكى لۆڭگە بىلەن بۇرنىنى ئېتىۋالدى.

ساهىبخان ئۈچىمىزگە قاراپ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي سەل گاڭگىراپ قالدى. شۇن-

داقتىمۇ ئۇ تەجرىبىلىك، ئەستايىدىل ئادەم بولغاچقا، ئۆز مېھمىنى بىلەن ئوكچە قالغان مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتتىن دەررۇ پايدىلانماقچى بولۇپ:

— مەن سىزگە دېگەن بالا مۇشۇ، — دېدى قوڭۇر چاچلىق بالىنى كۆرسىتىپ، — بۇ ھۆرمەتسىزلىك بولسىمۇ، لېكىن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ...

— ھە؟ — دېدى يورىئان ماستاكوۋىچ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي.

— بۇ، بالىلىرىمنىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئوغلى بولىدۇ، — دېدى ساھىبخان يېلىنىپ، — ئۇ تول ئايال. ئەسلىدە ھالال ئىشلەيدىغان بىر ئەمەلدارنىڭ ئايالى ئىدى. يورىئان ماستاكوۋىچ، ئەگەر مۇمكىن بولسا ...

— بولمايدۇ، بولمايدۇ، — دېدى يورىئان ماستاكوۋىچ ئالدىراپ رەت قىلىپ، — كەچۈرۈڭ، فىلىپ ئالېكسېيېۋىچ، بۇ بولمايدۇ، قانداق قىلغان بىلەنمۇ بولمايدۇ. مەن ئۇقۇشۇپ باقتىم، بوش ئورۇن يوق ئىكەن. بولغان تەقدىردىمۇ بۇ ئورۇنغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئون بالا بار. ئۇلار بۇ بالىغا قارىغاندا شۇ ئورۇنغا ئورۇنلىشىشقا پۈتۈنلەي ھوقۇقلۇق بالىلار ... كۆپ ئەپسۇس... كۆپ ئەپسۇس ...

— ھەي ئىسىت، راستىلا ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى، — دېدى ساھىبخان، — بولمىسا بۇ ناھايىتى ياۋاش، غەلۋە - غوغىسى يوق بىر ئوبدان بالا ئىدى ...

— ياق، ئۇ ناھايىتى كەپسىز بالا ئىكەن، — دېدى يورىئان ماستاكوۋىچ نارازىلىق بىلەن ئاغزىنى كالچايتىپ، — ھەي شۇمتەك، ماڭ، كەتمەمسەن، نېمىشقا بىزدە تۇرىسەن. ماڭ، تەڭتۇشلىرىڭنىڭ يېنىغا بار! — دېدى ئۇ بالىغا.

قوڭۇر چاچلىق بالا زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالماي ماڭا قاراپ قويدى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇپ تۇرالماي، ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم. يورىئان ماستاكوۋىچ دەررۇ ماڭا بۇرۇلۇپ، ساھىبخاندىن:

— ماۋۇ غەلىتە يىگىت كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ھەم ئاستا سۆزلەشكەچ تاماقخانىدىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، يورىئان ماستاكوۋىچنىڭ ساھىبخانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىشەنمىگەندەك بېشىنى چايقاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

مەن پۇخادىن چىققۇچە كۈلۈۋالغاندىن كېيىن، يەنە مېھمانخانىغا چىقتىم، مېھمانخانىدا ھېلىقى كۆرەڭ جانابنى مېھمانلار بىلەن ئەر - ئايال ساھىبخان ئارىغا ئېلىۋالغانىدى. تېخى ھېلىلا ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇلغان بىر خانىم قانداقتۇر بىر مەسىلىنى ناھايىتى قىزغىن چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. بۇ خانىم بىر قىزچاقنى يېتىلىۋالغانىدى. تېخى ئون مىنۇت ئىلگىرىلا يورىئان ماستاكوۋىچ بىلەن بۇ قىز ئوتتۇرىسىدا بايىقى كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنىدى. ئەمدى ئۇ بۇ ئوماق قىزچاقنىڭ گۈزەللىكى، زېرەكلىكى، نازاكىتى ۋە ياخشى تەربىيە كۆرگەنلىرىگە چە تازا ماختاپ ئۇچۇرغىلى تۇردى. يورىئان ماستاكوۋىچ قىزچاقنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى قىزغىن تۇتقاچقا، قىزچاقنىڭ ئانىسى تەسىرلىنىپ، كۆزىگە ياش ئالدى. دادىسىنىڭمۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ساھىبخان كۆپچىلىكنىڭ خۇشال كەيپىياتىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يايراپ كەتتى. بۇ خۇشاللىقتىن ھەممەيلەن تەڭ بەھرىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ساھىبخان، كەيپىيات بۇزۇلمىسۇن دەپ بالىلارنىمۇ ئويۇنلىرىدىن توختىتىپ قويدى. ھەممەيلەن ساھىبخانغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرۈشەتتى. مەن كىشىلەرنى چوڭقۇر ھا-

ياچانغا سالغان، ھەممەيلەننىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان ھېلىقى قىزچاقنىڭ ئانىسىنىڭ يورىشان ماستاكوۋىچنىڭ ئۆزىگە يۆكسەك شان - شەرەپ ئاتا قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ، بۇندىن كېيىن ئېغىر كۆرمەي قىزىغا تەلىم بېرىپ تۇرۇشنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. يورىشان ماستاكوۋىچ ناھايىتى مەمنۇنلۇق بىلەن بۇ ئۆتۈنۈشنى چىن قەلبىدىن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاخىرىدا، مېھمانلار خوشلىشىش ئالدىدا ئەدەب يۈزىسىدىن سودىگەرگە، ئۇنىڭ خانىمىغا، قىزىغا، بولۇپمۇ يورىشان ماستاكوۋىچقا نۇرغۇن يېقىملىق خۇشامەت سۆزلىرىنى قىلدى.

— بۇ جاناب ئۆيلەنگەنمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن يورىشان ماستاكوۋىچنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر دوستۇمدىن. بۇ سوئالىمنى ھەممەيلەن ئاڭلىدى.

يورىشان ماستاكوۋىچ ماڭا زەھەرخەندىلىك بىلەن مىختەك قادىلىپ قارىدى.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى دوستۇم. بۇ ماڭا ئەتەي كەيپىمنى ئۇچۇرۇپ، كۆڭلۈمنى غەش قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن جاۋابتەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

يېقىندا مەن × × × چىركاۋى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، چىركاۋنىڭ ئالدىدا توپلانغان ئادەم ۋە ھارۋىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قالدىم. ھەممەيلەن توي مۇراسىمى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتى. ھاۋا تۇتۇق، سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. مەن كىشىلەرگە ئەگىشىپ، قىستىلىپ يۈرۈپ چىركاۋغا كىرىپ يىگىتنى كۆردۈم. ئۇ پاكار، خام سېمىز، دۈپدۈگىلەك، قورساقلىق ئادەم ئىدى، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، تېگىشلىك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇراتتى. ئاخىر بىرى كېلىنچەكنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. مەن توپ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ، مىسلىسىز گۈزەل بىر قىزنى كۆردۈم. قارىغاندا، ئۇنىڭ گۈزەل ياشلىق باھارى تېخى ئەمدىلا باشلانغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما بۇ پەرىزاتنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئىنتايىن مەيۈس ئىدى، ئەتراپقا پەرۋاسىز قارايتتى. مەن ئۇنىڭ تولا يىغلاپ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. قەدىمىي ھەيكەللەرگە ئوخشاش كۆرۈنىدىغان چىرايلىق چېھرىسى ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە تېخىمۇ گۈزەللىك قوشۇپ تۇراتتى. ئەمما بۇ گۈزەللىكنىڭ تېگىدە بىلىنىپ تۇرغان غەمكىنلىكتىن بىر خىل ساددا گۆدەكلىك، يەنى تېخى بىر قېلىپقا چۈشۈپ ئۈلگۈرمىگەن، كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان سەبىي گۆدەكلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تېخى ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەنىكەن. مەن يىگىتكە سىنچىلاپ قاراپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يورىشان ماستاكوۋىچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدىم. مەن ئۇنى كۆرمىگىلى توپتوغرا بەش يىل بولغانىدى. مەن يەنە كېلىنچەككە قارىدىم ... خۇدايا تۇۋا! ... مەن دەرھال قىستىلىپ يۈرۈپ چىركاۋدىن چىقىپ كەتتىم. كىشىلەر كېلىنچەكنىڭ ناھايىتى باي ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بەش يۈزمىڭ رۇبلى قىز مېلى بارلىقى ... كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەت دېگەنلىرىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوقلۇقى ئۈستىدە پاراڭ سېلىشاتتى...

«بۇرۇنلا چوتنى جايىدا سوققان ئىكەن - دە! — دەپ ئويلىدىم مەن چىقىپ كېتىۋېتىپ ...»

(خەنزۇچە «سوۋېت ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىل 1 - سانىدىن)

# ئۇ قايتىپ كەلدى



**بورىس لىبيانىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)**

**ۋەلى تەرجىمىسى**

1

— قال ئەمدى، ژېل! ئىگەڭگە ئوبدان قارا، ئىگەڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا، بولامدۇ؟ بىكاردىن بىكار قاۋاۋەرمە. قايتىپ كەلگەندە ئۆيگە ئوبدان قارىغان - قارىمىغىنىڭنى سۈرۈشتە قىلىمەن! — دېدى ژېلنىڭ ئىگىسى ئىتنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ. ئۇ ئويناشقاندەك سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ، سۆزلىرىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەقىللىق ئىت ئىگىسىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئىگىسىنىڭ تىنىقىنى ئېلىپ قالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭ يۈزىنى ھەدەپ يالايتتى.

ئالېكسېي بوتىلىن فرونتقا مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى. كۆزىدىن زېرەكلىك چىقىپ تۇرىدىغان پاخماق باش، ئالا بويناق ژېل ئىشنىڭ جىددىيلىكىنى بىلدى بولغاي، ئادەتتىكى شوخلۇقىنى قويۇپ، ئىگىسىنىڭ سۆزىنى جىممىدە ئاڭلىدى. ئالېكسېينىڭ خوتۇنى يىغلىۋەتمەي دەپ ئۈچۈن، لېۋىنى چىشلەپ، بۇ ئېغىر كەيپىياتنىڭ ئاخىرلىشىشىنى جىممىدە كۈتۈپ تۇراتتى.

ئالېكسېي ئورنىدىن تۇرۇپ، خالتىسىنى مۈرىسىگە ئارتتى - دە، خوتۇنىنى چىڭ قۇچاقلاپ قانغۇچە سۆيدى. خوتۇنى بېشىنى ئېرىنىڭ كەڭ كۆكرىكىگە چىڭ چاپلاپ تۇراتتى. ئۇ شۇنداق قىلسا، بۇ قورقۇنچلۇق ئايرىلىش مىنۇتلىرىنى كېچىكتۈرگىلى، ئالېكسېينى مېڭىشتىن توسۇپ قالغىلى بولىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ناھايەت، ئالېكسېي ئۇنىڭدىن ئاستا بوشاندى - دە، ئىتنى ئەركىلەتكەندەك بېشىغا ئۇرۇپ قويۇپ، بوسۇغىدىن ئاتلىدى.

ۋىرا يۈگۈرۈپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردى. ژېل دېرىزىنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭدىن بۇرۇن بېرىپ بولغانىدى. ئالېكسېينىڭ ئۇچىسىدىكى كۆل رەڭ چاپىنىنىڭ پەشلىرى ۋە بەستلىك قامىتى ھويلىنىڭ يان ئىشىكىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ غايىب بولدى.

## 2

ۋىرا ئىشقا ئەتىگەن بېرىپ كەچ قايتاتتى. ژېل كۈن بويى ئۆيدە يالغۇز قالاتتى. ۋىرا بىر ئىداردە ماشىنىستلىق قىلاتتى. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلگەندە ئىشىكتىن كىرىپلا پاخماق باش ژېلنىڭ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. ژېل ئالېكسېينىمۇ شۇنداق كۈتۈۋالاتتى.

ژېل باققان ئىگىسىگە ناھايىتى سادىق ئىدى، ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇناتتى، نەگە بارسا ئارقىسىدىن قالمايتتى، ئەمدى ئۇ بۈگۈن پۈتۈن ساداقىتىنى ۋىراغا بېغىشلىدى. بۇرۇن ئالېكسېينى قانداق ساقلاپ تۇرغان بولسا، ۋىرانىمۇ شۇنداق ساقلاپ تۇرىدىغان، ئالېكسېيغا ئەركىلىگەندەك ۋىراغىمۇ شوخلۇق قىلىدىغان بولدى. ئۇ ئالېكسېينىمۇ كۈتەتتى. ھەر كۈنى ئالېكسېينىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولغاندا ئالېكسېينى يېرىم سائەت ساقلاپ تۇراتتى، ئاندىن، سالپىيىپ كاتىكىگە كىرىپ ياتاتتى.

## 3

شۇنداق قىلىپ، ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى يىلغىچە ئالېكسېيدىن خەت - خەۋەر بولمىغاچقا، ۋىرا بەك ئەندىشە قىلدى. ئۇ كۆڭلىدىكى ئەندىشىنى يوقىتىش ئۈچۈن، خىزمەتكە ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ژېل ھەمىشە ئۆيدە يالغۇز قالاتتى. ۋىرا كېچە بەندىن چۈشۈپ قايتىپ كەلگەندە، ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ ھارغىن قىياپىتىنى كۆرەتتى: قاپاقلىرى قارىداپ قالغانىدى، كۆزلىرىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى، پېشانىسىگە قورۇقلار چۈشۈشكە باشلىغانىدى.

ئۇ بەزىدە ئىشنى ئۆيىگە ئالغاچ كېلىپ يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتى. بۇنىڭ بىلەن يالغۇزچىلىقنى ئۇنتۇغاندەك بولاتتى. بەزىدە ئازابلىق خىياللار يۈرىكىنى چۇلغىۋالاتتى. ئەتىسىدە قىلمۇاتقان ئىشنى تاشلاپ قويۇپ، بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا، ژېل ئۇنىڭ قېشىغا ئاستا كېلەتتى - دە، تۇمشۇقى بىلەن ئۇنى تۈرتۈپ قوياتتى، ۋىرا شۇندىلا ئېسىگە كېلەتتى.

ئۆيدىكى ھەر بىر نەرسە ۋىراغا ئالېكسېينى ئەسلىتىپ تۇراتتى، ژېلمۇ ئالېكسېينى ئەسلىتەتتى.

## 4

كېچە - كۈندۈز زارىقىپ كۈتۈشلەر مانا ئەمدى ئاخىرلاشتى: پوچتالىيون ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت ئەكىلىپ بەردى. خەتتە ئۇنىڭ ئېرى ئالېكسېي باتولىنىنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقى، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقى، مۇشۇ شەھەردىكى بىر گوسپىتالدا داۋالىنىۋاتقانلىقى يېزىلغانىدى.

ۋىرا خەتنى ئوقۇپ، خۇشاللىقىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى. ئالېكسېي ئاخىر قايتىپ كېلىدىغان بولدى! ئۇ پايپېتەك بولۇپ ئۆينى يىغىشتۇراتتى، تۇرۇپ كۈلسە، تۇرۇپ يىغلايتتى، قىسقىسى، ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قېلىۋاتاتتى. بىر دەم - بىردەم قوشنىلارنىڭكىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ، بۇ خۇش خەۋەردىن ئۇلارنىمۇ خەۋەردار قىلاتتى.

ۋىرا كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. كاللىسىدا ئالېكسېي بىلەن كۆرۈشۈشتىن باشقا خىيال يوق ئىدى. ئۇرۇش ئالېكسېينى قانداق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغاندۇ؟ ئۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنمىدۇ؟

ئاخىر، ۋىرا دېيىشىپ قويغان ۋاقىتتا گوسپىتالنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولدى.

ئۇنى ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرغان، مۇرىسىدە شاۋشياۋلىق پوگونى بار

ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىشتى. ئارقىدىنلا ئاق خالات كىيىۋالغان باش دوختۇر كىرىپ كەلدى. ئۇ ئالېكسېينىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ يارىسىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى، ۋىرانىڭ كۆپرەك جاپا چېكىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇ تاپتا، دوختۇرنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، ئۇ دوختۇرنىڭ كېيىنمۇ ئاڭلىماي، كېسەلخانىغا ئېتىلىپ كىرىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى ...

— شۇنداق، ئۇنىڭ يارىسى ناھايىتى ئېغىر، — دېدى دوختۇر، — سىز بەكمۇ ئۈمىدۋار بولۇپ كەتمەڭ. ئۇ بىر نەچچە قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ... — دوختۇر ئېغىر تىنىپ قويدى. قارىغاندا، ئۇ، مېيىپ بولۇپ قالدى، دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

ۋىرا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. ئالېكسېي مېيىپ بولۇپ قاپتۇ، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى. ئۇ ۋەتەننى قوغداش يولىدا شۇنداق بولغان. ئۇ ئالېكسېينى تېزرەك كۆرۈش تەقەززاسىدا بولغاچقا، ئالېكسېي بىلەن ئۇچرىشىشنىلا ئويلاپ، ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ گېپىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىدى.

— ئۇ مىناغا دەسسىۋېلىپ يارىلانىدى، — شاۋشياۋ خۇددى ۋىرانىڭ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەندەك گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە قارلىق دالادا ئۇزۇن يېتىپ قالغاچقا، بەدىنىنىڭ نۇرغۇن يېرى ئۈششۈپ كېتىپتۇ، ئىككى پۇتىنى كېسىپ تاشلىدۇق ...

نېمە؟! كېسىپ تاشلىدۇق؟ ۋىرانىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۆيدىن تېزرەك چىقىپ كەتكۈسى كېلەتتى.

— ئۇنىڭ ئىككى كۆزى كۆيۈپ، كۆرمەس بولۇپ قالغان ... — دوختۇر ئەمدى تىلىنى چايناپ ئولتۇرمىدى. ئۇمۇ بۇ كۆڭۈلسىز مىنۇتلارنى تېزرەك ئاياغلاشتۇرۇشقا ئالدىراۋاتاتتى.

«دېمەك، ئۇنىڭ كۆزىمۇ كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ - دە» شۇ تاپتا، ۋىراغا پۈتۈن ئۆي چۆگىلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. باش دوختۇر ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

— بولدى، رەھمەت، — ئۇ ئىستاكاننى ئاستا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇلارغا ئەنسىز تىكىلدى، بىر مىنۇتنىڭ ئالدىدا تېخى سۆيۈپ قويىماقچى بولغان بۇ ئىككى ئادەم يەنە نېمىلەرنى دەيدىكىن؟!

— ... ئۇ تېخى گەپمۇ قىلالمايدۇ، ھازىرچە، — دەپ قوشۇپ قويدى دوختۇر، — كېيىنچە تىلغا كېلىشى مۇمكىن.

ئەتراپ بىردىنلا خىرەلەشكەندەك بولدى، بايا تېخى كۈلۈپ قۇچاق ئاچقان بەخت ئەمدىلىكتە ھەممە دەرد - ئەلەمنى مۇشۇ ناتىۋان، ياش ئايالغا پىنھان قالدۇرۇپ، ئۆزىنى نەلەرگىدۇر يوشۇرۇپ ئۈلگۈرگەنىدى. ۋىرا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا قالدى.

— دەيدىغىنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋىرا ناھايىتى تەسلىكتە. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتاتتى.

— شۇنداق! سىزمۇ ھېس قىلغانسىز، بىزمۇ بۇ گەپلەرنى ناھايىتى تەستە دەۋاتىمىز. ئەمدى ئالېكسېينى ئېلىپ كېتىدىغان - كەتمەيدىغانلىقىڭىز توغرۇلۇق بىزگە ئېنىق بىر نېمە دەۋەتسىڭىز، ئەگەر خالىسىڭىز، ئۇنى مەخسۇس مېيىپلارنى باقىدىغان يەرگە ئاپىرىۋەتسەكمىكىن ... مۇنداق قىلىشقۇ بەكمۇ ئازابلىق ئىش، شۇنداقتىمۇ ئەتراپلىمىراق ئويلاشماي بولمايدۇ ...

نېمە! ئۇلارنىڭ مۇنداق دەيدىغان نېمە ھەققى بار!

ئۇ چېچىلغان ھالدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئالېكسېينىڭ ئۇنىڭ قەلبىدە قانچىلىك مۇھىم ئورۇن ئالغانلىقىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟ ئەگەر ئۇلار ئالېكسېي ئىك‍كىسىنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى تۇرمىشىنى كۆرگەن بولسىدى، ئۇنداق گەپنى ھەرگىز قىلمىغان بولاتتى.

## 5

ئالېكسېي ئۈچىنچى قەۋەتتىكى بىر ياتاقتا ئىدى، سېسترا ۋېرانى ئۈچىنچى قەۋەتكە باشلاپ چىقىپ، ئۇزۇن كارىدوردىن ئۆتكەندىن كېيىن، قارا سىر بىلەن «50» دېگەن نومۇر يېزىلغان بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— سول تەرەپتىكى ئىككىنچى كارىۋات، — دېدى سېسترا ئىشىكنى ئېچىپ.

ۋېرا كېسەلخانىغا كىردى. بۇ يەردە ئۈچ كارىۋات بار ئىدى. بىر كارىۋات بوش، يەنە بىرىدە بىر يارىدار ئىڭراپ ياتاتتى، ۋېرا ئۇلارنى سەزمىگەندەك ئىدى. ئۇ دەرھال ئىككىنچى كارىۋاتتا ياتقان يارىدارنىڭ ئالدىغا كەلدى، يارىدارنىڭ ئۈستىگە يۇڭ ئەدىيال يېپىپ قويۇلغانىدى، ئەدىيالنىڭ ئاستىدىن چېچى چۇۋۇلغان بىر باش ۋە ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئىنچىكە ھەم ئاق بويۇن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، دېرىزە تەرەپكە قاراپ يېتىۋالغاچقا يارىدارنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

بۇ تونۇش باشنى كۆرۈپ ۋېرانىڭ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئاليوشا، ئاليوشكا، — دەپ بوش تووۋلىدى.



يارىدار قىمىرلىماي ياتاتتى، ۋېرانىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن، كېسەلخانىغا كىرىپلا، ئېرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتسام، ئالېكسېي ئورۇقلاپ بىر سۆڭەك، بىر تېرە بولۇپ قالغان قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلىسا ... دەپ ئويلىغانىدى. ھازىرچۇ، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. قانداقتۇر غايىبانە بىر كۈچ ئۇنى تۇتۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

مۇشۇ كىشى ئالېكسېي بولسا - ھە! ياق، بۇ ئالېكسېي ئەمەس، ئۇ مۇشۇنداق ئورۇقمىدى! ... ۋېرا ئۇنىڭ پۇتىغا قاراشتىن قورقتى، چۈنكى ئۇنىڭ پۇتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئۇ سوئال نەزەرىدە سېستراغا قاراپ قويدى.

سېسترا ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدى بولغاي، يارىدارغا ئېگىشىپ قولىقىغا:

— سىزنى بىرەيلەن ئىزدەپ كەپتۇ، — دەپ تووۋلىدى، — قۇلىقىمۇ زەخىملەنگەن، ئۇناۋۇك گەپ قىلمىسىڭىز ئاڭلىمايدۇ، — دېدى سېسترا ۋېراغا.

ۋېرا ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، يارىدارنىڭ ئالدىغا ئىزلاندى - دە، ئۇنى ئاستا

سىلاشقا باشلىدى ۋە قۇلىقىغا مۇلايىملىق بىلەن:

— ئاليوشكا، مەن ۋىرا! تونۇدىڭىزمۇ؟! ... — دېدى ۋە شۇئان ئۆزىنى باسالماي يارىدارنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

يارىدار سەل - پەل قىمىرلاپ قويدى. ۋىرا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ۋاي خۇدايىمەي ... ئۇنىڭ قولىچۇ ... دوختۇرلار ئۇنىڭ ئىككى قولىنىمۇ كېسىپ تاشلىغانلىقىنى دېمىگەنىدىغۇ.

يارىدار بېشىنى ئاستا بۇراپ ۋىراغا قارىدى، ۋىرانىڭ كۆز ئالدىدا يۈزى قىپقىزىل تاتۇق بىلەن تولغان، ئىككى كۆزى ئويۇپ ئېلىۋېتىلگەن ئىنتايىن بەتبەشىرە، ناتونۇش بىر چىراي پەيدا بولدى. چوڭقۇر بىر يارا ئىزى بۇ قورقۇنچلۇق يۈزنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەنىدى. ۋىرا قاتتىق بىر چىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى.

## 6

ۋىرا ئىشخانىدا ھوشىغا كەلدى. باش دوختۇر ئۇنىڭ بۇرنىغا دورا پۈركۈۋاتاتتى. شاۋشياۋمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە توختىماي ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى.

— سىز ئەمدى قانداق قىلماقچى؟ — دەپ سورىدى شاۋشياۋ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن.

— ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىمەن، ئېيتىڭا، نېمىلەرگە دىققەت قىلسام بولىدۇ؟

— ئۇ ئۆلۈپ كېتىشىمۇ ياكى خېلى يىللار ياشىشىمۇ مۇمكىن، — دېدى باش دوختۇر، — ئۇ ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ، بەدىنى قۇۋۋەتلىك بولغاچقا، ھازىرغا قەدەر بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەزەلدىن ياخشى ئىدى، — دېدى ۋىرا. دوختۇرلار ۋىراغا ئالېكسېينىڭ قانداق يارىلانغانلىقىنى، قانداق تېپىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇنى ئۇرۇش مەيدانىدىن تېپىۋالغاندا ھېچكىم تونۇيالماي قاپتۇ. يېنىدىن كىملىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئىسپاتمۇ چىقماپتۇ. كېيىن تۆش يانچۇقىدىن چىققان خوتۇنىغا يازغان خېتىدىن، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىشىپتۇ. خەتتە، ئۆزىنىڭ خەتەرلىك بىر جەڭگە كېتىۋاتقانلىقى، ساق كېلەلمىسە، خوتۇنىغا يازغان بۇ ئەڭ ئاخىرقى خەتنى يولداشلىرىنىڭ پوچتىغا سېلىۋېتىشىنى ئۆتۈنگەنلىكى يېزىلغانىكەن.

دوختۇر ئۇ خەتنى ۋىراغا بەردى. ۋىرا چۆرىسىدە قان دېغى قالغان كۆلرەڭ قەغەزگە قېرىنداش بىلەن ئىلماپ - ئىلماپ يازغان خەتكە چۈشەنمىگەندەك ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا قاراپ كەتتى. بۇ ئالېكسېينىڭ پۈچۈركىسىغۇ! خەتتىكى سۆزلەر ئۇنىڭ ۋىرانى ئەركىلىتىپ دەيدىغان سۆزلىرىغۇ؟ بۇ كىشى شەك - شۈبھىسىز ئالېكسېي!

ۋىرا ئۆزىنىڭ ئۆيگە قانداق قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئىشىكتىن قانداق كىرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ژېل ۋىرانى ئادەتتىكىدەك ئىشىكتە قارشى ئالدى. ئۇ ئەركىلەپ ئۇنىڭغا سۈركەلسىمۇ ۋىرا بۇنى سەزمىدى. ئۇ پەلتوسىنى سېلىپ ئۈستەلگە تاشلىدى - دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

شەنبە كۈنى، ئۇلار ئالېكسېينى ئۆيگە ئېلىپ كېلىشتى.

ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىرگەندە، ژېل ھاۋشىپ زادىلا جىم تۇرالماي كەتتى. سېسترالار كەتكەندىن كېيىن، ۋىرا ژېلنى قويۇپ بەردى، ژېل ئۆيدىكى ئاياغ ئىزلىرىنى پۇراپ كۆرۈپ، كارىۋات تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، كارىۋاتتا ياتـ

قان كىشىنى پۈرىدىملى تۇردى. ئاندىن غەمگە پاتقاندەك كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئالدى ئىككى پۇتىنىڭ ئۇستىگە بېشىنى قويۇپ ياتتى. ئۇ ئىگىسىنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى خالىمىغاندەك قىلىسىمۇ، ئۆي ئىچىدە ياۋاش مېڭىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭدا يېقىن كىشىلىرىگە بولىدىغان يېقىنلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. كارىۋاتتا قىمىرلىماي ياتقان كىشىگە قاراپ، پولدا جىمجىت ياتاتتى. بەزىدە گەپ سورىماقچى بولغاندەك، ئايال خوجايىنغا قاراپ قوياتتى. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ بىر نەچچە كۈنگىچە بىر نەرسە يېمىدى. خۇددى كارىۋاتتىكى ئادەمنىڭ قوپۇشىنى كۈتۈۋاتقاندەك كارىۋاتنىڭ يېنىدا سائەتلەپ ياتاتتى. ئۇ ئادەمنىڭ قىمىرلىماي يېتىشى ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى، كېيىنچە ئۇ بۇ ئىشلارغا ئاستا - ئاستا كۆنۈپمۇ كەتتى.

## 7

شۇ كۈندىن باشلاپ، ژىلنىڭ پارقىراق قاپقارا تۈكلىرى ئاقىرىشقا باشلىدى، مىجەزىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. بەزىدە كۆزلىرىدە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ياۋۇزلۇق چاقناپ قالاتتى. ۋىرا ئۇنىڭ ئاغزىغا ئېغىزلىق سالماي تۇرۇپ كوچىغا يېتىلەپ چىقىشتىن ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالدى.

ژىل كۆپ ئۇخلايدىغان، تالا - تۈزگە ئاز چىقىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئالېكسېينىڭ كارىۋىتى يېنىدا، كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغان ھەر بىر ئاۋازىغا سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ ياتاتتى، لېكىن بۇرۇنقىدەك بىر قەرەلدە ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ بىرىنى كۈتىدىغان ئىشنى زادىلا ئۆزگەرتمىدى، ۋىرامۇ ئۇنى توسمىدى.

ژىل كېچىلىكى قاراشتا ياخشى ياردەمچى ئىدى، ياردار مىدىرلاپلا قويسا، دەرھال بېرىپ ۋىرانىڭ كۆڭلىكىنى چىشلەپ كارىۋات يېنىغا تارتاتتى.

«سەن بولمىغان بولساڭ، قانداقمۇ قىلارىدىم.» دەيتتى ۋىرا ژىلنىڭ بېشىنى سىلاپ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كۆلپەتلەرگە قانداقلارچە چىداۋاتقانلىقىغا ھەيران ئىدى.

ۋىرا ھېچكىمدىن ئاغرىنمىدى، ئاھ - ۋاھ دەپمۇ كەتمىدى. لەنىتى ئۇرۇش ئۇنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى بۇزدى. ئالېكسېي فرونتقا كەتكەن دەسلەپكى ئايلاردا ئۇ كۈندە دېگۈدەك يىغلاپ يۈردى، ھازىر ئۇ كۆز يېشى قۇرۇپ تۈگەپ، تەمكىن، ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغانىدى.

ۋىرا ئالېكسېيغا ناھايىتى كۆيۈنەتتى، ئالېكسېينىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇزۇن كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، بەزىدە ئۈمىدسىزلىنىپمۇ قالاتتى. رېئاللىق ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى، لېكىن ئۇ باش ئەگمىدى.

دەسلەپتە، ئالېكسېي بىر ئاز ياخشىلانغاندەك قىلدى. كېيىنچە بىردىنلا ھالى پەسلەپ كەتتى، ۋىرانىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بەرمەيتتى.

ژىلچۇ؟ ... ئۇنىڭ ئالېكسېي قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يان ئىشىككە بېرىپ ئۇنى ساقلايدىغان ئادىتىنى تاشلىماسلىقى ۋىرانى تولىمۇ ئازابلايتتى. ئۇ يەنە كىمنى ساقلايدىكىنە؟ بەزىدە ژىل ئىگىسىنىڭ كۆزىگە ئۇزاق قاراپ كېتەتتى.

«ئىت دېگەن ئىگىسىگە سادىق بولىدۇ» دەيتتى ئالېكسېي ۋە ۋىراغا ئىگىسىنىڭ قەبرىسى بېشىدا يېتىپ، يىغان بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئىتلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى.

ۋىرا بەزىدە كارىۋاتتا ياتقان كىشىنى ئالېكسېي ئەمەس، باشقا ناتونۇش ئادەمدەك ھېس قىلاتتى. بۇنداق

چاغلاردا ۋىراغا ئالېكسېي ھېچنېمە بولمىغاندەك، باشقا بىر يەردە ساق يۈرگەندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. بۇ بىر ئەخمىقانە ئوي بولسىمۇ، ۋىرانىڭ ئازابلانغان قەلبىگە ئازراق بولسىمۇ تەسەللى بولاتتى.

ئالېكسېي ياخشى كۆرىدىغان سېنتەبىر ئايلىرىدا ۋىرانىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولۇپ يۈردى. چۈنكى ۋىرا سېنتەبىرنىڭ ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى ئالېكسېي بىلەن دالىلارغا چىقىپ سەيلى قىلىپ كېلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

— باياتىن ئورنىدا جىم ياتقان ژېل، تويۇقسىز سەكرەپ تۇرۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى ۋە ھاۋشىغان پېتى ئىشىكنى تاتىلاپ ئاچتى - دە، تۆۋەنگە قاراپ ئۇچقاندەك چۈشۈپ كەتتى. ۋىراغا يان ئىشىكنىڭ غىچ قىلىپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى، بىردەمدىن كېيىن، ژېلنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نېمە ئىش بولغاندۇ؟ يەنە بىر ئازدىن كېيىن كارىدوردا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ۋىرا: «كىم!» دەپ ۋارقىرىشىغا، ئىشىك ئېچىلدى. ۋىرا كارىدورغا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تېتىك، ساغلام ئالېكسېي تۇراتتى. ئۇ يېنىدا ئەركىلەۋاتقان ژېلنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ، مورىسىدىكى قاپنى يەرگە تاشلىدى.

ۋىرانىڭ بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. خاتالىشىۋاتمايدىغاندىمەن-ھە! ئۇنداقتا... ئۇ ئالېكسېي ئەمەسمۇ؟ ئۇ خۇشاللىقىدىن ئالېكسېينىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ بوقۇلداپ يىغلايتتى، كۆزىدىن ئېقىۋاتقىنى خۇشاللىق يېشى، بەخت يېشى ئىدى. ئالېكسېي خوتۇنىنىڭ بېشىنى توختىماي سىلايتتى.

— بولدى قىل، ... ئاپئېقىم، يىغلىما، ئۆزۈڭنى بېسىۋال ۋىرۇچكا ... قارا، مەن قايتىپ كەلدىمغۇ؟ يەنە نېمىگە يىغلايسەن!— ئالېكسېي ھەر قانچە بەزلەپمۇ، ۋىرانى يىغىدىن توختىتالمىدى.

ژېلچۇ؟ ئۇنىڭ ئەر خوجايىنىنىڭ يۈزىنى يالىغۇسى كېلەتتى، ئۇلارنى ئايلىنىپ تىنىماستىن يۈگۈرەيتتى، ئۇلارنى بۇرنى بىلەن تۈرتەتتى، قۇيرۇقى بىلەن ئۇراتتى.

— تۈكلىرىڭ ئاقىرىپلا كېتىپتىغۇ، بۇرادەر، — دېدى ئالېكسېي ھەيران بولۇپ.

— سېنى كۈتۈپ كۆزى تېشىلگۈدەك بولۇپ كەتتى ئۇنىڭ...

— سېنىڭچۇ؟

ۋىرا جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ئالېكسېينىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ تۇراتتى.

ژېل خۇددى ئەمدى بىلگەنسەر، مەن ھەر كۈنى يان ئىشىككە بىكارغا چىقمايتتىم، ئىگەمنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، كارىۋاتتىكى ئۇ ئادەمنىڭ مېنىڭ ئىگەم ئەمەسلىكىنى بۇرۇنلا بىلگەن، دېگەندەك ئۇلارغا قاراپ قويدى.

ئالېكسېي ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە تويماي قارايتتى. تۇساتتىن، ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، دەسلەپتە قىزاردى، كېيىن تاتىرىشقا باشلىدى، بېشى ئايلانغاندەك بولدى. ئۇ ئىشىكنىڭ كەينىدىكى ئىلغۇچتا ئېسىقلىق تۇرغان ھەربىيچە سېرىق پەلتونى كۆرگەندى. ئالېكسېي پەشلىرى قىرچىلىپ كەتكەن، مورىسىدىكى پاگون ئۈزۈلۈپ چۈشكەن بۇ ئەرەنچە پەلتونىڭ قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىغا ھەيران ئىدى. قورقۇنچلۇق بىر سېزىم ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ. ئاۋازىمۇ غەلىتە چىقتى. ۋىرا بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

— ھەربىيچە پەلتوغۇ!...

— بىلىمەن، مەن سېنىڭدىن ئۇنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سوراۋا-

تمەن، ئەگەر خالىمىساڭ، جاۋاب بەرمەسەڭمۇ بولىدۇ.

— ئالىيوشا!

ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئاۋازى غەزەپلىك، بىرىنىڭ جىددىي ئىدى. بۇ ئەھۋال ژېلىنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. ئۇ خۇددى «بۇرادەرلەر، بۇ سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار، سىلەرگە زادى نېمە بولدى، خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۇرۇشقىنىڭلار نېمىسى؟» دەۋاتقاندەك بىردەم بۇنىڭغا، بىردەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئالېكسېي ئۆزىنى بىر ئاز تۇتۇۋېلىپ خوتۇنىغا قاراپمۇ قويماي يەردىكى خالتىنى ئېلىپ مورىسىغا ئارتتى.

— ئالېكسېي، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

— مەن ساڭا پۇتلاشماي دەيمەنا!...

ئۇ ئىشىككە قاراپ ماڭغانىدى، ژېلى ئۇنىڭ يولىنى تورىۋالدى.

— ئالېكسېي، ئاۋۋال مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ باقساڭچۇ.

— بولدى، چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمىساڭمۇ بولىدۇ، ھەممىنى بىلدىم...

— ياق، ئاۋۋال ئاڭلاپ باق.

... دەسلەپتە ئالېكسېي قاپقىنى تۈرگەن پېتى باشقا ياقلارغا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. كېيىن چىرايى بارغانسېرى ئېچىلىشقا باشلاپ، ئەسلىدىكى ئاق كۆڭۈل، دىلى يۇمشاق ئالېكسېي ئەسلىگە كەلدى.

ۋېرا سۆزلەپ مېيىپ كىشىنى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن يەرگە كەلگەندە، ئالېكسېي:

— سەنزە، ئۇنى مەن دەپ ئويلاپ قاپسەن-دە. قاراپمۇ تونۇيالمىدىڭمۇ! — دەپ سورىدى.

— ئۇنى پۈتۈنلەي سەن دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

— شۇڭا ئۇنى ئۆيگە ئەكىلىپ قاراپسەندە.

— شۇنداق، — ۋېرا كەسكىن جاۋاب بەردى.

ئالېكسېي ئورنىدىن تۇردى ۋە ۋېرانىڭ قولىغا سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ۋېرا، سەن قانچىلىك چوڭ ئىش قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ ... رەھمەت ساڭا، ئاپىئېقىم، ئۇنىڭ نامىدىن، ھەممىمىزنىڭ نامىدىن ساڭا كۆپ رەھمەت!... كۆپ رەھمەت، — دېدى.

— ئالىيوشكا، بۇ نېمە دېگىنىڭ. بولدى، ئۇ گەپلەرنى قوي.

ئالېكسېي بېشىنى ئاستا كۆتۈردى.

— ئۇنداق بولسا ... — ئۇنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ۋېرا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دەرھال چۈشەندى.

— ئۇ بىزنىڭكىدە تۇرىۋەرسۇن.

ياردار تام تەرەپكە قاراپ ياتاتتى، ۋېرا ئېگىلىشىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇلايىملىق بىلەن:

— ئالىيوشا، مېنىڭ ئېرىم ئالېكسېي قايتىپ كەلدى، قاراڭچۇ! بىراق، سىز ... — دۇدۇقلاپ قالدى، — سىز ئەندىشە قىلماڭ، سىز بىز بىلەن بىللە تۇرىۋېرىسىز. سىزگە ئۆزىمىز قارايمىز. گېپىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

ئالېكسېيمۇ ياردارنىڭ يېنىغا كەلدى. ياردارنىڭ چىرايىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى. ئۇ قىمىرلاپ ئۆرۈلۈشكە ھەرىكەت قىلدى...

— توختا، — دېدى ئالېكسېي نېمىشقىدۇر جىددىيلىشىپ، — سەن ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەت چىقتى دەۋاتاتتىڭغۇ، ئەكەلگىنە، مەن كۆرۈپ باقاي.

— توغرا، نەق ئۆزى، — دېدى ئالېكسېي خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، — راست شۇ ئىكەن!

— كىمنى دەيسەن؟ — دەپ سورىدى ۋېرا.

— ئالېكسېي چىردىسىۋ، مېنىڭ بىر بۇرادىرىم، ئىككىمىز ئۇرۇش مەيدانىدا بىللە بولغان. ئىچىمىزدىن بىرىمىز قازارەن ئۆلۈپ كېتىپ قالساق، يەنە بىرىمىز قېرىنداشلىرىمىزغا خەت - خەۋىرىمىزنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولۇپ خەتلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇشقانىدۇق، مەن تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ ساق قالدىم. ئۇ ئاجايىپ ئېسىل يىگىت ئىدى.

ئۇ دەرھال يارىدارنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشىپ:

— ئاليوشا، كاپىتان چىردىسىۋ، كېپىمنى ئاڭلىيالىدىڭىزمۇ؟ مەن ئالېكسېي بارتولىن بولىمەن. بىز ئۇرۇش مەيدانىدا بىللە بولغان ئەمەسمىدۇق؟ ئەسلىيەلەمسىز؟ — دەپ توۋلىدى.

يارىدار سەل قىمىرلاپ قويدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ گەپنى چۈشەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— سىز ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن يەنە ئۇچرىشىمىز، دېگەن ئەمەسمۇ، قاراڭ، بىز يەنە ئۇچراشتۇق، بىز ئەمدى بىللە تۇرىمىز، چۈشىنىۋاتامسىز؟

يارىدار جىم ياتاتتى، ئاڭلىغان - ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ۋىرا سۇنى ئىسسىتىپ قويدى، ئالېكسېي يۇيۇنۇپ، ساقىلىنى پاكىز ئالدى، ئۇلار ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ كەتتى، يارىدارنى بىر پەس ئەسلىرىدىن چىقىرىشىپ قويدى. تۇيۇقسىز، تىرىقلىغان بىر ئاۋاز ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. قارىسا، ژېل ئالدى ئىككى پۇتىنى كارىۋاتقا ئېلىپ يارىدارنى پۇراۋاتقانىكەن.

— ژېل، نېمە قىلىۋاتىسەن! — دەپ توۋلىدى ۋىرا ۋە ئادەتتىكى بويىچە دەرھال يارىدارنىڭ يېنىغا كەلدى، ئالېكسېيمۇ كەلدى.

يارىدار ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندەك قىمىرلايتتى ۋە گەپ قىلماقچى بولغاندەك ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئۈمەللەيتتى.

— ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى ئوخشايدۇ، — دېدى ۋىرا.

ئۇلار ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ كەينىگە ياستۇق يۆلەپ قويدى، يارىدار لەۋلىرىنى توختاۋسىز مىدىرلىتاتتى.

ئۇ گەپ قىلماقچى ئوخشايدۇ، — دەپ پىچىرلىدى ئالېكسېي.

— ئاليوشا، كېپىمىز بارمىتى؟ — دېدى ۋىرا.

— يارىدار بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— قاراڭ، ئۇ بىزنىڭ كېپىمىزنى ئاڭلاپتۇ، — دېدى ۋىرا خۇشال بولۇپ.

— گەپ قىلما، — ئالېكسېي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— رەھ ... مەت! سىلەرگە، — دېدى يارىدار، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ، — ئانامغا ... ئۇقتۇرۇپ ... قويۇڭلار! ... — ئۇ بىردەم تۇرۇۋالدى، — مېنى ... تاشلىۋەتمىدىڭلار ... —

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچىدى، ھالسىزلىنىپ گەپ قىلالماي قالدى...

(خەنزۇچە «چەت ئەل ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 4 - سانىدىن)

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 4 - سانىدىكى مۇھىم ئەسەرلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| سامانيولى | (رومان) | كەرىمە نادىر | (تۈركىيە) |
| ئادام ۋۇلپاس | (پوۋېست) | ياكوب ۋاسسېرمان | (گېرمانىيە) |
| قولنىڭ ئەركىنلىكى | (ھېكايە) | لوسېرو | (ئارگېنتىنا) |
| بەختسىز تۆرەلمە | (ھېكايە) | زاندەمېتلا | (سىرىلانكا) |
| مۇھەببەت | (ھېكايە) | شىبەن ياگىسلاۋ | (ياپونىيە) |

# ئوغۇز ئەپسانىسى

(دەدە قورقۇت چۆچەكلىرىدىن)

توختى تىللا تەرجىمىسى

بىزنىڭ نە پادىشاھىمىزدەك پەرمانىمىز، نەلوقمانىمىزدەك دەرمانىمىز يوق. سازدىن - سۆزدىن ئاڭلىمىغانلارغا، ئاق - قارىنى ئايرىمىغانلارغا داستانلارنىڭ بېشى بولغان بىر داستانىمىز ئوغۇز داستانى بار. بۇ داستان بىر يايلاق ... بۇ داستان بىر بۇلاق ... تارىخلار بۇ يايلاقتىن كېچەر، ئەپسانىلەر بۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچەر. سىزمۇ ئىچىڭ بىر يۇتۇم بۇ ئابىھاياتتىن، مەرھەمەت ...

بۇرۇنقى زاماندا ئوغۇزخان دېگەن بىر ئۇلۇغ خاقان ئۆتكەنىكەن. تاغۇ تاشقا ھۆكمى، بۆرى - قۇشقا سۆزى ئۆتكەنىكەن ...

ئۇ دۇنياغا كەلگەندە دۇنيا يېڭىباشتىن بىر ياشقا كىرىپتۇ. گۈزەللىكىگە گەپ كېتەمدىغان. ئۇنى ئانىدىن تۇغۇلغان دېيىشكە تىل بارماس ئىمىش... ئانارىدانىسى، نۇردانىسى، تەڭرى تېغىنىڭ بىر دانىسى. قاشلىرى بار ئىمىش قەلەم قارىسى، كۆزلىرى بار ئىمىش ئاھۇ يازمىسى*، ئېغىزلىرى ئويماق كەبى، داستان بولغۇدەك قالغان يېرى. پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپلۈك نۇرى، كۆكسىدە بار ئىمىش ئۈچ تال مويى: بىرى ئارسلان، بىرى يولۋاس، بىرى بۆرى تۈكى. ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىماس ئىمىش مىجەز - خۇيى. كۈلسە گۈللەر ئېچىلار ئىمىش، يىغلىسا ئۈنچىلەر چېچىلار ئىمىش. ئاجايىپ بىر ئىنسان ئىمىشكى، كىمنىڭمۇ كۆرگۈسى كەلمەسۇن ئۇنى ...

ئانىسىنىڭ سۈتىنى بىر شوراپلا ئىككىنچى ئەممىگەنىمىش. قۇرۇق نان يەپ، قۇرۇق ئاش ئىچەر ئىمىش. گەپ قىلسا ئاغزىدىن بال ئېقىپ، تىلىدىن قايماق تامار ئىمىش... كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە چوڭ بولۇپ، قىرىقىغا توشماي ماڭغانىمىش. ئايىغى يەتكەن يەرلەردە لالە - سۇمبۇللار ئۈنەر ئىمىش، خۇش پۇراقلار چاچار ئىمىش.

نە ياشقا باقماپتۇ، نە باشقا، نە ئويۇنغا قېتىلماپتۇ، نە تاماشىغا ... بىر كۈن ئات چېپىشتۇرسا، بىر كۈن ئوق ئېتىپتۇ. ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋالالايدىغان ئادەم يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ پېيىگە چۈشمەي قالسۇنمۇ!

گاھ ئېقىن بولۇپ ئېقىپ، گاھ دەريا بولۇپ تېشىپ، كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە قىرىق پالۋانغا باش بوپتۇ. ئەمدى ئۇ ئۆيگە، يۇرتقا سىغىسۇنمۇ! قىرىق پالۋاننى كەينىگە سېلىپ، يايلاقنىڭ قارلىقى، يات ئەلنىڭ

* تەلمۈرۈپ تۇرغان كېيىك مەنىسىدە.

قانلىقى دېمەيتۇ. تاغدىن - تاغقا، يۇرتتىن-يۇرتقا سۈدەك ئېقىپ يۈرۈپتۇ.

ئۇياقلاردا بىر ئورمانلىق بار ئىكەن. ئىچىدە قىزىل تۇمشۇق كەكلىكلەر، سۇرمە كۆزلۈك كېيىكلەر ئويىنىشىپ يۈرىدىكەن. شارقىراپ ئاققان سۇلارنىڭ، شىلدىرلىغان ياپراقلارنىڭ، سايراشقان قۇشلارنىڭ سادالىرى قوشۇلۇپ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىكەن. بۇ ئورماندا يەتتە باشلىق بىر دىۋە بولۇپ، ئۇ يەرگە كىرگەن نەرسە ساق چىقمايدىكەن. بۇ دىۋە سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاغزى ئېچىلغان ھامان قۇربانلىرى كەلتۈرۈلمىسە، بىر يۇتۇم سۇغا «سۇن» دەپ، قانچىلىغان غۇنچە بويلۇقلارنى چاينىماي يۇتۇۋېتىدىكەن. ئادەم دېگەن يەردىن چىقمايدۇ - دە! بۇ ۋەجىدىن قانچىلىغان ئوچاقلارنىڭ كۈلى توزۇپ، قانچىلىغان زېمىنلار قۇرۇپ چۆل بوپتۇ. يۇرت-يايلاق چىدىسۇنمۇ بۇنىڭغا!

زامانلاردىن بۇيان نى - نى پالۋانلار توپلىشىپ بېرىشىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېرىسى تۆمۈردىن، باغرى پولاتتىن قاتتىق ئىمىش. ئوق ئېتىپتۇ، تەگمەپتۇ، قىلىچ چېپىپتۇ، كەسمەپتۇ، نەيزە سانچىپتۇ، تەشمەپتۇ، تاغۇ تاشنى بېشىغا ياغدۇرۇپتۇ، بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەپتۇ.

ئانىلار تاش يۈرەك بولغان بىر كۈنى ئوغۇز ئورمانغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇنىڭ نىيىتىنى كۆزىدىن پەم قىلغانلار:

— ئەي ئوغۇل، پۈتۈن دۇنيانى كەزسە، باتۇرلۇقتا سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتىدىغىنى يوق، لېكىن بۇ دىۋە ئويىنىشىدىغان مەخلۇق ئەمەس. جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ سەن! — دەپ يولدىن قايتۇرماقچى بوپتۇ، لېكىن ياش يىگىت:

— مەن بۇنىڭغا ئەھدە قىلدىم. ئۆلسەم يەر خۇش بولار، قالسام ئەل ... — دەپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. جىلغىلاردىن سەلدەك، تۆپىلەردىن بوراندەك ئۆتۈپ بارماقچى بولغان يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى بىر كېيىكنى تۇتۇپ سۆگەت تېلى بىلەن بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ ... تاڭ سەھەردە بېرىپ قارىسا، كېيىكنىڭ ئورنىدا بورانلار ئۇچۇۋېتىپتۇ. بۇ كۈنىمۇ بىر جانىۋارنى قولغا چۈشۈرۈپ، كۈمۈش كەمىرى بىلەن دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ ... ئەتىسى يەنە بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئورنىدىمۇ شاماللار چىقىۋېتىپتۇ! شۇنداق قىلىپ دىۋىنى بۇ يەرگە ئۆگىتىۋاپتۇ. ئۇ كېچە بېشىنى ئالقىنىغا ئېلىپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ماراپ يېتىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. نە قورقۇن، نە قورۇنۇش، يۈرىكى ئېغىپمۇ قويماپتۇ. ئورماندا بىر دەھشەتلىك سادا كۆتۈرۈلۈپ، تاللار باشلىرىنى ئېگىپ، ياپراقلىرى يەرنى قاپلاپتۇ ... ئامان - زامان دېمەيتۇ، شۇ ئەسنادا قارا دىۋە قارا بوراندەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئوغۇزنىڭ ئالقىنىغا تېگىپتۇ. ئالقان تىلىنىپ، ساۋۇتلار پارچىلىنىپتۇ. لېكىن ئوغۇزنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەپتۇ. ئۇ ياراتقان ئىگىسىگە سېغىنىپ شاپ پىچىقىنى قولىغا ئېلىپ، دىۋىنىڭ بېشىغا بىر ئېتىپتىكەن، ئەۋسىلى خۇدا، دىۋە جەھەننەمگە راۋان بوپتۇ. ئوغۇز قاراپ تۇرسۇنمۇ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ...

بۇ خەۋەر تارقالغاندا يايلاقنىڭ، يۇرتنىڭ كامالى كۆلۈپتۇ. شۇنداق بىر ھېيت - مەرىكە قىلىشىپتۇكى، پەلەكمۇ خۇش بوپتۇ. شۇ كۈندىن كېيىن ئىنسانلار پالۋانلار بېشى ئوغۇزنى خانلاردىن ئۈستۈن خان بىلىپ باشلىرىغا تاج قىلىپتۇ ...

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئوغۇز بىر تاغنىڭ چوققىسىدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغىنىدا بىر-

دىن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، كۆز كۆزنى كۆرگىلى بولماي قاپتۇ. بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆپكۆك بىر نۇر پەيدا بوپتۇ... ئۇ ئۇدۇل قارىسا نە ئاي ئەمەس، نە يۇلتۇز ئەمەس، ئاي بىلەن تەڭلەشتۈرسە كۈن بولۇپ تۇغقان بىر قىز ئىمىش. كۈلسە نۇرمۇ كۈلەر ئىمىش، يىغلىسا نۇرمۇ يىغلار ئىمىش... ئوغۇز بىرقاراپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپتۇ، يەنە بىر قاراپ ئېسىگە كەپتۇ ...

كېيىن ئۇلار قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ مۇرادىغا يېتىپتۇ ... ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئوغۇزنىڭ بۇ نۇر جامالدىن ئۈچ ئوغلى بوپتۇ. بىرى قۇياش، بىرى ئاي، بىرى يۇلتۇز ئىكەن ...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز شىكارغا چىقىپتۇ ... مېڭىپتۇ - مېڭىپتۇ، چىمەنلىكلەرنى كېزىپتۇ، لالە - سۇمبۇل تېرىپتۇ، ساي - جىلغىلار ئېشىپتۇ، ئالدىدا كۆپكۆك بىر كۆل پەيدا بوپتۇ ... كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۇپ دەرەخ، دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر قىزنى كۆرۈپتۇ. گۈزەل دېسە دېگۈچىلىكى بار ئىمىش. بېقىشلىرى ئاھۇ كېيىكتەك، يېقىشلىرى قىپقىزىل چوغدەك ئىمىش. كۈلسە كۆلمۇ كۈلەر ئىمىش، يىغلىسا كۆلمۇ يىغلار ئىمىش... ئادەمنى كۆرسە چىراي ئاچماس، قېمىزدەك ئېرىپ ئاقماس ئىمىش. خوجا ئوغۇزنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق بىر ئوت چۈشۈپتىكى، كۆيۈپ كۈل بولۇشقا ئاز قاپتۇ. «قانداق قىلاي، ئۇ پېشانەمگە يېزىلغان بولسا، بۇمۇ يۈرىكىمنىڭ بىر ئاغرىقى!» دەپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىسال ئارزۇسىغا يېتىپتۇ. ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ ئاھۇ كۆزلۈكتىنمۇ ئۈچ پەرزەنت كۆرۈپتۇ. بىرى ئەرش، بىرى تاغ، بىرى دېڭىز بوپتۇ.

تەڭرى ئوغۇزنى ھەممە مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھاسىل بولمىغان بىر مۇرادى قاپتۇ ... كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئەلگە چوڭ داستىخان سېلىپ توي بېرىپتۇ. يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە ھەممە بەگلەرنى تەكلىپ قىلىپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلىگەندىن كېيىن:

— ئەي باتۇرلىرىم، پالۋانلىرىم، — دەپتۇ، — تەڭرى خالاپتىكەن، سىلەرگە خان بولدۇم، خاقان بولدۇم، تەختكە چىققان كۈنۈمدىن بېرى زىممەمگە چۈشكەننى قىلدىم. ئۆيۈڭلارنى ئۆيۈم، ئوچىقىڭلارنى ئوچۇقۇم بىلىپ، يىغلىغانلار بىلەن يىغلىدىم، كۈلگەنلەر بىلەن كۈلدۈم. بۇ تۇپرىقىمىزنى شۇنداق بىر تىرىكچىلىك مەئىشتىگە ئېرىشتۈردۈمكى، ئەمدى نە دۈشمەنلەر كېلەلمەس، نە جىن-شەيتانلار تېگەلمەس بولدى ... لېكىن يايلىقىمىز بىر غېرىچ، يۇرتىمىز بىر غۇلاچ. بۇ يەرلەرگە سىغماس بولدۇق... بىلىكىمگە بىلەك، يۈرىكىمگە يۈرەك بولساڭلار شۇ دۇنيانى ئالقىنىمغا ئېلىپ، يەتمىش ئىككى مىللەتنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاشنى ئويلايمەن. تىلەكلارنىڭ تېگىدىكىنى ئېيتىڭلار ئەمدى!

بۇنداق خانغا كىم قۇربان بولماس ... ئوغۇز بەگلىرى بىر ئېغىزدىن:

— ئەي خانلار خانى، — دەپتۇ، — كۆڭلىڭىزگە شۇ ئوي كەلگەن بولسا ھەممىمىز ئاغزىڭىزغا قارايمىز. نامىڭىز نامىمىز، مۇرادىڭىز مۇرادىمىز. ئۆل دېگەن يېرىڭىزدە ئۆلىمىز، قال دېگەن يېرىڭىزدە قالىمىز ...

بۇ ئەھدۇ پەيمان بىلەن ئوغۇز تۆت ئەتراپقا قۇشنىڭ قانىتى بىلەن خەۋەرلەر يەتكۈزۈپ، ھەممە خانلارنى تۇغى ئاستىغا چاقىرىپتۇ:

— بۇيرۇقۇمغا باش ئەگكەنلەرنى بېشىمغا ئالىمەن. بېرىپ يەنە ئۆز دۆلىتىنى

سۇرىسۇن. لېكىن، باش ئەگمىگەنلەرنىڭ جېنىغا ۋاي، ئەجىلىگە ھازىر بولسۇن! ...

ئۇ چاغلاردا ئوغۇزلارنىڭ ئوڭ قانىتىدا «ئالتۇن خان»، سول قانىتىدا «كۈمۈش خان» دېگەن خانلار بار ئىكەن. ئالتۇن خان پەرماننى ئالغاندا، سۆيۈنۈپ بېشىغا قويۇپتۇ:

— تاجۇ تەختىمگە تەگمىگەندىن كېيىن، بار - يوقۇم ئۇنىڭ بولسۇن! — دەپ ئوغۇزنىڭ تۇغى ئاستىغا كىرىپتۇ. لېكىن كۈمۈش خان:

— مەن ھېچكىمنىڭ تۇغى، بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا كىرمەيمەن، كەلگۈچى بولسا كۆرىدىغىنى بار! — دەپ مەيدانغا چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇز دەرغەزەپكە كەپتۇ:

— ئەمرىمگە قارشى چىققان سەنمۇ! — دەپ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىپتۇ. لەشكەر ئۈستىگە لەشكەر يېغىپ، نەيزىلەر ئورمان بوپتۇ. قارا تاغدىن كەلگەن قارا سەلدەك ئېقىپ قۇش ئۇچماس، كارۋان كەزمەس بىر يەرگە كەپتۇ. ئوغۇزخان كېلىپ ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا چېدىرنىڭ ئىچىگە بىر يورۇقلۇقنىڭ شولىسى چۈشۈپتۇ. بۇ شولا ئىچىدىن كۆك يالىلىق بىر بۆرى چىقىپ:

— نېمە تىلىكىڭ بولسا مەندىن تىلە، — دەپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ ... «ئىدىل» دېگەن دەريانىڭ بويىغا يېتىپتۇ. ھالبۇكى، كۈمۈش خانمۇ تاغۇ تاشنى توپلاپ ئۇ دەريانىڭ بېشىغا كەپتىكەن. شۇنداق بىر يىغا بوپتىكى، يازسا - يازسا تۈگىمەس بىر داستان بوپتۇ ... دەريا قان بولۇپ ئېقىپ، ئاتلارنىمۇ سۇغۇرغىلى بولماپتۇ. قېنى ئۇ يوغان گەپ قىلغان كۈمۈش خان! تاتلىق جېنىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. تاجۇ تەختى ئوغۇزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ.

بۇ قانلىق يېغىدىن كېيىنمۇ توپىلاڭ بېسىلماپتۇ ...

«شائىر سۆزى ئۇز بولۇر، كۆپ ئۇزارتساق سۆز بولۇر». ئوغۇزخان يەنە بىر نەچچە ئۆتكىلى بولماس سۇلاردىن ئۆتۈپ، ئاشقىلى بولماس تاغلارنى ئېشىپ، يېڭىلمەس ياۋلارنى يېڭىپ، ئېچىلماس قەلئەلەرنى ئېچىپ، يەتتە ئىقلىم، تۆت ئەتراپنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاپتۇ. ئۆز تۇغى ئاستىغا ئالغان يەرلەرنى بىلىكى ھەم يۈرىكىگە ئىشەنگەن خان - خانىملارغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىگە:

— ئال، ساقلا، ساڭا ئاتا قىلدىم بۇ يېشىل يۇرتنى! — دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۇرۇغىنىڭ نامى «ساقلىغۇچ» بوپتۇ ...

يەنە بىرىگە:

— تۇر، بۇ يەردە، يوغىنىغىنىڭچە يوغىنا بۇ يۇرتتا! — دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ جەمەتىنىڭ نامى «تۇرغۇچ» بوپتۇ. يەنە نېمىلەر بولغانلىقىنى كىم بىلسۇن، خانلار خانى قىلىچىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن قولىغا چۈشكەن، تاپىنى يەتكەن يەرلەردە يىگىرمە نەچچە بەگلىك قۇرۇپ، ئۆز يۇرت - يايلىقىغا قايتىپتۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ چاچلىرى شۇ يوللاردا ئاقىرىپتۇ ...

شۇ زامانلاردا «قۇتلۇق» دېگەن ياشانغان ئاقساقاللىق بىر خوجا ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەقىل - پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، دۇنيادا بىلمەيدىغىنى يوق، ھەر نەرسىگە ئاقىل ئەر ئىكەن. ئوغۇزخان ئۇنى بېشىدا كۆتۈرۈپ، ھەر سۆزىنى بىر كارامەت ھېسابلايدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ئاقساقاللىق خوجا چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن بىر كۈمۈش ئوق كۆرۈپتۇ. ئالتۇن يانىڭ كىرىچى كۈندۈز تەرەپكە سوزۇلسا، كۈمۈش ئوق كېچە تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. ئۇ تاڭ سەھەردە ئوغۇز-

خاننىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشىگە خەيرلىك تەبىر بەرگەندىن كېيىن ئوغۇزغا بېشارەت قىلىپتۇ. خانلار خاقانىمۇ ئۇنىڭ تەلىمى بويىچە ئوغۇللىرىنى چاقىرتىپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى غەنىيمەت. چوڭ ئوغۇللىرىم ئەتىلا كۈنچىقىشقا قاراپ مېڭىڭلار، كىچىك ئوغۇللىرىم كۈنپېتىشقا قاراپ مېڭىڭلار. قىسمىتىڭلاردا نېمە بولسا شۇ چىقار تەلىيىڭلارغا! — دەپ ئۇلارغا بەخت تىلەپتۇ...

قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار كۈنچىقىش تەرەپكە، ئەرش، تاغ، دېڭىزلار بولسا كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئوي - دالا، ساي - سالا دېمەپتۇ، ئالتە ئاي بىر كۈن مېڭىپتۇ. كۈنچىقىشقا ماڭغان چوڭ قېرىنداشلار بىر ئالتۇن يا تېپىپتۇ، كۈنچېتىشقا ماڭغان كىچىك قېرىنداشلارمۇ بىر كۈمۈش ئوق تېپىپتۇ!

«مانا بۇ دۇنيادىكى نېسىۋىمىز!» دېيىشىپ، ئەكىلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئوغۇز خۇرسەن بولۇپتۇ ۋە ئالتۇن يانى ئۈچكە بۆلۈپ چوڭ ئوغۇللىرىغا بېرىپ:

— ئەي چوڭ ئوغۇللىرىم، — دەپتۇ،— يا سىلەرنىڭ بولسۇن. يادۇر ئوقنى ئاتقان، سىلەرمۇ يادەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن «كۆك ئوق»* بولسۇن نامىڭلار، — دەپتۇ. كۈمۈش ئوقنىمۇ ئۈچكە بۆلۈپ كىچىك ئوغۇللىرىغا بېرىپ:

— ئەي كىچىك ئوغۇللىرىم، — دەپتۇ، — ئوق سىلەرنىڭ بولسۇن. ئوقدۇر كۆكلەرگە ئېتىلغان. سىلەرمۇ ئوقتەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن «ئۈچ ئوق»** بولسۇن نامىڭلار،— دەپتۇ.

بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئوغۇزخان بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ خاندىن چوپانغىچە ھەممەيلەننى يىغىپتۇ ۋە ئوڭ يېنىغا قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىكتە بىر خادا تىكتۈرۈپ، ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇپ، تۈۋىگە بىر ئاق قوي باغلاپتۇ ... سول يېنىغىمۇ شۇنداق بىر خادا تىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇپ، تۈۋىگە بىر قارا قوي باغلاپتۇ. ئوڭ يېنىدا كۆك ئوقلارنى، سول يېنىدا ئۈچ ئوقلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - مەرىكە قىلغاندىن كېيىن خانلار خانى سۆز ئېچىپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، قاناتلىرىم، قوللىرىم! مەن كۆپ ياشىدىم، كۆپنى كۆردۈم. دۈشمەنلىرىمنى يىغلىتىپ دوستلىرىمنى كۈلدۈردۈم. ئەمدى ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى، ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى... پانى دۇنيا كىمگە قالسۇن، يۇرت - يايلىقىمنى سىلەرگە ئامانەت قىلىمەن. سۇلار قۇرۇسا قۇرۇسۇنكى، نەسلىمىز قۇرۇمىسۇن، بۇ دۇنيادا نامىمىز ئۆچمىسۇن ... — دەپتۇ.

سۆزى ئاياغلىشىش بىلەن تەڭلا ئوغۇز ئارىدىن غايىب بوپتۇ.

بۇ ئۇلۇغلار ئۇلۇغى سىر بولدىمۇ، نۇر بولدىمۇ، ئۇ يېرى نامەلۇم، ئەمما ئوغۇزخاننىڭ ۋەسىيىتى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. دۇنيادا نى - نى دەريا - دېڭىزلار قۇرۇپتۇ، تۈرك نەسلى قۇرۇماپتۇ، زامانلار كېلىپتۇ، كېتىپتۇ، پىلەك تارتىپ خەمەكلەپتۇ. كۆك ئوقلار كۆپىيىپ، ئۈچ ئوقلار ئۈلغىيىپ دېڭەندەك، بۇ يايلاقتىن ئۇيايلاققا كۆچۈپتۇ.

«مەن بەختىيار تۈرك» دېگەنلەرنىڭ بېشىغا ئەرشتىن يەنە ئۈچ ئالما چۈشۈپتۇ...

---

* «كۆك ئوق» — ئىچ ئوغۇزلارغا سىمۋول. ** «ئۈچ ئوق» — سىرت ئوغۇزلارغا سىمۋول.

# يىراق ۋە يېقىن



**توماس ۋولف (ئامېرىكا)**

ئابدۇقادىر مۇھەممەت تەرجىمىسى

بازارنىڭ سىرتىدىكى تۆمۈريولدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە دېرىزىلىرى يېشىل سىرلانغان، تاملىرى ئاپئاق چىرايلىق بىر ياغاچ ئۆي چوخچىيىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ بىر تەرىپى باغ بولۇپ، باغنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە پارچە كۆكتاتلىق بار ئىدى. سەككىزىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى پىشىدىغان ئۈزۈم تەكلىرىمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچ تۈپ كاۋچۇك دەرىخى ياز ئايلىرىدا ئۆيگە قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرىپىدە ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈللەر قوشنىلارنىڭ تىمىغا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە رەتلىك، سەرەمجان ۋە ئاددىي كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى.

ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىككىدىن سەل ئۆتكەندە رايون ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان ئالاھىدە تېز پويىز مۇشۇ ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. بۇ ئاجايىپ زور مەخلۇق ناھىيە بازىرىدا توختاپ سەل دېمىنى ئالاتتى ـ دە، ئاندىن ئۇزۇن گەۋدىسىنى سوزۇپ ئاستا ـ ئاستا قوزغىلاتتى. بىر پەستىن كېيىن تەكشى ئاۋازدا پۇشۇلداپ يىراقتىكى ئايلانمىدا كۆزدىن غايىب بولاتتى.

يىگىرمە يىلدىن بۇيان، پويىز ھەر قېتىم مۇشۇ ياغاچ ئۆيگە يېقىنلاشقاندا ماشىنىست شۇئان گۇدۇك چالاتتى. گۇدۇك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان بىر ئايال ئۆينىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتاتتى. ئۇ ئايالنىڭ يېنىدا كىچىك بىر قىزچاقمۇ بار ئىدى، ھازىر ئۇ قىزچاق چوپچوڭ بوپقالدى. ئۇ ھازىرمۇ ئاپىسى بىلەن ھەر كۈنى پېشايۋانغا چىقىپ ماشىنىستقا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتاتتى.

ماشىنىست ئۇزۇن يىل مۇشۇ تەرىزدە پويىز ھەيدەپ كەلدى، ئەمدى ئۇ قېرىدى، چاچلىرىنى ئاق ئارىلىدى. ئۇ پەۋەس يۈك بېسىلغان بۇ ئاجايىپ مەخلۇقنى ھەيدەپ بۇ يەرلەردىن تالاي ـ تالاي قېتىم ئۆتكەنىدى. ھازىر ئۇنىڭ بالىلىرى بالاغەتكە يېتىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇشتى. ئۇ پويىز ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، تۆت قېتىم پاراۋۇزغا خۇددى سىنارەدتەك ئۇدۇل كېلىۋاتقان قارا چېكىتلەرنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى؛ بىر ھارۋىدا قىستىلىشىپ ئولتۇرغان، قورقۇپ چىرايىدا قان قالمىغان بالىلار؛ تۆمۈريولدا ماتو-

رى ئۆچۈپ قالغان ئەبجەق ماشىنا، ماشىنىدىكى قورقىنىدىن ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان ئادەملەر؛ گاس بولغاچقىمۇ، گۇدۇك ئاۋازىنى ئاڭلىماي تۆمۈريول ياقىسىدا كېتىۋاتقان جۇل - جۇل كىيىملىك بىر قېرى ئادەم؛ ۋاگون دېرىزىسىدىن ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن بىر ئايال. ئۇ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئادەملەرلا بىلىدىغان قايغۇ بىلەن خۇشاللىق، خەۋپ بىلەن ھارغىنلىقنىڭ ھەممىسىنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇ شۇنداق ساداقەت بىلەن ئىشلەپ، بېشىدىن جىق ئىسسىق - سوغۇق ئۆتتى، چىرايىنىمۇ قاتمۇ قات قورۇقلار باستى. خىزمەت ئۇنى مەسئۇلىيەتچان، باتۇر، كەمتەر قىلىپ يېتىشتۈردى، مانا ئەمدى ئۇ قېرىدى، چىن ئىنسانلارغا خاس ئىنسانىي غۇرۇر ۋە ئەقىل - پاراسەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

ئۇ نۇرغۇن خەتەر ۋە پاجىئەلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاشۇ ئۆيدەك، قوللىرىنى يۈرەكلىك، ئەركىن پۇلاڭلاتقان ئاشۇ ئايالدەك چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرمىغانىدى. بۇ تەسىرات كۆڭۈللۈك ھەم مەڭگۈلۈك، ئۇ جىمىكى ئۆزگىرىش بىلەن يوقىتىشلارنى بېسىپ چۈشىدۇ، ھەر قانداق بىر بەختسىزلىك، قايغۇ - ئازاب ۋە پېشكەللىك ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس ۋاقىت جەدۋىلىنى بۇزۇۋېتەلىگىنى بىلەن ئۇ تەسىراتنى ئەبەدىي بۇزۇۋېتەلمەيتتى. ئاشۇ ئۆي بىلەن ئاشۇ ئانا - بالا ئىككىسىنى كۆرگەن ھامان ئۇ ئۆزىنى ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان تەسۋىرلىگۈسىز بەخت قوينىدا سېزەتتى. ئۇ ئۇلارنى تۆت پەسىلنىڭ ھەر قانداق چاغلىرىدا كۆرەتتى.

ئۇنىڭ ئانا - بالا ئىككىيلەنگە، ئۇلار ئولتۇرغان ئاشۇ ئۆيگە خۇددى ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسىغا مېھرى چۈشكەن دادىغا ئوخشاش مېھرى چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ خىيالى مەنزىرىلىرى ئۇنىڭ قەلبىدىن ناھايىتى چوڭقۇر ئورۇن ئالغاچقا، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى، بىر كۈن ئىچىدىكى ھەر بىر سائەت، ھەر بىر مىنۇت ۋە ھەر بىر سېكۇنتلىرىنىچە بىلىمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئاخىر پېنسىيىگە چىققاندا ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشماقچى بولدى، چۈنكى ئۇ تۇرمۇشتا ئۇلار بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ پويىزدىن چۈشۈپ ئانا - بالا تۇرۇشلۇق يەرگە كەلدى. ئۇ ماشىنىستلىق ھاياتى بىلەن خوشلاشقانىدى، ھازىر تۆمۈريول شىركىتىدە پېنسىيە پۇلى ئېلىپ، قىلىدىغان ئىشى يوق بىكار يۈرۈۋاتاتتى. ئۇ بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ۋوكزالدىن كوچىغا چىقتى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا بۇرۇن ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغاندەك يات تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ھودۇققىنىدىن تەمتىرەپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئاستا - ئاستا ھېس قىلماقتا ئىدى. بۇ راستىنلا ئۇ تالاي رەت كەلگەن ھېلىقى ناھىيە بازىرىمىدۇ؟ بۇ ئۆي - ئىمارەتلەر ئۇ پاراۋۇزنىڭ ئېگىز دېرىزىسىدىن كۆرگەن ھېلىقى ئۆي - ئىمارەتلەر شۇمىدۇ؟ ھەممە نەرسە گويا چۈشتىكى شەھەرگە ئوخشاش شۇنچىلىك يات ھەم شۇنچىلىك شاۋقۇنلۇق ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا بېشى قېيىپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا ئۆي - ئىمارەتلەر بارا - بارا شالاڭلاپ ناھىيە بازىرىنىڭ چېتىدىكى بىر نەچچە ئۆيلۈك ئادەم ئولتۇراقلاشقان كەنت كۆرۈندى، يولمۇ مەشەدە تۈگەيتتى. ئانا - بالىنىڭ ئۆيى مۇشۇ يول بويىدا ئىدى. ئۇ پىژغىرىم ئاپتاپتا ۋە توپا - چاڭدا ئاياغلىرىنى ئاران سۆرەپ مېڭىپ، ئاخىر ئىزدەپ تاپماقچى بولغان ھېلىقى ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ بىر قاراپلا بۇ ئۆينى تونۇدى، ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى ئېگىز كاۋچۇك دەرىخىنى، گۈللۈكنى، كۆكتاتلىقنى...

يىراقتا قىلىچنىڭ بىسىدەك ۋاللىداپ تۇرغان تۆمۈريولنى كۆردى. راست، بۇ ئۇ ئىزدەپ تاپماقچى بولغان ئاشۇ ئۆي، تالاي قېتىم پويىز ھەيدەپ ئۆتكەن ئاشۇ جاي، چەكسىز بەخت تۇيغۇسى بىلەن تەلپۈنگەن ماكان. ئۇ بۇ يەرنى تاپقان، بۇ يەرگە كەلگەن تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ئىشىكنى ئېچىشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قالىدۇ؟ بۇ جاي، ئۇنى مېھرى چۈشكەن يەرگە ئېلىپ بارىدىغان بۇ يول نېمىشقا ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق چۈشتەك شۇنداق يات تۇيۇلىدۇ؟ ئۇ نېمىدەپ بۇنداق ئارىسالدا بولىدۇ، گۇمانلىنىدۇ ۋە ئۈمىدسىزلىنىدۇ؟ ئۇ ئاخىر چىتلاقنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئاستا قەدەم تاشلاپ پېشايۋاننىڭ پەلەمپىيىدىن چىقتى، ئاندىن ئىشىكنى چەكتى، ھايال ئۆتمەي ئىچكىرىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ ئىشىكنى بىر ئايال ئاچتى. ماشىنىست ئۇنى كۆرۈپلا قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، ھەسرەتلەندى، كەلگىنىگىمۇ پۇشايمان قىلدى. ئۇ بۇ ئايالنى بىر كۆرۈپلا تونۇدى. ئالدىدا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان بۇ ئايال بۇرۇن ئۆزىگە تالاي قېتىم قول پۇلاڭلاتقان ھېلىقى ئايالنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى، يۈزىنىڭ گۆشلىرى پۈرلىشىپ سارغىيىپ كەتكەنىدى، گۇمان نەزىرىدە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدە قورقۇش، تەشۋىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن، ئۇنىڭ قوپال كېپىنى ئاڭلىغان ماشىنىستنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇ ئايال قالدۇرغان بەختلىك ۋە تاتلىق تەسەۋۋۇراتلار شۇ ھامان ئىز-تىزسىز غايىب بولدى.

ئۇ شۇ تاپتا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى دېمەكچى بولدى، لېكىن ئاۋازى ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئەمەستەك، ھەم قورقۇنچلۇق ئاڭلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ كېكەچلەپ تۇرۇپ گەپ قىلدى، گەپ قىلىۋېتىپ، كۆڭلىگە كەچكەن پۇشايمان، ھودۇقۇش ۋە تەشۋىشنى زورىغا باستى، بىراق بۇ تەشۋىش ھەدەپ كۈچىيىپ ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى خۇشاللىقلىرىنى يوق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى شۇ چاغدىكى ئۈمىد ۋە قىزغىن مۇھەببەتلىك ئارزۇ - خىياللىرى ئۈچۈن خىجىل بولۇشقا باشلىدى.

بۇ ئايال ئاخىر ئۇنى خۇش ياقمىغان قىياپەتتە ئۆيگە تەكلىپ قىلدى ۋە قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك ئاۋازدا ۋارقىراپ قىزىنى چاقىردى. ماشىنىست سەل ئوڭايسىزلىنىپ، بىر ئېغىز كىچىك ھەم پاسكىنا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. ئۇنى - بۇنى دەپ باقماقچى بولدى، ئانا - بالا ئىككىسى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن ئۆچمەنلىك، قوپاللىق، قورقۇش ۋە يېتىرقاش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

ئاخىر ماشىنىست دۇدۇقلاپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى - دە، ئۆيدىن چىقتى. ئۇ چېغىر يولنى بويلاپ ماڭدى. ئاندىن چوڭ يول بىلەن بازارغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قېرىپ كەتكەنلىكىنى ئەمدى ھەقىقىي ھېس قىلدى. ئۇ بۇرۇن يىراقتا سوزۇلۇپ ياتقان تونۇش تۆمۈريولنى كۆرگەندە ۋۇجۇدى پۈتمەس كۈچ ۋە ئىشەنچكە توشاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ يەر ئۇنىڭغا يات ھەم ئىشەنچسىز كۆرۈنۈپ، ئۇنى قورقۇنچقا، گۇمانغا سېلىۋاتاتتى، كۆڭلىنى غەشلىككە پاتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ جاي بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، ئۇ يەرگە قايتا نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويمىدى. ئۇ ۋاللىداپ تۇرغان تۆمۈريولنىڭ بارلىق سېھىر كۈچىدىن، چاقنىغان رېلىس باشلاپ ماڭغان ئاشۇ ئىقبالدىن، ئۈمىد - ئارزۇ بىلەن ئىنتىلگەن ئاشۇ كىچىككىنە جايدىكى كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەردىن مەھرۇم بولغانلىقىنى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

(خەنزۇچە «كىتابخانلار ئۈچۈن تېرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 2 - سانىدىن)

# 370000 سەمىمىي ئادەم



مۇنتېرو لوۋاتو (برازىلىيە)

سۇلتان سوپى تەرجىمىسى

مۇھەررىردىن: مۇنتېرو لوۋاتو (1948 — 1982) برازىلىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «كونا ئاپەت»، «پولات ۋە نېفىت ئۈچۈن كۈرەش» قاتارلىقلار بار. ئاپتور ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، چىرىك تۈزۈمنى پاش قىلغان.

«سەمىمىي ئادەم» ئاپتورنىڭ مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرىدىن بىرى. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ناتۇراللىزملىق بەدىئىي ماھارەت ۋە ئىنچىكە ھەم جانلىق تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان ئاق كۆڭۈل پاك خۇئان پىلېرانى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ھەممە ئادەم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولالماي، جەمئىيەتتە خورلۇققا، ئائىلىدە تاپا ـ تەنىگە ئۇچرىغان، ئاخىر چىقىش يولى تاپالماي، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ۋەقەلىكنى ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ.

ئۇ ناھايىتى ئوبدان، دۇنيادا پاك ئۆتكەن سەمىمىي ئادەم. ئۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەملەر دۇنيادا ئاز تېپىلىدۇ.

مەيلى كىم بولسۇن خۇئان پىلېرانى ئەنە شۇنداق تەرىپلەيتتى. خۇئان پىلېرا جامائەت مالىيە ئورگىنىدا ئىشلەيتتى، بۇرۇن گۇۋاھلىق ئىشلىرىنى بېجىرىش ئورنىدا، كېيىن يەنە «ئاياغ كىيىم» مەركىزىي سودا سارىيىدا ئىشلىگەنىدى، بۇ سودا سارىيىنىڭ

«قۇيرۇق» كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدىغان» چىرىك تىجارەت شەكلى ئۇنىڭ دىتىغا ياقمىغاچقا، بۇ ئورۇندىن كېتىپ قالغانىدى. ئۇ يەنە قاقتى - سوقتى قىلىشنى بىلمىگەچكە، گۇۋاھلىق ئىشلىرىنى بېجىرىش ئورنىدىمۇ كېتىپ قالدى. بۇ ساددا، گول ئادەم بەلگىلەنگەن باھاغا قاتتىق ئەمەل قىلاتتى.

ئۇنىڭ جامائەت مالىيە ئورگىنىدا ياردەمچى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا ئون يىل بولۇپ قالدى. لېكىن زادىلا ئۆسەلمىدى. بۇ ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى كەسىپداشلىرىغا ئوخشاش مەنسەپ ئۈچۈن سەممىيەتسىزلىك قىلالمىغانلىقى، ھەددىدىن زىيادە سەممىي بولغانلىقىدىن ئىدى. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالمايتتى.

خۇئان پىلېرا ھەمىشە: «مەن خىزمەتتە قانۇنلۇق، يوللۇق ئۆستۈرۈلۈشنى، خىزمەتنى ساپ ۋىجدان بىلەن ئىشلەشنى خالايمەن» دەيتتى. كۆپنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتقاندەك كۈلۈپ قوياتتى.

خۇئان پىلېرا كىچىك ئۆيلەنگەن بولۇپ، تۇرمۇشى بەختلىك ئىدى. بويىغا يېتىپ قالغان ئىككى قىزى بار ئىدى. مائاشى ئاز بولغاچقا، ئائىلىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاز - تولا تاپاۋەت قىلماي بولمايتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى ماركودا خانىم ئۆيدە ۋارىنا ياسايتتى، ئىككى قىزى كىيىم تىكەتتى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق تىرىشىپ - تىرمىشىپ بىر ئۆينى قامداپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار ناھايىتى بەختلىك، ھېچقانداق غەم - ئەندىشىسى يوق ئىدى، تۇرمۇشنىڭ بەختلىك بولۇش - بولماسلىقى، مال - بايلىقنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكى يوقسۇللارنىڭ تەر تۆكۈپ تاپقان نېسىۋىسىگە شۈكرى - قانائەت قىلىشىدا، ئەلۋەتتە.

بىر كۈنى، تۇيۇقسىز بىر پارچە تېلېگرامما كېلىپ قالدى...

كەمبەغەللەر تېلېگراممىنى ئادەتتە شۇم خەۋەردىن دېرەك بېرىدىغان نەرسە دەپ بىلىدۇ. پوچتالىيون ئىشىكنى ئېچىپ، يېشىل تاشلىق بىر پارچە تېلېگراممىنى سۇنغاندا، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى «قارتىندە» قىلىپ قالدى. «ئاھ، خۇدا! نېمە ئىش بولغاندۇ؟»

لېكىن بۇ شۇم خەۋەر ئەمەس ئىدى. خۇئان پىلېرانىڭ ئىچكى ئۆلكىدە تۇرۇۋاتقان تاغىسى ئۇنى قىزىنىڭ تويىغا چاقىرغانىدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئىلتىپاتتىن سۆيۈنۈپ كەتكەن خۇئان تاغىسىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدى ۋە شۇئان يولغا تەييارلىق قىلدى.

ئۇ تويغا ئادەتتىكىچە كىيىنىپ بارغان بولسىمۇ، يەنىلا قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا ئېرىشتى. تويىنىڭ ئۈستىدە باشتىن - ئاخىر تۇرۇپ بەردى، يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتنى قۇتلۇقلىدى. يېڭى كېلىننى مۇبارەكلەپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئەتىسى خۇشلىنىپ ئۆيگە قايتماقچى بولدى.

تاغىسى بىلەن يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىت ئۇنى ۋوكزالغا ئۇزىتىپ باردى، ئۇلار ئۇنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نومۇس قىلىپ تۇۋلىشىپ كەتتى.

— بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ، بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا چۈشۈڭ.

— بىلەتنى ئېلىپ قويۇپتىمەن، بولدىلا.

— بولدىڭىزنى قويۇڭ، پۇلنى دەپ جاننى خورىتىپ نېمە كەپتۇ، بولدى، كەم پۇلنى مانا مەن تۆلىۋېتەي، — دېدى تاغىسى.

خۇئان ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كاتتا ۋاگوندا ئولتۇردى. پويىز قوزغىلىشى بىلەن ئۇ يۇمشاق ئورۇندۇق ۋە ئېسىل جاھازلارغا قاراپ تۇرمۇشتىكى تەڭسىزلىكلەر توغرىسىدا خىيالغا كەتتى: بايلار ئولتۇرىدىغان ۋاگون-

دىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلارنىڭ ئىچىگە ماموق ئېلىنغان، پاكىز ھەم ئازادە، دېرىزىلىرى كەڭ، كۆتكۈچلىرى تەييار، سەرەمجانلىرى ئېسىل، نېمە دېسىڭىز شۇ بار. يوقسۇللار ئولتۇرىدىغان ۋاگونلاردىچۇ؟ ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە، ئورۇندۇقلىرى قاتتىق، ۋاگون كۈچلۈك سىلكىنىپ ئۇلارنىڭ ھالىنى قويمايدۇ. ئورۇندۇقلارنىڭ قاتتىق تاختايدىن ياسالغان پاكار يۆلەنچۈكلىرىگە يۆلەنگىلىمۇ بولمايدۇ. قىسقىسى، مۇنداق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر ئازاب. ۋاگوننى چاڭتوزانغا توشقۇزۇپ، دېرىزىلەرگىمۇ ئەينەك ئورناتماي، رىشاتكىلاپلا قويغان.

خۇئان پىلىرا كۈلۈپ قويدى. پويىز ۋوكزالغا كىرگەن چاغدىمۇ ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بايلار ۋە نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ ۋوكزالدىن ئەمدىلا كوچىغا چىقىشىغا: «گېزىت ساتىمەن، خەلق گېزىتى!» دەپ ۋارقىراۋاتقان گېزىت ساتقۇچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ شۇندىلا يولدا سېتىۋالغان گېزىتنى ۋاگوندا ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. گېزىتنىمۇ كۆرۈپ بولغان، شۇنداقتىمۇ كېرىكى بولۇپ قالار ئىدى. ئۆي دېگەندە بىر پارچە گېزىت ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ - دە. خۇئان ئۇنتۇلۇپ قالغان گېزىتنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كەينىگە يېنىپ، ئالدىراش ۋوكزالغا ماڭدى.

ئۇ ھېچكىم قالمىغان كارىۋاتلىق ۋاگونغا كىرگەندە، پۇتىغا بىر بولاق نەرسە ئۇرۇلدى.

«ئوھۇي! ئۇنتۇغان يالغۇز مەنلا ئەمەسكەنمەن - دە!» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە كۈلۈپ قويۇپ يەردىكى بولاقنى ئالدى.

بولاقتىكى نېمىدۇ؟ قىزىقىش يالغۇز ئاياللاردىلا بولمايدۇ. خۇئان بولاقنى سىلاپ، پۇراپ بېقىپ، ئاندىن ئاچتى.

پۇل! پۇل بولغاندىمۇ ناھايىتى كۆپ پۇل!

ئۇنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، يۈزى شۇئان لاۋۇلداپ كەتتى.

بىرەر ئادەم ئۇنىڭ ۋاگوندا بىر بولاق نەرسىنى تۇتۇپ يالغۇز تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالسا «ئوغرىنى تۇتۇڭلار» دەپ ۋارقىرىشى تۇرغان گەپ. خۇئان ئۇنتۇلۇپ قالغان گېزىتنى ئالغىلى بارماي دەرھال ۋوكزال باشلىقىنى ئىزدەپ ماڭدى.

— كىرسەم بولامدۇ؟

— نېمە ئىشىڭىز بار؟

— تېز پويىز ۋاگونىدىن پۇل تېپىۋالدىم.

باشلىق پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى، كۆزلىرى پارقىراپ، چىرايىدا ھەيرانلىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

— پۇل! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ ھاياجانلىنىپ.

— شۇنداق، پۇل، — دېدى خۇئان، — تېز پويىز ۋاگونىدىن ... ئىسمىنۇ پۇلىستىن كېلىۋاتقانىدىم، پويىزدىن چۈشۈشىمگىلا ...

— قېنى، مەن كۆرۈپ باقاي! ...

خۇئان پىلىرا بولاقنى ئۈستەلگە قويدى. ۋوكزال باشلىقى كۆزەينىكىنى پېشانىسىگە سۈرۈپ قويۇپ، بولاقنى ئېچىپ چۆچۈپ كەتتى. بولاقتىكى راستلا پۇل ئىدى.

ئۇ تىترەۋاتقان بارماقلىرى بىلەن پۇلنى سانىدى.

— پاھ! ئۈچيۈز يەتمىش مىڭ لىرا ئىكەن!

ئۇ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ سەممىي تەلەپپۇزدا:

— ئۆمرۈمدە ئۇچرىتىپ باقمىغان سىزدەك بىر سەممىي ئادەم بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئېرىشكىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن، — دېدى ئۇنىڭغا قولىنى سۇنۇپ.

خۇئان ئۇنىڭ بىلەن ئەدەبىلىك قول ئېلىشتى، يېنىدا ھەيران بولۇپ تۇرغان خىزمەتچىلەر بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ چىقتى.

— سىزنىڭ بۇ يۈكسەك پەزىلىتىڭىز تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پەزىلەت، مېنىڭ بۇ ۋوكزالدا ئىشلەۋاتقىنىمغا ئۇزۇن يىل بولدى، بۇنداق ئىشنى تېخى بىرىنچى قېتىم ئۇچرىتىشىم، يىتتۈپ كەتكەن پۇل، يىتكەن پېتى ھەرگىز تېپىلمايتتى، ھېلىمۇ سىزدەك بىر ... ئىسمى-شەرىپىڭىز نېمىكىن؟

— خۇئان پىلېرا.

— بۇ پۇل ھېلىمۇ ياخشى سىزدەك بىر سەمىمىي ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. سىز بىلەن يەنە بىر كۆرۈشۈشىمگە رۇخسەت قىلىڭىز.

خۇئان پىلېرا ئۇ يەردىن ئىنتايىن خۇشال قايتىپ چىقتى. پەزىلەتلىك ئادەم ئەزەلدىن ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشىپ كەلگەن، بۇنى ھېچكىممۇ ئىنكار قىلالمايدۇ. ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى ئويلىغاندا دىلى سۆيۈنمەي قالمايدۇ.

خۇئان پىلېرا ئۇ پۇلنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ پۇلنى تاپشۇرۇپ بەرگەن چاغدىكىدەك بەختكە چۆمۈلمىگەن بولاتتى.

ئۇ ئۆيگە كېلىپ خوتۇنىغا بولغان ۋەقەنى باشتىن-ئاخىرى سۆزلەپ بەردى، لېكىن پۇلنىڭ سانىنى دېمىدى.

— توغرا قىپسىز. بىز كەمبەغەل بولساقمۇ كۆز-قارنىمىز توق، ھالاللىق ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك، قىزلىرىمىنىڭ قۇلىقىغا دائىم بۇ گەپنى قۇيۇپ تۇرىمەن، — دېدى خوتۇنى ئۇنى ماختاپ، — قوشنىمىزنى ئالايلى، ئۇلاردا پۇل دېسە بار، ئەمما شۇنچىلىك بېخىل.

خۇئان پىلېرا ھاياجانلىنىپ خوتۇنىنى قۇچاقلىدى. بۇ ئاق كۆڭۈل ئايالنى شەيتان ئازدۇرمىغان بولسا، ھېكايە مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشقان بولاتتى.

— قانچىلىك پۇل ئىكەن؟ — دەپ سورىدى مارىكودا خانىم ئېرىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ.

— ئۈچيۈز يەتمىش مىڭ لىرا.

خۇددى بىرى كۆزىگە قۇم چېچىۋەتكەندەك، خوتۇنى كۆزىنى توختىماي چىمچىقلىتىپ:

— نېمە؟ قانچە؟ قانچە دېدىڭىز! — دەپ توۋلاپ كەتتى.

— ئۈچيۈز ... يەتمىش مىڭ لىرا.

مارىكودا خانىم كۆزلىرىنى توختىماي چىمچىقلىتاتتى. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ تۇراتتى. «پۇل» دېگەن ئۇقۇم ئۇنىڭ كاللىسىغا ئەزەلدىن يۈزمىڭ لىرا دېگەن سان بىلەن كىرىپ باقمىغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئوخشاش كەمبەغەللەرنىڭ كاللىسىغا پۇل ئون، ئونبەش، يىگىرمە، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئوتتۇز مىڭ لىرا سان بىلەن كىرەلەيتتى. ئېرى پۇلنى تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ھەقچان بىر قانچە ئون مىڭ لىرادۇ، دەپ ئويلىغانىدى. كېيىن بۇ پۇلنىڭ ئۈچيۈز يەتمىش مىڭ لىرا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ئۇ ئەس-ھوشىدىن ئايرىلغانىدى. ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى:

— ئەخمەق! ئۈچيۈز يەتمىش مىڭ لىرانىمۇ تاپشۇرۇپ بەرگەن بارمۇ، خۇدا ھەققى، سەندىن باشقا ئادەم بولغان بولسا ھەرگىز تاپشۇرۇپ بەرمەيتتى... ھەي ئەخمەق، ھەي دۆت، ھەي كالۋا! — ئۇنىڭ خوتۇنى دىۋانىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاشقا باشلىدى.

خوتان پلىرا ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى.

ئۇ خوتۇنى بىلەن شۇنچە ئۇزۇن يىل بىرگە ياشاپ، ئەجەب ئۇنى چۈشەنمەپتىكىنا؟ ئۇ خوتۇنىغا چۈشەندۈرمەكچى بولدى. پۇلنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپلا مۇنداق قىلىش بىمەنىلىك - تە! يۈز لىرا ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى، يۈز مىڭ لىرا ئوغرىلىغانمۇ ئوخشاشلا ئوغرى، چۈنكى ئەخلاق ...

خوتۇنىنىڭ تىل - ئاھانىتى، ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. خوتۇنى چاچلىرىنى پاخپايتىپ سەۋدايىدەك يۈگۈرۈپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. قىزلىرى تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئۇلار قايتىپ كېلىپ بولغان ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاپىسىنىڭ تەرىپىنى ئالدى. دادىسىنىڭ ئۆزلىرىنى شۇنچە كۆپ بايلىقتىن مەھرۇم قىلغان «سەممىي»لىكىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەشتى.

خوتان پلىرا ئائىلىق سۈپىتى بىلەن قىزلىرىغا نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ، ئۇلارغا مۇنداق ئويلاردا بولۇشنىڭ تولىمۇ نومۇسسىزلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئىش تېخىمۇ چىگىشكە چىقتى. قىزلىرى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ئۇنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار دادىسى قاپاقباشلىق قىلمىغان بولسا، خۇدا بەرگەن شۇ پۇل بىلەن ئاجايىپ تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقىنى ئويلىسىلا ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چېكىشەتتى.

— پىكاپىمىز ... ئىمرۇ فولستا كىچىك داچىمىز بولسا، نىلون پايپاق ...

— رۇشى خانىمنىڭكىگە ئوخشاش شىلەپە ... تاۋار - دۇردۇنلاردىن تىكىلگەن كىيىملىرىمىز بولسا ...

— كىيىملىرىمىز ئادەتتىكى ئەمەس، رامىنىڭ نېپىز تاۋارلىرىدىن بولسا ...

— بالىلىرىم، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى خوتان پلىرا ۋارقىراپ.

ئۇلار كۈلۈپ قويۇپ، كەمسىتكەن ئاھاڭدا:

— ھەي گادايى! ھەي بىچارە، — دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

كۈتۈلمىگەن بۇ ئەدەبسىزلىك خوتاننىڭ يۈرىكىنى خوتۇنىنىڭ تاپا - تەنىسىدىنمۇ بەكرەك ئەزدى.

مېنىڭ ئۆزۈمنى پاك تۇتۇشۇم، بۇ يولدا ماڭىمەن دەپ شۇنچە جاپا تارتىشىم ئائىلەمنىڭ تىل - ئاھانىتىنى، قىزلىرىمنىڭ تاپا - تەنىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈنمىدى؟ مەن خاتا قىلدىممۇ يا؟

راست، ئۇ خاتا قىلغان. پۇلنى جىممىدە تاپشۇرۇۋەتكەن بولسا بۇ ئىشمۇ يوق.

ئەتىسى گېزىتتە بۇ پەۋقۇلئاددە ۋەقە توغرىسىدا خەۋەر بېسىلدى، خەۋەردە: «بۇ پەزىلەت ئىگىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھەرىكىتى خەلقىمىزدە يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن خوتان پلىراغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلغانىدى.

خوتۇنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا بۇ خەۋەرنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. بۇ چاغدا ئۈستەلدە تاتلىق يېمەكلىكلەر يوق ئىدى. ئۇ قىزىغا:

— ھەي، كەندۇجا، بۇ قەسىدىنى ئېلىپ ماگىزىنغا بېرىپ باقسىنا، ئۇنىڭغا يېرىم جىڭ ئالما ۋارىنىسى سېتىۋالغىلى بولامدىكىن؟ — دېدى.

خوتان پلىرا ئوڭايسىزلىنىپ ئايالىغا لەپپىدە قاراپ قويدى - دە، شەپكىسىنى كىيىپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ كۆڭلى ئىشخانىغا كەلگەندىن كېيىن بىر ئاز ئارام تاپتى. كىشىلەر ئۇنى تەبرىكلىشەتتى، ماختىشاتتى.

— سىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىڭىز بىزگە شان - شەرەپ ئېلىپ كەلدى، — دېدى بىر خىزمەتدىشى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

خۇئان پىلىرا ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرسىمۇ كۆڭلى بىئارام ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشنى تىلغا ئالماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن كۆپچىلىك بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى بىلىشكە بەكمۇ قىزىقاتتى، شۇڭا ئۇلار ئۇنى ئورىۋالدى ۋە:

— پىلىرا، بۇ ئىشنى بىزگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەرسىڭىزا، — دېيىشتى.

— بىر بولاق پۇل تېپىۋالدىم، مېنىڭ بولمىغاچقا تاپشۇرۇپ بەردىم، شۇ، — دېدى ئۇ ئاددىيلا قىلىپ.

— ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەردىڭىزمۇ؟

— ياق، شۇ يەردىكى ۋوگزال باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بەردىم ...

— بۇمۇ بوپتۇ. بىراق پۇلنىڭ ئىگىسىنى تاپماي تۇرۇپ ئۇنى تاپشۇرۇۋەتمەيدىغان گەپكەن.

— توغرا! — دېدى يەنە بىرەيلەن سۆز قىستۇرۇپ، — پۇلنىڭ ئىگىسىنى تاپمىغان، يەنە كېلىپ پۇل ئىگىسى ساقچىغا خەۋەر قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ...

— پۇل ئىگىسى پۇلنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن بۇرۇنمۇ بەرگىلى بولمايدۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن سۆز قىستۇرۇپ.

خۇئان پىلىرانىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى:

— بۇ ئىش بىلەن سىلەرنىڭ نېمە كارىڭلار؟ ۋىجدانىم مېنى نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىمەن، گەپ شۇ! سىلەرنىڭ بۇنداق مىكى - مىكى گەپلىرىڭلارنى زادىلا چۈشەنمىدىم. بولدى قىلىڭلار!

— بۇرادەر، نېمانچە ئاچچىقلىنىسىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ قارىشىمىزنىلا ئېيتىۋاتىمىز. گېزىتلەردە سىز توغرۇلۇق خەۋەر بېسىلىپتۇ، خەۋەر ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىش تەبىئىي ئەھۋال - دە.

بۇ چاغدا بۆلۈم باشلىقى ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى، غۇلغۇلىمۇ شۇنىڭ بىلەن بېسىقتى، ھەممىسى ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى، خۇئان پىلىرامۇ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ دىلى غەش، قاپاقلىرى تۈرۈك ئىدى.

كەچ كىردى، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى. كېچە جىمجىت ئىدى. ماريكودا خانىمنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى:

— راستىنلا بەكلا ئالدىراڭغۇلۇق قىپسەن خۇئان، ھېلىقى بولاقنى تاپشۇرۇۋېتىشكە ئۇنچىۋالا ئالدىراپ كەتمەي، ئاۋۋال كۆرۈپ باققان بولساڭمىغۇ كاشكى.

— نىيىتىم ئالا بولغان بولسا ئۇنى كۆرۈپمۇ ئولتۇرمايتتىم...

— مەندەك بىر بىچارە خوتۇننى بىر خۇش قىلىۋەتسەڭ يامان بولامتى. مەن ئۆمرۈمدە ئۈچ يۈز يەتمىش مىڭ لىرا تۇگول، ئەللىك لىرالىق پۇلدىن بىرنى تۇتۇپ باققان بەندە ئەمەس.

— ماريكودا، ئەزۋەيلەۋەرمەي بولدى قىلساڭچۇ، تۈنۈگۈن قىلغىنىڭمۇ يېتەر!

— ياق، مەن ھەقىقەتەن بەك ...

— ماريكودا، بېرى كەل! راستىڭنى ئېيتىپ باققىنا، مەن ياخشى ئىش قىلسام خۇشال بولمامسەن؟

— سەن ھېچ بولمىغاندا پۇلنى ئۆيگە ئەكىلىپ مەن بىلەن مەسلىھەتلەشسەڭ بولماسمىدى. ئىگىسى كېلىپ پۇلنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغۇچە پۇلنى بىز ساقلاپ بەرگەن بولساق ...

— نېمىلا دېگىنىڭ بىلەن پۇل بەرىبىر بىزنىڭ ئەمەس - تە.

— ئىگىسى چىقمىسىلا پۇل بىزنىڭ بولاتتى. ھەي، خۇئان سېنىڭ كاللاڭنىڭ بىر ۋىنتىسى كەم - دە! كاللاڭ ئازراق ئىشلىگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ ھالىمىز مۇنچە خاراب بولماستى، يەيدىغىنىمىز ساپلا قارا بولكا ...

— بىز راست كەمبەغەل، لېكىن كۆڭلىمىز توق، تۇرمۇشىمىز بەختلىكتۇ.

— شۇنداق، لېكىن مەن شۇ تاپتا ئۆزىمىزنىڭ بەختسىز ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىۋاتىمەن، خۇدا بىزگە مانا مۇشۇنداق غەنىيمەت پۇرسەتنى ئاتا قىلىپ بېيىش پۇرسىتى بەرگەنىدى. بىراق سەن ...

— ئاھ خۇدا!

— توغرا، خۇدا شۇنداق پۇرسەت بەرگەن. سەن خۇدانىڭ ئالدىدا كۇپۇرلۇق قىلدىڭ. بىز بېيىپ كەتكەن بولساق، خەير-ساخاۋەت ئىشلارنى قىلاتتۇق، كېسەللەرنى قۇتقۇلدۇراتتۇق ... قولىمىزدىن كېلىشىچە ياخشى ئىشلارنى قىلاتتۇق. لېكىن سەن ... ھەي، بۇنى قانداقمۇ سەممىيلىك دېگىلى بولسۇن.

— نېمە؟ بۇنداق سەممىيلىك بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدىكەن!

— شۇنداق، تۇرمۇشتا ھەممە نەرسىنىڭ قىممىتى بولىدۇ. بىر تەڭگىنى ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى، لېكىن مىڭ تەڭگىنى ئوغرىلىغان ئوغرىنى ھەقىقىي نوچى دېسە بولىدۇ. خىزمەتداشلىرىڭغا قاراپ باققىنا. نۇرنىس ئىلگىرى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق ئىش بېجىرىش ئورنىدا سەن بىلەن بىرگە ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ھازىر ئولتۇرىدىغان دېسە پىكاپى، تۇرىدىغان دېسە قورۇ-جايى بار.

— ئۇ دېگەن ئوغرى!

— ئوغرى بولسا نېمە بوپتۇ؟ كىرالا فويىغا قاراپ باققىنا، ئۇ باش كىيىم زاۋۇتى ئاچتى. مىكورچۇ تېخى، ئۇ مارىيانا بازىرىدىن بىر پارچە يەر سېتىۋالدى ...

— ھەي خوتۇن، ئۇ دېگەن يالغان پۇل بىلەن ئوقەت قىلىدىغان ئەبلەخ!

— كىم دەيدۇ شۇنداق دەپ، ئۇنىڭ دېتى بار، ساڭا ئوخشاش قاپاقباش ئەمەس.

بۇ سەممىي ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ئەسلىدىكى ھالىتىنى يوقاتتى. خاتىرجەم، ئىناق تۇرمۇشتىن مەڭگۈ ئايرىلدى ... بۇ ئائىلە ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاخ بولدى. توختاۋسىز خورسىنىش، زارلىنىش، ئاچچىق گەپلەردىن ئۇنىڭ قۇلىقى تىنجىمىدى. خوتۇنىنىڭ قاپىقى كۈن بويى ئېچىلمايتتى، ئۈچيۈز يەتمىش مىڭ لىرا كاللىسىدىن كەتمىگەچكە، بۇرۇنقى مېھرىبانلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

بۇنى ئاز دەپ قىزلىرى دائىم جاندىن ئۆتكۈدەك كىنايە سۆزلەرنى قىلىشاتتى:

— كالامىسىنىڭ چاپىنى بەش مىڭ لىرا ئىكەن، بىز قاچانمۇ شۇنداق چاپانغا يېتىشىمىز كىنتاڭ؟

— مۇنداق كىيىملەرنى بىر كىلىمىنىس ئەمەس، كۆرمىڭ ئادەم كىيىپ يۈرىدۇ ...

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە ئېغىر خورسىنىشقا باشلىدى.

ئاخىر بېرىپ ئۇنىڭغا ئىشخانىدىمۇ خاتىرجەملىك بولمىدى. كىشىلەر ھەر كۈنى دارتىملاپ سۆزلەپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازراقمۇ ئارام بەرمىدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ بىر خىزمەتدىشى ئىشىكتىن كىرىپلا:

— بىلەمسىلەر، مەن كوچىدىن ئاجايىپ چىرايلىق بىر تال ئالماس تۈگمە تېپىۋالدىم، — دېدى.

— تايىنلىق، ئۇنى بىرەر باشلىققا ياكى تېپىۋالغان نەرسىلەرنى تونۇۋېلىش ئورنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنسەن.

— مەن ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەس! مەن ئۇنى پۇلغا سۇندۇرۇپ سېتىۋېلىش ئورنىغا ئۈچ يۈز يەتمىش مىڭ لىراغا ساتتىم. سىلەرنى يەكشەنبە كۈنى بىر مېھمان قىلاي، — ئاندىن ئۇ خۇشال پىلېراغا قاراپ، خىزمەتداشلىرىغا كۆزىنى قىسىپ قويىدى، — پىلېرا، سەنمۇ قەدەم تەشرىپ قىلارسەن-ھە؟

بىچارە پىلېرا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىش قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمىدى.

— راست، سىز بىز بىلەن ئارىلىشالمايسىز، سىز دېگەن سەممىي ئادەم - دە؟ بولدى، بىز ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى ئالماس تۇگمىنىڭ پۇلىغا قانغۇچە ئىچىشەيلى!

پۇل تېپىۋالغان ئاشۇ پالاكەت ئىشتىن كېيىن، خۇئان پىلېرانىڭ ئىناۋىتى بىراقلا چۈشۈپ كەتتى. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ئەخمەق بىلەن بارىدى - كەلدى قىلىشنى خالىمايتتى.

ئالتە ئايدىن كېيىن، ئائىلىدىكى كۆڭۈلسىزلىك ئەۋجىگە چىقتى. بۇرۇنقى خۇشاللىقلار قاياقلاردۇر يوقالغانىدى.

مارىكودا خانىمنىڭمۇ مىجەزى چۈشىلىشىپ كەتتى. ئۇ كۈن بويى ئۆي ئىشلىرىنى قىلماي لاغايلاپ يۈرەتتى، توختىماي ئۇھ تارتاتتى.

— ئەمدى جانىمنىڭ كۆكىنى سېتىپ نېمە قىلىمىز؟ بەرىبىر نامراتچىلىقتىن قۇتۇلالمىغۇدەكمىز... مۇنداق ياخشى پۇرسەتنىڭ قولغا كەلمىكى ئەمدى يوق گەپ.

مارىكودا خانىم ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىنىمۇ خارابلاشتۇرۇۋەتتى. پۈتۈن ئېغىرچىلىق خۇئان پىلېرانىڭ زىممىسىگە چۈشتى، ماتاشى بولسا بۇرۇنقىدەكلا ئىدى.

خۇئان پىلېرا مۇنداق تۇرمۇشتىن بېزار بولۇپ، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتتى، ھەتتا ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدى. شۇنداق قىلسا، ئۈستى - ئۈستىلەپ كېلىۋاتقان بۇ ئازابلاردىن بىراقلا قۇتۇلغان بولاتتى.

بىر كۈنى ئۆي ئىگىسى ئۆي ئىجارىسىنى ئۆستۈرگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. مارىكودا خانىم ئېرىگە سوغۇقلا قىلىپ:

— ئۆي ئىگىسى كەپتىكەن، كېلەر ئايدىن باشلاپ ئۆي ئىجارىسىگە يەتتە مىڭ لىرا تۆلەيسىلەر، دەيدۇ... — دېدى.

— نېمە؟

— يەتتە مىڭ لىرا تۆلەيسىلەر دەيدۇ، بولمىسا ئۆينى بوشاتقۇدەكمىز!

— ئۇ تولىمۇ ئادالەتسىزلىك قىپتۇ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى پىلېرا. — قولىمىزنىڭ قىسقىلىقىدىن مىڭ تەستە كۈن ئېلىپ كېتىۋاتساق، ھەي...

— دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق. ئۇنىڭغا ئوخشاش پارازىتلار پۇلىنى يىتتۈرۈپ قويسا، تېپىۋېلىپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئادەملەرمۇ بولىدىكەن! ئەمدى كۆرۈۋاتمىدىغانسەن، ئۇلار پۇلنى قانداق يىغىدىكەن؟ ئۇلارچۇ، بىزدەك يوقسۇللارنى بۇلايدۇ. سەممىي ئادەملەرنىڭ قولىدىكى بولكىسىنى تارتىۋالىدۇ...

— سېنىڭدىن خۇش بولۇپ كېتەي، مارىكودا، ماڭا ئەمدى بۇنداق گەپلەرنى قىلمىساڭ، مەن سارالڭ بوپقالاي دېدىم.

— پۇشايمان قىلىۋاتقانسەن تايىنلىق؟ قانچىلىك دۆت ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئەمدىغۇ بىلگەنسەن؟ بىلگەن بولساڭلا ياخشى، ئەمدى پۇل تېپىۋالساڭ، باشقىلارغا ئوخشاش يانچۇقىڭغا سال، ئوغرىنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىغاننى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ!

ئەر - خوتۇن ئىككىسى كەچتە قەھۋە ئىچىپ ئولتۇراتتى. مارىكودا:

— سەن تېخى يەنە بىر ئىشنى ئۇقمايسەن، — دېدى.

— نېمە ئىشنى؟

— ئىگىناتىنىڭ دېيىشىچە، خەقلەر ساڭا لەقەم قويۇۋاپتۇ...

— قانداق لەقەم؟

— خۇئان دۆت دەپ! ئەمدى ھېچكىم سېنىڭ ئۆز ئىسمىڭنى ئاتىمايدۇ.

— بەس! — دەپ ۋارقىرىدى پىلېرا. ئۇنىڭ بۇ ۋارقىرىشىدىن خوتۇنىمۇ قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئىستاكاننى شىرەگە پاققىدە قويۇپ، يۈگۈرگىنىچە ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

مارىكودا ستاكاننى ئاغزىغا ئاپىرىپ، بىردىنلا توختاپ قالدى ۋە شۇئان ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

ئۇ تاپانچا ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدى. سەممىي ئادەمنىڭ ھاياتى مانا مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى.

(خەنزۇچە «لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مەشھۇر يازغۇچىلار ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن)

# ئانا تىلىنىڭ كارامىتى

## چىڭغىز ئايتماتوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى

شائىر رەسۇل ھەمزاتوۋ داغىستان تاغلىق رايونىدىكى كۆپ خىل تىل توغرىسىدا ئۆزىگە خاس يۇمۇرلۇق تىل بىلەن مۇنداق ئىمزاھات بەرگەنىدى: ئەينى چاغدا، خۇدا بۇ يەردىكى مىللەتلەرگە تىل تەقسىم قىلىۋاتقاندا، شىددەتلىك شۇۋۇرغان چىقىپ كەتكەنىكەن. شۇڭا خۇدا ئالدىراپ - تېنەپلا بۇ يەرگە ئەرشتىن ھەر خىل تىللار قاچىلانغان بىر تاغارنى تاشلىغانىكەن. داغىستاندىكى تىلنىڭ بىر - بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىق بولۇشى بۇرۇن بۇ يەردىكى مىللەتلەرنى بىر - بىرىدىن بەكلا ئايرىۋەتكەن. گەرچە ئۇلار مەنىۋى جەھەتتە ۋە تۇرمۇش شەكلى جەھەتتە بىر - بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، ئەمما قوشنا تاغ جىلغىلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئوخشاشمايدىغان قىتئەلەردە ياشىغاندەك تۇرمۇش كەچۈرگەن. شىمالىي كاۋكازنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بۇ يەردىكى ھەر بىر ئاۋۇلنىڭ ئۆزىگە خاسلا تىلى بار. بۇ تىللار ئۆزىگە قوشنا ئاۋۇللارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاشمايدۇ، بىر - بىرىگە يېقىن كەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ تومۇرىمۇ ئوخشاشمايدۇ.

رەسۇل ھەمزاتوۋ، بۇرۇن داغىستاننىڭ تارىخى پەچاق بىلەن ئويۇلغان يېزىقتا خاتىرىلەنگەن، XX ئەسىرگە يەتكەندىلا داغىستاندا پەي قەلەم پەيدا بولغان، دەيدۇ. ئەمما، دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ئېلىپبەدىن داغىستان تىلىدىكى بارلىق تاۋۇشلارنى ئىپادىلىگۈدەك بىر يۈرۈش ھەرپ تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، داغىستان تىلى ئۈچۈن يېزىق ئىجاد قىلىشتا، رۇس تىلى ھەرپلىرى ئۈستىگە ئالاھىدە ھەرپ ۋە شەرتلىك بەلگىلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ھەرپ يارىتىلغان. بۈگۈنكى كۈندە، ئىككى مىليونغا يېقىن داغىستان خەلقى ئوتتۇز نەچچە خىل تىل ئىشلىتىدۇ. داغىستاندا بەش خىل يېزىقتا گېزىت - ژۇرنال، ئەدەبىي ئەسەرلەر نەشر قىلىنىدۇ، يەتتە خىل تىلدا تىياتىر ئوينىلىدۇ، توققۇز خىل يېزىقتا كىتاب نەشر قىلىنىدۇ. يالغۇز ئاۋار تىلىدىلا ئەمەس (بۇلار شۇ جايدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ مىللەت، نوپۇسى تۆت يۈز مىڭدىن ئاشىدۇ)، يەنە تات (بۇلار پەقەت ئون بەش مىڭلا) تىلىدا كىتاب نەشر قىلىنىدۇ. ئەمما، شۇنىڭغا قارىماستىن، داغىستاندا ئۆز تىلى بىلەن شېئىر يازىدىغان شائىردىن ئىككى مىڭى بار.

دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا بار ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىرلا ئادەمنىڭ مەسىلىسى چاغلىق بىر ئىش، ئەمما، كونىلارنىڭ سۆزى بويىچە، ئۆتۈك

كىم كىيگەن بولسا شۇنىڭلا پۇتىنى ئاغرىتىدۇ، دەردىنى ئۆتۈك كىيگەن ئادەملا بىلىدۇ، دېگەندەك، سانى ئەڭ ئاز مىللەتلەرنىڭ مەسىلىسى ئەڭ زور، ئەڭ مۇھىم بولىدۇ، بەزىدە بۇ مەسىلە تېخى ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەسىلە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئىستىقبالى مەسىلىسى. بۇ ئالدى بىلەن دۇنيادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. چۈنكى تىل بولمىسا، ئۇلارنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئامىلى بولغان تىل، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يەنە مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولىدۇ. ھەر قانداق مىللەتنىڭ تىلىنى خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ياراتقان، ئۇ تەڭدىشى يوق ئاجايىپ مۆجىزە بولۇپ، ئۇنىڭ يوقىلىشى ئەڭ زور زىياندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

نۇرغۇن تىللار يوقىلىدۇ ھەم يوقالدى، ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇلار مەۋجۇت بولغان دەۋرمۇ كەلمەسكە كەتتى. ئەمدى مەۋجۇت تىللارنى قەدىرلەش، ئاسراش كېرەك، ئۇلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى.

دۇنيا تىلدىن تەشكىللەنگەن مەۋجۇدات ئالىمىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تارىختا تىلدىن تەشكىللەنگەن ئېكولوگىيە پەيدا بولغان. تىل ئېكولوگىيىسى خۇددى تەبىئەت ئېكولوگىيىسىگە ئوخشاشلا ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە نازۇك. بۇ يەردە پراگماتىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە ئەمەل قىلىشقا بولمايدۇ، پراگماتىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا ئىشلەيدۇ، ئۇنى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. بۇندىن باشقا، چوڭ مىللەتلەرنىڭ تىلى ئۇششاق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بارا - بارا چەتكە قاقىدىغان ۋە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىدىغان ئەھۋالمۇ بەزى - بەزىدە كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، ھازىر بىر خىللاشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى يوققا چىقىرىشقا قىزىقىپ قالغان پىكىرلەرمۇ بار. بۇنداق پىكىرلەرگە نىسبەتەن، بىزدە سەگەك كاللا بولۇشى كېرەك. بۇنداق پىكىرلەردە مەسىلىنىڭ ماھىيىتى بۇرمىلانغان. بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇش، بىر - بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى ئۈچۈن بىرلىشىش كېرەك، ئەمما ھەر قايسى مىللەت ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى بەزى جەھەتلەردە ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ساقلىشى كېرەك. ناۋادا بۇ ئالاھىدىلىكلەر كېرەكسىز قىلىنسا، ئۇ ھالدا بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇش، بىر - بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش دېگەندىن ھېچنېمە قالمايدۇ، بىرلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىمۇ يوقىلىدۇ.

مەن چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، رېئاللىقتا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم تىلىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ھەممە شارائىت يارىتىپ مۇشۇ تىللارنىڭ ئۆزگە مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي تۇرمۇشىدىكى يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ، شارائىت يارىتىپ تىلىنىڭ ئىچكى راۋاجلىنىش يولى يەنى دۇنيادىكى ئىلغار تىللارنىڭ تەجرىبىلىرىگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تايىنىپ ئۆز تىلىمىزنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش يولى ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تولۇق ئىمكانىيىتى بار. ئېلىمىزنىڭ تەجرىبىلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا چوڭ - كىچىك يۈز

نەچچە مىللەت بار. ئۇلار ئاتمىش يىل بۇرۇن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرلىشىش ئاساسىدا بىرلىككە كەلگەن سوۋېت دۆلىتىنى قۇرغان.

بىز ئۆتۈپ كەتكەن ئۇزاق يىللاردىلا تاللاش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەنمىدۇق: يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان تىلنى ئىشلىتىش كېرەكمۇ ياكى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش يولىغا يەنى ئىلغار مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تىلىنى ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا راۋاجلاندۇرۇش يولىغا ماڭىمىزمۇ؟ ئەلۋەتتە، تامامەن مول ئەدەبىيات ۋە ئىلمىي ئەنئەنىسى بار، يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان تىلغا ئۆتۈپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇ تىلدا شۇغۇللىنىش، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تىلىنى راۋاجلاندۇرىمىز دەپ جاپا چەكمەسلىك يولىغا مېڭىش، شۈبھىسىزكى، ناھايىتى يەڭگىل ئىدى. بۇنداق ئەركىن تاللاش ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى. بىراق، بۇنداق تاللاش ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى سۇلغۇنلاشتۇرۇپ، قۇرۇتۇپ قويماسمۇ؟ ئۇ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ دەۋر روھى جەھەتتە مۇھىم ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەرمۇ؟ ئەڭ مۇھىمى، بۇ خىل ھالەت تارىخنىڭ «يارىتىشى»غا ئۇيغۇن بولۇپ، ناھايىتى كۆپ خىل دۇنيانىڭ ئورتاق پايدا - مەنپەئىتىگە ئايلىنالامدۇ؟ قېنى، كىم ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە نېمىلەرنى ساقلاشنىڭ ياخشى، نېمىلەرنى ساقلاشنىڭ يامان بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ؟

بۇ مەسىلە توغرىسىدا دائىم ئويلىنىشقا، «قوللاش» ياكى «قارشى تۇرۇش»نى دەڭسەپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تىلنى تاللايدىغان چاغدا، ئەركىن تاللاشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ۋە بىر گراژدانىنىڭ خەلق ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىغا ھۆرمەت قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. چۈنكى خەلق بىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان تىلىنى بىزگە ئاتا قىلغان.

بىز ئانا تىلىنىڭ كارامىتىگە ئاپىرىن - تەھسىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. بىز پەقەت بالىلىق چاغلىرىمىزدىن باشلاپ ئىگىلىگەن ئانا تىل بىلەنلا ئادەم قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى مىللىي غۇرۇر بۇلىقىنى ئاچالايمىز؛ ئانا تىل بىلەنلا خەلق تەجرىبىلىرىدىن تۇغۇلغان شېئىر ئارقىلىق يۈرەك - قەلبلەرگە مادار - دەرمان بېرەلەيمىز، پەقەت شۇنىڭدىلا ئەسلى - نەسلىمىزدىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ مۆجىزىلىك، مەزمۇنى دېڭىز - ئوكيانلاردىن چوڭقۇر ئانا تىلدىن ئېستېتىك زوق ئالالايمىز. پەقەت بالىلىق دەۋردىلا ئانا تىلنى ھەقىقىي چۈشىنەلەيمىز، پەقەت بالىلىق دەۋردىلا ئۆزىمىز بىلەن ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەر، قاتلام - تەبىقىلەر ۋە مەلۇم مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

دېمەكچىمەنكى، ھېچبولمىغاندا ئۆزۈمنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، بىر ئادەم بالىلىق دەۋرىدە ئۆزى ئادەتتە ئۇچرىشىپ تۇرغان ئىككى خىل، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك تىلنى ماھىيەت جەھەتتىن چوڭقۇر ئىگىلىيەلەيدۇ، گەپ بۇ تىللارنىڭ باشتىلا ئۇنىڭغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنلىكىدە. مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، رۇس تىلى ئانا تىلدىن، يەنى قىرغىز تىلىدىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. قىرغىز تىلى بالىلىق چېغىمدىلا ئانا تىلىم بولغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئانا تىلىم.

ئۆزگە مىللەتلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان مەدەنىيەت نەتىجىلىرىدىن تو-
لۇق پايدىلانمىساق، بىز كۆپ خىل مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرالماي-
مىز. مانا بۇ بىزنىڭ ئىككىنچى خىل يولنى تاللىشىمىزدىكى سەۋەب. بۇ يول مۈشكۈلرەك،
ئەمما مول نەتىجىلىك يول. بىزدىكى ئۈچىنچى بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ يېزىقى يوق ئىدى،
كېيىنچە ئۇلارنىڭ يېزىقى بولدى. شۇڭا سوۋېت ئەدەبىياتى سەكسەن نەچچە مىللەتنىڭ ئە-
دەبىياتىدىن تەشكىل تاپتى. بۇ ئەمەلىيەت مىللەتلەرنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىدا، تامامەن
باراۋەرلىك پرىنسىپى ئاساسىدا ئۆز تىلىنى ئىشلىتىشنى يولغا قويۇشنىڭ بىر ئۈنۈملۈك
چارە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

مەن بۇ يەردە رۇس تىلىنىڭ رولى توغرىسىدىمۇ سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن، رۇس تىلى
ۋاستىچى، تارىختا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك قىرغاقلىرىنى ئەڭ دەسلەپ
تۇتاشتۇرغان كۆۋرۈك. ھالبۇكى، بۇ مىللەتلەر تېخى يېقىندىلا بىر - بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى
بىلمەيتتى. مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقمۇ ناھايىتى زور ئىدى، ھەممىسىنىڭ بىر - بىرى-
نىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرى بار ئىدى، ئۆزئارا پەقەتلا چۈشىنەلمەي-
دىغان تىل ئىشلىتەتتى. رۇس تىلى كۆپ مىللەتلىك سوۋېت جەمئىيىتىدىكى مىللەتلەرنىڭ
ئالاقە تىلىغا — يېڭى «مەدەنىيلەشتۈرۈش» بىلەن مەدەنىيەتنىڭ بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈ-
شىگە تۈرتكە بولىدىغان تىلغا ئايلاندى. چۈنكى ئۇ ئادەم سانى ئەڭ كۆپ مىللەتنىڭ تىلى
ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئېلىمىزدىكى باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەسىر كۆرسەتسە،
يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىش داۋامىدا ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز تۈردە بېيىتتى.

ھازىر بىز شۇنداق جاكالىيالايمىزكى، بىز ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن،
بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتنىڭ تىلىنى ئىشلىتىدىغان سوۋېت مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدۇق.
ئۇ ئېلىمىزدىكى بارلىق چوڭ - كىچىك مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىل نەتىجىلىرىنى ئۆز ئى-
چىگە ئالغان. بۇ مىللەتلەر تا بۈگۈنگە قەدەر تەپەككۇر، پىسخىكا ۋە تۇرمۇش قاتارلىق
جەھەتلەردە ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ، سوۋېت مەدەنىيىتى ھەم-
مىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق مەدەنىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
ھەر خىل مىللىي شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەتتۇر. بۇ خىل
مەدەنىيەتتىكى ئىنتېرناتسىئونالىزملىق يېقىندىن بۇيانقى مەلۇم تەشۋىقاتلاردا دېيىلگىنىدەك
مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئورنىغا قاتمال شەكىللەرنى دەسسىتىش بولماستىن، بەلكى ئىمكانقە-
دەر پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدىيىۋى بىرلىكى ئاساسىدا بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە
تىلىنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئىنتېرناتسىئونالىزمدۇر.

بىز مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقى-
لىق پەرقلەرنى تامامەن يوقىتىۋېتىش ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى ئىستېلا قىلىۋېتىش خاھىشىغا
تاقابىل تۇرىمىز. بۇ مىللىي مەدەنىيەتلەر ئاللىقاچان ئۆز ئورنىنى ئىگىلەپ بولغان، شۇڭ-
لاشقا ئۇنى يوقىتىۋېتىش خاھىشى كىشىلەردە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن
ئەندىشە پەيدا قىلىپ قويىدۇ. مېنىڭچە، ئالىيجاناب گۇمانىزم (ئىنسانپەرۋەرلىك) ۋە ئەخ-
لاقنىڭ ئەھمىيىتى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ بىرلىشىش جەريانىدا، ھەر بى-

رىنىڭ ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ يوقالمايدىغانلىقىدا، ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن بار ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يوققا چىقىرىلمايدىغانلىقىدا، ھەر قايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز بېيىيدىغانلىقىدا، مۇكەممەللىشىدىغانلىقى ۋە راۋاجلىنىدىغانلىقىدا، يوشۇرۇن شەرتلەرنى قازىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق شەرتلەر ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت شەرتلەرلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنە، مەنىۋى مىراسلىرىدىن، ئۇزۇن مۇددەت داۋامىدا جۇغلانغان تارىخىي تەجرىبىلىرىدىن بىۋاسىتە ۋارىسلىق قىلىنغان شەرتلەردۇر.

ئەلۋەتتە، بۇ ئوڭايلا ئورۇنلىنىدىغان ئاددىي جەريان ئەمەس. بىز بۇ جەرياننى ئورۇنلاش ئۈچۈن غايەت زور، بەزىدە خېلىلا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈردۇق ھەمدە بۇرۇن زادىلا كۆرۈلمىگەن بەدىئىي تەپەككۇرنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ھارماي - تالماي ئىزدىنىشچانلىق كۆرسىتىپ ۋە ئىزدىنىپ ئورتاق تەجرىبىنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز تۇرمۇشنى دىئالېكتىكىلىق تونۇش، نۇرغۇن قالدۇق ئىدىيىلەرنى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدىكى «بالىلىق كېسىلى»نى يېڭىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردۇق. سوۋېت ئىتتىپاقىدەك غايەت زور، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا، مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە دائىم دېگۈدەك يېڭى جەريان ۋە يېڭى مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بەزى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ سانى ناھايىتى تېز كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇشى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەلەپى بار، مانا بۇ بىزنىڭ يۇقىرىقى سۆزىمىزنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىللەتلەر تۇرمۇشىنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. تۇرمۇش ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا ئۆزگەرمەكتە. بىز ئۇزۇندىن بۇيان قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە دەپ قاراپ كەلگەن ئالاھىدىلىكلەر تۇرمۇشتىن ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن بارغانسېرى يوقاپ، مەدەنىيەت جەھەتتە بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدىكى توسالغۇغا ئايلىنىپ قالدى. ئارىمىزدىكى ئوخشىمايدىغان مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى پەرقلەندۈرۈشنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، بىز ھامان دېگۈدەك تۇرمۇشىمىزدىكى مۇشۇنداق كۆپلىگەن نەرسىلەرنىڭ بىزدەك تەقدىرى، ئىدىيە سىستېمىسى بىر بولغان، بىر دەۋردە ياشاۋاتقان ئادەملەرنى يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقىنى تولۇق مۆلچەرگە ئالالماي قالىمىز. قاتلاملارنى، كونكرېت مۇھىتنى، كەسىپنىڭ تۈرلىرىنى، ئەڭ مۇھىمى، يېڭى ئادەملەرنىڭ پىسخىك ھالىتىنى مۆلچەرلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىش كېرەك.

سوۋېت كىشىلىرىنىڭ دۇنيا قاراش، پىسخىك ھالەت ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى ئەڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىش. گەرچە بىز باشقا - باشقا مىللەتلەرگە ۋەكىللىك قىلساقمۇ، ئەمما تۇرمۇشقا بولغان قاراشتا، تۇرمۇشنى سېلىشتۇرۇشتا، باھالاشتا ۋە تۇرمۇشقا قويغان ئۆلچەمدە ئورتاقلىقىمىز بار.

مېنىڭچە، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، يېڭى، زامانىۋى مىلودىيە (ئاساسلىق كۈي) ۋە يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىمنى ئالقىشلاش كېرەك. بۇلار ئەسلىدىكى مىللىي شەكىللەرنى بېيىتىدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ

شەرتى بار. بۇ شەرت ئۇ خىل زامانىۋى مىلودىيە ۋە يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تىلىدىن ئۆزىگە مۇۋاپىق ئىپادىلەش شەكلىنى تاپالاش - تاپالماسلىقىدۇر.

ھازىر بىز يېڭى يۈكسەكلىككە ئۆرلەۋاتىمىز، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئادەمنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمىز، بۈگۈنكى تۇرمۇشنى بۈگۈنكى ئۇسۇللار بىلەن كۆزىتىشنى ئۆگىنىۋاتىمىز. شۇڭلاشقا، مىللىي شەكىلدە ھازىرقى دەۋر تۈسى جەۋلان قىلىشقا باشلىدى.

ئەگەر قاتتىق بېكىنمىچىلىق قىلساق قانداق نەتىجە بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇ ھالدا بىزنىڭ ئېرىشكىنىمىز ماھىيەت جەھەتتىكى جا مەدەنىيەت بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكىنى، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ شۇ بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ بىر تەرىپىلا بولىدۇ. باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش بولمىسا، بولۇپمۇ بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش بولمىسا، بۇ ئەمەلىيەتتە شۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىش مەنبەسىنى توسۇپ، بوغۇپ قويغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر «مىللەت ئالاھىدىلىكى»نى ساقلاپ قېلىش ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت قىلىنغان بولسا، ئۇ ھالدا مۇنداق «ئالاھىدىلىك» ئالغا باسماي بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، ئالەمدىن بىخەۋەر ئۆتۈش، نەزەر دائىرىسى تار بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقا تارقىلىشىغىمۇ توسقۇن بولىدۇ.

مىللىي غۇرۇر ۋە تەكەببۇرلۇق، ناھايىتى روشەنكى، تامامەن مەنىداش نەرسە ئەمەس. ئالدىنقىسى ئۆز مىللىتىنىڭ گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پەخىرلىنىش، ئەمما ئۇنى تېپىلماس نەرسىدەك ھەممە يەردە كۆز - كۆز قىلىپ يۈرمەسلىكنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى ئۆزىنىڭ ساختا ئارتۇقچىلىقلىرىدىن مەغرۇرلىنىشنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرمەسكە سېلىش، ھەتتا ئۇلارنى شۇ مىللەتنىڭ «ئارتۇقچىلىقى» قىلىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ. باشقا مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغاندا غۇرۇر بىلەن تەكەببۇرلۇقنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىۋېلىشقا زور ياردىمى بولىدۇ.

تەبىئىيكى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلسا مىللىي ئالاھىدىلىكلەردە ئۆزگىرىش بولىدۇ ھەمدە مىللىي شەكىل پەيدا بولىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىر - بىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، بىر - بىرىنى بېيىتىدۇ ھەمدە ۋاقتى ئۆتكەن كونا رامكىلاردىن قۇتۇلىدۇ. ئەمما، ھەر قېتىم دېگۈدەك گەپ مىللىيلىك ئۈستىگە كەلگەندە، نېمە ئۈچۈنكى، بەدىئىي تەپەككۇر قايسى دەۋردە بولسا، ئۇنىڭ شۇ دەۋرگە خاس ئىجتىمائىي مەنىۋى ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ كۆزىمىز كۆپرەك ئۆتكەنكىنى كۆرىدۇ. ياق، مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يىغىندىسى ئەمەس. مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى دېگەن بۇ ئۇقۇم ئىچىدە ئەزەلدىنلا بار بولغان، ۋاقىتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن نەرسىلەر، بۇرۇنقى دەۋرلەردە شەكىللەنگەن تەجرىبىلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى دەۋر رېئاللىقىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن يېڭى نەرسىلەرمۇ بار.

سوۋېتنىڭ كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئېنىق نەتىجىلىرىدە جەمئىيەتنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئۇلۇغ غايىلىرى بار. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ مىللىيلىكى ئىنتېرناتسىئونالىزمدىن زادىلا ئايرىلمايدىغان مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، ئىنتېرناتسىئونالىزم بۇ يەردە ئالاھىدە مىللىي شەكىل بولۇپ ئىپادىلەنگەن. ئۇلارنىڭ مۇلايىملىق بىلەن بىرىكىشى پىشىپ يېتىلگەن سەۋىيىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ھالبۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئېڭى، باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشىش تەشنالىقى ۋە باشقىلارنى چۈشىنىش ئۈمىدى بولسا مانا مۇشۇ يەردىن باشلانغان، ئۇلارنىڭ مەنبەسى مانا مۇشۇ يەردە.

مەن بۈگۈنكى دۇنيادا نۇرغۇن بەس - مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولغان مىللىي مەدەنىيەت مەسىلىسىنى تەپسىلىي شەرھلەپ ئۆتتۈم. ھەر بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئۆز مەدەنىيىتىگە «ئوخشىمايدىغان قىياپەت» بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىش ئىمكانىيىتىنى ئاتا قىلغان. ئانا يۇرت بىلەن، ئۆز مىللىتىمىز بىلەن، مىللىتىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى جىددىي مەسىلىلەر بىلەن بولغان ئالاقە - مۇناسىۋەت گويا ھاياتىي كۈچكە تولغان ھەمدە مول ئۈنۈملۈك سۈتكە ئوخشاش، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە جان، قۇدرەت بېغىشلاپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ كەڭ زېمىنىغا باشلايدۇ. چۈنكى، ھەر بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا، ئۇلارنىڭ دۇنيانى بىلىشى جەريانىدا نۇرغۇن ئورتاق نەرسىلىرى بولىدۇ، شۇڭا مىللىي نەرسىلەرنى ئىنتېرناتسىئونالىزملىق نەرسىلەر بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويماسلىق كېرەك.

مەسىلەن، بىر قىسىم ئاسىيا، ئافرىقا زىيالىيلىرىنىڭ ياۋروپانىڭ مەركەزچىلىكىگە، مەدەنىي تەپەككۇر شەكلىگە قارىتا ئۆز قارشى بار. بۇنىڭ سەۋەبىنى، ئەلۋەتتە، چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئېسىگە مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى، مىللىي غورۇرىغا قىلىنغان ھاقارەتلەرنى سالىدۇ. ئەمما، ئىلغار ئاسىيا، ئافرىقا زىيالىيلىرى ياۋروپانىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشنى ئاللىبۇرۇنلا باشلىۋەتكەن ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. ئۇلار ياۋروپانىڭ تەجرىبىلىرىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقى، يەر شارىدا ياشاۋاتقان بارلىق ئادەمگە مەنسۇپ دەپ تونۇغان.

(ئاپتورنىڭ خەنزۇچە «ئەدەبىيات ۋە سەنئەت توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم» ناملىق توپلىمىدىن)

---

(بېشى 194 - بەتتە)

ئەمما چاندارانىڭ ئېسى جايىدا ئىدى، ئۇ بىر گەپنىلا تەكرارلايتتى. ئۇنىڭ جاۋابلىرىدا زەررىچە ئىككىلىنىش يوق ئىدى. ئىككى ئادۋوكات ئىختىيارىي ھالدا ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. بىراق ئاخىر ئۇلارنىڭمۇ ھەپىلىسى پىر بولدى.

بىر چاغلاردا، ياشلىق باھارى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان ئانار، پۈزلۈك بۇ ئوماق قىز قورچاقلىرىنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، دادىسىنىڭ ئۆيىدىن قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەنىدى. ئاشۇ خۇشاللىق توي كېچىسى بۈگۈنكىدەك كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىنى كىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالىغان؟ ئاتا، نېمىلا دېگەن بىلەن قىزىمغا ياخشى تەربىيە بەردىم، دەپ ئارمانسىز كۆز يۇمغانىدى.

دارغا ئېسىشتىن بۇرۇن كۆڭۈلچەك بىر ۋراچ چانداراردىن:

— بىرەر ئادەمنى كۆرۈشنى خالامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئانامنى كۆرۈشنى خالايتتىم، — دېدى چاندارا.

— ئېھتىمال ئېرىڭىز بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغانسەن، ئۇنى چاقىرىپ بېرەيمۇ؟

— ياق، ئۇنى كۆرگۈچە ئۆلگىنىم ياخشى، — دەپ جاۋاب بەردى چاندارا.

(ئۆزبېكچە «تاگور ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن)

# ھۆكۈم

## تاگور (ھىندىستان)

نىمەتۇللا ھاجى تەرجىمىسى

1

ئاكا - ئۇكا دوكخىرام بىلەن چىخدام ئەتىگەندە گۈرجەكلىرىنى ئېلىپ ئىشقا ماڭغان ھامان، خوتۇنلىرى ئارىسىدا قاتتىق جەڭگى - جېدەل باشلىنىپ كېتەتتى. قولۇم-قوشنىلىرى بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەچكە، كوچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭلاردەك پەرۋاسىز ئاڭلاۋېرەتتى. ئەرلىرى خوتۇنلىرىنىڭ چىرقىرىغىنىنى ئاڭلاپ بىر - بىرىگە: «يەنە باشلانغان ئوخشايدۇ» دەپ قويۇشاتتى.

قۇياشنىڭ نېمە ئۈچۈن شەرق تەرەپتىن چىقىدىغانلىقىنى ھېچكىم سورىمىغاندەك، بۇ يەڭگىلەر ئارىسىدىكى قۇرۇماس جەڭگى - جېدەلنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچىمۇ ھېچكىم قىزىقمايتتى. قىزىق يېرى، بۇنچىلىك جەڭگى - جېدەللەر قولۇم - قوشنىلىرىدىنمۇ كۆرە بۇ ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە كۆپرەك تەسىر قىلاتتى، لېكىن بۇ جېدەللەر ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئۇنچىلا پاراكەندە قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇلار ھاياتنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدە بىر ھارۋىدا كېتىۋاتقان بولۇپ، ياغسىرىغان چاقلاردىن چىققان كۆڭۈلسىز غىچىرلاشلار ئۇلارغا ھايات چاقىنىڭ تەبىئىي ئاۋازىدەك ئاڭلىناتتى. ئەكسىچە ئۆيدىن ۋارقىرىغان ئاۋاز چىقىپ تىنچلىقنى بۇزمىسا، ئۇلار ئاقىۋەتتە ئېغىر بولغان چوڭ جېدەل - ماجىرالار كېلىپ چىقارمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى.

بىزنىڭ بۇ ھېكايىمىز باشلىنىدىغان كۈنى كەچقۇرۇن ئاكا - ئۇكىلار ئىشتىن چارچاپ قايتقانلىرىدا ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى، سىرتتىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى جىمىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئالتە سائەتكىچە شارقىراپ ياغقان يامغۇر ئاخىر توختىغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۈپۈقلاردا تۇرۇم - تۇرۇم قارا بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى. شۇ ئەتراپتىن ئېقىپ ئۆتىدىغان پادما دەرياسى يامغۇر سۈيى بىلەن تېشىپ ئېكىنزارلىقنىڭ كۆپ قىسمىنى بېسىپ، ئۆيلەرگە يېقىنلاشماقتا ئىدى.

سۇ بېسىپ كەتكەن يەرلەردىن مانگا ۋە نان دەرەخلىرىنىڭ يىلتىزلىرى خۇددى ھىمات تېپىش نىيىتىدە بوشلۇققا قاراپ بارماقلىرىنى ئۇزىتىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى ئاكا - ئۇكا دوكخىرام بىلەن چىخدام زېمىندارنىڭ يېرىدە ئىشلىدى. چۈشتە ئۆيگە بارالماي ئېتىز بېشىدىلا تاماق يېدى. كۈن بويى يامغۇردا ئىشلىگەچكە، كىيىملىرى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. ئاكا - ئۇكىلار قاش قارايغاندا ئۆيگە قايتىشتى. ئۇكىسىنىڭ خوتۇنى چاندارا يەردە ياتاتتى. ھەر كۈنىدىكىدەك قاپاقلىرى سېلىقلىق، رەڭگى - روھى بۇ كۈنكى يامغۇرلۇق كەچكە ئوخشاش غەمكىن ئىدى. ئاكىسىنىڭ خوتۇنى رادخا بولسا ئايۋاندا ھۆرپىيىپ

ئولتۇراتتى. ھەمىشە يىغلاپ تۇرىدىغان بىر يېرىم ياشلىق ئوغلى بىر بۇلۇڭدا ئوڭدا يېتىپ يالىڭاچ ئۇخلاپ قالغانىدى.

— يەيدىغان بىرەر نەرسەڭ بارمۇ؟ — دېدى خوتۇنىغا دوكخىرام.

رادخا ئوتقا چۈشكەن مىلتىق دورىسىدەك پارتلاپ:

— يەيدىغان نەرسىنى نەدىن تاپىمەن؟ — دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە چىرقىرىدى، — ئۆزۈم بېرىپ پۇل تاپايمۇ يا؟

كۈن بويى ئېغىر ئەمگەك ۋە ھاقارەتنى قاخشاپ قايتقان دوكخىرام خوتۇنىدىن بۇنداق زەھەرلىك تەنە ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىدى.

دوكخىرام ئاچچىقىدىن لاغىلداپ تىترەپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن:

— نېمە دېدىڭ؟ — دېدى - دە، قولىدىكى گۈرجەك بىلەن خوتۇنىنىڭ بېشىغا ئۇردى. رادخا يىقىلىپ شۇئان جان بەردى.

چاندارا بولسا:

— ۋاي، نېمە قىلىپ قويدىڭىز بۇنى؟ — دەپ چىرقىرىۋەتتى. چىخدام دەررۇ ئۇنىڭ ئاغزىنى ياپتى. دوكخىرام گاڭگىراپ قالدى. ئۇ گۈرجەكنى تاشلاپ، بېشىنى تۇتقىنىچە پەردە ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇخلاپ ياتقان بالا ئويغىنىپ قورقىنىدىن يىغلىۋەتتى.

بۇ ئۆيدە شۇنچە چوڭ ھادىسە بولۇشىغا قارىماي يېزا ئاۋۋالقىدەك تىپتىنچ ئىدى. پادىچى پادىنى ھەيدەپ كەلدى. كۈن بويى شال ئورمىسىدا يۈرگەن دېھقانلار ئۆيلىرىگە قايتىشىۋاتاتتى، ئۇلار باشلىرىدا بىرنەچچە باغدىن شال كۆتۈرۈپ كېلىشىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى ئىدى.

ئۇلارنىڭ قوشنىسى راملاچان چاكرابارتى بوۋاي پوچتىغا خەت تاشلاپ كېلىپ، ئۆيى ئالدىدا خاتىرجەم غاڭزا شوراپ ئولتۇراتتى. دوكخىرام ئۇنىڭ ئىجارىچىسى بولۇپ، قەرزىنىڭ بىر قىسمىنى شۇ كۈنى تۆلەشكە ۋەدە بەرگەنىدى. بوۋاي بىردىن: «ئېھتىمال، دوكخىرام ئىشتىن قايتقاندۇر» دەپ ئويلىدى - دە، قولىغا كۈنلۈك ئېلىپ ھويلىسىدىن چىقتى.

قوشنا ھويلىغا قاراپ كېلىۋاتقان بوۋاي سەل ھەيران قالدى. ھەممە ئۆيلەردە چىراغ ئۆچۈرۈلگەن، قاراڭغۇ ئايۋاندا بىرنەچچە كىشىنىڭ شەپىسى ۋە تۇرۇپ - تۇرۇپ بوغۇلۇپ چىققان يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بالا ئانىسىنى چاقىرىپ يىغلايتتى، چىخدام ئۇنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ تۇراتتى.

— دوكخىرام ئۆيدە بارمۇسەن؟ — دەپ سورىدى تەشۋىشلەنگەن راملاچان.

دوكخىرام تاش ھەيكەلدەك قېتىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆز ئىسمىنى ئاڭلاپ، ياش بالىدەك ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

چىخدام ئالدىرىغىنىچە ھويلىغا چىقىپ چاكرابارتىنىڭ ئالدىغا باردى.

— قارىغاندا خوتۇنلار يەنە جاڭجاللاشقان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى راملاچان بوۋاي، — بىز تېخى ئالدىنقى كۈنلا ئۇلارنىڭ داد - پەريادىنى ئاڭلىغانىدۇق...

چىخدام نېمە قىلىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى. ئەسلى ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن جەسەتنى ئوغرىلىقچە بىر جايغا كۆمۈۋېتىپ، بۇ ئىشتىن جىملا قۇتۇلۇپ كېتىمەن، دەپ ئويلىغانىدى. مۇشۇنداق چاغدا بۇ ئادەمنىڭ تۇساتتىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى قارىمامدىغان!

— ھە، بۈگۈن يەڭگىلەر يەنە جېدەللىشىپ قاپتۇ، — دېدى چىخدام ئاخىر.

راملاچان ئايۋانغا چىقىشقا تەرەددۇتلىنىپ:

— دوكخىرام نېمىشقا يىغلاۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇنى يوشۇرۇشنىڭ قىيىنلىقىنى بىلگەن چىخدام:

— ئۇرۇشۇپ قالغان چاغدا خوتۇنۇم رادخانى گۇرجەك بىلەن ئۇرۇپتۇ، — دېدى.

باياتىنقى قورقۇنچلۇق ئىشنىڭ بالاسىدىن قۇتۇلۇشنىڭلا كويىدا قالغان چىخدام يالغان سۆزلەشنىڭ راستىنى ئېيتقاندىن كۆرە دەھشەتلىكرەك ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنى قانداقمۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟ شۇڭا راملاچاننىڭ كېيىنكە ئويلاپ تۇرمايلا ئاغزىغا كەلگەن گەپنى دەپ سالدى.

راملاچان بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە:

— ۋوي، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، ھەر ھالدا ئۆلۈپ قالمىغاندۇر - ھە؟ — دېدى.

— ئۆلۈپ قالدى، — دېدى چىخدام ۋە راملاچاننىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

راملاچان قورقۇپ قېتىپلا قالدى. «ئاپلا، خۇدا ئۇرغاندەك بۇ پالاكەتنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان، ئەمدى ئۇزمەي سوتقا چاقىرىدىغان بولدى - دە.» دەپ ئويلىدى.

چىخدام يەنىلا ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى قۇچاقلاپ تۇراتتى.

— ئاھ، دانىشمەن بوۋا، — دەپ يېلىندى ئۇ (ئۇ راملاچاننى يېزىدا ئەڭ ياخشى قانۇنشۇناس دەپ ھېسابلايتتى)، — ئېيتىڭچۇ، قانداق قىلسام خوتۇنۇمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىمەن؟

— قۇلاق سال، — دېدى بىرئاز ئويلاپ تۇرۇۋالغان راملاچان، — بىرلا يول بار: ھازىرلا ساقچىغا بېرىپ، كەچقۇرۇن ئىشتىن ئاچ كەلگەن ئاكام دوكخىرام تاماق تەييار ئەمەسلىكىنى بىلىپ، خوتۇنىنى گۇرجەك بىلەن ئۇردى، دېگىن. شۇنداق دېسەڭ خوتۇنۇڭ قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

— ياق تىخاكۇر*، — دەپ ئورنىدىن قوپتى چىخدام، — ئەگەر خوتۇنۇم ھالاك بولسا، مەن باشقا خوتۇن ئالالايمەن، ئاكامنى دارغا ئاسسا ئىككىنچى ئاكا تاپالمايمەن.

چىخدام خوتۇنىنى جىنايەت ئۆتكۈزدى دەپ قويغان چېغىدا بۇنداق ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئاغزىغا كەلگەن گەپنى دەپ، مانا ئەمدى ئىچىگە قورقۇنچ كىرىۋېلىپ ئايالىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدى.

ياش دېھقاننىڭ ئېتىرازى راملاچانغا ئاساسلىقتەك تۇيۇلدى.

— ئۇنداق بولسا نېمۇ قىلالايتتىڭ، — دېدى ئۇ، — جىنايەت قانداق سادىر بولغان بولسا راستىنى ئېيتىپ بەر، بەرىبىر جىنايەتنى يوشۇرۇشقا بولمايدۇ.

راملاچان شۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ چىقىپ كەتتى. شۇئان پۈتۈن يېزىغا «ئۇرۇشۇپ قالغان ۋاقتىدا چاندارا دوكخىرامنىڭ خوتۇنىنى گۇرجەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ» دېگەن گەپ پۇر كەتتى.

## 2

چىخدام ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپنى تېنىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. راملاچانغا دېگەن گېپى ئاللىقاچان پۈتۈن يېزىغا تارقىلىپ كەتتى. مانا ئەمدى ئۇ قانداقمۇ باشقا ئامال تاپالىسۇن. ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى. شۇڭا كۆڭلىدە: «خوتۇنۇمنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى: بۇرۇن دېگەن گەپلىرىمدىن تېنىۋالماي، سوراق ۋاقتىدا يەنە شۇ گەپنى دەۋېرىپ ئىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىش» دەپ ئويلىدى.

چىخدام خوتۇنىغا ئەيىبنى ئۆز بوينىغا ئېلىشنى ئېيتتى. بۇ گەپ چاندارانى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى.

* ھىندىلار ھۆرمەتلىك كىشىلەرگە شۇنداق دەپ مۇراجىئەت قىلىشىدۇ.

— مېنىڭ دەيدىغان گەپلىرىمدىن ئەندىشە قىلما، — دەپ مەدەت بەردى ئۇنىڭغا چىخدام، — بەربىر بىز سېنى قۇتۇلدۇرۇپ ئالىمىز.

چىخدام خوتۇنغا تەسەللىي بەردى، لېكىن ئۆزى ئەندىشىدە قالدى، تاماقلىرى قۇرۇپ، رەڭگى مۇردىدەك ئاقىرىپ كەتتى.

چاندارا ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا قەدەم قويغان، مەڭزىلىرى ئاناردەك چوكان ئىدى. تەقى - تۇرقى شۇنچىلىك كېلىشكەندىكى، ماڭسىمۇ، قايرىلسىمۇ، ئېگىلسىمۇ، قىسقىسى، نېمىلا قىلسا بىر نازاكەتلىك چىقىپ تۇراتتى. كىيىملىرىنى رەتلىك، پاكىز كىيەتتى. ئىشنى ئەستايىدىل ۋە ئېپچىللىق قىلاتتى، كوچىغا چىقىپ تونۇش - بىلىشلەر بىلەن سۆزلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى، كوزا ئېلىپ قۇدۇق بېشىغا كەلگىنىدە رومىلىنى قىيا ئېچىپ قاپقارا شەھلا كۆزلىرى بىلەن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى كۆزىتىشكە ئامراق ئىدى. ئاكىسىنىڭ خوتۇنى رادخا چاندارانىڭ تامامەن ئەكسى ئىدى: ئۇ كېلەڭسىز، هورۇن، مەينەت ئىدى، ئۆي ئىشلىرىنى جايىدا قىلالمايتتى، تۈزۈك ئىش بولمىسىمۇ مۇغەمبەرلىك قىلىپ ئۆزىنى ھەمىشە ئىش قىلىپ تۇرغان قىلىپ كۆرسىتەتتى. چاندارا ئۇنىڭ بىلەن كەمدىن - كەم گەپلىشەتتى، شۇنچىكى دەپ قويغان بىر - ئىككى ئېغىز سۆزى ئۈچۈن چانداراغا ۋارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيەتتى. خۇي - مىجەزى ئۆز ئېرىنىڭ خۇي - مىجەزىگە ئوخشايتتى. دوكخىرام ئېگىز بويلۇق، كەڭ گەۋدىلىك، يالپاق بۇرۇن يىگىت بولۇپ، ناچىنىڭ تۆشۈكىدەك كىچىككىنە كۆزلىرى خۇددى بىر نەرسىنى چۈشىنەلمەيۋاتقاندەك ھەمىشە سوئال نەزەرى بىلەن قارايتتى. قىسقىسى، بۇنداق ياۋاش - يۇمشاق، تەلۋە كۆچى بار، كېلەڭسىز ئادەمنى ئىزدەپ تېپىش قىيىن ئىدى.

چىخدام بولسا يالتىراق قارا تاشتىن ماھارەت بىلەن ياسالغان ھەيكەلگە ئوخشاش كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئېۋەن تاپقىلى بولمايتتى. قارا چاچلىرىنى ھەمىشە تاراپ يۈرەتتى، پاكىز كىيىنەتتى. ھېچكىم دەرياغا چىخدامچىلىك ئېگىزدىن سەكرەپ شۇڭغىيالمايتتى، ھېچكىم ئۇنىڭدەك بىر كۆچەپلا قېيىقنى ئىتتىرىپ قوزغىيالمايتتى، ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك چاققانلىق بىلەن بامبۇكقا يامىشىپ چىقىپ نوتا شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ چۈشەلمەيتتى، قىسقىسى، ئۇ قانداقلىكى ئىشنى قىلسا، ۋۇجۇدىدىن بىر تۇرلۇك يەم - پاراسەت چىقىپ تۇراتتى.

چىخدامنى يېزىدىكى ساھىبجامال قىزلارغا نەزەر كۆزىنى سالمايدۇ، دېگىلىمۇ بولمايتتى، لېكىن بەزى قىزلار ئۇنىڭ ئالدىدىن قانات - قۇيرۇقلىرىنى تۈزەپ ئۆتسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ياش خوتۇنى چاندارانى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايتتى. بەزىدە ئەر - خوتۇن ئىككىسى گەپ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالسا ھەرگىز ئاغزىنى بۇزۇشمايتتى. ئۇلارنىڭ مۇنچىلىك ئىناق ياشاشلىرىدا مۇنداق بىر سەۋەب بار ئىدى: چىخدام چانداراغا ئوخشاش ساھىبجامال، لېكىن يەڭگىلتەك خوتۇننىڭ چۈلۈۋۈرىنى بوش قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ دەپ ئويلىسا، چاندارامۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئېرىم باشقا خوتۇنلارغا كۆز تاشلاپ يۈرىدۇ، ئەگەر ئۇنى رەشىك زەنجىرى بىلەن باغلاپ قويمىسام بىر كۈن ئەمەس، بىر كۈن ئۇ مېنى تاشلاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ۋەقەدىن سەل ئىلگىرىرەك ئەر - خوتۇن ئىككىسى گەپ تالىشىپ قالغانىدى. چاندارا ئېرىنىڭ بەزىبىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ قاياقىدۇر كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بىر قېتىم چىخدام ئىككى

كۈن يوقىلىپ كېتىپ، ئۆيىگە قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن چاندارامۇ «ھە، ئىشلار چاتاق ئىكەن، مانا ئەمسە» دەپ، ئۆيدىن پات - پات چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كۆپرەك پىرىستانغا باراتتى ۋە ئۆيىگە كەلگەندە كاشى ماجۇمدارنىڭ كەنجە ئوغلىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەيتتى.

چىخندامنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى، ئىش قىلىۋاتقاندىمۇ بىرنېمە ئىچىنى تاتىلىغاندەك ئارام بەرمەيتتى. ئاخىر بىر كۈن ئۇ يەڭگىسى رادخانىڭ ئالدىغا كېلىپ خوتۇنىنى دادلاپ بەردى. ئەڭگۈشتەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولغان رادخا مەرھۇم ئاتىسىنىڭ ئەرۋاھىنى شېپى كەلتۈرۈپ، كاپىلداپ كەتتى:

— قاراپ تۇر، تېخى بۇ بەختى قارا بىر بالا تېرىمىسىدى دەپ قورقىمەن. مەن ناھايىتى ياخشى بىلىمەن، ھامىنى بىر كۈنى ئۇ بىر پالاكەتكە سەۋەب بولىدۇ.

بۇ چاغدا قوشنا ئۆيدىن چىققان چاندارا ئاسماقچىلاپ:

— نېمىدىن بۇنچى قورقۇۋاتىسىز يەڭگە؟ — دېدى.

ئىككى خوتۇن ئارىسىدا قاتتىق جەڭگى - جېدەل باشلاندى.

چىخندام قانغا تولغان كۆزلىرى بىلەن خوتۇنىغا تىكىلىپ:

— ئەگەر يەنە يالغۇز پىرىستانغا بارغىنىڭنى ئاڭلىسام پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

چاندارا بولسا:

— شۇنداقمۇ تېخى؟ مەيلى، مېنىڭ پاچىقىمنى چېقىۋەتكىنىڭنى كۆرەي، — دېدى-دە، كوچىغا قاراپ يول ئالدى.

چىخندام بىر سەكرەپلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ۋە چېچىدىن تۇتۇپ ئۆيگە تارتتى، ئۇنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئىشىكىنى قۇلۇپلىدى-دە، ئىشقا كەتتى. كەچقۇرۇن ئىشتىن كېلىپ قارىسا، ئىشىك ئۇلۇغ ئوچۇق، ئۆيدە ھېچكىم يوق. بۇ چاغدا چاندارا ئۈچ يېزىنى بېسىپ ئۆتۈپ تاغىسىنىڭ يېزىسىغا بېرىپ بولغانىدى.

چىخندام كۆپ يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ خوتۇنىنى ئاران ياندۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەردى.

چىخندام ئاخىر سىماپنى قول بىلەن تۇتقىلى بولمىغاندەك، بۇ نازىنىن جۇۋاننىمۇ ئۆيدە تۇتۇپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئارتۇق زورلاۋانلىق قىلمىدى. ئەمما دائىم كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى. ياش ۋە جاھىل خوتۇنىنىڭ تەشۋىشلىك مۇھەببىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب بولۇپ قالدى. ئۇ بەزىدە: «چاندارا ئۆلسە خېلى يەڭگىللەپ قالاتتىم، چۈنكى ئەزرائىلدىن ھېچكىم رەشىك قىلمايدۇ» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

ئەنە شۇنداق كۈنلەردە ئائىلىدە مۇسىبەت يۈز بەردى.

ئېرى چاندارانى، ئەيىبنى بوينۇڭغا ئال، دەپ ئانداپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ قېتىپ قالغان كۆزلىرى گويا ئىككى پارچە چوغدەك چىخندامنىڭ يۈرەك باغرىنى كۆيدۈردى.

چىخندام خوتۇنىنى، بۇ ئىشنىڭ قورقىدىغان يېرى يوق، دەپ ئىشەندۈرۈشكە، ھەتتا ساقچى ۋە سوتتا قانداق جاۋاب بېرىشنى ئۆگىتىشكىمۇ ئۇرۇندى. ئەمما ئۇنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن نەسىھەتلىرىدىن چاندارا بىرەر سۆزنىمۇ قۇلىقىغا ئالماي تاشتەك قېتىپ، قىمىر قىلماي ئولتۇرىۋەردى.

دوكخىرام ھەممىشە بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە ئۆكسىمغا تايىناتتى. چىخندام ئۇنىڭغا: «بۇ ئۆلۈمنىڭ ئەيىبكارى دەپ چاندارانى كۆرسەت» دېگىنىدە، ئۇ:

— ئۇنداقتا سېنىڭ خوتۇنۇڭ قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمەن، — دېدى چىخندام. گول دوكخىرام شۇ گەپ بىلەن تىنچلىنىپ قالدى.

## 3

چىخىدام خوتۇنىغا ئىشنىڭ يولىنى ئۆگىتىپ:

— رادخا ماڭا پىچاق سالماقچى بولدى، مەن ئۆزۈمنى قوغدايمەن دەپ گۈرجەكنى كۆتۈرۈشىمگە گۈرجەك بېشىغا تېگىپ كەتتى، دېگىن، — دېدى.

سوتتا ۋەقەنى شۇ يوسۇندا بايان قىلىشنى راملاچان بوۋاي ئويلاپ تاپتى. خوتۇنى شۇنداق دېگەندە چىخىدام ئۆزى نېمە دېيىشنى ۋە قانداق دەلىللەر كەلتۈرۈشى لازىملىقىنى تەپسىلىي ئويلاپ قويدى.

شۇ ئەسنادا يېتىپ كەلگەن ساقچىلار ئىشنى باشلىۋەتتى. رادخانى چاندارا ئۆلتۈرۈپتۇ، دېگەن خەۋەر يېزا ئاھالىسىگە پۇر كەتكەنىدى. شاھىدلارمۇ: «رادخانى چاندارا ئۆلتۈرگىنى راست» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتى.

چاندارا سوراقتا:

— ھە، مەن ئۆلتۈردۈم، — دەپ جاۋاب بەردى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئۇنى يامان كۆرەتتىم.

— جاڭجاللىشىپ قالغانمىدىڭلار؟

— ياق.

— ئاۋۋال ئۇ سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدىمۇ؟

— ياق.

— ئېھتىمال ئۇ ساڭا يامان گەپ قىلغاندۇر؟

— ياق.

بۇ جاۋابلار ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. چىخىدام ھاڭ-تاڭ قالدى.

— راستىڭنى دېمەيۋاتىسەن، — دەپ ۋارقىرىدى چىخىدام، — رادخا بىرىنچى بولۇپ ساڭا پىچاق كۆتۈرگەن.

ساقچىلار ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ، جىم تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. پاكىتنى ئېنىقلاش ئۈچۈن چاندارانى تەپسىلىي سوراق قىلىشتى. لېكىن بۇ ھېچقانچە ئۈنۈم بەرمىدى. ئۇنىڭ جاۋابلىرى ھامان بايىقىدەكلا ئىدى. ئۇ رادخانىڭ بىرىنچى بولۇپ چېقىلغىنىنى قەتئىي رەت قىلدى. بۇ ئايال قاتتىق جاھىللىق قىلدى. ئۇ توپتوغرا دار ئاستىغا قاراپ يول ئالغاندىمۇ ئۇنى بۇ يولدىن توختاتقۇدەك كۈچ يوق ئىدى.

چاندارا خىيالىدا ئېرى بىلەن سۆزلىشىپ: «مۇشۇ دۇنيادا سېنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆز ياشلىقىمنى دارغا بېغىشلايمەن، مەيلى، بۇ ھاياتىمدا دار مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تايانچىم بولۇپ قالسۇن» دەيتتى.

مانا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان چاندارا يېزىلىقلىرى ئالدىدىن، بالىلىق چېغىدىنلا تونۇش بولغان كوچىدىن، بازار مەيدانىدىن، پىرىستان يېنىدىن، ماجۇمىدارنىڭ ئۆيى، مەكتەپ ۋە پوچتىخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ يېزىنى ئەبەدىي تاشلاپ كېتىپ بارماقتا، ئۇنىڭ كەينىدىن بالىلار توپ - توپ بولۇپ چېپىشاتتى، تەڭتۇش جۇۋانلارنىڭ بەزىلىرى رومىلىنى قىيا ئېچىپ، بەزىلىرى ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن، بەزىلىرى دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ چاندارانى ئېلىپ كېتىۋاتقان ساقچىلارغا قارايتتى، ئۇيات ۋە غەزەپتىن تىترىشەتتى.

سوتمۇ چاندارانىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ئەيىبكە قوشۇلدى.

گۇۋاھلىق بېرىش نۆۋىتى چىخىدامغا كەلدى. ئۇ ئىلتىجا قىلغاندەك قول باغلاپ تۇرۇپ:

— جانابىي سودىيە، قەسەمياد قىلىمەنكى، مېنىڭ خوتۇنۇمدا ھېچقانداق گۇناھ يوق، — دەپ ۋارقىرىدى.

سودىيە ئۇنىڭغا ۋارقىراپ تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن سوراق باشلاندى. چىخىدام بولغان ۋەقەنى ئەينى بويىچە سۆزلەپ بەردى.

ئەمما سودىيە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىدى، چۈنكى ئەڭ ئىشەنچلىك باش گۇۋاھچى راملاچان ۋەقەنى تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلىگەنىدى:

— مەن جىنايەت يۈز بەرگەن جايغا شۇ زاماتلا يېتىپ كەلدىم. گۇۋاھچى چىخىدام ماڭا بولغان ۋەقەنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇ مېنىڭ تىزلىرىمنى قۇچاقلاپ تۇ-

رۇپ: «خوتۇنۇمنى قانداق قىلىپ قۇتقۇزارمەن، شۇنىڭغا بىر يول كۆرسىتىڭ» دەپ ئىلتىماس قىلدى. مەن ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېيەلمىدىم. ئۇ يەنە «ئەگەر مەن خوتۇنى تاماق پىشۇرمىغىنى ئۈچۈن ئاكام ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى، دېسەم چاندارانى قويۇۋېتەرمىكىن؟» دەپ سورىدى. بۇنىڭغا مەن: «تەنتەك، بۇنداق گەپتىن ئېھتىيات بول، سوت ئالدىدا بىر ئېغىزمۇ يالغان سۆزلىمىگىن، دۇنيادا بۇنىڭدىن قاتتىق گۇناھ يوق ....» دەپ جاۋاب بەردىم...

راملاچان چاندارانى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن بىرقانچە يالغان - ياۋىداق سەۋەبلەرنى ئويلاپ قويغان بولسىمۇ، ئايالىنىڭ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنمىغانلىقىنى كۆرۈپ قورقتى. «يالغان گۇۋاھلىق بەرگىنىم ئۈچۈن ئاخىرى ئۆزۈم جاۋابكار بولۇپ قالماي يەنە، ياخشىسى، بىلگىنىمنى سۆزلەي» دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ سوتتا ئۆزىنىڭ ئاڭلىغانلىرىنى دېدى. بىراق بەزى تەپسىلاتلارنى قوشۇشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. سودىيە بۇ ئىشنى قاراپ چىقىش ئۈچۈن ۋاقىت ئاجراتتى.

ساقچى گۇناھكار بىلەن گۇۋاھچىلارنى يەنە، سوتقا ئېلىپ كەلدى. سوت بىناسىنىڭ ھويلىسىدا ناھايىتى كۆپ ئادەملەر يىغىلىپ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتمەكتە ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دەۋاگەر تەرىپىدىن ئوتتۇز توققۇز گۇۋاھچى چاقىرىلدى.

چىخدام بۇ تەشۋىشلىك ئالەمگە دېرىزىدىن قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە ئۆتكۈنچى چۈشتەك تۇيۇلدى. بانان دەرىخىنىڭ ئېسىلىپ تۇرغان شېخىدا كاككۇك سايراۋاتاتتى. قۇشلارنىڭ يا سوتى ياكى قانۇنى يوق - تە!

— ئاھ ساھىب*، بىر گەپنى ھەدەپ سوراۋېرەمسىز؟ — دېدى چاندارا.

— گۇناھىڭنى بويۇنۇڭغا ئالامسەن؟ — دېدى سودىيە، — بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق جازا بېرىلىشىنى بىلەمسەن؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى ئايال.

— سېنى دارغا ئاسىدۇ.

— شۇ گەپلىرىڭىزدىن ئۆرگىلەي، ساھىب، شۇ ئىش تېزرەك بولسۇن، — دەپ ۋارقىرىدى چاندارا، — خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ، مېنىڭ تاقىتىم قالمىدى!

سوت زالىغا چىخدامنى ئېلىپ كىرگەندە چاندارا ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىۋالدى. سودىيە ئۇنىڭدىن:

— مانا بۇ گۇۋاھچىغا قاراپ ئېيتە قېنى، ئۇ سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

خوتۇن يۈزلىرىنى قولى بىلەن توسۇۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ ئېرىم.

— ئۇ سېنى ياخشى كۆرەمتى؟

— ياخشى كۆرەتتى! — جاۋاب بەردى ئۇ.

— سەنچۇ، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— ھەئە، چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىمەن.

سوراق نۆۋىتى چىخدامغا كەلگەندە ئۇ:

— رادخانى مەن ئۆلتۈرگەنمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— تاماق سورىغىنىمدا بەرمىگىنى ئۈچۈن.

دوكخىرامدىن سوئال سوراش باشلانغاندا ئۇ بىھوش بولۇپ قالدى. كېيىن ئۆزىگە كەلگەندە:

— مەن ئۆلتۈرگەنمەن، ساھىب، — دېدى.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— تاماق بەرمىگىنى ئۈچۈن.

سوت گۇۋاھچىلاردىن قايتا - قايتا سوراپ، بۇ ئاكا - ئۇكىلار چاندارانى شەرمەندىلەرچە دارغا ئېسىلىشتىن قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئەيىبنى ئۆز بويۇنلىرىغا ئالماقچى، دېگەن پىكىرگە كەلدى.

(ئاخىرى 187 - بەتتە)

* ساھىب — جاناب.

# سوۋېت شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن

ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى

مۇھەررىردىن: سوۋېت خەلقى شېئىر پەرەس خەلق. سوۋېت ئالەم ئۇچقۇچىلىرىمۇ كائىناتقا ئۇچۇش سەپىرىدە بىرەر پارچە شېئىر توپلىمى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمايدۇ. سوۋېت شېئىرىيىتى دېموكراتىك ئىدىيە ئەنئەنىسى بىلەن ئىچكى تەسىرات ۋە يېڭىلىق ئىزدەش روھىغا ئىگە.

70 يىلدىن بۇيان سوۋېت شېئىرىيىتى پارلاق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ نەتىجىلەر سوۋېت شائىرلىرىنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان كۆرۈنەرلىك تۆھپىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوۋېت شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەر، ھەر خىل دەۋرلەردىكى ئاياللارنىڭ تەقدىرى ۋە ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى، مۇھەببەت، ۋاپا، ھىجران، ۋىسال ۋە ئانىلىق مۇھەببەت قاتارلىق مەزمۇنلار ئاجايىپ ئېسىل شېئىرىي تىل، سېھىرلىك شېئىرىي مۇھىت، يارقىن ۋە جىلۋىدار شېئىرىي مەنزىرىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. رۇس شېئىرىيىتى ئاسمىنىدىكى تولۇنئاي دەپ ئاتالغان شائىر ئاننا ئاخماتوۋانىڭ سىرلىق تۇيغۇلار بىلەن سۇغۇرۇلغان «قەلب دىئالېكتىكىسى»غا باي كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان شېئىرلىرى رۇس شېئىرىيىتىنى بېيىتتى.

مارىنا سۋېتايېۋانىڭ مۇرەككەپ سەرگۈزەشت ۋە ئۆزگىرىشچان مۇھىت تەسىرى ئاستىدا يېزىلغان مول شېئىرىي ئەسەرلىرى، ئولگا بېرگولىسنىڭ ئۇلۇغ گوركىي تەرىپىدىن: «بەجايىكى ئۆزى ئۈچۈنلا يېزىلغاندەك چىن ھېسسىياتقا ئىگە» دەپ باھالانغان ئوتتەك ھارارەتلىك شېئىرلىرى، «ئۆزىگە خاس ئاملىنى ساقلاپ قېلىش، مودا بولغان ئەدەبىي ئۇسلۇبنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىماسلىق» تىن ئىبارەت سەنئەت كۆز قارىشىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يۇلىيا درۇنىنانىڭ «ئۆز ئاۋازى» ۋە ئۆز يۈرىكى ئەكس ئەتكەن دۇردانە شېئىرلىرى، «خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش» نى مەڭگۈ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئېتىقادى قىلىپ ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە تاشقى ۋە ئىچكى دۇنياغا ئىنچىكە سەپسېلىشنى ئۆز دەستۇرىغا ئايلاندۇرغان رىمما كازاكوۋانىڭ پارلاق شېئىرىي نېمەتلىرى كىشىنى يېڭى مەنزىل، يېڭى ھېكمەتلەرگە باشلاپ، ئۇنىڭغا مەنىۋى لەززەت ۋە شېئىرىي ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

## ئاننا ئاخماتوۋا

### ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىش مەدھىيەسى

قەدەملىرىم يېنىك شۇ قەدەر،
غەمكىن تىترەر كۆكرىكىم ئەمما.
ئالماشتۇرۇپ كىيىۋاپتىمەن،
پەلىيىمنى قولۇمغا ھەتتا.

پەلەمپەيلەر ماڭسام تۈگىمەس،
ئۇچلا باسقۇچ ئايان بۇ ماڭا.
مېنىڭ بىلەن بىللە تۈگەش دەپ،
ئىمەن بەرگى ئاراشلىرىدىن،
كۈز پىچىرلاپ سۇنار ئىلتىجا:

«مەن ئېزىقتىم ئاشۇ ئايىنىمىز
قاباھەتلىك قىسمەت تۇپەيلى»
مەن دەيمەنكى: «جېنىمدىن ئەزىز،
مەنمۇ سەندەك،

بىللە ئۆلەيلى...»

ئەڭ ئاخىرقى ۋىسال كويى بۇ،
زۇلمەت ئۆيگە قارىدىم قىيا.
ياتىقىمدا پەقەت بىر تال شام،
تۆكۈپ تۇرار ئالتۇنرەڭ زىيا.

## قۇلىقىمغا كىردى بىر ئاۋاز

ئاڭلىدىم بىر ئاۋاز چاقىرماقتىدۇر،
بۇ ياققا كەلگىن دەر مۇلايىم ماڭا:
تاشلىغىن ئاپەتلىك گاداي يېرىڭنى،
تەرك ئەت ئەسقاتماس روسىيە ساڭا.

يۇيىمەن قولۇڭنى كېتەر لەختە قان،
كېتىدۇ قەلبىڭدىن قارا داغلار ھەم.
جىسمىڭغا سالىمەن يېپيېڭى بىر جان،
يوقىلار خورلۇقلار سەن چەككەن ئەلەم.

پەرۋاسىز، خاتىرجەم تۇردىمەن ئەمما،
قۇلاقنى ئېتىمەن، ئېتىمەن مەھكەم.
شۇ قەبىھ تۆھمەتلەر سالمىسۇن دەيمەن،
زەردىنگۆش يۈرەككە داغلارنى ئەركەم.

## مەن بىللە ئەمەسمەن ئۇنداقلار بىلەن ...

تۇپراقنى تاشلىغان ياۋ پايمالىغا،
مەن بىللە ئەمەسمەن ئۇنداقلار بىلەن.
بىزدىمەن ئۇلارنىڭ خۇشامىتىدىن،
ئۇلارچۇن ناخشا يوق

ئېيتمايمەن يۈلەن!

مەن مەڭگۈ خەيرىخاھ سەرگەردانلارغا،
ئۇ خۇددى بىر مەھبۇس ئۇ بىر كېسەلمەن.

يوللىرىڭ بىپايان، چەكسىزدۇر سەيياھ،
ياتلارنىڭ ھەسىلى تېتىمىدۇ ئەمەن!

ئېشىنچا ياشىغىم بۇ يەردە مېنىڭ،
ئۆتكەندۇر يانغىندا، تۇتەكتە، داغدا.
ئەزەلدىن داچىغان ئادەم ئەمەس بىز،
ھەرقانداق زەربىدىن ھەر قانداق چاغدا.

بىلىمىز ئاخىرقى تەھقىقلەش پەيتى،
گۇناھسىز چىقىدۇ ھەر سائەت،

ھەر دەم.

ئالەمدە يىغلىماي ئۆتكەن جانلارمۇ،
بولالماس بىز كەبى مەغرۇر، پاك،

بەردەم.

## ئاڭلىدىم يىراقتىن بىر ئاۋاز كەلدى ...

— م.زوشېنكوغا بېغىشلايمەن

ئاڭلىدىم يىراقتىن بىر ئاۋاز كەلدى،
ئەتراپتا ھېچكىم يوق، شەپە يوق بىراق،
تاپشۇرۇپ بەردىڭلار تېنىمنى ئۇنىڭ،
قوينىغا يوشۇردى مېھرىبان تۇپراق.

مەجنۇن تال شاخلىرى، گىرانىت تاشلار،
ياپالماس شۇ تەننى ياپالماس زىنھار.
پەقەت شۇ دېڭىزدا چىققان شاماللا،
قايغۇرار ئۇنىڭغا ئىسەدەپ يىغلار.

## كۆيدۈرۈلگەن خاتىرە

كىتابلار ئىچىدە تۇرار بەك گۈزەل،
شۇ سېنىڭ ھەمشىرەڭ خاتىرجەم، ئامان.
بېشىڭدا يۈلتۈزنىڭ ئالتۇن پارچىسى،
پۇتۇڭدا كۈللەر بار گۈلخاندىن قالغان.

يالۋۇرۇپ - يېلىنىدىڭ ئامان قالسام دەپ،
ئاچچىق ئىس ئەيلىدى قەلبىڭنى پارە.
ۋۇجۇدۇڭ تىترىدى، قاغىغان مېنى—
ئۇنلىرىڭ يىراققا ئۇچتى بىچارە!

قارىغايلار شالدىرلاپ كۆتۈردى شاۋقۇن
ئاي كۆلگەن سۇلارغا سىڭدى بۇ جەريان!
ئۇسسۇلغا چۈشتى ئەڭ مۇقەددەس باھار،
تاۋۇتنى، كۆلخاننى دەۋرە قىپ ھەريان!

### ئويغاق ئەسنالار ...

كۆزۈمدىن يىت زامان، كۆزدىن يىت ماكان،
ئاق كېچە كۆرسەتتى ھەممىنى تۈگۈن.
خروستال لوڭقاڭدا تۇرىدۇ نەرگىس،
تاماكا تۈتەيدۇ كۈمۈشرەڭ پۈتۈن.

ۋە يەنە ئەينەك بار زىلال سۇ گويا،
سايەڭنى كۆرسەتەر بۇلجۇتماي بۇدەم.
كۆزۈمدىن يىت زامان كۆزدىن يىت ماكان،
ئىمجاتقا ئامالسىز ھەتتاكى سەن ھەم.

### چۈشۈمدە

مەڭگۈلۈك ئايرىلىش قارا ھىجراننى،
كۆتۈردۈم يەلكەمدە ئوخشاپ مەن ساڭا.
سۈن قېنى قولۇڭنى يىغلاش پايدىسىز،
كىر يەنە چۈشۈمگە جاۋاب بەر ماڭا.

ھەسرەتكە يولۇققان،
ھەسرەت ئىككىمىز،
دۇنيادا ئەمدى بىز بولالمايمىز جەم
تۈن ئاغقان پەيتلەردە يۇلتۇز ئارقىلىق
سالاملار يوللىغىن سەن ماڭا ھەردەم.

### چۈش

شېرىنمۇ نەمەسمۇ ساماۋى چۈشلەر
— ئا. بلوك

بىشارەت بارمۇ-يوق بۇ كۆرگەن چۈشتە،
ئوت يۇلتۇز* چاقنايدۇ يۇلتۇزلار ئارا.
كۆرۈنەر ئۇ قىزىل، يالتىراق، دەھشەت
شۇ كېچە چۈشۈمگە كىردىڭ دىلرەبا.

يوق يېرى يوق ئۈنىڭ باخ ** كۈيىدىمۇ،
بار بىكار ئېچىلغان گۈللەر تۈۋىدە.
قوڭغۇراق ساداسى سۆيگەن تۇپراقتا،
بار سەھرا قوينىدا، ئۈنىڭ ئۈنىدە.

بار كۈزدە، بۇ كۈزمۇ كەلگىلى نېكەم،
پەيامدىن ياندى ئۇ، يوشۇردى دىدار.
ئاھ! مېنىڭ ئاۋغۇستىم قۇتلۇق مەرىكەم
نىچۈن شۇم خەۋەرگە قىلدىڭ خېرىدار؟

بىباھا سوۋغات بۇ، نېمە دەي ئاڭا،
مەن بۇنى كىم بىلەن قۇتلۇقلاي نەدە؟
مىسرالار تۈزىمەن ئۆچۈرمەي تۇرۇپ،
ئۇتتىمكى خاتىرە دەپتەرگە يەنە!

* * *

سەن شېئىر سورىدىڭ مېنىڭدىن چورتلا،
ئۈنىڭسىز ياشايسەن ئوخشاشلا ھايات.
تىنايمەن قانلاردا قالمىسۇن ھەتتا،
ئازابلار سىڭمىگەن بىر مىسرا ھەيھات!

ئۆرتىدۇق خىيالىي ھايات ئىچىدە،
ئالتۇندەك چاغلارنى ئۆرتىدۇق تامام.
كۆرسىتىپ قويىمدى چىراغلار بىزگە،
جەننەتكە پۈتۈلگەن ۋىسالنى ھامان.

بۈنىڭدەك ئۈمىدسىز بولمايدۇ ھىجران،
ياخشىدۇر ئۈنىڭدىن ئۈزۈلگەن بىر ئوق.
ئېھتىمال دۇنيادا ھىجران دەردىنى —
بىز كەبى كۆپ تارتقان بىرمۇ ئادەم يوق!

### مارىنا سۋېتايېۋا

### ئەجەبمۇ ئوخشايدۇ مېڭىشىڭ ماڭا ...

ئەجەبمۇ ئوخشايدۇ مېڭىشىڭ ماڭا،
ئۇيانتچان كۆزلىرىڭ، يەرگە باققان ھەم.

* مارس. ** باخ — گېرمانىيە كومپوزىتورى.

مېنىڭمۇ كۆزلىرىم شۇنداقتى دەسلەپ،
توختىغىن يولۇچى، توختىغىن بىردەم.

سەبدە ۋە كۆكنارگۈل ئۈزگىن بىر تۇتام،
ئوقۇپباق سىنچىلاپ سىنتاشنى* ھەمدە.
ئۇندا بار ئىسمىمنىڭ مارىنالىقى،
قانچىلىك بولغىنىم پانىي ئالەمدە.

بۇ يەرنى گۆرىستان دېمىگىن زىنھار،
شۇركىنىپ كېتىسەن چىقسام ناۋادا.
ئەزەلدىن ھەزىلگە ئامراق خۇيۇم بار،
چىن ئىزھار چەكلەنگەن لېكىن ئۇ چاغدا.

قائىلىرىم ياشناتقان مۇسكۇللىرىمنى،
چىڭگىلەك چاچلىرىم يەلپۈنگەن كۆركەم.
ئەسلىدە مەنمۇ بىر تىرىك جان ئىدىم،
يولۇچى توختىغىن، توختىغىن بىردەم.

ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭچۈن بىر تال گىياھ ئۈز،
ۋە كېيىن ئۈزەرسەن مېۋە بىر قۇچاق
تەگداشسىز ئۆسىدۇ بۇندا بۆلجۈرگەن،
ئەتىلىك ۋە سەردانە، شېرىن، خۇش پۇراق.

غەمكىن ۋە قايغۇلۇق تۇرمىغىن پەقەت،
ئۈنسىز ۋە جىمجىت تۇر تۆۋەن سېلىپ باش.
شادىمان ھالەتتە ئەسلىگىن مېنى،
شادىمان ئۇنتۇغىن ئەسلەشكە ئوخشاش

ئاجايىپ يورۇتار سېنى شولىلار،
تېنىڭنى قاپلىدى نۇرلاردىن مانان.
جەننەتتىن يوللانغان مېنىڭ ئاۋازىم،
قىلمىغاي ھەرگىزدۇ سېنى پەرىشان.

## ئولگا بېرگولەس

## مەن ئۆتتۈم بىز ئۇرۇش قىلغان جايلاردىن ...

مەن ئۆتتۈم بىز ئۇرۇش قىلغان جايلاردىن،
مەن ئۆتتۈم قەدىناس كوچامدىن ھەمدە
جاپا ۋە ئازابلار باسقان يەللاردا،
يۈرىكىم قېپقالغان مېنىڭ ئۇ يەردە.

ئۇ چاغدا ئىككىمىز شۇ يەردە ئىدۇق،
ئۆيىمىز بولدى ئوق ئۈچۈن بىر نىشان.
چوڭ - كىچىك كۆزنەكلەر پىلىموتلارنىڭ
ئېغىزى بولۇشتى سۈرلۈك ئېچىلغان!

دۇنيادا ھەممىسى چىراغ - قار - مۇزلار،
چايقالغان ئۆكۈزلەر ۋە باشقىسى ھەم.
بولغانىدى بىزلەرگە سۆيگۈ ۋە ئەجەل
بولغانىدى قان ۋە جان قېرىنداش ھەمدەم.

شۇ يىلى، شۇ چۈشتە، ئاشۇ لايىقىدا،
شىددەتلىك توپانىنىڭ مۇز پەيتى —
پۈتۈن.
يۈرىكىم مەن سېنى تاپاتتىم جەزمەن،
ۋە بەلكى بەختسىز بىر ئۆزۈم ئۈچۈن.

مۇزدىكى، ئوتتىكى شۇ يۈرەك ئەمما،
مەن ئۈچۈن ھەممىدىن زۆرۈر نەقەدەر.
يالغانىنى شۇ ھامان كۆل قىلىش ئۈچۈن،
ئۇ بىردىن كېلىشكە پېتىنسا ئەگەر...

قوغلاشچۈن ئايانماي يۈرەكسىزلىكنى،
تىترىتىش ئۈچۈن ۋە زىمىستان كەبى.
ئەگەر ئۇ تۇيۇقسىز يۈز ئاچسا يەنە،
دېيىشچۈن يولۇڭ يوق توختا ئەبەدىي!

پاش قىلىپ خۇشامەت، يالاقچىلىقنى،
دېيىشچۈن رۇخسەت يوق
يوقالسۇن يالغان!
تەڭ تۇرۇپ يوقىلاڭ سۆكۈشلەر بىلەن
دېيىشچۈن يول بوشات بولىسەن تالقان!

دىلدارىم ئاڭلاندى قەدەم تىۋىشىڭ،
يېقىنلا بىر يەردىن، دالا، سايلاردىن.
دىلدارىم ئاڭلاندى قەدەم تىۋىشىڭ،
بىز ئۇرۇش قىلغان شۇ تونۇش جايلاردىن.

---

* قەبرە تاش مەنىسىدە.

دىلدارىم، يۈرىكىم، قاراپباق ماڭا،
سەن ۋە مەن ئىككىمىز ئەمەسمىز تەنھا.
سېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ ئەۋلادلىرىمىز،
ئوق ئۇچقان جايلاردىن كەلمەكتە ئالغا!

بار يەنە ناتونۇش كۆرمىگەن ئادەملەر،
ئوخشاشلا بىر جايدىن تاشلايدۇ قەدەم.
ئۇلارمۇ ئۇنتۇماس بۇلۇتلاۋق كۈننى —
يادىدا ئوخشاشلا پولاتتەك قەسەم.

## مارگارىتا ئالىگېر

### ئەللەي ناخشىسى

ئۇخلا، سەن چۈشۈڭدە تېخىمۇ پاكسەن،
ئۇخلا، سەن چۈشۈڭدە تېخىمۇ لېۋەن.
ئۇخلا، سەن چۈشۈڭدە تېخىمۇ شادسەن،
ئۇخلا، سەن چۈشۈڭدە تېخىمۇ تېمەن.

ئۇخلا، سەن چۈشۈڭدە ياۋاش-يۇمشاقسەن،
ئۇلغايماس يېشىڭمۇ چۈشتاراتەندە.
ئۇخلا، سەن كۆرەرسەن بەلكى ئوڭۇڭدا،
ئەبەدىي كۆرەلمەس ئىشلارنى ھەمدە.

### سۈكۈنات

توختىماي تۆكۈلدى ئۆكۈزگە كاشتان،
توكۇلداپ شۇ ئاخشام، سۈكۈنات بىتچىت.
پىچىرلاپ سۆزلەيسەن سۆزلىرىڭ لەرزان،
ئاخىر تىل قاتماي ئولتۇردۇق جىمجىت.

سەن ئۈنسىز ئولتۇردۇڭ مېنىڭ يېنىمدا،
ۋە ئۈنسىز قىستىڭسەن قولۇمنى مەھكەم.
ئەلەملىك ۋە ئىللىق نىگاھىڭ بىلەن،
سەن ئۈنسىز سۆزلىدىڭ سۆيگۈڭنى ئەركەم.

چىن دىلدىن شادلاندىم، خۇشاللاندىم مەن،
سەندىكى ئۈنسىزلىك تۈپەيلى ھەيھات!
ئاڭا تىل ئىشلىمەس، تىلدىن ئەلادۇر،
سەندىكى ئۈنسىزلىك، ئاشۇ سۈكۈنات!

### ئاۋاز

ياڭرىغان ئاۋازىڭ چاقنىغان ئاتەش،
يورۇتۇپ يۈزۈمنى ياندى لاۋۇلداپ.
تۈگۈلگەن قولۇمنى تۇتتۇم ئۇنىڭغا،
قايتىدىن ياشىدى قۇدرەت ۋە ھايات!

باھارنىڭ گۈلدۈرى گويا بۇ ئاۋاز،
سادا بوپ ياڭرىدۇ ئۆيلەردىن تۈندە.
ئۇ ئېلىپ ئادەمنىڭ ئىللىق نۇرىنى،
تۈندىكى يولۇمنى ئۇلىدى كۈنگە!
قىممەتلىك سوۋغاتتۇر ئاھ ئۇ نەقەدەر،
لاۋۇلداپ ياندى ئوت، ياندى ئوت
شەلپە،

يورۇتقان بولسا گەر زېمىننى قۇياش،
بولمايتتى بۇ ئوتمۇ بۇنچىلىك پارلاق.
ئۇ ئۇنچە ھېكمەتلىك تۇيۇلماس ئىدى،
ئۇنتۇلغان بولاتتىم، بولمايتتىم ئامراق.
مېنى زارقىلمايتتى زېرىكىش ئەسلا،
ھېچقانداق ئاۋازغا بولمايتتىم تەشنا.

شۇ تىمتاس ئاخشامنى ئاشۇ ئاۋازسىز،
قانداقمۇ ئۆتكۈزەر ئىدىممەن ئەمما؟

### مەن بىلمەن ...

مەن بىلمەن ئايالار دەريا
چىم-چىم دولقۇن، خىرامان، تىمتاس.
ئۈستى تار ھەم ئىچىنى ئاستا
ئەمما ئاستى تىرەن بىقىياس.

ئەگكەنلەر ئويلىماي دائىم،
يېرىم يولدا كېلەر ئۇلارغا.
ئەمەك ئۈچۈن يېيىشىپ ۋايىم،
ھۇزۇر ئۈچۈن تەشنا شۇلارغا.

ئەمما قايتقان دولقۇن ئۇلارنى،
ئېلىپ كىرەر سۈنىڭ قەھرىگە.
قورقاق ئۆلەر ئىچىپ سۇلارنى،
باتۇر يېتەر قانار بەھرىگە!

## سايە

ئۆزىتىپ پەيدىنپەي پارلاق كۈندۈزنى،
ئاسمانغا ئۆرلىدى ئەنە تولۇنئاي.
تۇن باسقان يوللارنى بويلاپ كېلىمەن،
كېلىدۇ سايەمۇ كەينىمدىن قالماي.

قار باسقان يۇتىغا سەكرىسە گاھى،
جاغىغا يىقىلار ئاۋايلىماي ھەم.
ئۇ مۆكتى، ئۇ قالدى،
چاپسان بول ئەمدى
ئويغىنىپ ئۇ تاشلار كەينىمدىن قەدەم.

ئەي ئەخمەق، ھاماقەت بايقۇش، بىچارە،
چىقمايسەن كەينىمدىن ئىسالدىلىك يېپىشىپ.
ئەگەر مەن بولمىسام ماڭالمايتتىڭ ھېچ،
بولمايتتى ئۆزۈڭگە ياشاشمۇ نېسىپ.

رابىتىنلا شۇنداقمۇ ھەقىقىي ئەھۋال،
ئىچ ئاغرىش تۈگىدى، قوزغالغان بىرئان.
ئالەمدىن خەۋەردار قىلغانتىم سېنى،
نېمىلەر قالدىكىن كۆزۈڭدىن پىنھان؟

بىر چاغلار مەن سېنى ئېپ بارغان جاينى
ئېھتىمال كېزەرمەن يەنە سەن بىلەن.
ھالسىراپ قالدىڭمۇ مەنمۇ ھەم شۇنداق
غەم چۈشتى بېشىڭغا مەنمۇ غەم بىلەن.

بايقىسام سەپسېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا،
مەن ئاددىي ئادەممەن ئورنۇم يوق ھامان.
تۇغۇلۇش كۈنۈمنى تاللىيالامدىم،
خىيالىم بويىچە بولامتى جاھان؟

تەقدىرىم قولۇمدا ئەمەس، ئۆزگىدە،
بۇ يەردىن تېپىلماس غايىب بىر رىشتە،
تۇغۇلۇش ۋە ئىسىم بەردى باشقىلار،
سوراپمۇ ئولتۇرماي ئىسسىق - سوغۇقنى،
تارت دېدى تارتىمىز، قىلماي سۈرۈشتە.

مەن كەلدىم قايسىبىر زۇلمەت ئىچىدىن،
قايسى ئوت - ئاتەشلەر ياندۇردى مېنى.
ئاخىر ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم بىراق،
يېنىمدا ئۇچراتتىم ئاشۇ سايىنى.

ئىمكانىنىڭ بارىچە كەچۈردۈم ھايات،
مۈشكۈلات ئەمەستۇر مېنىڭ خاتايىم.
دۇنيانى ئايلاندىم، مەن ئۇنىڭ بىلەن،
ئۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك سىرداش ھەمراھىم.

شەرەپ بار، قايغۇ بار ھاياتىمىزدا،
بوشاش بار شادلىق بار، شادىمانلىق بار.
ئۆزئارا جىملەپ، سۆكۈشمەيلى بىز،
ئەيىبلەپ تىللاشلار بولمىسۇن زىنھار.

تەشۋىشلەر چەكمىگىن ئەي تەمكىن سايە
شۈكرى قىل، قىسمەتتىن نالىما ئىشەن!
راستىم شۇ مېڭىشتا بىز ئىككىمىزدىن
كىم - كىمگە ئەگەشتى بىلمەيمەن روشەن.

**يۇلياد رۇنىنا**

## مۇھەببەت

تۇن نىسپى، ياتىسەن كۆزلىرىڭ ئوچۇق،
قىلىسەن ئۆز - ئۆزۈڭ تۈگىمەس تالاش.
تىلىڭ دەر: ئۇ ئەسلى چىرايلىق ئەمەس،
دىلىڭ دەر: سەت بولسا نېم بوپتۇ ئاداش؟

كۈتىسەن لەنىتى كېچىككەن چۈشنى،
راست بىلەن يالغاننى قاتۇرىسەن باش!
تىلىڭ دەر: ئۇ ئەسلى ئەقىللىك ئەمەس،
دىلىڭ دەر: دۆت بولسام نېم بوپتۇئاداش!

تەھلىكە قوزغالدى قەلبىڭدە شۇئان،
ھەممىسى يىقىلدى، باشلاندى تاراش.

سەن دېدىڭ قەلبىڭگە ئۈمىد يوق سەندە،
ئۇ دېدى: يوق بولسا ئېيىم بوپتۇ ئاداش!

## قەدەھ

بىر تۈرلۈك پەزىلەت باردۇر ئالەمدە،
ئۇنىڭسىز گوياكى ھېكمەتلەر يوقتەك ...
پىلىموت سايرىسا ئەگەر، بەزىلەر
ياتىدۇ، بەزىلەر ئېتىلار ئوقتەك.

ئەبەدىي شۇنداقتۇر ھەممە، ھەممە سىدىپ،
بېشىڭغا كۈن چۈشسە قالساڭ يەكمۇ يەك.
كېلىڭدىن بوغقاندا ھايات، بەزىلەر
ياتىدۇ، بەزىلەر ئېتىلار ئوقتەك.

نىچارە؟ روشەنكى دۇنيا ئىشى بۇ،
لىپمۇ لىپ مەي تولسۇن
قەدەھكە پۈتۈن.
كۆتۈرەي تۇنجى ۋە سوڭغىسىن ئۇنىڭ،
شۇ ئوقتەك ئېتىلغان ئادەملەر ئۈچۈن!

## ئادەم

تەڭرىگە ئوخشايدۇ، قابىلدۇر ئادەم،
ئىزدىنىش، ھەرىكەت، مەڭگۈ ئادەمدە.
يەڭدى ئۇ ياماندىن قورقۇش خۇيىنى،
زېمىنىڭ دەم تارتىش كۈچىنى ھەمدە.

زەربىلەر ئامراقتۇر ئاڭا ۋە لېكىن،
تۇرىدۇ مەڭگۈگە قىيادا ئاران.
گوياكى تەۋرەنگەن بىر گۈلدۇر ماما،
تاشلارنىڭ ھەر بىرى باشقا ئېسىلغان.

شەيتانغا ئوخشايدۇ بۇ سەزگۈر ئادەم،
ئۆگەنگەن شەيتانىنىڭ كارامىتىنى.
سۆيمىگەن يار بىلەن بولالايدۇ جەم
سەزمەيدۇ سۆيگۈنىڭ نادامىتىنى.

بۇ شەيتان بۇ خۇدا نەقەدەر ئاجىز،
تۇتىرۇقسىز گەپ ئۇنىڭ بىلگىنى پەقەت.
تۇرۇپلا بەختسىز، يىقىلار يەرگە،
تۇرۇپلا بەختلىك، رۇسلاپ ئالارقەد.

## نەپرەت

تىمىسقاپ چۆرەمدە يۈرەر دۈشمىنىم،
كۈلكە ۋە ناخشامنى ئاڭلىغان زامان.
يوشۇرۇپ شۇ مۇدھىش نەپرىتىنى ئۇ،
پىچاق قىسپ قوينىغا سالىدۇ ھامان.

نېمە دەي ئۇنىڭغا كۆيىدۇ تىنىم،
مۇھەببەت ۋە نەپرەت قوشكېزەك بىراق.
ئۇ يارا، ئۇنىڭدىن تىنالمىنار دىلىم،
بۇ بىر ئۇن — ياردىن چىققان چىرقىراق.

ئاھ غۇرۇر چاپسان كەل، ھەمدەم بول ماڭا،
بىلمەن سەن مېنى كەتمەيسەن تاشلاپ.
يەتكۈچە قىينالدىم، مەڭدەتمەس شۈكرى،
ھەرقانداق پىچاقلار بۇكۈندىن باشلاپ.

## رىممى كازاكوۋا

### ئىشەنمە ئەخمىقىم ئىشەنمە ھەرگىز ...

ئىشەنمە ئەخمىقىم ئىشەنمە ھەرگىز،
بىلىشىڭ كېرەكتى بۇنى ئەڭ ئاۋۋال.
بىر يۇمران مەخلۇقتەك قىلىسەن ئەمما،
ئىشەنمە تايغانغا يۇمران دەپ دەرھال.

موسكۋا كۆز ياشقا ئىشەنمىگەندەك،
ئىشەنمە بۇ ئايان بەلكى ئۆزۈڭگە.
ئىشەنمە ئېچىلغان قەلبىمگە مېنىڭ،
ئىشەنمە قادالغان ئىككى كۆزۈمگە.

مەيلى سەن شۇبھىلەن
ئىككىلەن يولسىز،

بۇ پۈتۈن ئالداش دەپ كېسىم كەس مەيلى.
يىقىلماس ئەزىمەت بولاتتىم دېگىن،
يۆلەنگەن بولساڭ شۇ يۆلەش تۈپەيلى.

ئىشەنگىن مەن ھەرگىز كۆرەلمەيمەن،
مەن ئۈچۈن مۈگىلىنىپ غەمدە ياپساڭ چاچ.
بوشلۇقتا مۇئەللەق تۇرىمەن ھازىر،
مەن نېمە؟ قۇشقاچمۇ ياكى قارلىغاچ؟

ئىشەنمە بى قۇدرەت، ئىمكانسىز ماڭا،
ئىشەنمە چالۋاقاپ سۆزۈمدىن تانسام.
ئېيتقۇسىز يارىماس بىر سۆز بولىدۇ،
ناۋادا سەن ماڭا ئىشەن دەپ قالسام.

ئىشەنمە — بۇ مەيلىڭ،
ئىشەنگىن پەقەت —
تالىشىش - تارتىشىش، بۇلاڭ - تالاڭغا.
ھاياتنى بىلمەيمەن ئىشەن ئەخمىقىم،
ئۇر - يىقىت، جەڭ - جېدەل تولغان
جاھانغا!

قانداقمۇ قىلارمىز لېكىن ۋە لېكىن...
سۆيۈشۈپ قالساق بىز چىمەندىن ناۋادا...

## ئارال

مەن ئارال، يايسىمان، مارجان ئارالمەن،
نۇرلارنى چاچقاندا گۈزەل، ئالتۇن تاڭ
ئەركەكلەر گوياكى بىر زور كېمىدەك،
قوزغىلىپ كېتىدۇ مېنىڭدىن ھەريان.

ئۇ ئاستا كەتمەيدۇ كېتىدۇ ئۇدۇل،
نۇر چېچىپ، ياڭرىتىپ سىگنال ئۈنىنى.
مەنچۇ مەن سېغىنىپ مۇشۇ ھالەتنى،
مەنچۇ مەن ئىنتىزار كۈتتۈم مەن سېنى.

مەن تەنھا، يىگانە ياشاپ كۆرمىدىم،
دەسلەپكى بىر نەچچە ۋاقىتتىن باشلاپ.
غەمكىنلىك پەرزەنتىمىڭ، خوتۇنۇڭ،
نۇرۇڭ،
ئىزىڭ ئۇ، كەينىڭگە سەن قويغان تاشلاپ.

ئالپتە يۈلتۈزدەك ئۇخچىغان بىراق،
ئۈپۈقنىڭ قوينىدا بولسەن غايىب.
سەن بىلەن بىرلىكتە غايىب بولىدۇ،
تۆپىرىقىم تەپتى ۋە بولكا - كۆمۈرنىڭ
ئېپاردەك تىنىقى، ھىدى ئاجايىپ.

ئاھ، شۇنداق ئاياللار بەختسىزلىكى،
چۈنكى بىز ئايالبىز ئايال ۋە شۇڭا:
سىلەرگە يايلاق بىز، شەھەر دەريا بىز،
سايلار بىز، ئېدىر بىز، كۆنۈك بىز ئۇڭا!

ئۆكۈنۈش يوق پەقەت مەندە ئەي كېمە،
باشقا بىر قۇرۇقلۇق ئىزدەپ تاپ ئەمدى.
جازالاپ تۇرمايمەن كەلتۈرەلمىسەم،
ئايرىلىپ كېتەيلى قول شىلتىپ ئەمدى.

ئاھ، بۇنداق ئاياللار بەختسىزلىكى،
قايغۇ ۋە ئۇلۇغۋار مەنالارغا باي.
كېمىلەر قوزغالدى پىنھان مۇددىئا،
دېڭىز ۋە ئەتىگە ئېچىپ خۇشچىراي!

ئايرىلغىن قىرغىقىم ئەي مېنىڭ كېمەم،
ياش تۆكمەي مەن سېنى
تىنچ يولغا سالاي.
دەرەخنى ئۇرىدغان قوۋزاقتەك گويا،
ئاخىرقى قېتىم بىر باغاشلاپ ئالاي!

(خەنزۇچە «سوۋېت شائىرلىرىنىڭ لىرىك شېئىر-
لىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن)

# بىر پاي توپلەي


## س. ئاندېرېسون (پورتۇگالىيە)

ئەخمەت ئىمىن تەرجىمىسى


مۇھەررىردىن: سوفىيا. دې. ئاندېرېسون (1919-) پورتۇگالىيىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا زور شۆھرەت قازانغان ئايال يازغۇچى. ئۇ شېئىر، نەسىر ۋە ھېكايىچىلىك بىلەن تونۇلغان، بالىلار ئەدەبىياتىدىمۇ خېلى زور تەسىرگە ئىگە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ۋە ساپ ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇ تەبىئەتتىكى ئەڭ چىرايلىق، خۇش پۇراق نەرسىلەر ئارقىلىق كىشىلىك دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل شەيئىلەرنى يارقىنلاشتۇرۇپ، ئادەملەردىكى چاكىنىلىقلارنى، ۋەھشىيلىكلەرنى قامچىلاشقا ماھىر.

## 1

قارا پەرەنجىلىك، يالىڭاياغ قىزنىڭ گىردىسەن كۆلەڭگىسىنى ئەسلىتىدىغان تۈن پەردىسى باغدىكى يېشىل مەخمەلدەك چىمەنزارلىقنى ئاستا - ئاستا قاپلىماقتا. ئىيۇن ئېيىنىڭ بۇ تۈنجى ئاخشىمىدىكى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە كىشىنى شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمدۈرىدۇ. باغدىكى سوقىچاق كۆلچەكمۇ گويا قارا پەرەنجىلىك جانان. ئۇنىڭدىن ئۆز ئەكسىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن سۇ يۈزىنى توسۇپ ئېگىشىۋالغاندەك، ئۇمۇ قارا پەردىگە چۆمكەلدى.

ئەنە، باغنىڭ ئىچكىرىسىدە ئۆز قەدىمىيلىكىنى كۆز - كۆز قىلىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قىزغۇچ ئىمارەت. ئۇ مۇشۇ بايرام كېچىسىدە ۋال - ۋۇل چىراغلار بىلەن كۆزنى چاقنىتىپ تۇرۇپتۇ. رەڭگارەڭ چىراغلارنىڭ نۇرى، تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان زىبۇزىننەتلەرنىڭ يالت - يۇلتلىرى، بىردەم - بىردەم ئاڭلىنىۋاتقان كۈلكە - چاقچاق، قىقاس - چۇقان ۋە يېقىملىق نەغمە - ناۋالار گويا ئاشۇ قەدىمكى ئىمارەتنىڭ زالىغا پاتماي تېشىپ چىققاندەك تۈن قوينىدا ياتقان گۈلزارنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتمەكتە. چىراغ يورۇقىدا باغدىكى شەمشاد دەرىخىمۇ ئۆزىنىڭ جەزىبدار سايىسىنى تاشلاپ تۇرماقتا، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى بولسا گويا لەرزان چېلىنىۋاتقان مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنىۋاتقاندەك بىر خىل شىلدىرلىماقتا.

جۈپ - جۈپ بولۇپ ئويۇنىشىۋاتقان تانسىچىلارنىڭ قۇيۇندەك پىرقىراشلىرى، خېنىملارنىڭ نەپىس كۆڭلەكلىرى ئوچۇق دېرىزىدىن كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇ سورۇن گويا يەڭگىل پىرقىراشلار ۋە نازاكەتلىك كەيپىياتتىن ھاسىل بولغان بىر دېڭىز؛ كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بايىقى كۆڭلەكلەر بولسا بەئەينى بەزىدە مەيىن جىمىرلاپ، بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ، بەزىدە كەينىگە يېنىۋاتقان دولقۇن. بىر - بىرىنىڭ پىراقىدا ئوت - چوغ بولۇپ يېنىۋاتقان ئاشىق -

مەشۇقلارنىڭ بەزىلىرى دېرىزە پەردىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ بىر نېمىلەر قىلىشىۋاتىدۇ، بەزىلىرى دېرىزىدىن باشلىرىنى چىقىرىۋېلىپ تۈننىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىدۇ. سۇغا تاشلانغان كىچىككىنە خەنجەر سۇكۇنات قوچىقىدىكى كۆل سۈيىنىڭ يۈزىنى تىلىپ ئاستىغا چۈشكەندەك، تۇيۇقسىز ئاڭلانغان قانداقتۇر چىرقىراق كۈلكە بۇ لىرىكىلىق كەيپىياتنىڭ يۈرىكىنى بىر مۇجۇپ قويۇپ بېرىدۇ.

باغنىڭ ئىچىدىن قارىغاندا ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر سىرلىق، غۇۋا، خىيالىي مەنزىرىگە ئوخشىشىدۇ. گويا ئۇنىڭدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن، جۇشقۇن، لېكىن ھايت - ھۇيت دېگۈچە يوقاپ كېتىدىغان خۇشاللىق يوشۇرۇنغان. بۇنداق بىچارە ۋە تەلۋە خۇشاللىق تەبىئەتنىڭ تۈن جىمجىتلىقى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قۇرۇپتۇ.

ئون سەككىز ياشلىق رۇشىيا قالتىس كېلىشكەن، زىلۋا بوي، ياشلىق باھارىنىڭ غۇنچىدەك چاغلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان قىز. مانا بۈگۈن ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم، يەنە كېلىپ ھاممىسى يەنى تۇتۇنغان ئانىسى بىلەن بىللە مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان كاتتا بەزمىگە قاتناشماقچى.

ھاممىسى زىننەت چىراغلىرى بىلەن كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋېتىلگەن دەرۋازىدىن چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن رۇشىيا قورۇنۇپ - قارتىنىپ كېلىۋاتاتتى. دەرۋازىدىن كىرىپلا ھاممىسى بىرىنچى چوڭ زالنىڭ ئىشىكىدە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغان ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئالدىغا قاراپ ئۇدۇل ماڭدى. ئۇنىڭ قەدەم تېۋىشىغا ماسلاشقاندەك قولىقىدىكى سىرغىسىمۇ بوش ئاۋاز بىلەن لىڭشىپ تۇراتتى.

ئۇلار ئادەتلەنگەن سۆزلەر بىلەن بىر مۇنچە تىنچاملىق - ئامانلىق سورىشىپ كەتتى، ئاندىن يەنە بىر ھازاغىچە قىزغىن سۆيۈشۈشتى.

ئۇلار بىر خىل رەسمىيەتچىلىك بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىۋاتقاندا، رۇشىيا زالدىكى مەنزىرىگە قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ قالغانىدى. تۈرلۈك ناتونۇش چىرايلار، رەڭگارەڭ كۆڭلەكلەر، چۆگۈلدىغان كۈلكە - چاقچاقلار، ئاجايىپ چىرايلىق گۈللەر، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان ۋال - ۋۇل چىراغلار، ئەتىرلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى... كۆز ئالدىدا بىراقلا پەيدا بولغاچقا، گويا ئۆزىنى شۇ قايناملىق ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىپ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ پەقەت ئالدىدىكى ئايال ساھىبخانىنىڭ ئۇچىسىدىكى پوزۇر يېشىل كۆڭلەك بىلەن ئادەمنىڭ بىر چىشلىۋالغۇسى كېلىدىغان يوغان ئالمىدەك پارقىراپ كەتكەن مەڭزىنىلا ئېنىق كۆرەلىگەنىدى.

— تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭلار. بۇ ياق مېنىڭ جىيەن قىزىم رۇشىيا بولىدۇ، نەۋرە ئىنىم فىدرونىڭ قىزى، — دېدى قىزنىڭ ھاممىسى ئەر - ئايال ساھىبخانىغا.

ئايال ساھىبخان ئىرەنسىمىگەندەك كۈلۈپ قويدى، ئاندىن ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ:

— دادىڭىز بىلەن مەن كونا تونۇش، لېكىن ئۇنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بولدى، — دېدى.

— ئاھ! فېدرونىڭ قىزى، — دەۋەتتى ئەر ساھىبخان بىر خىل نىدا بىلەن. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قايغۇلۇق كەيپىياتىنىڭ ئەتراپتىكى ھالەتكە ماسلاشمىغانلىقىنى دەررۇ سېزىپ، ئالدىراپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، — دادىڭىزنى ئوبدان بىلىمىز. ئۇ تېخى ماڭا تۇغقان كېلىدۇ. دادىڭىز ئوبدان تۇرغاندۇ؟

— ناھايىتى ئوبدان. كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزگە رەھمەت. شۇغىنىسى، ئۇ بۇ يىل قىشتا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى.

— كېسەل بولۇپ قالدىمۇ؟ ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى قارىمامدىغان! — ئەر ساھىبخان خورسىنىپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى رۇشىيادا ئەمەس، بەلكى زالغا كىرىۋاتقان مېھمانلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتاتتى.

ئايال ساھىبخان قىزنى چاقىرىۋىدى، قىزى كېلىپ رۇشىيانى بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى تانسا بولۇۋاتقان ئۆيگە باشلاپ ئەكىردى.

كەڭرى، ئازادە زال. ئىچىدە پەۋەس مېھمان. تانسا ئويناۋاتقانلار تاملاردىكى يېشىل ئەينەكلەرنىڭ ئەكسىدە بىر ھەسسە كۆپىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. زالنىڭ تۆرىدە ئوركېستىر زوق - شوقى بىلەن مۇزىكا ئورۇنلاۋاتاتتى. ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىدىن تۇرۇپ - تۇرۇپ كىرىۋاتقان گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماغقا گۈپپىدە تېگەتتى. يەڭگىل سوقۇۋاتقان تۈن شامىلى دېرىزە پەردىلىرىنى بوش لىڭشىتىپ قوياتتى.

ئۆي ئىگىسىنىڭ قىزى دوستلىرىغا رۇشىيانى تونۇشتۇردى. تەكەببۇرلۇقتا بىر - بىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بۇ خېنىم قىزلارنىڭ نەزىرىدە ئالدىدا بىرەرى باردەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار رۇشىياغا سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ يەنە ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار ناھايىتى ئىتتىك سۆزلەيتتى، بەزى گەپلىرىنى ئۇقماقمۇ تەس ئىدى، تېخى تۇرۇپ - تۇرۇپ بىرىسىنىڭ سۆزىنى بىرى تارتىۋالاتتى، توختىماي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىشىپ، بويۇنلىرىنى شاپتۇل قېقىشىپ، ئۆزلىرىچە بىر قىسما قىلىقلارنى چىقىرىشاتتى.

سەبىي رۇشىيا ئۇلارغا ئەيمەنگەن ۋە پەرىشان ھالدا قارايتتى. قارىغانسېرى ئۇلار خۇددى ئۇنىڭ نەزىرىدە مەڭزى قىزىرىپ پىشقان ئالمىدەك، ئاۋازلىرىنىڭ زىلىللىقى كۈمۈش قوڭغۇراقتەك، ناز - كەرەشمىلىك جانانلارغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

مۇزىكا توختىدى، ھاياجان بىلەن تانسا ئوينىشىۋاتقان جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلىشتى. چىرايلىق بىر نەچچە قىز يىگىتلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ ئۆي ئىگىسىنىڭ قىزىنىڭ يېنىدا تۇرغان بايىقى بىر توپ قىزلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قىزىققان رۇشىيا بىر گەپنى چۈشىنەلمەي ئۇلاردىن سوئال سورىۋىدى، ھېچكىم ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى.

زالدا يەنە لەرزان مۇزىكا ساداسى ياڭرىدى. قەددى - قامىتى كېلىشكەن يىگىتلەر كېلىپ قىزلارنى بىردىن - بىردىن تانسىغا تارتىشتى. ھەش - پەش دېگۈچە بۇ يەردىكى كۈلكۈنچەك، گەپتان قىزلار تانسا قاينىمىغا كىرىپ كۆزدىن يوقالدى.

رۇشىيا تۇرغان يېرىدە يەككە - يىگانە تۇرۇپلا قالدى، ئۇنى ھېچكىم تانسىغا تارتمىدى.

رۇشىيا ئامالسىز، ئىشىكنىڭ كىشىكىگە يۆلىنىپ تۇراتتى. ھايال ئۆتمەي بىرى يېشىل، بىرى ئاق كۆڭلەك كىيگەن ئىككى قىز ئۇنىڭغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ تۇرۇپ، مەسخىرە ۋە گۇمانىي نەزەر بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە قاراپ كەتتى.

رۇشىيا يېشىل كۆڭلەكلىك قىزنىڭ ھەمراھىغا پەس ئاۋازدا:

— قارىغىنا، بۇ قىز كىمدۇ؟ — دېگىنىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

— كىم بىلىدۇ ئۇنى! — دەپ جاۋاب بەردى ئاق كۆڭلەكلىك قىز.

ئۇلار رۇشىياغا خۇددى ئۇ چاقىرىلمىغان مېھماندەك، ئۇنى ھازىرلا بۇ يەردىن باشقا بىر دۇنياغا قوغلىۋېتىدىغاندەك بىر خىل رەھىمسىز سوغۇق نەزەر تاشلىدى.

روشىيا ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك بىر چەتكە قاراپ تۇرىۋەردى. بىر ئازدىن كېيىن ئىككى يىگىت كېلىپ ھېلىقى ئىككى قىزنى تانسىغا تارتتى.

روشىيا يەنە يالغۇز، ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. تانسا ئويناۋاتقان مىغ - مىغ ئادەم، نۆۋەت بىلەن ئۆچۈپ - يېنىۋاتقان چىراغلار، تۇرۇپ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، تۇرۇپ يېنىك چېلىنىۋاتقان تەسىرلىك مۇزىكىلار، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى - ھەممىسى روشىياغا بۇ يەرنىڭ كىشى تەلپۈنگۈدەك پەيزى جاي بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە روشىيا سىغقۇدەك جاينىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتاتتى.

ئەركە - نايناق، سەتەڭ قىزلاردىن ئۈچى روشىيانىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا كەمسىتىش نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ، بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كۈلۈپ ئۆتۈپ كەتتى.

«ئۇلار چوقۇم مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى روشىيا.

روشىيا ئولتۇرىدىغان بىرەر جاي ئىزدەش ئۈچۈن ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، زالنىڭ نېرىقى تېمىدىكى ئوچۇق تۇرغان دېرىزىنىڭ تۆۋىدە دېرىزە پەردىسى يېرىم توساپ تۇرغان بىر بىكار ئورۇندۇقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

«شۇ يەرگە بېرىپ بىر ئاز ئولتۇرۇۋالايچۇ» دېدى روشىيا ئىچىدە ئۆزىگە.

دېرىزىنىڭ تۆۋىگە بېرىش ئۈچۈن زالنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ يوغان ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئەينەككە قاراپلا توختاپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچىسىدىكى كۆڭلەكنىڭ نەقەدەر كۆرۈمسىز ۋە مودىدىن قالغان كۆڭلەك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم بايقىغانىدى.

بۇ كۆڭلەك ھاممىسىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئىنئامى ئىدى.

بۇ سەككىز كۈن بۇرۇنقى ئىش. روشىيانىڭ ھاممىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

«روشىيا، — دېدى ئۇ، — بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر تانسىغا بارماقچى بولۇۋاتىمەن. مەن بىللە بېرىشىپ بەرسەڭ.»

«مەنمۇ؟ تانسىغا كىيىپ بارغۇدەك كۆڭلىكىم بولمىسا» دېدى روشىيا ئاغرىنغان ھالدا.

«مەندە بىر كۆڭلەك بار، بىر ئاز ئوڭلاتساق ساڭا ئوبدان كېلىدۇ. ئەتە چۈشتە مېنىڭكىگە تاماققا بارغىن، بولامدۇ؟»

ئەتىسى چۈشتە روشىيا خۇشال ھالدا ھاممىسىنىڭكىگە باردى. ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ھاممىسى ئۇنى ئىشكاپ، ساندۇقلار بىلەن تولغان بىر ئۆيگە باشلىدى، كەينىدىنلا تېلېفون بېرىپ تىككۈچىنى چاقىرتتى.

«ئاۋۇ كىيىم ئىشكاپىنى ئاچ!» دەپ بۇيرۇدى ئۇ ئايال خىزمەتكارىغا.

ئايىغى چاققان خىزمەتكار دەرھال بېرىپ ئىشكاپنى ئاچتى. ئىشكاپنىڭ ئىچىگە پۈزۈر، نەپىس كۆڭلەكلەر رەت - رېتى بىلەن ئېسىۋېتىلگەنىدى.

«ئاۋۇنى ئېلىۋەت!» دېدى روشىيانىڭ ھاممىسى بىر كۆڭلەكنى كۆرسىتىپ.

خىزمەتكار ئۇ كۆرسەتكەن كۆڭلەكنى ئېلىپ جازىسى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇردى.

بۇ سۆسۈن رەڭ يىپەك كۆڭلەك ئىدى.

«قارا، قىزىم، تېخى يېپيېڭى. ماڭا ئازراق چوڭ كېلىپ قالغان يېرىلا بار» دېدى ھاممىسى.

روشىياغا بۇ كۆڭلەك بەك سەت كۆرۈندى.

«جېنىم ھامما، — دېدى ئۇ سەل ئېھتىيات قىلغان ھالدا، — بۇ رەڭ مېنى تازا ئاچمايدۇ.»

«مۇشۇ يېشىڭدا ھەر قانداق رەڭ رەڭگىڭنى ئاچىدۇ، — دېدى ھاممىسى، — قېنى

كېيىپ باق. ئىنىكۇچى ئوبدان كۆرۈۋېلىپ ئوڭشاپ بەرسۇن.»

رۇشىيا چاپىنىنى سېلىپ كۆڭلەكنى كىيدى.

ئۇ ئىشكاپنىڭ ئەينىكىگە قاراپ بۇ كۆڭلەكنىڭ ئۇچىسىدا بايىقىدىنمۇ سەت كۆرۈنىۋاتقانلىقىنى بايقاپ:

«هاما، بۇ كۆڭلەك پەقەتلا رەڭگىمنى ئاچمىدى» دەپ سەل غودۇرىدى.

«بۇنداق رەڭ بارغۇ، چىراغنىڭ يورۇقىدا تازا چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.»

رۇشىيا هامىسى بىلەن تاكاللاشقىلى جۈرئەت قىلالماي جىم تۇرۇۋالدى.

ئىنىكۇچى كۆڭلەكنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان يەرلىرىنى يىڭنىمىخ بىلەن ئىلىپ - ئىلىۋېلىپ، ئاندىن كۆك سېلىۋالدى.

«تانىسىغا بارىدىغان كۈنى ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي كىيىسەن. بويۇڭنى ئۆلچىگەندە پۇتۇڭنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇر.»

«مېنىڭ نەدە ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيىم باركەن!» رۇشىيانىڭ بۇ سۆزىنى كۆڭلى ئاللىقاياقلاردا پالاز قېقىۋاتقان هامىسى ئاڭلىماي قالدى.

ئىنىكۇچى ئېتەكنىڭ پەۋىزى بىلەن ھەپىلەشكىلى تۇرغاندا رۇشىيا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ بەردى. ئىنىكۇچى چاققانلىق بىلەن پەۋازنى ئىلىپ - ئىلىۋېلىپ، يوغان - يوغان كۆك سېلىۋالدى. رۇشىيانىڭ شۇ تۇرقىغا ھەتتا ئۆزىمۇ ھەيران قېلىۋاتاتتى:

ئېسىلزادىلەرنىڭ بەزمە سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ بېقىشنى خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان رۇشىيا هامىسى بىلەن تونجى قېتىم بارماقچى بولۇۋاتقان بۇ تانسىغا ھەقىقەتەن بەكمۇ تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

رۇشىيا خېلى بۇرۇنلا ئوقەتتە سۇنۇپ كەمبەغەللىچىلىكتە قالغان دادىسى، ئىككى ئۇكىسى، بىر نەچچە كوت - كوت خىزمەتكار خوتۇن بىلەن بىر ئائىلىدە ياشايتتى. ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايى ياۋا ئوت - چۆپلەر بېسىپ كەتكەن بىر باغنىڭ ئىچىدە ئىدى. تۇرمۇشى بەكمۇ غەم - تەشۋىش ئىچىدە بوالمىسىمۇ، ئىشقىلىپ، زېرىككەشلىك ۋە موھتاجلىقتىن خالى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بەزى دوستلىرى مەكتەپتە ئۇنىڭغا شۇنداق كۆڭۈللۈك ۋە شاد - خۇرام بىر دۇنيا ھەققىدە ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇنيا ئۇنىڭ نەزەرىدە ھەممە نېمىگە ئوڭايلا ئېرىشكىلى بولىدىغان، ھەممىلا ئادەم باي، راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشايدىغان دۇنيادەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالغان. مانا شۇ تاپتا ئۇ بارماقچى بولۇۋاتقان تانسا ئۇ ئۇزۇندىن بېرى تەلمۈرۈۋاتقان ئاشۇ دۇنيانىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ تۇرۇپتۇ. مىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان مۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇلۇقمۇ. مۇنداق بەختنىڭ دەرۋازىسىنى ھەرگىز ئېتىپ قويماسلىق كېرەك. رۇشىيا مۇشۇلارنى ئويلاپ هامىسىغا ئۆزىنىڭ باشقا بىر كۆڭلەكنى خالاۋاتقانلىقىنى پۈرىتىپ قويدى.

«جېنىم هاما، — دېدى ئۇ رەڭگىرويىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، ئەركىلەپ تۇرۇپ، — ئۇچىڭىزدىكى كۆڭلىكىڭىز ماڭا بەك يارايدۇ! قاراڭ، نېمىدېگەن چىرايلىق. تونجى قېتىم تانسىغا بارغانلارنىڭ ھەممىسى ئاپئاق كۆڭلەكلەرنى كىيىپ بارىدىكەنغۇ.»

«ئاق ياكى هالرەڭ بولسىمۇ بولىدۇ، — دېدى هامىسى، — سۆسۈنمىچۇ، هال رەڭگە يېقىن، كەچتە بىر - بىرىدىن ئانچە پەرق قىلغىلى بولمايدۇ.»

رۇشىيا دەرھال گەپنىڭ تېگىگە يەتتى. ئەمدى كۆڭلەك ھەققىدە پالان - پۇستان دېيىدىغانغا ئورۇن قالمىغانىدى. ئەگەر هامىسـ

نىڭ چىشىغا تېگىپ قويسا تانسىغا بارىدىغان ئىشىمۇ سۇغا چىلاشتى. ئۇ غىدىڭ - پىدىڭ قىلماي تاماقنى يەپ ھامىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقتى - دە، شەھەردىكى ئاياغ كىيىم دۇكانلىرىنى بىرىنى قويماي ئارىلاپ چىقتى. ئۇ يەرلەردىكى ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەيلەر شۇنچىلىك قىممەتكى، ئەقەللىسى ئۇ سودىلىشىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

«ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەيتتى رۇشىيا خۇرسىنغان ھالدا.

ئۇ ئۆيىگە كېلىپ بالىخانىدىكى قازىناقنى ئاختۇرۇپ ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى. بۇ يەردە پۇتلىرى سۇنغان ئورۇندۇقلار، كېرەكسىز پانار، ئەسكى ژۇرناللار، چاشقان غاجىلىۋەتكەن كىتابلار، قۇرۇق ئەتىر بوتۇلكىلىرى، سۇنغان يەلپۈگۈچ، كونا ئاياغلار سېلىنغان ساندۇقلار، ئىشقىلىپ، ئەسكى - تۈسكىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى.

رۇشىيا كونا ئاياغلار بار يەشىكنىڭ ئىچىدىن بىر كىشىلىك ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي تېپىپ چىقتى. تۇپلەي كونا، سەل يوغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا كىيگىلى بولاتتى.

رۇشىيا بۇ تۇپلەينى سۈرتۈپ - تازىلاپ ئاخىر خېلى ئىسكەتكە كەلتۈردى.

«ھېچ ۋەقەسى يوق، كۆڭلەكنىڭ ئېتىكى ئۇزۇن، پۇتۇمدىكى ئاياغنىڭ قاندالىقىنى ھېچكىم بايقىمايدۇ» دېدى ئۇ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ.

تانسىغا بېرىشتىن بىر كۈن بۇرۇن تىككۈچى كۆڭلەكنى ئەكىلىپ بەردى. رۇشىيا كۆڭلەك بىلەن تۇپلەينى كىيىپ بېقىۋىدى، تۇپلەي كۆڭلەكنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان ئېتەكلىرى ئىچىدە كۆرۈنمەي قالدى.

ئەمدى ئۇنىڭ ئەندىشىسى ئاياغنىڭ پۇتىغا چوڭ كېلىپ قالغانلىقىدا قالدى. «ماڭغاندا ئاۋايلىماملا بولمىدىمۇ» دەپمۇ ئويلىدى ئۇ.

شۇ تاپتا رۇشىيا تانسىخانىدا خەقلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ ئەينەككە تىكىلگىنىچە «ئاپلا، بۇ يەرگە كەلمەيدىغان ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ!» دەپ ئۆز - ئۆزىدىن نارازى بولۇپ غۇدۇڭشىماقتا.

ئۇ ئالدىدىكى سىرلىرى ئۆچۈپ، سىنى كۆچۈپ كەتكەن بۇدۇر - چوقۇر ئەينەككە قارىغىنىدا چىرايىنى سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ئادەمنىڭكىدەك ھېس قىلىپ كېتىۋاتاتتى.

«تۇۋا، چىرايىم نېمانداق تاتىرىپ كەتكەندۇ؟ — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئازراق ئەڭلىك سۈرتۈۋالسام بولمىغۇدەك.»

رۇشىيا گىرىمخانىغا كىرىپ چىقماقچى بولۇپ بىرىدىن سۈرۈشتە قىلىۋىدى، ئۇ گىرىمخانىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ سول قەرىپىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇ تانسىخانىدىن چىقىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتكە ماڭدى، پەلەمپەينىڭ دەل يېرىمىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز ئوڭ پۇتىدىكى ئايىغى چۈشۈپ كېلىۋىدى، ئۇ قورقۇپ ئەتراپىغا قارىدى، بەختىگە ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى.

گىرىمخانىدا ئۈچ قىز ئۆزىگە پەرداز قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار رۇشىيانىڭ كىرگىنىنى سەزمەي ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ پاراڭنى سېلىشىۋەردى:

— ھېلىقى سۆسۈن كۆڭلەكلىك قىز كىمدۇ؟ نېمىدېگەن سەت نېمە ئۇ.

— كىم بىلىدۇ. خۇدايا تۇۋا، مۇشۇ كۈندىمۇ شۇ رەڭنى ئۇچىسىغا ئارتىپ يۈرىدىغانلار باركەن - ھە.

— مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن نومۇس قىلىپ بىر قىسما بولۇپ كەتتىم. كىم بىلىدۇ، بىرىدىن تىلەپ كىيىپ كەلگەنمۇ تېخى.

— خەقنى ئۇنچىلا چۆكۈرۈپ، كەمسىتىپمۇ كەتمەڭلار. كۆڭلىكى سەت بولغان

بىلەن، ئۆزىنىڭ شۇقەدەر چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىڭلارمۇ، — باياتىندىن گەپكە قوشۇلماي ئولتۇرغان بىر قىز رۇشيانىڭ تەرىپىنى ئالدى.

— باشقىراق كىيىنگەن بولسا تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنگەن بولاتتى بولغاي. لېكىن ئۇ ئەپتىمىدىن...

رۇشيا يەنە ئاڭلاۋېرىشكە چىدىمىدى، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كىرگەنلىكىنى ئۇلارغا سەزدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، پۇتىنىڭ ئۇچىدا كەينىچە دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

«ھەي، نېمىشقىمۇ بۇ تانسىغا كەلگەنىدىمەن؟! — ئۇ ئۆزىگە ئۆزى كايىپ كەتتى، — سۆسۈن كۆڭلەك كىيىش بۇ يەردە گۇناھ ھېسابلىنىدىكەن ئەمەسمۇ. بۇ كۆڭلەك بىلەن ئۇلارنىڭ قاتارىغا قېتىلغىلى بولمىغۇدەك.»

رۇشيا روھى تۆۋەن ھالدا پەلەمپەيدىن چۈشتى، دالاندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىككى دېرىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى يوغان بىر تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىدا توختىدى - دە، رەڭگىنىڭ بايىقىدىن بەتتەر تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، يانچۇقىدىن ئەڭلىك قۇتىسىنى ئېلىپ يۈزىگە ئازراق ئەڭلىك سۈرتۈۋالدى.

شۇ ئارىدا ئۇ ئەينەكتىن كەينىدىن بىر قىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بايا رۇشيانىڭ تەرىپىنى ئېلىپ سۆزلىگەن، سېرىق چاچ، غۇنچە بوي، زىلۋا قىز ئىدى.

رۇشيا ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ تۇرۇۋالدى. قىز رۇشيانىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپ، ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ سۆز ئاچتى:

— بۇ ئەينەكتە ئۆزىڭىزنى كۆرمەڭ، ئادەمنى بىر قىسما كۆرسىتىپ قويىدۇ.

رۇشيا سەل ھودۇقۇپ ئارانلا گەپ قىلدى:

— راست، شۇنداق ئىكەن. بەلكىم بۇ ئەينەك ...

— ئۆڭگىڭىز شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق ئاق ئىكەن، — قىز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — بۇ ئەينەك ئادەمنى كۆلرەڭ كۆرسىتىپ قويىدۇ، ياخشىسى ئۇنىڭغا قارىماڭ.

ئارىنى سەل جىمجىتلىق باستى. شۇ ئارىدا ئۇ قىزنى بىرى چاقىرىۋىدى، ئۇ:

— مانا، ھازىر! — دەپ قويۇپ ئورنىدىن قوزغالمىدى، ئاندىن سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، يەنە شۇنداق دېدى، — ئۆزىڭىز بىلىسىز... ئادەمنى سەت كۆرسىتىدىغان مۇنداق ئەينەكلەرگە، ياخشىسى قارىمىغۇلۇق. بۇمۇ راست گەپ قىلمايدىغان يامان ئادەملەرگە ئوخشىشىدۇ.

— شۇنداق، خېنىم، ناھايىتى ئورۇنلۇق سۆزلىدىڭىز، — رۇشيا ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدى. بۇ گېپىدىن ئۇنىڭ قارشى تەرەپنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراشقا تىرىشىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۆزىڭىزگە مەلۇم، — دېدى قىز. ئۇ شۇنچىلىك خىيالچان ئىدىكى، خۇددى ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك سۆزلەيتتى، — ئادەمنى سەتلەشتۈرۈپ كۆرسىتىدىغان تەتۈر شولىلار، شەپقەتسىز سوغۇق نەزەرلەر، زەھەرلىك مەسخىرە، قۇرۇق سۆز - چۆچەكلەردىن نېمە ھاسىل بولىدىكىن، بىز راست بىلمەيمىز. بەلكىم خەقلەر شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ روھىمىزنى نابۇت قىلىش ئىستىكىدىدۇ. شۇڭا بىز كۆڭلىمىزنى پاك ۋە ئازادە تۇتۇشنى بىلسەك بولىدۇ.

— گېپىڭىز توغرا، — رۇشيا دەررۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدى ۋە شۇ ھامان ئۆزىنى ئۇنىڭ ئالدىدا باشقىچە تۇتۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ چۆچۈپ كەتتى.

— ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، — دېدى قىز، ئاندىن كۈلۈپ قويۇپ، ئالتۇنرەڭ ئۇزۇن سېرىق چاچلىرىنى كەينىگە تاشلا-

دى - دە، — مەن ماڭاي، خوش، كېيىن
كۆرۈشەرمىز، — دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ئۇ قىز رۇشىياغا غەلىتە، چۈشىنىكسىز
گەپلىرى بىلەن قانداقتۇر بىر نەرسىنى يوشۇ-
رۇپ ئېيتمىغاندەك بىلىندى.

«ئۇ زادى نېمە دېمەكچى بولغىيتتى؟ —
رۇشىيا ھەدەپ ئۆزىگە سوئال قوياتتى، —
بەلكىم ئۇ كىرىمخانىدا قىلىشقان غەيۋەتلە-
رنى مېنىڭ ئاڭلىغانلىقىمنى بىلىپ ماڭا
تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن كەلگەندۇ؛ بەلكىم
مەن ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندىمەن.
ئۇ ھېلىقى گەپلىرىنى قەستەن مېنى چۈشەن-
مىسۇن دەپ قىلغانمىدۇ-يا؟ غەلىتە، دەب-
دەبىلىك گەپلىرى بىلەن مېنى كولدۇرلىتىپ-
قۇ يۈرمىگەندۇ؟» رۇشىيا ئويلىغانسېرى تې-
گىگە يېتەلمەي سەل جۇدۇنى ئۆرلەپ، ئۇ
قىزنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن گۇمانلىنىشقا،
ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆزىگە يېقىنچىلىق
قىلىشتىكى مەقسىتىنى ئويلاشقا ھەم مېنى
تۇزاققا چۈشۈرمەكچى بولغانمىدۇ، دەپ ئەن-
سىرەشكە باشلىدى. لېكىن تۇرۇپلا ئۇنىڭ
يەنە كۆڭلى باشقا بىر تەرەپكە غۇۋا گۇۋاھ-
لىق بېرىشكە ئۆتتى: «ئېھتىمال ئۇ مېنى
ئاللىقانداق بىر خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇشقا
ياردەم قىلىش نىيىتىدىدۇر. مېنى بىر خەتەر-
لىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىسا دەپ ئويلاي-
دىغان چېغى.»

رۇشىيا ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ
ئۆزىنىڭ تانسا زالىغا كېلىپ قالغانلىقىنى
سەزمەي قالدى. ئەنە، دېرىزىنىڭ تۈۋىدە
پەردە بىلەن يېرىمى توسۇلۇپ تۇرغان ئو-
رۇندۇق يەنە بىكار پېتى تۇرۇپتۇ.

رۇشىيا تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ يېنىدىن
ئايلىنىپ ئۆتۈپ يەنە شۇ ئورۇندۇققا كې-
لىپ ئولتۇردى.

گۈلزارلىقنىڭ خۇش بۇي ھىدىنى ئېلىپ
كىرىۋاتقان سەلكىن شامال ئاندا - مۇندا
رۇشىيانىڭ ئوچۇق يەلكىلىرىنى سۆيۈپ ئۆ-
تەتتى. ئەنە ئۇچقاتلار، تەكشى قىرقىلغان
چىمەنلىك. ئاھ، لەيلىزارنىڭ خۇش پۇراقلى-
رى! نېمىدېگەن سالقىن، نېمىدېگەن ئارام-
بەخش كېچە بۇ!

بىرى رۇشىيانىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كې-
تىۋېتىپ ھاياجانلانغان ھالدا:

— نېمىدېگەن قالتىس سورۇن بۇ! —
دەپ كەتتى.

رۇشىيا ئىختىيارسىز زالغا نەزەر تاشلى-
دى. راست، نېمىدېگەن قالتىس سورۇن - ھە؛
بەئەينى چىراغ، مۇزىكا، گۈللەر دېڭىزىغۇ
بۇ. رۇشىيانىڭ كۆزلىرىنى تېخىمۇ قاماشتۇ-
رۇۋاتقىنى كۆڭلەكلەر — رەڭگارەڭ
كۆڭلەكلەر. جاھاندا مۇنداقمۇ ئاجايىپ
كۆڭلەكلەر بولىدىكەنە. ۋاھ، بەللەرنى تال
چىۋىقتەك كۆرسىتىۋاتقان نەپىس كۆڭلەكلەر،
ھەر بىر ھەرىكەتتە بىر دولقۇنلىنىپ تۇرۇ-
ۋاتقان كەڭ ئېتەكلەر، ئىتتىك پىرقىرىغاندا
گۈلنىڭ جىلۋىدار پورەكلىرىدەك كۆزگە تاشلى-
نىدىغان كۆكرەك پۈرۈملەر... رۇشىيا كۆڭ-
لەكلەرگە چېكىتتەك تىكىلگىنىچە ھەۋەسلىنىپ
ئولتۇراتتى ھەم ئىچىدە ئۇلارغا ئازراق ئە-
چى تارلىقمۇ قىلىۋاتاتتى، ھەر بىر كۆڭلەك-
نىڭ پاسونىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىۋېلىش ئۈ-
چۈن ئۇ كۆڭلەكلەرگە تېخىمۇ ئىنچىكە
سەپسالاتتى.

«ئاشۇ كۆڭلەكلەرنىڭ بىرەرى، ھەيلى ئاق،
ھەيلى كۆك بولسىمۇ، مېنىڭ ئۇچامدا بول-
غان بولسىچۇ!» رۇشىيا ئۆزىچە پىچىرلىدى.

تۇيۇقسىز، ئۇنىڭ يۈرىكى يىڭنە تىققان-
دەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن
تۇرۇپ زالغا كەينىنى قىلىپ دېرىزىدىن
گۈللۈككە قاراپ تۇرۇۋالدى.

گۈزەل، جىمجىت كېچە بۈزنىڭ كۆزگە
كۆرۈنمەس سالقىن قوللىرى بىلەن رۇشىيانى

ئالاردەك قىزىرىپ كەتكەن مەگزىلىرىدىن يېنىك ئەركىلىمەتتى.

رۇشىيا سىرتقا خېلى ئۇزۇنغىچە جىمجىت قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ زالغا يەنە بىر قېتىم نەزەر سالدى ۋە ئۆزىگە يېقىن بىر يەردە ئۆي ئىگىسىنىڭ قىزى بىلەن بىر يىگىتنىڭ — چاچلىرى قويۇق، قىزغۇچ سېرىق كەلگەن، بويى ئېگىز قاۋۇل بىر يىگىتنىڭ بىللە تانسا ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇلار رۇشىيانىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، يىگىت دېرىزە پەردىسىنىڭ سەل دالدىسىدىراق تۇرغان رۇشىيانى كۆردى - دە، بېشىنى سىڭايان قىلىپ ئۇنىڭغا تازا سىنچىلاپ قاراپ قويدى ۋە كۈلۈپ قويدى، ئاندىن بىللە تانسا ئويناۋاتقان قىزغا بىر نېمىلەرنى دېدى. قىز يىگىت كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ رۇشىيانى تونۇدى - دە، ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ يىگىتكە بىر نېمىلەر دەپ جاۋاب بەردى.

«بۇلارمۇ مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ رۇشىيا ئىچىدە ئۆرتىنىپ كەتتى.

مۇزىكا توختىغان چاغدا ئۆي ئىگىسىنىڭ قىزى ئۇ يىگىتنى كەينىگە سېلىپ دېرىزە تەرەپكە ماڭدى.

رۇشىيا ئۇلارنى كۆرمىگەنگە سېلىپ دەرھال تالاغا قارىۋالدى.

ئۇ قىز رۇشىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ:

— خانقىز، گۈللۈكنى تاماشا قىلىپ تۇرغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى.

رۇشىيا جاۋاب قايتۇرغۇچە ئۇ ھېلىقى يىگىتنى رۇشىياغا تونۇشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى كېتىپ قالدى.

يىگىت دېرىزىنىڭ زەگۈندىسىگە يۆلىنىپ تۇردى.

رۇشىيا قىلىدىغان گەپ تاپالماي ئاخىر:

— ئەجەبمۇ چىرايلىق كېچە بوپتۇ، بايا كېچىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ تۇرغانىدىم، — دېدى.

— بۇ چىرايلىق كېچىنىڭ پەيزىنى ئىككىمىز بىللە سۈرەيلى، — دېدى يىگىت.

ئاندىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ گۈللۈك تەرەپكە قارىدى ۋە سالقىن ھاۋادىن تازا بىر سۈمۈرۈپ، ھاياجانلانغان ھالدا سۆزگە كىرىشتى:

— ئاھ، نېمىدېگەن ساپ ھاۋا! چىمەنلىكتىن ئېپارنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدۇ. شەمشاد، فىكۇس، ئۈچقاتلارنىڭ پۇرىقىمۇ دىماغلارنى مەست قىلغىلى تۇردى.

— قالتىس تەسۋىرلىدىڭىز! — رۇشىيا شۇ گەپنى قىلىپلا بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى.

— پۈتكۈل تەبىئەت مانا مۇشۇنداق سىرلىق. ئەنە ئاي كۈمۈش نۇرلىرى بىلەن زۇلمەت پەردىسىنى، قويۇق دەرەخ شاخلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ تىنىق كۆل سۈيىدە غايەت زور ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرۇپتۇ. ئاھ، كىشىنى سىرلىق خىياللار بۆشۈككە بۆلەيدىغان گۈزەل كېچە!

— راست، ھەقىقەتەن گۈزەل! — رۇشىيا ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەستىقلاپ قويدى، چىرايىدىن سەل ھولۇقۇپ قالغانلىقى چېلىقىپ تۇراتتى.

— كىشىلەر باھاردىن يازنىڭ ھىدىنى پۇرايدۇ. بۇ يىلقى باھارنىڭ كېچىلىرى ھەقىقەتەن ئاجايىپ. بەزىدە مۇشۇنداق گۈزەل كېچىلەرنى بىر مىنۇتمۇ ئۇخلىماي، مەيىن شامالنىڭ پەيزىنى بىر سېكۇنتمۇ قولدىن بەرمەي ئۆتكۈزگۈم كېلىدۇ.

— راست، ھەممە نېمە بەكلا ئاجايىپ! — رۇشىيا يەنە بىر قېتىم يىگىتنىڭ تەلەپپۇزىغا، ھاياجانلىق ھالىتىگە ماس سۆز قىلىپ قويدى.

ئارىنى بىر ھازاغىچە جىمجىتلىق باستى.

تالاغا قاراپ جىمجىت تاماشا قىلىپ تۇرغان يىگىت بىردىنلا ئېسىنى يىغدى ـ دە، ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان بىر خىل ھالەتتە ئۇنىڭغا تىكىلىپ مۇلايىم ئاھاڭدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— خېنىم، مۇشۇنداق كېچىلەردىن قورقمامسىز؟

— قورقمامسىز؟ نېمىشقا؟

— ھەممىلا يەر كۆكۈلمەيدانچىلىق، ھەممىلا يەردە چاقناپ تۇرغان چىراغلار، دىماغقا گۇپۇلدەپ ئۇرۇۋاتقان خۇش پۇراقلار. كۆزلىرىمىزنى يالت ـ يۇلت قىلغۇزۇۋاتقان بۇ مەنزىرە بىزنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ئۆزى. لېكىن يەنە قانداقتۇر بىر قايغۇ ـ ھەسرەت بۇ كېچىنى تۇماندەك قاپلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەتراپىمىزدا قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ شەپىسى باردەكلا. ئۆزىمىزنى خۇددى بىر ئېزىتقۇ يولغا كىرىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغاندەك، چاكىنا بەزمە ـ ئىشرەتلەرگە بېشىمىزچە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك، خۇددى ئۆزىمىزنى ئالداشقا تەييار تۇرغاندەك، تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇۋېلىشىمىزغا ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغاندەك، ئەمدى ئۇنداق ھاياتقا بىز ئىگە بولالمايدىغاندەك سېزىمەنغۇ.

رۇشىيا ئۇنىڭ گەپلىرىدىن قايمۇقۇپلا قالدى. ئۆزىنى كولدۇرلىتىۋاتامدىكىن دەپ گۇمانلىنىپمۇ باقتى، چۈشىنەلمەي قالدىمىكىن دەپمۇ ئويلىدى. ئاخىر ئۇ يىگىتنى كاللىسىدا سەل چاتاق بار ئوخشايدۇ دېگەن يەرگە كەلدى. چۈنكى ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ناھايىتى روشەنكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن چىرايلىق بىر كۆڭلەكنى كىيىپ مۇشۇ تانسىدا ئويناپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى ھەقىقىي تۇرمۇش. لېكىن بۇ تىلەك ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا، دېيىشكە بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئاخىر:

— ناھايىتى توغرا سۆزلىدىڭىز. بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ بىر كېچە! — دەپ قويدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئۆزىچە سەگەكلىشىپ ئۇنىڭدىن سورىدى، — سىز ماڭا نېمىشقا ئۇ گەپلەرنى قىلىسىز؟ سىز يا مېنى تۇزۇك تونۇمىسىڭىز، يا چۈشەنمىسىڭىز؟

— چۈنكى سىز باياتىندىن بېرى كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان كۆڭلەكلەرگە دىققەت قىلماي، چىرايلىق كېچە مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇردىڭىز.

«توۋا، ئادەم نېمىدېگەن ئوڭاي ئالدىنىدىغان نېمىدۇ!» رۇشىيا ھېچقانداق گەپ قىلماي يىگىتكە قاراپ مۇلايىم كۈلۈمسىرىدى.

— خېنىم، — دېدى يىگىت يەنە، — تانسا ئوينامسىز؟

— مەن تانسا بىلمەيمەن.

— تانسا ئوڭاي، مەن سىزگە ئۆگىتىپ قوياي.

ئۇ رۇشىيانى قولىدىن تۇتۇپ تانسىغا چۈشتى.

ئۇلار تانسا ئويناشقا باشلىدى. ھە دېگەندىلا رۇشىيانىڭ پۇتلىرى قولاشمىغىلى تۇردى.

— مەن راست ئوينىيالمايمەن، — دېدى ئۇ ھولۇقۇپ ۋە بىر ئازدىن كېيىن، — بولدى، ئوينىمايلى، خەقلەر بىزنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

لېكىن يىگىت ئۇنى چىڭ تۇتۇپ ئويناۋەردى.

— ھېچۋەقەسى يوق، — دېدى ئۇ رۇشىياغا تىكىلگىنىچە كۈلۈمسىرەپ، — مەن سىز بىلەن ئويناشنى خالايمەن. بىلمىسىڭىز ئاستا ـ ئاستا ئۆگەنمەمسىز.

رۇشىيانىڭ چىرايى ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. يىگىتنىڭ بۇ چىرايلىق گەپلىرى ئۇنى ئىچى ـ ئىچىدىن خۇش قىلىۋەتكەن

لىكىدە گەپ يوق. مۇھىمى ئۇ مۇشۇنداق كاكىتا، بايلىق دېسە بايلىقى بار، ھوقۇق دېسە ھوقۇقى بار كىشىلەر يىغىلغان سورۇندا ئۆزىگە ئېتىبار بەرگەن كىشىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلگەنىدى. ئاھ، ئۇ مۇشۇنداق دۇنياغا طەقەدەر تەلپۈنگەن - ھە!

ئەمدى رۇشىيانىڭ پۇتلىرى پۇتلاشماي ئاستا - ئاستا مۇزىكا رىتىمىغا چۈشكىلى تۇردى. ئۇ بېشىنى سەل قىيسايتقىنىچە رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى.

لېكىن بۇ كۆڭۈللۈك ھالەت ئۇزۇن داۋاملاشمىدى، ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئاخىر يۈز بەردى.

ئۇ ئىككىسى زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا تازا پەيزى بىلەن ئويناۋاتاتتى. ۋاللى - ۋۇل قىلىپ يېنىپ تۇرغان خرۇستال ئاسما چىراغنىڭ ئاستىغا كەلگەندە رۇشىيانىڭ سول پۇتىدىكى تۇپلىسى چۈشۈپ قالدى. ئۇ تۇپلەي پۇتىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا سەزگەن، لېكىن تانسا بىلەن پۇتلىرى توختىماي يۆتكىلىپ تۇرغاچقا تۇپلەينى ئىچىدىن بارماقلىرى بىلەن تىرىۋېلىشقا مۇمكىن بولماي ئاخىر تۇپلەي زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى. ئۇ جىلىچىلىكتە: «ۋاي، تۇپلىيىم!» دەپ ۋارقىرىۋېتىشكە قىل قالدى. دەل شۇ چاغدا بىر قىز قاقاقلاپ كۈلگىنىچە:

— ۋاي، ئاۋۇ نېمە؟ ۋاي قاراڭلار، ئاۋۇ نېمە؟ — دەپ چىرقىراپ كەتتى.

رۇشىيا لېۋىنى چىڭ چىشلىۋالدى.

بىر مۇنچە خەقنىڭ كۆزى ھېلىقى تۇپلەيگە چۈشتى. شۇ ھامان مەسخىرىلىك كۈلكە، قىيقاس - چۇقانلار زالنى بىر ئالدى.

— بىر پاي ئاياغ!

— ئەسكى ئاياغ!

— كىمنىڭ؟

— ھېچكىمنىڭ ئەمەس، بىرى قىزىقچىلىق قىلىپ تاشلاپ قويغان چېغى.

— بۇ ئىش كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەندۇ؟

— بۇ قانداق گەپ؟ ئالتىنچى ئايدىمۇ پاراغەت بايرىمىنىڭ قىزىقچىلىقىنى قىلغان بارمۇ؟

— بەلكىم قىزىقچىلىق ئەمەستۇ. ھېلىقى قىزنىڭ پۇتىدىن چۈشۈپ قالغانمۇ قېخى.

— تانسىغا مۇنداق ئاياغنى كىيىپ كېلىدىغانمۇ ئىش بولماس.

ئۇ ئاياغ بەكمۇ ئەبگا كۆرۈنەتتى. رۇشىيا توختىماي تانسا ئويناۋەرگەچكە، تۇپلەينىڭ يۈزلۈكى بىلەن پاشنىلىرىدىكى زىغزىقلىرى پۈتۈنلەي ئاجراپ كەتكەنىدى.

بەزىلەر ئۇ تۇپلەينى كۆرگەن بولسىمۇ كۆرمىگەنگە سېلىپ تۇرىۋەردى، بەزىلەر بولسا خۇددى قىزىق تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك ھۇزۇرلىنىپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

رۇشىيا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە بېلىنى رۇس تۇتۇپ، چىرايىنى قاچە ئۆزگەرتمەي يىگىت بىلەن تانسا ئويناۋەردى. كۆڭلىكىنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان ئۇزۇن ئېتەكلىرى ئۇنىڭ يالىڭاياغ پۇتلىرىنى تولۇق يوشۇرۇپ تۇراتتى.

مۇزىكا توختاپ ھەممە ئادەم ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. پەقەت ھېلىقى ئاياغ — كونىراپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن بىر پاي سەت تۇپلەيلا زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى.

رۇشىيا يىگىت بىلەن ئۇزۇن بىر سافاغا ئولتۇردى. ئۇ تۇپلەينىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى يىگىتنىڭ بىلگەن - بىلمىگەنلىكىنى ئۇقالمىغاچقا، ئۇنىڭ كۆزىگە قارىيالمىدى.

ئايال ساھىبخان خىزمەتكارىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ئۇ بېرىپ تام مەشىنىڭ قېشىدىن لاخشىگىرنى ئەكىلىپ، ئاياغنى قىسىپ تالاغا ئاچىقىپ كەتتى.

زالدا يەنە مۇزىكا ساداسى ياڭرىدى.

يىگىت رۇشىيادىن بىر گەپ سورىۋىدى، ئۇ جاۋابىنىڭ ئورنىغا:

— مەن بەك ئۇسساپ كەتتىم، — دېدى.

— سىزگە بىر ئىستاكان ئىچىملىك ئەكىلىپ بېرەي.

يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ سول تەرەپتىكى ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

«ئۇ ھېلىقى ئاياغنىڭ مېنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ، — دەپ ئويلىدى رۇشىيا، — شۇڭا مۇشۇ باھانە بىلەن چىقىپ كەتتى.»

شۇ چاغدا، تانسا باشلىنىشتىن بۇرۇن رۇشىيا بىلەن تونۇشقان ھېلىقى قىزلارنىڭ بىرى رۇشىيانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن كۆزىنى ئالماي ئۇنىڭدىن مەسخىرە ئارىلاش سورىدى:

— خېنىم، سىزچە ھېلىقى ئاياغ كىمنىڭدۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى رۇشىيا.

— لېكىن مەن بىلىمەن، — ھېلىقى قىز سوغۇق ھالدا شۇ گەپنى قىلىپ قويۇپ دىمىغىدا كۈلگىنىچە دوستلىرىنىڭ قېشىغا كەتتى.

«مەن دەرھال بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىم كېرەك، دەرھال!» ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تانسىخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىلىق زالدا ھېچكىم يوق. مېھمانلار كېلىپ بولغان، سورۇننىڭ تارقىلىدىغان ۋاقتىمۇ بولمىغانىدى.

پەلەمپەينىڭ قېشىدا بىر ئىشىك ئوچۇق تۇراتتى، رۇشىيا ئىچىگە قارىدى. بۇ، چىراغ غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان بوش مېھمانخانا ئىدى. رۇشىيا بۇ ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

ئىشىك تەرەپتىكى تامغا باشتىن - بويى چوڭ ئەينەك ئېلىنغانىدى. ئۇ بۇ ئەينەكتە ئۆزىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى، يەلكىسىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان سەت كۆڭلىكىنى كۆردى.

ئۇ ئەينەكتىكى قىياپىتىگە قاراپ قورقۇپ كەينىگە چېكىندى. ئۇ سەت قىياپىتىنى يوشۇرغۇدەك جاي ئىزلەيتتى، سول تەرەپتىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇرۇپ باقتى، ئوڭ تەرەپتىكى سافاغا بېرىپ تۆكۈلۈپمۇ باقتى، نەگە بارسىمۇ ئەينەكتىكى ئەپتى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى، ئەينەك شارچىدەك سوغۇق يالتىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى يەنە شۇ سۆسۈن رەڭ كۆڭلەكتىن ئالمايتتى.

ئۇ ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ ئۆدۈلدىكى تامدا بالكونغا چىقىدىغان بىر ئىشىكنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

«ئۇ يەردىغۇ ھېچكىم مېنى كۆرەلمەس.»

ئۇ دەرھال بالكونغا چىقىۋالدى. بالكوندا تۇرۇپ بىر ئوچۇق دېرىزىدىن زالدىكى ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

مۇزىكا توختىغان چاغدا، رۇشىيا ئۆزى بىلەن تانسا ئوينىغان ھېلىقى يىگىتنى كىشىلەر ئارىسىدا كۆردى. ئۇ يىگىت بايا ئۆزلىرى ئولتۇرغان سافانىڭ ئالدىغا كەلدى، قولىدا بىر ئىستاكان، بىرىنى ئىزلەۋاتقاندەك ئەتراپقا قارايتتى.

رۇشىيا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىزلەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

يىگىت زالغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، بايا رۇشىيادىن توپلەينى سورۇشتۇرغان قىزنىڭ قېشىغا باردى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە چىرايىدىن قىزدىن قانداقتۇر بىر نەرسە سوراۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئارىلىق يىراق بولغانلىقتىن رۇشىيا ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئۇقالمىدى، شۇنداقتىمۇ قىزنىڭ ئۆزىنى بېشىغا كىيگۈدەك كۈلگەنلىكىنى، بېشىنى ھەر يانغا ئوينىتىپ بىر نەرسىلەرنى دېگەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. يىگىت كەيپى ئۇچقان ھالدا ئۇنىڭ قېشىدىن نېرى بېرىپ زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يالغۇز

ئولتۇردى، قولىدا يەنە ھېلىقى ئىستاكان تۇراتتى.

«ئۇ بەلكىم ئۇ قىزدىن مېنى نەگە كەتتى دەپ سورىغان چېغى، — ئويلىدى رۇشىيا، — ئۇ قىز مېنى، ئايغىنى ئېلىۋالغاي سىرتقا چىقىپ كەتتى، دېگەندۇ. ئۇ يىگىت توپلەينىڭ مېنىڭكى ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ، ھازىر مەن ئۈچۈن نومۇس قىلىۋاتىدۇ.»

ئۇ شۇ تاپتا بالكوندا ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ، شۇلارنى ئويلاپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

رۇشىيا بالكوننىڭ قاراڭغۇ چېتىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى، جەينىكىنى سوغۇق شادىغا قويۇپ ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى تىرىگىنىچە تۈن قاراڭغۇلۇقىغا تىكىلدى.

«قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلىش كېرەك؟»

ئۇنى تۇرۇپلا تاتلىق خىيال باستى: ئۇچىسىدا شۇنداق پۇزۇر كۆڭلەك، بۈگۈنكى تانسىدا ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ نەپىس كۆڭلەك، ئۇ ئويان - بۇيان ماڭىدۇ، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىدا: «پاھ، نېمانداق ئېسىل كۆڭلەك!» دېگەنلا گەپ. ئۇ ماڭغاندا ئېتىكىنىڭ يەرگە سۆرۈلگەندە چىققان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئەينەكتە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ جەزبىدار قىياپىتى...

ئۇ ئويلاۋېتىپ خورسىنىپ قويدى: «ھەي ئەمدى مەن قانداق قىلسام بولار؟»

تۇيۇقسىز، ئۇ ئۆزىنىڭ ئون سەككىز ياشقا كىرگەن كۈنى كەچلىك زىياپەتتە تۇتۇنغان ئانىسىنىڭ ئۆزىگە دېگەن گېپىنى ئەسلىدى: «جېنىم رۇشىيا، مانا ئون سەككىز ياشقا كىردىڭ، كەلگۈسىڭنى ئوبدان ئويلىنىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى. يا ھېچكىمنى تونۇمىساڭ، ھېچكىممۇ سېنى بىرەر سورۇنغا چاقىرمىسا، قانداق بولغىنى. قارا، ئۈستىباش-لىرىڭغا، خۇددى قەلەندەرنىڭكىدەك. مەن بىلەن بىللە تۇرغىن. مەن دېگەن سېنىڭ ھاماماڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالامىمۇ يوق. مەن بىلەن بىللە تۇرساڭ، ھېچنېمىگە ھاجىتىڭ چۈشمەيدۇ.»

«مەن دادام بىلەن ئۇكىلىرىمنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى رۇشىيا ئازابلانغان ھالدا.

«مەيلى ئەمىسە، — دېدى ھاممىسى، — تۇرمۇشتا يا ئۇنى تاللايسەن، يا بۇنى. سەن ھازىر داداڭ بىلەن بىللە ئۆتۈش يولىنى تاللىدىڭ. لېكىن مېنىڭ گېپىم گەپ. قاچانكى يەنە بىر يولنى تاللىغۇڭ كەلسە بېرىپ مەن بىلەن بىللە ئۆتەرسەن.»

رۇشىيا يەنىلا دادىسى ۋە ئۇكىلىرى بىلەن بىر ئۆيدە ياشاۋەردى.

مانا، ئۇ شۇ تاپتا قاراڭغۇ بالكوندا يۈزىنى مۇزدەك تامغا يېقىپ ئولتۇرۇپتۇ، كۆزلىرى قاپقاراڭغۇ تۈن قوينىغا تىكىلگەن. رۇشىيا ھاممىسىنىڭ ھېلىقى ۋەدىسىنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز ھاياجانلىنىپ كەتتى.

«مەن چوقۇم باشقىچە يول تۇتۇشۇم، ھاممام بىلەن بىرگە ياشىشىم كېرەك.»

لېكىن ئۇ يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئۆز جان - جىگەرلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ، ئەركىن - ئازادە يۈرۈپ - قوپىدىغان بىر كۆڭۈللۈك ئائىلىسىنى، بۇغداي نېنى بولسىمۇ بۇغداي سۆزى بار دادىسىنى، پەلەمپەينىڭ رىشاتكىلىرىدىن سىرىلىپ ئوينايدىغان ئۇكىلىرىنى، ياشانغان، ئۇنتۇلغاق ئايال خىزمەتكارنى، تامدىكى سىرلىق قەغەزلەر ئاجراپ كەتكەن ئۆينى، دېرىزە پەردىلىرى كونىراپ كەتكەن كىچىك مېھمانخانىنى، ھەممىنى - ھەممىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. مېھرى ئىللىقلىق، جۇشقۇنلۇق ۋە ئەركىنلىك ئۇرغۇپ تۇرغان شۇ تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا

باي ھامىسىنىڭ رەھىمسىز، ئۆكتەم چەكلىمىلىرىگە، قۇۋلۇق، چۇپەيلىك، ئۇششاق سۆزلۈك يېغىپ تۇرغان رەنجىش - كايىشلىرىغا ئېرىشىدۇ. بۇ رۇشيا ئۈچۈن ئوڭاي ئىش ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بۇ يولدىن ۋاز كەچكۈسى يوق.

ئۇ يەنە ھېلىقى ھال رەڭ كۆڭلەكلىك قىزنى ئەسلىدى. «ئۇ ماڭا نېمە دېۋىدى؟ — دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويدى، — ھە، ئۇ ماڭا، بۇ يەردىكى مۇنداق نېمىلەرنى پەسەنتىڭىزگە ئالماي يۈرۈۋېرىڭ، دېگەن.» ياق، رۇشيانىڭ ھېچنېمىنى پەسەنتىگە ئالماي يۈرۈۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى يەنە بىر يولنى تۇتۇش نىيىتىگە كەلتۈرگەن مۇشۇ سورۇن؛ ئۇنى نەزەرىگە ئىلمىغان، ئۇنى نومۇسقا قويغان ئاشۇ كىشىلەر. ئۇ ئەمدى چوقۇم ئاشۇ پۇزۇر كۆڭلەكلەرگە، ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىلەرگە، ئالتۇن جابدۇقلارغا ئېرىشىدۇ، يەنە تېخى ئاشۇ خېنىملاردىكى يۈكسەك ھوقۇق - مەرتىۋىگىمۇ ئېرىشىدۇ.

رۇشيا بالكوننىڭ سوغۇق تۆمۈرىنى تۇتقىنىچە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «مەن چوقۇم مۇشۇ يولدا ماڭىمەن، ھامان بىر كۈنى شۇنداق پۇزۇر بىر كۆڭلەكنى كىيىپ، يۈزلۈكىگە بىرلىيانت ۋە كەشتە قويۇلغان ئاياغنى پۇتۇمغا سېپىپ مۇشۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم كېلىمەن.»

## 2

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، رۇشيا ھامىسى بىلەن بولغان يېڭىچە تۇرمۇشىنى باشلىدى.

ئۇ ئەمدى يېپيېڭى بىر يولغا قەدەم قويۇپ بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشكە باشلىغانىدى.

بۇ دۇنيانىڭ ئىشىكىدىن كىرىشكە بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. رۇشيا بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى يۇقىرى بەدەل تۆلىدى. ئۇ بۇرۇن كەمسىتىلگەن، بوينىنى قىسىپ قالغان سورۇنلاردا ئەمدى ھەر خىل خۇشامەتلەرگە ئېرىشتى، خۇددى قانداقتۇر كۆزگە كۆرۈنمەس بىر قول ئۇنىڭغا ھەممە نېمىنى سېخىيلىق بىلەن ئىنئام قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ گويا قانداقتۇر بىر سىرلىق قەسىردە، ھەممىسىلا ئۇنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ، قول باغلاپ تۇرغان.

ئۇ يېڭى يولنى تاللىۋالغان كۈندىن ئېتىبارەن غەلىبە ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنداق بىر ئوڭاي نېمىگە ئايلانغانىدى. غەلىبە دېگەن كۆرەشسىزمۇ ئۆزلۈكىدىن كېلىپ تۇراتتى. ھەر قەدەمدە غەلىبە، گويا بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى، گويا رۇشيا دېمەك غەلىبە دېمەك.

ئۇ كاتتا بىر باي بىلەن توي قىلدى. تويدىن كېيىن ئېرى تېخىمۇ بېيىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىمۇ يىلسېرى گۈلدەك ئېچىلىپ، يېڭىدىن يېڭى دوستلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى. لېكىن ئۇنىڭ بېشىدىن يەنىلا بىر ئەسلىمىنىڭ قاراڭغۇ كۆلەڭگىسى ئەگىپ كېتەلمەيتتى: بۇ نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ھېلىقى سورۇن — ئۇ تۇنجى قېتىم قاتناشقان ھېلىقى تانسا سورۇنىنىڭ ئەسلىمىسى ئىدى.

ئۇ ئۆزىنى نومۇسقا قويغان ھېلىقى سۆسۈن كۆڭلەكنى يېپەك ياغلىققا ئوراپ، ئۇنى بىر ئېسىل ياغاچ قۇتىغا سېلىپ، ئۇ قۇتىنى تارتمىسىدا ساقلاۋاتاتتى.

ئۇ پات - پات ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ تارتمىدىن ياغاچ قۇتىنى ئالاتتى - دە، ئىچىدىن ئۇ كۆڭلەكنى ئاۋايلاپ ئېلىپ كارىۋىتىغا ياياتتى، ئاندىن ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا ئۇ كۆڭلەككە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

«ماڭا ھاقارەت كەلتۈرگەن بۇ كۆڭلەكنى چوقۇم كۆيدۈرۈۋېتىشىم كېرەك.»

ۋاقىت ئاتقان ئوق. ھەش - پەش دېگۈچە يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتتى. گويا ۋاقىتنىڭ رۇشىياغا خۇشامەت قىلىۋاتقاندەك ئۇنى بارغانسېرى گۈزەللەشتۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ سوقچاق، ئەتلىك يۈزى بارغانسېرى سوزۇلدى، بويى زىلۋالىشىپ تېخىمۇ خۇش پىچىم كۆرۈنىدىغان، يۇرۇش - تۇرۇشلىرى تېخىمۇ سۇلكەتلىشىپ، گەپ - سۆزلىرى پاساھەتلىك، خېلى ۋەزىنلىك ئاڭلىنىدىغان بولدى.

يىگىرمە يىلدىن كېيىنكى ماي ئېيىنىڭ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن رۇشىيا بىر پارچە باغاق تاپشۇرۇۋالدى. بۇ ئۇنى بىرىنچى ئىيۇن كۈنى تانسىغا چاقىرغان باغاق ئىدى. بۇ تانسا ئۇ يىگىرمە يىل بۇرۇن تۇنجى قېتىم تانسىغا قاتناشقان ھېلىقى جايدا بولماقچى. ئۇ تانسىدا ئۇنىڭ ئۈچىسىدا مودىدىن قالغان، سەت سۆسۈن رەڭ كۆڭلەك بار ئەمەسمىدى.

ئۇ بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، شۇ چاغدا قىلغان لەۋزى ئېسىگە كەلدى: «ھامان بىر كۈنى شۇنداق پۈزۈر بىر كۆڭلەكنى كىيىپ، يۈزلۈكىگە بىرلىيانت ۋە كەشتە قويۇلغان توپلەينى پۇتۇمغا سېپىپ مۇشۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم كېلىمەن.»

يەنە شۇ ئىمارەتتە، يەنە شۇ ئىيۇن ئېيىنىڭ تۇنجى ئاخشىمى ئۇنىڭ يەنە ئاشۇنداق تانسىغا چاقىرىلىشى خۇددى تەقدىر قەستەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەكلا ئىش بولغانىدى. ئۇ ئەمدى ئۇ يەرگە چوقۇم ئۆزىنىڭ غالىبىيىتىنى نامايان قىلىپ بارىدۇ؛ ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ يەردە تارتقان خورلۇقى، ئىزا - ئاھانەتلىرىنى ئاشۇ يەرگە پاك - پاكىز دەپنە قىلىۋېتىپ قايتىپ كېلىدۇ؛ شۇ كۈنى ئاخشىمى شۇ زالدىكى ھەممە ئەينەكلەردىن كۆل. قىزنىڭ ئۆگەي ئانىسىدەك سوئال سورايدۇ: «سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭلار، ئەينەكلەر! زادى كىم ئەڭ چىرايلىق؟ كىم ئەڭ بەختىيار؟ كىم ئەڭ باي؟ بۇ ئالەمدە كىم ئەڭ تەشۋىشسىز؟»

ئۇ سوئالىغا ھەر بىر ئەينەكتىن بىرمۇ بىر جاۋاب ئالىدۇ، تاڭ ئېتىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئۇلاردىن: «ۋاي، سىز! سىز!» دەپ جاۋاب ئالماي قالمايدۇ.

شۇ باغاقنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدىغانلار ئارىسىدا، رۇشىيا ساپ بىرلىيانتتىن يۈزلۈك قويدۇرۇپ ئېگىز پاشنىلىق توپلەي تىكتۈرۈپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى.

دەسلەپتە بۇ گەپكە ھېچكىم ئىشەنمىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ، ئادەم ئىشەنمىگۈدەكلا خەۋەر ئىدى.

غۇر - غۇر شاماللىق، ئىللىق ماي ئېيى كىشىگە ناھايىتى ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ. لېكىن مۇشۇنداق پەيزى كۈنلەرمۇ رۇشىياغا قىيىندا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى. كۈنلەرنى تېزرەك ئۆتكۈزەلمەي ھەر بىر كۈن گويا ئۇنىڭغا بىر يىلدەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. بىرىنچى ئىيۇن كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، تانسىغا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋالدى. ئاندىن تاتىمىسىنى ئېچىپ ئىچىدىن ياغاچ قۇتىنى ئالدى، قۇتىدىن سۆسۈن كۆڭلەكنى چىقىرىپ كارىۋاتقا تۈپتۈز قىلىپ يايدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشكاپىدىن يېپيېڭى بىر كۆڭلەك، ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ ئېگىز پاشنىلىق توپلەينى ئېلىپ كىيىم ئالماشتۇرۇشقا تۇتۇندى.

ئۇ كىيىم ئالماشتۇرۇپ بولۇپ چاچلىرىنى تارىدى، قاشلىق ئەتتى، لەۋلىرىنى بويىدى، ئۆزىگە ئەتىر چاچتى، ئاندىن ئەينەككە قايتا - قايتا قارىدى، ئۈستىباش، گىرىملىرىگە تولۇق قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن كارىۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ ھې-

لىقى كونا سۆسۈن كۆڭلەككە جىمىدە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ناھايەت، ئۇنىڭ يۈرەك قاتلاملىرىدىن بىر سادا ياڭرىدى: «ئەتە مەن بۇ كۆڭلەكنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن!»

ئاندىن ئۇ سۆسۈن كۆڭلەكنى چىرايلىق قاتلاپ قۇتىسى بىلەن كىيىم ئىشكاپىغا سېلىپ قويدى.

رۇشىيا تاڭسا زالىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئۇنى كۆرگەنلىكى ئادەم ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇزۇن ئېتەكلىرى يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان كۆڭلەكلەر ھازىر مودىدىن قالغان. شۇ تاپتا رۇشىيانىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكنىڭ ئېتىكى تىزىدىن سەل يۇقىرىراق، كۆڭلەك شۇنچە نەپىس. پۇتىدا يۈزلۈكىگە بىرلىيانت قويۇلغان ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي. ئۇ مۇشۇ قىياپىتى بىلەن خەقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن چاغدا ھەتتا تاڭسا ئويناۋاتقانلارمۇ ئىختىيارسىز توختاپ قېلىشتى.

رۇشىيا ئاستا قەدەملەر بىلەن زالنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ ھەر بىر قەدەم يۆتكىگەندە پۇتىدىكى تۇپلىيى يۇلتۇزدەك چاقناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. تۇيۇقسىز، ھەر تەرەپتە گۇدۇڭ - گۇدۇڭ گەپلەر چىقىپ كەتتى:

— ئۇ بىرلىيانتلارنىڭ ھەممىسى جىڭ بولۇشى ناتايىن!

— سۈنئىي!

— ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ!

— ئۇ جىڭ بىرلىيانت!

— چوقۇم سۈنئىي!

— مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ سۈنئىي بىرلىيانتنىڭ مۇنداق جۇلالىقىنى كۆرمەپتىكەنمەن!

رۇشىيانىڭ تۇپلىيىدىن چاقناۋاتقان نۇر خۇددى ئوتقاشتەك، شۇ قەدەر سۈزۈك، ساپ، جۇلالىق ئىدى. ئەمدى ھەممە مېھمانلارنىڭ كۆزى يەتتى: ئۇنىڭ پۇتىدىكىسى ھەقىقەتەن يۈزلۈكىگە راست بىرلىيانت تۇتتۇلغان كەشتىلىك تۇپلەي ئىدى.

كىشىلەر ئارىسىدا خۇددى بىر دەھشەتلىك ئەھۋال يۈز بەرگەندەك بىر خىل ساراسىمە پەيدا بولدى.

رۇشىيا تاڭسىغا چۈشتى. ئۇنىڭ قەدىمى چۈشكەنلا جايدا كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ئوتقاشتەك نۇر چەمبىرىكى پەيدا بولاتتى. خەقلەر كۆزلىرىنى رۇشىيادىن نېرى قىلالمايتتى. ھەربىر بىرلىيانتتىن چاقنىغان نۇر ئۇنى ئاجايىپ جىلۋىلەندۈرۈپ ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتەتتى.

رۇشىيا توختىماي پىرقىرايتتى. ھەر بىر ئەينەكتە ئۇنىڭ جەزبىدار قىياپىتى ئەكس ئېتەتتى. گويا ھەر بىر ئەينەك ئۇنىڭغا: «سەن ئەڭ چىرايلىق! سەن ئەڭ چىرايلىق!» دەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ پات - پات كىرىپىكىنى چىمچىقلىتىپ قوياتتى، چېچىنى ھەدەپ كەينىگە تاشلايتتى.

يېرىم كېچە بولدى. «ئەمدى، — دەپ ئويلىدى رۇشىيا، — يىگىرمە يىل بۇرۇن ئۆزۈمنى يوشۇرغان ھېلىقى كىچىك مېھمانخانا ئۆيىگە كىرىشىم كېرەك. تامغا ئېلىنغان ھېلىقى ئەينەكنىڭ ئالدىغا يېڭىباشتىن بېرىپ ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىمنى كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىمەن. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا چىرايىمنى خۇنۇكلەشتۈرگەن.»

ئۇ يىگىرمە يىل بۇرۇنقىدەكلا تاڭسا زالىدىن يالغۇز چىقىپ ئارىلىق زالدىن ئۆتتى - دە، پەلەمپەينىڭ سول تەرىپىدىكى ھېلىقى مېھمانخانا ئۆيىگە كىردى. زال يەنە بۇرۇنقىدەكلا قۇپقۇرۇق ئىدى.

رۇشىيا ئىشىكنى ياپقاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ تام ئەينەككە قارىدى. ئەينەك يەنە ھېلىقى ئەينەك، لېكىن ئۇنى

تورقۇدىچقا سالغىنى ئۇنىڭ ئەينەكتىكى قىياپىتى يەنە يىگىرمە يىل بۇرۇنقى ھېلىقى قىياپەت ئىدى.

تۇيۇقسىز كەلگەن ۋەھىمە ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى شۇررىدە مۇزلىتىۋەتتى. ئەزايى ـ بەدىنىدىكى قانمۇ توختاپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ۋارقىرىماقچى ئىدى، لېكىن قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇۋالغاندەك بولدى. ئۇ كۆزىنى قاتتىق بىر چىمچىقلىتىۋېتىپ يەنە ئەينەكتىكى قىياپىتىگە قارىدى، ئۇچىسىدا يەنە ھېلىقى سۆسۈن كۆڭلەك!

ئۇنىڭغا ئەينەكتىكى ئۇ سۆسۈن كۆڭلەك ئاستا ھەرىكەتكە كېلىپ يېيىلىپ ئۆي ئىچىنى بىر ئېلىۋاتقاندەك، خۇددى سۆسۈن رەڭ ئۇ كۆڭلەكتىن ئاجراپ چىقىپ، دومنا پېچەتمىكى پولات سۇيۇقلۇقىغا ئوخشاش ئېقىپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

رۇشىيا قاتتىق ۋارقىرىۋەتمەكچى بولدى، لېكىن ئاۋازى گېلىغا قاپلىشىپ قالدى. ئۇ قوللىرى بىلەن گېلىنى تاتىلاپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئەينەك تۇيۇقسىز ھەرىكەتكە كېلىپ بىر تەرىپى ئالدىغا قاراپ سىلجىدى. بۇ ئەسلى ئىشىك ئىدى، ئىشىك ئېچىلىپ ئىچىدىن بىر ئادەم چىقىپ كەلدى.

رۇشىياغا ئۇ ئادەم ئىشىكتىن ئەمەس، بەلكى ئەينەكنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەلگەندەك بىلىنىپ كەتتى.

ئۇ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، كۆزلىرى نۇرلۇق، چىرايىدىن بىر خىل جىددىيلىك، زېرەكلىك چىقىپ تۇرغان ئەركىشى ئىدى، سالاپىتىدىن خېلى بىر ئىشلارغا قورۇبى يېتىدىغان، قول ـ ئىلكىدە بار، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلىيالايدىغان ئادەمدەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ رۇشىياغا سەل ئېگىلىپ تەزىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن، سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىنى تارتىپ:

— يۈرۈڭ، بالكونغا چىقايلى، — دېدى. بالكون قاراڭغۇلۇق قوينىدا. خاتىرجەمسىز تۈن قوينىغا قانداقتۇر شۇملۇق يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى.

رۇشىيا قاتتىق بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ، ئۇزۇن تاش ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

— ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — مەن سىزنى تونۇمايدىغاندەك قىلىمەن.

— تونۇيسىز، — دېدى ئۇ ئادەم، — بىزنىڭ تونۇشقىنىمىزغا يىگىرمە يىل بولدى. ئۇمۇ بىرىنچى ئىيۇن ئاخشىمى بولغان. بىز مۇشۇ بالكوندا بىر خەيرلىك كېچىنى ئۆتكۈزگەن. يىگىرمە يىل ئاۋۋال بىز دەل مۇشۇ يەردە تونۇشقان.

— ئۇ چاغدا مەن بۇ يەردە يالغۇز ئىدىم.

— لېكىن مەن قاراڭغۇدا سىزگە قاراپ ئولتۇرغان، سىزنى تونۇغان.

— كۆزۈمدىن يوقىلىڭ! — رۇشىيا جاقىلداپ تىترىگىنىچە ۋارقىرىۋەتتى، شۇنداقتىمۇ ھېلىقى ئادەم سۆزىنى داۋام قىلىۋەردى:

— يىگىرمە يىل بۇرۇن، مۇشۇ يەردە، مۇشۇ قاراڭغۇ بالكوندا سىز باشقىچە بىر يولنى تاللىمىدىڭىز. سىز تاللىغان باشقىچە بىر يول مانا مەن بولىمەن.

— سىز ھازىر مەندىن نېمە تەلەپ قىلماقچى؟

— مەن سول پۇتىڭىزدىكى ئايىغىڭىزنى سالدۇرۇۋالماقچى.

— ئايىغىمنى؟

— شۇنداق، ئايىغىڭىزنى.

— ياق، بولمايدۇ، بولمايدۇ، — رۇشىيا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كەتتى، — بۇ مېنىڭ ئايىغىم. بۇنى ئۆزۈم تېپىپ كىيگەن؛ بۇ مېنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئەمگىكىمنىڭ جەۋھىرى؛ بۇ مېنىڭ جېنىم!

— رۇشىيا، دەرھال ئايىغىنى سېلىپ ماڭا بېرىڭ.

— ياق، — دېدى رۇشىيا قورققان ھالدا كەينىگە داجىپ تۇرۇپ، — بۇ ئاياغنى سىزگە بېرەلمەيمەن.

— ماڭا قاراڭ، رۇشىيا خانىم، بەلكىم ئېسىڭىزدە باردۇ، يىگىرمە يىل بۇرۇنقى بۈگۈنكىدەك كېچىدىن باشلاپ سىز بىر خىل سىرلىق ھاياتقا قەدەم قويدىڭىز. شۇ چاغدىن تارتىپ ھېچقانداق ئامەت سىزدىن يۈز ئۆرۈمىدى، سىز ھېچقانداق خورلۇق، ھاقارەتكە ئۇچرىمىدىڭىز. لېكىن باشقىلار ئىزا - ئاھانەتكە ئۇچرىدى، تۇرمۇش ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈدى، تۇرمۇش ئۇلارنى يەڭدى. لېكىن سىز بولسىڭىز باشتىن - ئاخىر غالىب ئورۇندا تۇردىڭىز، ھەممە ئىشتا غەلىبە قىلدىڭىز، ئەكىلىڭ، ئايىغىڭىزنى. بۇ سىزنىڭ مۇشۇ دۇنياغا ئېرىشكەنلىكىڭىز ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىڭىز بولىدۇ.

— مەن بىر پۇتۇم يالىڭاياغ، بىر پۇتۇمدا ئاياغ، قانداقمۇ سورۇنغا كىرەلەيمەن؟

— مەن سىزنى يىگىرمە يىل بۇرۇن مۇشۇ يەردە ئۇچراتقان چېغىمدىمۇ بىر پۇتىڭىزدا ئاياغ، بىر پۇتىڭىز يالىڭاياغ ئەمەسمىدى؟ مەن سىز ئۈچۈن ھەممىنى ئويلاپ قويغان، ھېچنېمىنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، سول پۇتىڭىزغا بىر ئاياغ ئالغاچ كەلدىم.

سۆز ئاياغلىشىش بىلەنلا ھېلىقى يوچۇن كىشى قولىنى شۇنداق چىقىرىپ رۇشىياغا بىر ئاياغنى تۇتقۇزدى. بۇ يۈزلۈككە كۆك مەخمەل تۇتۇلغان، كونا، ئەبگا، تىتىلىپ كەتكەن بىر پاي ئېگىز پاشنىلىق توپلەي ئىدى.

رۇشىيا دەرھال قاچماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تارىشىدەك قېتىپ قالغان ۋۇجۇدى ئۇنىڭغا قىمىرلىغۇدەك ئىمكانىيەت بەرمىدى. پۇت - قوللىرىمۇ كاردىن چىققاندەك بولۇپ قالدى. ۋارقىرىماقچى بولۇۋىدى، ئاۋازى پەقەتلا چىقمىدى.

ھېلىقى ئادەم ئېڭىشىپ رۇشىيانىڭ بىر پۇتىدىن يۈزلۈككە بىرىلىيانت قېتىلغان توپلەينى سالدۇرۇۋېلىپ ئورنىغا جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن ھېلىقى بىر پاي ئاياغنى كىيگۈزۈپ قويدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە بىرەيلەن رۇشىيانىڭ قېتىپ قالغان جەسىتىنى بالكوندىن تاپتى، بۇ ئىشقا ھېچكىمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. شۇ ھامان كىشىلەر غۇلغۇلىغا چۈشتى:

— بۇ نېمە ئىش بولۇپ كەتتى. قانداقلارچە مۇنداق ئىش بولغاندۇ؟!

— بۇ ئىشنى كىممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەر؟

دوختۇر كېلىپ رۇشىيانىڭ يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسەللىكى بىلەن ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، بۇ بىر خىل چۈشەندۈرۈش ئىدى.

يۈزلۈككە بىرىلىيانت تۇتۇلغان بىر پاي توپلەينىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كىشىلەر، بەلكىم بىرەيلەن ئۇ ئۆلگەن چاغدا ياكى ئۇخلاپ قالغاندا بىرىلىيانتنىڭ ۋەسۋەسىگە كىرىپ ئۇ بىر پاي ئاياغنى ئوغرىلاپ كەتكەن بولسا كېرەك، دېگەن چۈشەنچىگىمۇ كەلدى.

لېكىن بۇنىڭ ئادەم چۈشەنمەيدىغان يەنە بىر تەرىپىمۇ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، ئۆلۈكنىڭ سول پۇتىدا كونا مەخمەل يۈزلۈك، ئەبگالىشىپ كەتكەن، شور باغلاپ كەتكەن ھېلىقى توپلەي تۇراتتى.

بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى.

بۇ ئىش بولۇپ بىر نەچچە ئايغىچە خەقلەر بۇنىڭدىكى سىرنى تېپىش ئۈچۈن ھەر خىل قىياسلارنى قىلىپ باقتى، مۇنازىرە، مۇلاھىزىلەرنىمۇ قىلىشتى. كېيىن - كېيىن بېرىپ بۇ ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇشتى.

(خەنزۇچە «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 11 - سانىدىن)

# چەتئەل يۇمۇرلىرى

ئابلەت ياسىن تەرجىمىسى

كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن خوتۇن ئېرىگە تېلېفون بەردى:

— سۆيۈملۈكۈم، مېنىڭ ھېلىقى كىچىك مۈشۈكۈمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— مۈشۈكىڭىز ئۆلۈپ كەتتى.

— ئاھ، نېمىدېگەن دەھشەت! ئەجەب ئېغىر كەلدى ماڭا. بۇ خەۋەرنى قايغۇلۇق ئاۋازدا ئالدىرىماي يەتكۈزگەن بولسىڭىزمۇ مۇنچە ئېغىر كەلمەس ئىدى. مەسىلەن، مۈشۈكىڭىز ئۆگزىگە چىقىپ كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپ يوقاپ كەتتى، دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇقتۇرسىڭىز بولماسمىدى. ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم.

— ھە، سۆيۈملۈكۈم، ئاپامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ئاپىڭىز ئۆگزىگە چىقىپ كېتىۋاتىدۇ.

× × ×

ئوغلى دادىسىدىن سورىدى:

— دادا، يەر شارى قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنامدۇ؟

— شۇنداق، ئوغلۇم.

— قۇياش بولمىسا نەدە ئايلىنىدۇ؟

— بۇنى خۇدا بىلىدۇ.

× × ×

ئىككى سەرگەردان قولغا ئېلىندى. سوتچى ئۇلارنىڭ بىرىدىن سورىدى:

— ئۆيۈڭ قەيەردە؟

— ھەممە يەردە مېنىڭ ئۆيۈم بار، ئېتىزلىق، ئورمانلىق، دېڭىز بويلىرى...

— سېنىڭ ئۆيۈڭچۇ؟ — سوتچى يەنە بىرىدىن سورىدى.

— مېنىڭ ئۆيۈم ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا.

× × ×

ئوقۇتقۇچى بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن ئوپېراتسىيىگە ئائىت ساۋاتتىن ئۈچىنچى قېتىم ئىمتىھان ئالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆتەلمىدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ يۈرىكىگە پىچاق تىقىپ ئۆلۈۋالىمەن دەۋاتقانلىقىنى ئوقۇتقۇچىغا يەتكۈزدى.

— ئەنسىرىمەڭلار، — دېدى ئوقۇتقۇچى، — ئۇ يۈرىكىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

× × ×

ئوقۇتقۇچى سىنىپتىكى كەپسىز ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيە بولسۇن دەپ، بىر قوزىچاقنىڭ قوي پادىسىدىن ئايرىلىپ بۆرىگە يەم بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەردى ۋە:

— ئەگەر قوزىچاق كەپسىزلىك قىلماي، توپتىن ئايرىلمىغان بولسا بۆرىگە يەم بولۇپ كەتمىگەن بولاتتى، شۇنداققۇ؟ — دېدى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، بۆرىگە يەم بولمىغان تەقدىردىمۇ، بىز يەۋەتكەن بولاتتۇق، — دەپ جاۋاب بەردى بىر ئوقۇغۇچى.

× × ×

— ئى خۇدا، تۇغۇلغان كۈنۈمدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قۇتىدىن كەمپۈت ئالغۇزغايسەن، — دەپ دۇئا قىلدى بالا.

— نېمانچە ۋارقىرايسەن؟ ئاستا دېسەڭمۇ خۇدا ئاڭلاۋېرىدىغۇ، — دېدى ئاپىسى.

— خۇداغۇ ئاڭلار، بىراق بوۋام ئاڭلىماي قالارمىكىن دەيمىنا.

× × ×

مۇكاپاتلىق بېلەت ساتقۇچى بىر ئادەمگە دېدى:

— ئەپەندىم، مۇكاپاتلىق بېلەتتىن بىرنى سېتىۋېلىڭ.

— تەلىيىم چىقماي قالسىچۇ؟

— مېنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ.

— سىزنى ئىزدەپ نېمە قىلىمەن.

— بېلەتتىن يەنە بىرنى سېتىپ بېرىمەن - دە.

× × ×

ئاننا دوستىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەپ ئۆتكۈزگەن تانسىغا قاتناشتى. ئۇ تانسا ئوينىغۇدەك بىرەر ھەمراھ چىقمىغىنىغا تازا ئىت - ئىت بولۇپ ئولتۇرغاندا، قاملاشقان بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— تانسا ئوينامسىز؟

— ئوينايمەن، — ئاننا ئورنىدىن تۇردى.

— ناھايىتى ياخشى، ئورنىڭىزدا مەن ئولتۇراي.

× × ×

بىر قەلەندەر تۇل خوتۇن پادىشاھنىڭ باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ياساقلىرىغا چىدىيالماي خۇداغا ئىلتىجا قىپتۇ:

— ئى خۇدا، بۇ ۋەھشىي، رەھىمسىز پادىشاھنى بالا - قازادىن ساقلاپ، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغايسەن.

بىر چېقىمچى بۇنى شۇ ھامان پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ ھېلىقى ئايالدىن سوراپتۇ:

— مەن ساڭا ھېچ بىر ياخشىلىق قىلمىسام، يەنە نېمىشقا ماڭا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيسەن؟

— دادىڭىز ناھايىتى زالىم ئادەم ئىدى. ئۇنى قاغىغانىدىم، ئۆلۈپ قالدى. ئاندىن سىز تەختكە ئولتۇرۇپ دادىڭىزدىنمۇ بەتتەر زالىملىق قىلىۋاتىسىز. مۇبادا سىز ئۆلۈپ، ئورنىڭىزغا بالىڭىز چىقسا، تېخىمۇ ئېغىر كۈنگە قالىمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايال.

× × ×

بىر بالا ئۆزىنى چوڭ ئادەم بولدۇم، دەپ ئويلاپ، ساقىلىنى ئالدۇرۇش ئۈچۈن ساتىراشخانىغا بېرىپتۇ. ساتىراش ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، يۈزىگە سوپۇن مازغىپى سۈرتۈپ قويۇپ، يېنىدىكى بىرى بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، بۇنىڭغا تاقەت قىلالمىغان بالا سوراپتۇ:

— مېنى بەك ئۇزۇن ئولتۇرغۇزۇۋەتتىڭىزغۇ؟

— ساقىلىڭىزنىڭ ئۆسۈشىنى كۈتۈۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ساتىراش.

× × ×

بىر شوتلاندىيىلىك دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ:

— ئاڭلىسام توي قىلىۋاپسىز، بىر بېرىپ كېلەي دېۋىدىم.

— ئۆيدىن ئويلاپسىز، بارغاندا ئىشىكنى پۇتىڭىز بىلەن ئىتتىرىپ ئاچارسىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— مەنمۇ سىلەرنىڭ ئۆيگە بارغاندا ئىشىك قوڭغۇرىقىنى مۇرەم بىلەن باسقانىدىم، سىزمۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭكىگە قۇرۇق قول بارمايسىز – دە.

× × ×

ئا: خوتۇنۇم مېنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيدۇ. سىزنىڭ خوتۇنىڭىزچۇ؟

ب: خوتۇنۇم سىزنى تېخىمۇ چۈشەنمەيدۇ.

× × ×

ئا: سۆيۈملۈكۈم، مېنىڭ سىزنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىڭىز ئىكەنلىكىم توغرىسىدا ۋەدە بېرەلەمسىز؟

ب: ئەلۋەتتە ۋەدە بېرەلەيمەن. ھەيرانمەن، يىگىتلەر نېمىشقا مېنىڭدىن مۇشۇنىلا سورايدىغاندۇ.

× × ×

ئا: سىزدىن بىر نەرسىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن، بۇنى مەخپىي تۇتالامسىز؟

ب: تۇتۇلايمەن.

ئا: يېقىندىن بېرى قولۇم بىرئاز قىسقا بولۇپ قالدى. ئازراق پۇل بېرىپ تۇرغان بولسىڭىز.

ب: ئەنسىرىمەڭ، بولدى، بۇ گەپنى ئاڭلىمىغان بولاي.

× × ×

بىر ئادەم داڭلىق بىر ئەدىبتىن سورىدى:

— XIX ئەسىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— كلاسسىك ئەسەرلەردە ئادەتتە يىگىتلەر سۆيگىنىنى بىر يۈز ئەللىكىنچى بەتتىن بۇرۇن سۆيمەيدىغان، ھازىرقى ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسا ئىككىنچى بەتتىلا بالا تېپىپ قويىدىغان بولدى.

× × ×

بىر ياشانغان پروفېسسور رېستورانغا كىرىپ كۈتكۈچى ئايالغا دېدى:

— ماڭا قورۇلۇپ كۆيۈپ كەتكەن تۇخۇمدىن بىر تەخسە، تەمسىز قەھۋەدىن بىر ئىستاكان، بىر كۈن تۇرۇپ قالغان بولكىدىن ئىككى پارچە ئەكىلىپ بېرىڭ، ئاندىن مېنى بولۇشىغا يېرىم سائەت تىللاڭ. مەن مەرھۇم خوتۇنۇمنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتتىم.

× × ×

ئاپىسى: زادىلا ئىزا تارتمايسەن، مەكتەپتىكى ئىپادەڭ ياخشى ئەمەسكەن، داداڭدىن ئۆگەنسەڭ بولمامدۇ.

بالىسى: دادام تۈرمىگە چۈشۈپ قالغان تۇرسا.

— راست، داداڭ ھازىر تۈرمىدە. بىراق داداڭ خېتىدە: ئىپادەم ياخشى بولغاچقا مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىدىغان بولدى، دەپ يېزىپتۇ.

× × ×

مېھمانخانىدا بىرى يەنە بىرىگە دەپتۇ:

— خاپا بولماي ئەتە ئەتىگەن سائەت بەش بىلەن مېنى ئويغىتىۋەتسىڭىز.

— بولىدۇ، لېكىن ئۇخلاپ قالماسلىقىم ئۈچۈن خاپا بولماي سائەت تۆت يېرىم بىلەن ماڭا تېلېفون بېرىۋېتىڭ.

× × ×

بىر يولۇچى بىر ئادەمدىن سورىدى:

— كەچۈرىسىز، دوختۇرخانىغا قانداق بارىدۇ.

— بۇ ناھايىتى ئاسان، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ پىيادىلەر يولىدىن چوڭ يولغا چىقسىڭىز، بەش مىنۇتتىن كېيىنلا ئۆزىڭىزنى دوختۇرخانىدا كۆرىسىز.

ھەيكەلنىڭ غەزىپى

پېدستروپو (دانىيە)





غەيرەت قىل، غەلىبە ئالدىڭدا! (فوتو سۈرەت)

كرىسلوپ ھېنزى تارتقان (دېموكراتىك گېرمانىيە)


世界文学选译(双月刊) دۇنيا ئەدەبىياتى (قوش ئايلىق ژۇرنال)

编辑出版：新疆人民出版社
封面印刷：新疆包装装潢印刷厂
正文印刷：乌鲁木齐市印刷厂
总 发 行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
مۇقاۋىسى شىنجاڭ رەڭلىك سۈرەت، ماركا مەتبەئەسىدە بېسىلدى
تېكىستى ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN 65—1075／I
本刊代号：58—52　定价：1.30元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65—1075/I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 58—52 باھاسى: 1.30 يۈەن